# تۇنجى ئەسىرىم

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىغا
بېغىشلانغان ماقالە ـ ئەسەرلەر

# تۈنجى ئەسىرىم

(1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ۋاڭ تۇڭ — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم سېك[illegible]
مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور.

生活是创作的源泉。大学生们一定要热爱生活、热爱今天，愿你的双手描绘出更美好的明天。

王桐
2004.8.30日



ئەنۋەر ھامۇت ــ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم مۇئاۋىن سېكرېتارى،
ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى، پروفېسسور

قەلەمنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ۋە ئەدەبىي
قۇۋۋىتىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوقۇغۇ-
چىلىرىمىزنىڭ كۆپ خىل ئىقتىدارلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، جەمئىيەت
ئومۇميۈزلۈك يارامىلىق خادىملارنى كۆپلەپ تەربىيىلەپ
چىقايلى، مائارىپنىڭ ئاساس بولۇش قۇرۇلۇشىدا
ئۈلگە يارىتايلى.

ئەنۋەر ھامۇت

١٩٩٠-يىل ١٢-ئاينىڭ ١-كۈنى


新疆大学人文学院，新闻与传播学


院部分教师与“文集”学生作者合影
2004.9.15



ئارسلان ئابدۇللا — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇدىرى، «تۇنجى ئەسىرىم» توپلامىنىڭ باش مۇھەررىرى.



باھادىر ئىمىنوف — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىنىڭ پارتىيە باش ياچېيكا سېكرېتارى، دوتسېنت، «تۇنجى ئەسىرىم» توپلامىنىڭ باش مۇھەررىرى.

**图书在版编目(CIP)数据**

我的处女作/新疆大学编. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.12

ISBN 7—228—09176—0

Ⅰ.我… Ⅱ.新… Ⅲ.文学—作品综合集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I217.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 131087 号

主　　编:阿尔斯兰·阿不都拉
巴哈德尔·伊米诺夫
艾乃土拉·库尔班

责任编辑:吾买尔江·穆罕默德

责任校对:再米拉·裴达依
赛娜瓦尔·依不拉音

封面设计:阿不都里木·阿不都热依木

我的处女作（1）（维吾尔文）

新疆大学　编

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版

(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编:830001)

新 疆 新 华 书 店 发 行

新疆新华印刷厂印刷

850×1168 毫米　32 开本 16.625 印张

2004 年 12 月第 1 版　2005 年 8 月第 1 次印刷

印数：1 — 3000

---

ISBN 7—228—09176—0　　定价:25.00 元

ئارسلان ئابدۇللا
باش مۇھەررىرلىرى: باھادىر ئىمىنوف
ئەنەيتۇللا قۇربان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۆمەرجان مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: زەمىرە، سەنەۋەر
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئابدۇلىم ئابدۇرېھىم چىنتاش

ISBN 7-228-09176-0
9 787228 091768 >

## تۇنجى ئەسىرىم (1)

تۈزگۈچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348№)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168، 1/32 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 16.625
2004 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—09176—0
باھاسى: 25.00 يۈەن

# تەھرىردىن

قولىڭىزدىكى «تۇنجى ئەسىرىم» دېگەن بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىغا بېغىشلاپ يازغان ماقالە، ئەسەرلەر توپلىمىدۇر. بۇ ماقالە، ھېكايە، نەسر ۋە شېئىرلارنىڭ زور كۆپ ساندىكىلىرى تۇنجى قېتىم مەتبەئەدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ستۇدېنتلارنىڭ بەختلىك مەكتەپ قوينىدا جاپاغا چىداپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى، ئالدىراش ھەم جىددىي، جاپالىق ھەم شادلىق تۇرمۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ ۋەقەلىكلىرى تەسىرلىك، قىزىقارلىق ۋە يۇمۇرلۇق بولۇپ، مەزمۇنلىرىدىن ئاق كۆڭۈللۈك، راستچىللىق، سەبىيلىك ۋە چۈچۈك غورا تەم چىقىپ تۇرىدۇ. توپلامدا يەنە پىشقان قەلەمكەشلەرنىڭ ھېكايە، شېئىر، نەسر ۋە يۇمۇرلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار سىزگە بەدىئىي زوق ۋە ئىلھام بېغىشلايدۇ.

بۇ كىتاب پەقەت ئەسىرى ئېلان قىلىنغان ستۇدېنتلارنىڭلا ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالماي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ستۇدېنتلارنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ستۇدېنتلارنىڭ ئوقۇشلۇقى بولالايدۇ.

بۇ كىتاب يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ھەر ساھەلەرگە تارقىلىپ كەتكەنلەر ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي ئارماندا قالغان يولداشلارنىڭ بىر ئوقۇپ چىقىشىغا، شۇنداقلا سېتىۋېلىپ ساقلاپ قويۇشىغا

# كىرىش سۆز

ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور

يېپەك يولىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى گۈزەل چۈشلىرىگە جۇلا بەرگەن ئانا مەكتىپىم، مەركىزىي شەھەر باغاشىدا قىزىلگۈلدەك پورەكلىگەن بۇ ئېرپان يۇلتۇزى، تەڭرىتاغنى قانات قىلىپ، يۈكسەك نىشانلىرىغا پەرۋاز ياسىغان يېڭىلمەس بۈركۈت 2004-يىلىنىڭ ئالتۇن رەڭ تاۋلانغان سېنتەبىر كۈنلىرىدە 80 يىللىق توي شادلىقىغا چۆمدى. يۈرەكلەر شەبنەمدەك سىرغىغان، كۆڭۈللەر سۇغارغان رەڭدار دەستىلەر باغاشىغا تولدى. چەشمىلەرىدىن ئېپار ئەمگەن ھەغدالارىنىڭ ئۇتلۇق تىلەك - ئۆستەكلىرىدە، ئۇلىغا كۆمۈلۈپ، بوردەك توزۇغان مىننەتسىز مېھنەت ئىگىلىرىنىڭ توغراقتەك چىدام - ئەمگەكلىرىدە غەربىي رايون ئاسمىنىدا ساقىماس چولپانغا ئايلاندى.

شۇنداق، بۇ 80 يىل تەڭرىتاغ باغرىغا يېزىلغان بۈيۈك داستان، يىپەك يولىنىڭ ئەسىرلىك ئۈيقۇلىرىنى بۇزغان كولدۇرما، تارىم چۆلىگە بوستان رەڭگىدە بېسىلغان مۆھۈردەك قەدەملەر ئىزى؛ بۇ 80 يىل دىيارىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئۇل بولۇپ كۆمۈلگەن، يۈرەكلەرگە، تىلەكلەرگە تومۇردەك تۇتاشقان يىلتىز، ئىسسىق قېنى بىلەن، مېھنەت تەرى بىلەن، كۆرەش بىلەن، پىداكارانە روھ ھەم چىدام - غەيرەت، جاسارەت بىلەن، گۈزەل ئارزۇ - تىلەك ھەم ئىشەنچ بىلەن، بېسىلماس

ئەرزىيدۇ.

بۇ كىتابنى نەشر قىلىش جەريانىدا ئادەم ئاز ھەم ۋاقىت قىس بولۇش تۈپەيلىدىن، بەزىبىر نۇقسان ۋە سەۋەنلىكلەر كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، يولداشلارنىڭ تۈزىتىش پىكرى بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا بىزنى ھەر جەھەتتىن قوللىغان يولداشلارغا، شۇنداقلا ماددىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ياردەم بەرگەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى رەھبەرلىرىگە، ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىرىگە، فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىرىگە ھەمدە ئەسەردىن پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت بەرگەن بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۆمەرجان مۇھەممەت
2004 - يىلى 6 - ئۆكتەبىر

لىق، دوكتورلۇق ئوقۇتۇش سىستېمىلاشقان ھەم قېلىپلاشقان، شۇ ئاساستا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم قاتلىمىنى ئۆستۈرۈش بىلەن ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقان ئىجتىمائىي رىقابەت كۈچى ۋە ئۇنىۋېرسال ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشنى نىشان قىلغان داڭلىق ئالىي مەكتەپكە ئايلاندى.

مەكتەپ قۇرۇلۇپ ھازىرغىچە بولغان 80 يىللىق شانلىق مۇساپىسىدە «ئىتتىپاقلىشىش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش»تىن ئىبارەت مەكتەپ روھىنى ئوقۇتۇش، تەتقىقات، مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ غايەت زور ئۇتۇقلارنى ياراتتى. نۆۋەتتە، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، پەن تۈرى ئەڭ تولۇق، پەن - تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى كوزىر مەكتەپكە — دىيارىمىزدىكى بىردىنبىر مەملىكەتلىك نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە، 21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن 100 ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىگە، شۇنداقلا مائارىپ مىنىستىرلىقى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز بىرلىكتە قۇرۇپ چىقىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئالىي مەكتەپكە ئايلاندى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇشۇنداق زور تەرەققىياتىدا، جۈملىدىن فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۆزىنىڭ يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە زور نەتىجىلىرى بىلەن سەركەردىلىك رول ئويناپ كەلدى. ئىنستىتۇت ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى، ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئوقۇتۇش - تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن، كۆلىمى زور، كەسىپ تۈرلىرى بىرقەدەر تولۇق ئەدەبىيات پەنلىرى ئىنستىتۇتى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «211 قۇرۇلۇش»نىغا كىرگۈزۈلگەن نۇقتىلىق پەنلەر قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئۈستىگە ئال-

تىلەك ھەم ئىستەكلەر بىلەن قالدۇرغان چوڭقۇر بىر ئىز.

ئانا مەكتەپ ئويغاق يۈرەكلەر رىتىمىغا ماسلىشىپ، دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەپ، قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ يېڭى ئىرادىسى ئۈچۈن، تارىم مەدەنىيىتىنىڭ قايتا جانلىنىشى ئۈچۈن، بوغدا چوققىسىدەك پارلاق سەلتەنەتلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ تارىخى كۆرەشچان تارىخ، ئەجىر - مېھنەت تارىخى؛ ئۇنىڭ تارىخى ئىجاد - كەشپىيات، يېپيېڭى سەمەرىلەر بىلەن بېزەلگەن تارىخ؛ ئۇنىڭ تارىخى دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق، مېھىر - مۇھەببەت ئېقىمى؛ ئۇنىڭ تارىخى بوردەك توزۇپ، يۇلتۇزدەك چاقنايدىغان، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىغا بېغىشلاش روھىدا يارالغان تارىخ.

ئانا مەكتىپىمىز شەرەپلىك ئەنئەنىگە، جەڭگىۋار تارىخقا، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە ئۇنىۋېرسال بىلىم يۇرتى، شۇنداقلا پەن تەتقىقات بازىسى. ئۇ 80 يىللىق بوران - چاپقۇنلۇق ھاياتى ۋە شانلىق مۇساپىسىدە ئاددىي قۇرۇلمىلىق، كېسەك تاملىق مەكتەپ قورۇسىدىن، بۈگۈنكى ئېرەمباغ ئىچىدىكى ئۇنىۋېرسال بىلىم يۇرتىغا ئايلاندى؛ ئايرىم كەسىپتىن تەشكىل تاپقان ئاددىي بىر مەكتەپتىن، مەملىكەت بويىچە 100 داڭلىق مەكتەپنىڭ بىرىگە ئايلاندى؛ ئاز ھەم ئاددىي كەسىپلەر قۇرۇلمىسىدىن، بۈگۈنكى ئۇنىۋېرسال پەن تۈرىگە، سەر خىل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە تەتقىقات خادىملىرىغا ئىگە بولغان ئاسپىرانتۇرىيىگە، ھەتتاكى پوستدوكتور پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتىغا، دۆلەتلىك نۇقتىلىق پەن تۈرىگە ئىگە، زامانىۋىلاشقان ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى سەپلەنگەن، دۇنياغا ھەم كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، يۈرۈشلەشكەن ئۆگىنىش، ئىلمىي تەتقىقات مۇھىتىغا ئىگە، باشقۇرۇشى ئىلمىي ھەم مۇنتىزىم، ئوقۇتۇش قاتلىمى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان، باشقۇرۇش ئىستىلى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىستىلى كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان، تولۇق كۇرس، ماگىستىر-

لىق ھەم دوكتورلۇق ئوقۇش بىر گەۋدىلەشكەن ئەڭ ئالىي بىلىم
يۇرتىغا ئايلاندى. ئۇ ھازىر خۇددى قانات كېرىپ ئۇچۇشقا تەي-
يارلانغان بۈركۈتكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كۆركەم باغچە شەكلى-
دىكى باغرىنى خۇددى پۇرەكلەۋاتقان گۈلدەك ياساندۇرغان ھەر
خىل قاتلامدىكى 40 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ستۇدېنتلىرى،
ۋۇلقاندەك پارتلاش تەرەددۇتىدىكى تويۇنماس ئىستەكلەر ۋە بې-
سىلماس ئوت يۈرەكلەر، شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرى-
دىغان، مىليون پارچىدىن ئارتۇق كىتابنى باغرىغا بېسىپ ياتقان
سىقىرلاشقان كۇتۇپخانىدا، ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئوقۇ-
تۇش - تەتقىقات مۇئەسسەسەلىرى بىلەن، ئالدىنقى ئورۇندا
تۇرىدىغان ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات مۇھىتىدا ئانا مەكتەپ
پەرۋازىغا مەدەت بەرمەكتە، كۈچ بەرمەكتە ئىلىم تەھسىل قىلى-
ماقتا.

ئانا مەكتەپ باسقان ھەر قەدەمىڭدىن پېشۋالارنىڭ ئىزىنى
كۆرىمەن، كىرگەن ھەر خانەڭ — بىنايىڭدىن شۇلارنىڭ مېھنى-
تىنى ھېس قىلىمەن؛ يۈرىكىڭنىڭ ئىپتىخارلىق ئىلكىدە ئۇ-
مىدلىك تېپىچەكلىشىدىن تالايلارنىڭ ئۇلۇغغا بارلىقى بىلەن
كۆمۈلگەنلىكىنى سېزىمەن. دېمەك، ئۆتمۈشىمىزدە ئۇلارنىڭ
ھالال ئەجرى، ئىسسىق قان - تەرى بىلەن ئېرىپان يولى بار؛
توختاۋسىز ئۆرلەش ئىمكانىمىزدە، مەڭگۈلۈك گۈللىنىش ئار-
مانىمىزدا ئۇلارنىڭ پىداكارلىق روھىدا يىلتىز يايغان، مىننەت-
سىز مېھنىتىدە پۇرەكلىگەن خازانىسىز پەسلىمىز بار. ئانا مەك-
تەپنىڭ 80 يىللىق مۇساپىسىدە ئىلىم زەرلىرىدىن تەشنا دىللى-
رىنى نەقىشلەپ، ئىسسىق قېنى ھەم ئەزىز جېنى بىلەن ئۇنىڭ
سەلتەنىتىگە رەڭ بەرگەنلەر، شۇنداقلا سەددىچىنىنىڭ ئىچى -
تېشى، تەڭرىتاغ باغرىدا ۋەتەن، خەلق غېمىگە كۆمۈلگەنلەر،
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت
ئورگانلىرىدا، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ،

غان، دۆلەتلىك ئوقتىلىق قۇرۇلىدىغان پەن تۈرىگە ئىگە. تولۇق كۇرس، ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئوقۇتۇشنى ۋە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش ئىشىنى تەڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنستىتۇت. ئۇنىڭدا ماگىستىر ئۇنۋانى بېرەلەيدىغان نۇقتىدىن توققۇزى، دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرەلەيدىغان نۇقتىدىن بىرى، دوكتورلار تەتقىقات ئورنىدىن بىرى بار.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھازىر 18 ئىنستىتۇت، 2 بىۋا-ستە قاراشلىق فاكۇلتېت، 8 تەتقىقات ئورنى، 3 ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمى، 3 ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى مەركىزى بار. بۇ يەردە ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى ھەم قانۇن، ئىقتىساد، باشقۇرۇش، تارىخ، پەلسەپە، سەنئەت قاتار-لىق ئۇنىۋېرسال پەن تۈرلىرى تەسىس قىلىنغان. مەكتىپىمىزدە ماگىستىرلىق ئوقۇتۇش قوشۇنىدىن 64 ى، 3 كەسپىي ئۇنۋان ماگىستىرلىق نۇقتىسى، 5 دوكتورلار نۇقتىسى، 3 پوستدوك-تور ئالماشتۇرۇش پونكىتى، 2 دۆلەتلىك نۇقتىلىق پەن تۈرى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن تۈرىدىن 7 سى، «211 قۇرۇلۇشى» بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلىدىغان — تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان پەن تۈرىدىن 6 سى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بىرلىكتە نۇقتىلىق قۇرۇپ چىقىدىغان تەجرىبىخانا تەربىيىلەش بازىسىدىن 2 سى، دۆلەت دەرىجىلىك ئىجتىمائىي پەن بازىسىدىن بىرسى، دوكتور-لۇق ئىلمىي ئۇنۋاننى بېرىش سالاھىيىتىدىكى كەسپىتىن 5 ى بار. ئۇنىڭدىن باشقا 2000 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى بىرلىشىپ يېڭى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، مەركىزىي رايون، شىما-لىي ئوقۇتۇش رايونى، جەنۇبىي ئوقۇتۇش رايونى بولۇپ جەمئىي 2464 مو كۆلەمدىكى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 800 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتكەن، تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس، ماگىستىر-

ئەلچى. ئۇ بىر تاتلىق ئەسلىمە، ئاچچىق - چۈچۈك ئۆتمۈش، سەبىي تەلمۈرۈش ھەم ئەسەبىيلەرچە كۆيۈش. بەلكى سىزنىڭ ھەم بىزنىڭمۇ ئاشۇنداق ساددا گۈزەللىكىمىز بولغان. بىزدىمۇ شۇنداق تۇنجى قەدەم، تۇنجى پەلەمپەي ...

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلانغان بۇ توپلامنىڭ تەييارلىق خىزمىتى 2004-يىلى باھاردا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار كېڭەشكەندىن كېيىن باشلانغان. كونكرېت كەسپىي ئىشلارغا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن ئۆمەرجان مۇھەممەت، فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن ئەنەيتۇللا قۇربان مەسئۇل بولدى. توپلامنى ئىشلەشتىكى مەقسىتىمىز ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بېرىش، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي قەلىمىگە سەھنە ھازىرلاپ بېرىش، ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش سەھىپىسىنى ئېچىپ بېرىش، شۇ ئاساستا ئانا مەكتەپنىڭ 80 يىللىق خاتىرە كۈنىنى ئۆزگىچە يېڭى مەنىگە ۋە تېخىمۇ رەڭدار تۈسكە كىرگۈزۈش، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىنىڭ مۇھىم خىزمەتلەر كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈپ جىددىي ئىشلەندى. مەكتەپ پارتكومىنىڭ سېكرېتارى، مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ۋاڭ توك، مەكتەپ مۇدىرى، مۇئاۋىن سېكرېتار يولداش ئەنۋەر ھامۇت ئالدىراش خىزمەتلىرى ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، توپلامنىڭ ياخشى چىقىرىلىشى ئۈچۈن قىممەتلىك كۆرسەتمىلەرنى بەردى، شۇنداقلا ئايرىم - ئايرىم بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىكى مەسئۇل يولداشلار خىزمىتى ئالدىراش، ۋاقتى جىددىي بولسىمۇ، بۇ ئىشقا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار ئاز

كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچى ھەم كەسپىي تايانچلىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلار، ۋەتەننىڭ گۈللىنىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەقىل - پاراستى، كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىۋاتقانلار، غەربىي رايوننى ئېچىش، شىنجاڭنىڭ ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، خەلقىنىڭ مائارىپ، پەن - تېخنىكا ھەم مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇۋاتقان ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى - سەنئەتكار، ئىنژېنېرلار، كەسپىي خادىملار بىزنىڭ شەرەپلىك ئۈلگىمىز، بىز پەخىرلىنىدىغان مەنىۋى بۇلىقىمىز.

قولىڭىزدا ساددا ھەم سەمىمىي كۈلۈپ تۇرغان بۇ توپلام ئوتلۇق سۆيگۈ ھەم مۇھەببەت مۇجەسسەملەنگەن يۈرەكلەردىن سۇتۇلغان ئاددىي، ئەمما بىباھا قىممەتلىك سوۋغا؛ ئانا مەكتەپنىڭ قۇتلۇق باغاشىدا رەڭدار پورەكلىگەن بۇ توپلام مېھنەت ئىزى ھەم سەمەرىلىك تىلەكلەر كۆكلەتكەن بوستان؛ تەنھالىقى بىلەن تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى جىلۋىلەندۈرگەن گۈلىستان. بۇ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان كەڭ ستۇدېنتلىرىمىزنىڭ ئانا مەكتەپنىڭ يېڭى ئەسىرگە، قۇتلۇق قەدىمىگە، ئەقىل ھەم قۇدرەت كامالىتىگە تولغان خاتىرە كۈنىگە تارتۇقلىغان قىممەتلىك سوۋغاتلىرىدىن پەقەت بىر تامچە.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلغان، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماقالە - ئەسەرلىرى ئۆرنەك قىلىنغان ھەمدە مەرھۇم ئۇستازلار ئەسلىمىسى بىلەن بۈگۈنكى ستۇدېنتلارنىڭ سېغىنىشى ئۇچراشتۇرۇلغان ماقالىلەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن «تۇنجى ئەسىرىم» بۇ پەقەت تۇنجى قەدەم، مەڭگۈلۈك ئۇزۇن سەپەرنىڭ تۇنجى قەدىمى. بۇ پەقەت تۇنجى پەلەمپەي، غايە ھەم ئىستىقبال چوققىلىرىغا باشلانغان تۇنجى پەلەمپەي. بۇ پەقەت ئەگىز سۈيى ئويغاتقان-تۇغۇر، باھار گۈلىستانىدىن بېشارەت بېرىدىغان

# مۇندەرىجە


نەشرىياتتىن ............................ 1

كىرىش سۆز ............................ 1

مۇبارەك 80 يىلىڭغا، شانلىق تويۇڭغا ..........
.......................... زۇبەيدە ئەنەيتۇللا 1

مۇبارەك، ئانا مەكتەپ 80 يىلىڭغا، قۇتلۇق كۈنۈڭگە ......
.......................... ئەنەيتۇللا قۇربان 19

80 يىلىڭغا مەدھىيەم .............. مۇنەۋۋەر مۇختەر 23

ئۆمەرجان يۇمۇرلىرى.............. ئۆمەرجان مۇھەممەت 25

بىزدىكى مېھىر - مۇھەببەت، غەيرەت - شىجائەت غايىب
بولمىسۇن ............... مۇھەممەتجان 33

ئانامغا يېزىلغان خەت .............. تۇرغۇنئاي نەزەر 39

مېيىپ بالا .............. زۇبەيدە ئەنەيتۇللا 44

دادامغا يېزىلغان خەت.............. زۇبەيدە ئەنەيتۇللا 46

ئوتۇنچى .............. يۇسۇپقادىر مەنسۇر 48

«ۋۇسۇڭ» نىڭ تەقدىرى .............. يۇسۇپقادىر مەنسۇر 52

رەڭلەنگەن رومكا .............. ئابلەت قادىر 57

قەسەمخورنىڭ ئاقىۋىتى .............. ئابلەت قادىر 70

تىلەمچى .............. زۆرىگۇل سامۇش 75

«مودا ئۇسسۇلچى» .............. مەدىنە پەخرىدىن 78

گۇناھ كىمدە .............. گۇلنۇر تۆمۇر 84

توردىكى مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى .............. دىلشات پەرھات 89

تۇۋرۇك .............. ئابدۇراھمان ئۇسمان 92

بولمىغان زېھنىي قۇۋۋىتى ھەم قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىش بىلەن بىرگە، كىتابنىڭ سۈپەتلىك چىقىرىلىپ، ئانا مەكتەپنىڭ 80 يىللىق تويىغا ئەھمىيەتلىك سوۋغا بولۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىلھام ـ مەدەت بولۇشى ئۈچۈن مەنىۋى ھەم ئىقتىسادىي شارائىت يارىتىپ بەردى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمى مەكتەپ گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدىن ئا. ئا. چىنىتاش، قۇندۇزئاي بىديار تۇغلۇق مەكتەپ گېزىتىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تاللاش ۋە تەھرىرلەپ تەييارلاش خىزمىتىگە يېقىندىن ياردەم بەردى. ئاخىر بىز كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلدۇق، جاپالىق ئەمگىكىمىزنىڭ شېرىن مېۋىسىنى كۆردۇق. ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى، خىلمۇخىل ئۇسلۇب ھەم رەڭدار شەكىل، كۆپ خىل تېمىلاردىكى ئەدەبىي سوۋغىسى — «تۇنجى ئەسىرىم» تۇنجى ھەم ئالاھىدە سوۋغا سۈپىتىدە ئانا مەكتەپنىڭ 80 يىللىق گۈلدەستىلىرى ئىچىدە ئاخىر ئۆزگىچە جۇلاسى بىلەن پەخىرلەندى.

ئاخىرىدا، توپلامغا ئەسەر بەرگەن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا، ماددىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن رەھبەرلەرگە، توپلامنىڭ ياخشى چىقىشى ئۈچۈن كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرگەن بارلىق يولداشلارغا، شۇنداقلا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە توپلامنى يىلدا بىر سان چىقىرىش ئۈچۈن بارلىق كۈچۈم بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن.

2004 ـ يىلى، نويابىر

دوستۇمغا ………………………… بەھرىنىسا ئادىل 181
مىنىڭ دادام ………………………… بەھرىنىسا ئادىل 185
سىگنىلمغا ………………………… ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان 188
خەير، يۇلتۇزۇم ………………………… دىلىيار پەرھات 191
ئانامنى سۆيىمەن ………………………… روزى ئىبراھىم 192
ئەتىنىڭ ئىجادچىسى، تۇنۇگۇنىنىڭ گۆركارى — بۇگۇن
………………………… بۇۋىمەريەم مۇھەممەت 196
«يېقىملىق ناخشا» ………… بۇمەريەم ئابلىمىت نەسىمى 199
ئاخىرقى ئۆتۈنۈش ………………………… كۇسەنئاي 201
كىچىككىنە ئاتقان قار ………………………… مۇنەۋۋەر مۇختەر 205
مەن سىنىڭ سايەڭ ………………………… مېھرىگۈل روزى 206
كەچۈر ئانا ………………………… ئاسىيە ئابلەت 208
دادا ………………………… ئامانىنىسا ئابدۇغېنى 211
دادامغا مەدھىيە ………………………… مىنەۋۋەر قارى 214
كىچىككىنە ئويغانغان چۈش ………………………… گۈلخان تۇردى 216
ئائىلە ………………………… ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل 219
ئۇستاز خالىق نىيازنى ئەسلەيمىز …………………………
………………………… نىجات سوپى، ئالىمجان يۇسۇپ 223
تىل بوستانىغا سىرغىغان چەشمە …………………………
………………………… قەلبىنۇر قاھار، زەينەپگۈل نىياز 231
مەرىپەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز …………………………
………… ئوسمانجان ياسىن، قۇربانجان ئابدۇقادىر 241
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى
توغرىسىدا ………………………… ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات 257
كۆمۈلمەس ئىزلىرىڭ ئۇستاز ………… مۇھەممەت ئىمىن 266
ئەر – ئاياللار باراۋەرلىكى ………………………… ئىمىگۈل ھوشۇر 278
قۇياشقا تۇتاشقان يوللار …………………………
… قەمبەرنىسا ئەبەيدۇللا، بۇۋىمەريەم مۇھەممەت 286

ئۆتۈنۈش ...... ئابدۇراھمان ئوسمان 98
«تەتۈر تەپەككۇر يېزىقچىلىقى» ...... ئابدىلىم ئابدۇرېھىم چىنتاش 100
دورا ...... دىلىيار پەرھات 104
ئېلانىنىڭ «شاپائىتى» ...... پاتىگۈل ئوبۇلقاسىم 107
باچكا ...... پاتىگۈل ئوبۇلقاسىم 109
«تاغام ئېيتقان ھېكايە» ...... مەمەتجان ھەسەن 112
يۈرەكتىكى سادا ...... زۆھرەگۈل ئابدۇۋەلى 118
ئىلىم بېغىدا پورەكلىگەن لالە ...... پەرھات مۇھەممەت 121
نورۇز — يۇرتۇم بايرىمى ...... راھىلە غوپۇر 123
ئالدىرايمەن ...... راھىلە ئابدۇراخمان 125
چىن تۇيغۇلار ...... مۇھەممەتئىمىن ياسىن 127
كىرپىك ...... قۇربان مۇھەممەتتۇردى 129
قامىلە تەتقىقاتى ھەققىدە سۆھبەت ...... قۇربان ئابدۇكېرىم 132
كوچىدىكى تىلەمچىلەر ...... زۆرىگۈل تۇرسۇن 141
تەڭرىتاغ نورۇزى ...... سارىگۈل ئەخمەت 147
ئويغىنىش ...... ئابىدە ئابدۇلىم 150
تەستەك ...... خاسىيەتگۈل قاسىم 152
مېنىڭ يېڭى ھاياتىم ...... خاسىيەت 155
كۈلكە ساداسى ...... تۇرغۇن تۇرسۇننىياز 158
سىزنى سېغىندىم ...... ماھىنۇر تۇرغۇن 161
دىرېكتور ۋە بۆلۈم باشلىقى ...... ماھىنۇر تۇرغۇن 165
يىلتىز ...... قۇربان ئابدۇكېرىم 166
تۆگە ...... غەيرەتجان ئوسمان 171
دوستۇمغا خەت ...... ئاينۇر نىياز 174
مەن ۋە ھايات ...... ئاينۇر نىياز 177
سۈكۈتتىكى ئۈمىد ...... خەمىدە ئابلەت 179

نۇرلۇق يۇلتۇز ...... ئەركىن روزاخۇن 424
ئۆتمۈش كالېندار ...... ئەنۋەر ئەخمەت 426
ئاي قارايدۇ دېرىزەمدىن مۇڭ بىلەن ......
...... تۇرسۇنجان روزى 427
قارلىق تاڭ ...... ئادىلجان تۇنىياز 428
قويمىچىغا ...... مەدىنە پەخرىدىن 429
كېچىككەن ئىنساپ ...... خۇمارجان ماجىگسەي 433
ساۋاقداشلار خاتىرىسىگە ...... قۇندۇزئاي ھامۇت 435
سەھراغا ...... ئابلىز ئابدۇگۇل 436
سەھرا سۆيگۈسى ...... ئابلىز ئابدۇگۇل 437
ئىككى شېئىر ...... روزاگۇل 438
غەزەللەر ...... مۇھەممەت ئىبراھىم (لاچىن) 440
ئۈچ شېئىر ...... كەنجى خۇمارجان 441
خەير - خوش ئانا مەكتىپىم ...... ئەركىن ئىسمايىل 443
ئانامغا خەت ...... غۇنچەم قادىر 444
مەۋھۇم سۈرەت ...... بۇرابىيەم 445
ئويناڭلار ...... ئەيساجان نىزامىدىن 446
چۆلگە باق ...... ھاۋاگۇل رېھىم 447
سەھرا قىزى ...... ئاتىكەم ئۇبۇل 448
شېئىرلار ...... قۇربانجان ئابدۇقادىر 449
سېغىنىش ...... توختى تۇرسۇن 451
غېرىب قىزغا ...... ئابدۇراخمان ئابدۇرېشىت 453
شېئىرلار ...... ماھىنۇر تۇرغۇن 455
شېئىرلار ...... قەمبەرنىسا ئەبەيدۇللا ئۇچقۇن 458
ئانا مېھرى ...... گۈلنار ئىمىن 463
شېئىرلار ...... ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان 464
شېئىرلار ...... دىلنۇر ئاققارى 469
تەكلىماكان باغرىدا ...... خەمىدە ئابلەت 472

ئەسلىمە نەقىشلىرىدىن ئارمان قىنىشلىرىغا ..........
.......... ئەنەيتۇللا قۇربان 303
ئىمتىھاندىن كېيىن .......... ئوغۇزباتۇر ئەنۋەر 314
ھاجى خېنىم .......... بەھرىنىسا ئادىل 317
كۆزى يۇمۇلماس بۇلاق .......... مىرزىگۇل خۇدابەردى 321
كەلگۈسىدە ئانا بولغۇچىلار ..........
.......... مەرھابا نۇرمۇھەممەت ئۆزنۇر 329
ئارىمىزدا چاقنىغانلار .......... پەرھات مۇھەممەت 332
خىيالىي تۇيغۇلار .......... گۇلخان تۇردى 338
ھەم ئازابلىق، ھەم خۇشاللىق تىنىشلار ..........
.......... ھەمدۇللا ھۆردىللا 339
ئەپچىل چارە .......... رەيھانگۇل قاۋۇل 351
پۇشايمان خاتىرىسى .......... توختىنىياز توقسۇ 358
ئۆچمەس سىيما .......... مۇبارەك 363
ئىككى شېئىر .......... تۇرسۇن قۇربان 371
شېئىرلار .......... ئەنەيتۇللا قۇربان 375
ساۋاقداشلارغا چاقچاق .......... ئەنەيتۇللا قۇربان 378
مۇئەللىم ۋە ستۇدېنت .......... مۇختەر مەخمۇت 403
ئىككى شېئىر .......... ئەركىن موساجان 405
ئىككى شېئىر .......... ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم 409
خوشلاشقاندا .......... رىسالەت ئەركىن 411
ئاشۇ بىر مىنۇت .......... ئەنۋەرجان ئابدۇرۇسۇل 412
ئىككى شېئىر .......... ئوسمانجان ئەخەت باقى 413
سىنتەبىردە كۆرۈشەلمەيمىز .......... ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم 416
ئۈچ شېئىر .......... ئابدۇرۇسۇل تۇرسۇن 417
پارچىلار .......... رەشىدە ئەخمەت 420
قۇياش .......... ھاكىمجان 421
نورۇزنامە .......... يۇسۇپئەمەت تۇرسۇن 422

# مۇبارەك 80 يىلىڭغا، شانلىق تويۇڭغا!

(نەسر)

## زۇبەيدە ئەنەيتۇللا

### ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

ئۇ ئەسلىي بىر كىچىككىنە، ئاددىيلا كېسەك تاملىق قورۇ-
دىن قۇرۇلغان ئوقۇتۇش ئورنى ئىدى. ئەزەلدىنلا ئىلىمخۇمار،
مەرىپەت سۆيەر خەلقىمىزنىڭ بېسىلماس تەلەپلىرى ھەم ئوتلۇق
ئىستەك، خىسلەتلىك تىلەكلىرىدە بارغانسېرى كېڭەيدى، بار-
غانسېرى زورايدى؛ ئۇ ئەسلىي بىر ئادەتتىكىچە مەكتەپ ئىدى،
ھەر مىللەت خەلقىنى ئاقارتىش، مەرىپەت مەلھىمىگە قاندۇ-
رۇش، مەدەنىيەت يولىدا، زامانىۋى جۇلالاندۇرۇش ـ نۇرلاندۇ-
رۇش يولىدا تەرەققىي قىلدى، ئۆز ـ ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن
ئورتاق يېتىلدۇردى؛ ئۇ ئەسلىي بىر ئاجىز ئوقۇتۇش ئورنى
ئىدى، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى، يار ـ يۆلەكتە بولۇشى ئارقى-
سىدا كۈنسايىن قۇدرەت تاپتى، رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى-
نىڭ مەنىۋى قۇياشقا ئوخشاش نۇرانە جىلۋىلەندى؛ ئۇ ئەسلىي
بىر ئەمدىلا بىخلانغان ئاددىي باغ ئىدى، ئىلىم سۆيەر خەلقىمىز-
نىڭ چىن يۈرىكىدىن تۆككەن ئەجرىدىن، مەرىپەت يولىدا ئۆزىنى
بېغىشلايدىغان جاپاكەش باغۋەنلەرنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن،
مىننەتسىز مېھنىتىدىن باراقسانلاشتى. ئېپار ھىدقا تولۇپ بوس-
تانلاشتى، سانجاق ـ سانجاق مېۋىلىرى بىلەن كۆركەملەشتى.

شېئىرلار ................ مەرھابا نۇرمۇھەممەت ئۆزنۇر 473

بۇ دۇنيادا ياشايمىز بىر رەت .... ئابدۇراخمان ئوسمان 475

نورۇز ........................ زۆرەگۈل ئابدۇۋەلى 476

شېئىرلار .................. ھەمدۇللا ھۆرىدىللا 478

نورۇزغا مەدھىيە ............ ماھىنۇر ئەھەت 485

شېئىرلار ............... ئابدۇسالام ئىبراھىم 487

ئىككى شېئىر .................. ئالىمجان ئابلا 490

مۇئەللىم ...................... مەمەتجان ساۋۇت 493

ئىككى شېئىر ................. يالقۇن ياسىن 494

داۋانلىق ئويلار ................ زۇمرەت ئابلىكىم 495

باھارغا سېغىنىپ ئۇچقان تۇرنىلار .... داۋۇتجان سامساق 496

تۇنجۇققان ئارمان ............ گۈلخان تۇردى 497

ئۈنسىز كۈتۈش ............ ئانارگۈل ئابدۇراھمان 498

شېئىرلار ................ ھەسەنجان مەتنىياز 499

ۋاقىت سىرى ........... توختىياز ئىسمائىل توقسۇ 503

ئىككى شېئىر ........... بۇۋىمەريەم مۇھەممەت 504

شېئىرلار ............... نىجات ئابدۇكېرىم 506

مېھىر .................. مۇھەممەت ئىمىن 509

كەچ كۈزدىكى تەنها لىرىكا .......... ياسىنجان ئىمىن 511

سەھرالىق ستۇدېنت قىزچاق ..................

............ يۇسۇپجان توختى يەكتار 513

لىق بىلىم يۇرتلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن. ئۇلار شىنجاڭ ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاتا قىل-
غان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن ئۇل بولغان.
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ
تۇرغان ئالدى دەرۋازىسىغا قاراڭ! ئاشۇ دەرۋازا ئورنىدىكى ھې-
لىقى قىزىل بىنا ئېسىڭىزدىدۇ؟ ئەينى چاغدىكى قىزىل بىنا
ئورنىغا قىزىل دەرۋازا ئورنىتىلدى. قىزىل بىنا، قىزىل دەرۋا-
زا! ھەر ئىككىسىنىڭ رەڭگى ئوخشاش، شەكلى ئوخشاش،
كىشىلەر قەلبىدىكى ئەسلىمىسى ۋە ھۆرمىتى ئوخشاش. قىزىل
بىنا، ئانا مەكتەپنىڭ ئوبرازى، ئۇنىڭ تارىخىنىڭ شاھىتى.
شۇڭا ئۇنىڭ ئوبرازى ئۆچمىدى، ئۇ بۈگۈن ھەيۋەتلىك دەرۋازىدا
ئۆز سىيماسىنى ساقلاپ قالدى، مەكتەپ ئىزنىكىگە سۈرىتىنى
ئويدى. مىڭلىغان قەلبلەرگە سەلتەنەتلىك ئەسلىمىسىنى كۆ-
چۈرگۈزدى. دەرۋازىدىن دادىل قەدەملىرىڭىزنى تاشلاپ كىرگى-
نىڭىزدە ئۇدۇلىڭىزدىكى مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۇنىۋېر-
سال ئوقۇتۇش بىناسى سىزنى ئۆزىگە رام قىلىدۇ. ئىككى تەرە-
پىدىكى فىزىكا ۋە ماتېماتىكا ئوقۇتۇش بىنالىرىغا ھەۋەس بىلەن
قاراۋاتامسىز؟! قاراڭ، تولىمۇ ئاددىي، ئەمما بەكمۇ يېقىملىق
تۇيۇلىدىغان ئەدەبىيات ئوقۇتۇش بىناسى، باغرىدا نۇرغۇنلىغان
تىلچىلارنى، تەرجىمانلارنى، تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلەرنى يې-
تىشتۇرگەن، خەنزۇ تىلى، چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش بىناسى؛
ئەنە قاراڭ، ھاياتلىق ئىلمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتى-
ۋاتقان، جەمئىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتىنىڭ ئىلمىي قانۇ-
نىيىتىنى ئېچىۋاتقان بىئولوگىيە پەنلىرى مەركىزى، شۇنداقلا،
قۇرغاق رايونلار ئېكولوگىيىسى تەتقىقاتىدا بۆسۈش ھاسىل قىل-
غان، سۇ قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان
جۇغراپىيە ئوقۇتۇش بىناسى؛ ئەنە قاراڭ، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر
بىلەن سەپلەنگەن ئىلغار تەجرىبىخانىلار، شارائىتى تولۇق،

مانا بۈگۈن، ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىدىكى ئەبەدىي جۇلاسىدىن
كەتمەس يېشىل ياقۇتقا، نۇرى مەڭگۈ ئۆچمەس، هارارىتى مەڭگۈ
كەتمەس قۇياشقا، ئەبەدىي كۆز يۇمماس بۇلاققا ئايلاندى.

شۇنداق 80 يىل ئۆتتى، ئارىدىن 80 يىل ئۆتتى. شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى 80 يىللىق ئىسسىق - سوغۇقلارنى، ئوڭۇش-
سىزلىقلارنى يېڭىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، قىيىنچىلىق
ئالدىدا باش ئەگمەي ئەقىل ۋە هېكمەت بىلەن يوللارنى ئېچىپ،
مانا بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشتى. بۈگۈنكىدەك سەلتەنەت بىلەن
دۇنياغا ئۆزىنى نامايان قىلدى. بۇ 80 يىل جەريانىدا ئۇ كىچىك-
لىكتىن چوڭايدى، ئاجىزلىقتىن مۇكەممەللەشتى، قۇدرەت تاپ-
تى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە يۇرتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرىدا باشلامچى بولدى، يىلتىز بولدى. سىز هەر
سەپلەردە ئىشلەۋاتقانلار ئارىسىدىن ئۇنىڭدىن كەۋسەر ئىچىپ
يېتىلىپ، تەرەققىياتقا ئۇل بولۇۋاتقانلارنى ئۇچرىتىسىز، مائا-
رىپ ئىشلىرىغا ئۇن - تىنىسىز تۆهپە قوشۇۋاتقانلارنى كۆرىسىز.
شۇنداق 80 يىل جەريانىدا ئۇ جەمئىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن ئىختى-
ساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ بەردى. ئەلۋەتتە، 80 يىل ئاز
ۋاقىت ئەمەس، بۇ جەرياندا نۇرغۇن - نۇرغۇن ئۇستازلار ئانا
مەكتەپنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن
جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىپ ئۆتتى، ئاددىي، ئەمما
شەرەپلىك خىزمەت ئورنىدا ئۈن - تىنىسىز ئەجىر تۆكۈپ ئۆتتى.
گەرچە ئۇ كىشىلەر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئابىدىلەر تىكلەنمىگەن
بولسىمۇ، بۈيۈك قامۇسلار يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
كىشىلەر سىزنىڭ، مېنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ قەلب
تۆرىدىن ئورۇن ئالغان، هەممەيلەننىڭ ئەسلىشىگە، سېغىنىشى-
غا، هۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قان -
تەر بەدىلىگە ئانا مەكتىپىمىزنى بۈگۈنكى هالەتكە كەلتۈرگەن،
ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ئانا مەكتىپىمىزنى داڭ-

شۇنداق، 80 يىللىق تارىخ، 80 يىللىق تەرەققىيات، 80 يىللىق
قامۇسىنىڭ ھەر ۋارىقىدىن بۇنداق شەرەپ ئىگىلىرىنى تاپالايسىز،
ھەر بېتىدىن ئۇلارنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىنى كۆرەلەيسىز، ھەر-
بىر قۇردىن مىننەتسىز مېھنەتلىرىنى، ھالال ئەمگەكلىرىنى،
سەلتەنەتلىك تۆھپىلىرىنى يادلاپ تۈگىتەلمەيمىز. مانا بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئانا مەكتەپنىڭ ئانىلىق مېھرىدىن، مۇھەببىتىدىن،
ئانىلىق تەربىيىسى ۋە ئەجىر - ئەمگىكىدىن يارالغان نەتىجىلەر.
سىز تويماي قاراۋاتقان، سىز كۆزىڭىزنى ئۈزەلمەيۋاتقان ئاشۇ
ئوقۇتۇش مەركەزلىرى، ئاددىي ئەمما خىسلەتلىك ماكانلار مانا
شۇنداق سۆيۈملۈك، شۇنداق خاسىيەتلىك. ئەنە ئاۋۇ ئوڭ تەرەپ-
كە ياندىتىپ سېلىنغىنى كۇتۇپخانا بىناسى، ئۇ غەربىي شىمال
بويىچە داڭلىق كۇتۇپخانا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا
بويىچە داڭلىق بولغان ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىن بىرى.
بۇ بىر بىلىم خەزىنىسى، بۇ يەردە قەدىمىي قولىيازمىلار، ئۇزاق
تارىخقا ئىگە بولغان كىتابلار ساقلانغان. بۇ بىر گۈلگە، غۇنچىگە
ئوخشايدۇ. ئوقۇغۇچىلار خۇددى ھەسەل ھەرىلىرىدەك گۈل بەر-
گىلىرىدىن شىرنە يىغىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ.
بۇ خۇددى بىر بۇلاققا ئوخشايدۇ، بىزنىڭ بىلىمگە تەشنا بولۇپ
چاڭقاپ كەتكەن قەلبىمىزنى قاندۇرىدىغان… ئەنە قاراڭ،
كۇتۇپخانا بىناسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە سەپلەنگەن ئېلېكترونلۇق
ئوقۇتۇش سىنىپلىرىغا، بۇ يەرگە نەچچە يۈز كومپيۇتېر ئورۇن-
لاشتۇرۇلغان، ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىمۇ، بۇ
يەرگە كىرىپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدۇ. بۈگۈنكىدەك ئۇچۇرلاش-
قان جەمئىيەتتە، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئۆزىنى كومپيۇتېر
بىلەن قوراللاندۇرۇپ، يېڭى ئەسىر تەلىپىگە لايىق يېتىلدۈرە-
لەيدۇ. قېنى ماڭا ئەگىشىڭ، مەن سىزنى ئەمدى مەكتىپىمىز-
نىڭ ئاشخانىلىرىغا باشلاپ باراي. قاتار سېلىنۋېتىلگەن مەكتەپ
ئاشخانىلىرىنىڭ پاكىز - ئازادە مۇھىتى، ئاشپەز تاغا - ھەدە-

خۇددى ئائىلىمىزدىكى ھۇجرىمىزدەك بېزەلگەن ياتاقلار، بىزنى
يېتەرلىك دەرسلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان نەشرىيات
بىناسى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئۇنىۋېرسال پەن قۇرۇلۇشىنى، ئو-
قۇتۇش مەزمۇنىنى تولۇقلاپ تۇرىدىغان چوڭلار مائارىپ ئىنستى-
تۇتى، ئالىي كەسپىي ئىنستىتۇت بىنالىرى، يۇرتىمىزدە ئو-
قۇشنىڭ يېڭى پەللىسىگە نىسبەتەن ئىنتىلىش ئوتىنى تۇتاشتۇ-
رۇپ تۇرىدىغان ئاسپىرانتلار ئىنستىتۇتى بىناسى ... ئەنە قا-
راڭ، دەرسلىك ماتېرىياللارنى كۆتۈرۈپ، بىر - بىرى بىلەن
قىستىلىشىپ ئوقۇتۇش بىنالىرىغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇ-
چىلارغا، ئۇلار ئۆگىنىش ئۈچۈن، بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن بىر-
بىرىدىن ئاشۇنداق قىزغىنىشىپ ئالدىرىشىۋاتىدۇ. بۇ 80 يىل
جەريانىدا قانچىلىغان ئوقۇغۇچىلار بىلىم ئېلىش ئىستىكىدە بۇ
يەرگە كىرىپ - چىققان بولغىيتتى - ھە؟ قانچىلىغان ئوقۇغۇ-
چىلار مۇشۇ يەردىن يېتىلىپ ئۇچۇرۇم بولغاندۇ - ھە!؟
ئۆتكەن 80 يىلدا، مۇشۇ يەردىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچقانلار رايون-
مىزنىڭ ھەر يەر - ھەر يەرلىرىدە قانات قاقتى؛ ھەتتا ئىچكى
رايونلار، چەت ئەللەردىمۇ ئانا مەكتەپ ئەجرىگە لايىق نەتىجىلەر-
نى يارىتىپ، شان - شەرەپلەر قۇچتى؛ ئانا مەكتەپنىڭ شۆھرەت-
لىك نامىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدا
كۆكلەتتى، پورەكلەتتى. 80 يىل جەريانىدا، مۇشۇ بۇلاقتىن
جىرالانغان ئېقىن ۋەتەننىڭ ھەممە يېرىگە ئۇرۇق چاچتى، مائا-
رىپ، مەرىپەت بىخلىرىنى كۆكلىتىپ، بوستان ياسىدى؛ مانا
مۇشۇ 80 يىل جەريانىدا يېتىلگەن تۈركۈم - تۈركۈم ئويغاق
ئەۋلاد ھەر مىللەت خەلقىنى ئاقارتىش ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ مەدەنى-
يەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش
تەرەققىياتى ئۈچۈن بىرىنچى سەپتە كۆرەش قىلدى، ئاجايىپ
تۆھپىلىرى بىلەن ئىگىلىك تىكلەشنىڭ باشلامچىلىرىغا ئايلان-
دى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بايراقدارلىرىدىن بولۇپ قالدى.

مەدەتكار بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئانا مەكتەپ تارىخىدا شەرەپ
قۇچقان ھەربىر ستۇدېنتىنىڭ ياشاش سىرلىرىغا زەن سېلىپ
قاراڭ، ئانا مەكتەپ ئۇچۇن جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە، ھەربىر
قاتلىمىدا مېھنىتىدىن مېۋە بەرگەن مەكتەپداشلارنىڭ ھاياتلىق
مۇساپىسىگە قاراڭ، ئۇلاردىكى ئورتاقلىق مۇشۇ، ئۇلارنىڭ سى-
رى دەل مۇشۇ! ھازىر مەكتەپ ئاشخانىلىرىغا كىرسىڭىزلا تاماق
تەييار، ئۆچىرەتتە تۇرۇش ھاجەتسىز. شۇنداق، مەكتىپىمىز
بىزگە ھەر تەرەپتىن قولايلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى،
ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشىغا ھەر تەرەپتىن ياردەم بەردى، كۆڭۈل
بۆلدى.

بىز تەلەيلىك، بىز بەختلىك، بىز ئۇچۇن ھەممە تەل. بىز
ئۇچۇن ئانا مەكتەپ ھەممىنى بەجا قىلدى. ئازادە ياتاق، كۆپ
ۋاستىلىك سىنىپ، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا، قاچان كىرسەك
تەييار تاماقلار، نېمىنى كۆرەيلى دېسەك تېپىلىدىغان كىتاب-
ماتېرىياللار، جايىمىزدىلا دۇنيانى ئارىلىغىلى بولىدىغان تورلاش-
قان كومپيۇتېرخانىلار ... بىزدە پەقەت ئۆگىنىش قىزغىنلىقى
بولسا، بىلىم قۇرۇلمىمىزنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، ئىزدىنىش
ئىستىكىمىزلا بولسا شارائىت تولۇق. ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزى-
مىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يۈكسەك ئەقىدىمىزلا بولسا، بەش يىل
بىز ئۇچۇن تولىمۇ قىسقا، تولىمۇ قىسقا...

بىز ئەمدى نەزىرىمىزنى مەكتىپىمىزنىڭ گۈزەل مەنزىرى-
لىرىدىن، ساياھەت ئورۇنلىرىدىن بىرى بولغان خۇڭخۇ كۆلىگە
يۆتكەيلى. خۇڭخۇ كۆلى تولىمۇ گۈزەل، ھاۋاسى ساپ، كىشىگە
كۆڭۈل ئازادىلىكى بېغىشلايدۇ. ئەتراپ يېشىللىق، كۆلنىڭ
ئوتتۇرىسىدا كۆركەم قوپۇرۇلغان، چىرايلىق نەقىشلەنگەن را-
ۋاق، بوك - باراقسان ئورمانلىق ئىچىگە گىلەم سېلىنىۋەتكەندىك-
دەك ياپيېشىل مايسىلار، بۇلار ھەممىسى بۇ كۆلنى تېخىمۇ
گۈزەل قىلىۋەتكەن. سىز خۇڭخۇ كۆلىدىكى تاغدىن ئەتراپقا

لەرنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى، ئوخشىغان تاماقلار، قورۇمىلار، بىزنى خۇددى ئۆز ئۆيىمىزدە غىزالىنىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. تېخى 20 يىل ئىلگىرىلا مەكتەپتە ئىككى - ئۈچلا ئاشخانا بار ئىدى، تاماقلىرىمۇ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىدا قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ سۇيۇقئاشلارنى، خورما سالغان قارا ئاشلىق ھورنانلارنى ئېلىپ كېلىپ سوۋۇپ قالغان بولسىمۇ ئىشتىھا بىلەن يەپ كېتەتتىكەن. تېخى ئۇنىڭدىن بۇرۇن «ئاشخانا يىللىرى» دەپ ئاتالغان دەۋرلەردە تېخى بىزگە ئوخشاش ستۇدېنتلار يەيدىغانغا تۈزۈك تاماق يوق، ياۋا ئوت - چۆپلەرنى، قارىياغاچ تەڭگىلىرىنى، قوناق مەدەكلىرىنى ئېزىپ قىلغان «ئۇن» دىن ئەتكەن يېمەكلىكلەرنى يەپ ئوقۇغانىكەن. ئاشۇ چاغلاردىمۇ ئۇلار ئاچلىق - ئاچارچىلىقتىن، يېلىڭ - يوچۇق كىيىنىشلەردىن زارلانماي، ئىجتىھات بىلەن ئوقۇپ، ياراملىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشكەنىكەن. جەمئىيىتىمىزدىن، ئارىمىزدىن، ئائىلىمىزدىن شۇ دەۋرنىڭ شاھىتى بولغان ئىرادىلىك ئاتا- ئانىلىرىمىزنى، بوۋا - مومىلىرىمىزنى، بىزگە ھەقىقىي ھاياتلىق ئۆلگىسىنى تىكلەپ بەرگەنلەرنى كۆپلەپ تاپالايمىز. ئۇلار ئاشۇنداق تۈرلۈك - تۈمەن قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى، ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن، يۈكسەك ئىستەك يولىدا، ھەرقانداق توسالغۇ ئۇلارغا دال بولالمىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ يەرگە كىيىم - كېچەك ئۈچۈن، يېيىش - ئىچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆگىنىش ئۈچۈن، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن، ئىلىم بىلەن ئۆزىنى ۋە ئۆز يۇرتىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن. 80 يىلنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، مۇشۇ بىر مۇقەددەس مەقسەتنىڭ ھەر قەلبكە سىڭگەنلىكىنى ھەربىر ستۇدېنتنىڭ يىمىرىلمەس نىشانى بولغانلىقىنى پارلاق ئىستىقبالغا قاراپ يېيىلغان مۇشۇ ئۈمىد يولى ئۇلارنى تىنىمسىز ئىرىشچانلىققا ئۈندىگەنلىكىنى، توختاۋسىز يۇقىرى ئۆرلەشكە

دەيدىغان تەمەلىرى بەلكى شۇنىڭدىن؛ تالايلارنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ قويىنىغا كىرىپ ئوقۇش ئىستىكىنىڭ بېسىلماسلىقى بەلكى شۇنىڭدىن.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ كۆلىمىنى تېخىمۇ زورايتىپ، شىمالىي مەكتەپ رايونى ۋە جەنۇبىي مەكتەپ رايونىغا كېڭەيدى. بۇ ئىككى رايون خۇددى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاش ئۇنى يېڭى پەرۋازغا ئىگە قىلدى.

مانا بۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش رايونى. ئۇ خۇددى يېشىل ياقۇت ئارىسىدىكى ئاپئاق مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ. ئۇ خۇددى يېشىل دېڭىزدىكى دولقۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇ ياپيېشىل كەتكەن دالىدىكى كۆركەم سېلىنغان داچىغا ئوخشايدۇ. شۇنداق، بۇ بىزنىڭ داچىمىز، ئىللىق ئائىلىمىز، ئارامگاھىمىز. دەل-دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئەتراپ، دىماقلىرىمىزغا يېقىملىق ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان يالپۇزنىڭ ھىدى بىزگە ئانا يۇرتىمىزنى ئەسلىتىدۇ. كەڭرى كەتكەن دالا بىزنى ئۆز قوينىدا ئەركىلىتىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن گۈزەل يۇرتىمىزنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولىمىز، ئانا يۇرتىمىزنىڭ ھىدىنى پۇرىغاندەك بولىمىز؛ يۇرتىمىزنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولىمىز، يۇرتىمىزنىڭ ئىللىقلىقىنى، ئاتەش مېھرىنى ھېس قىلىمىز. بۇ يەردىكى خۇددى ئېچىلىپ تۇرغان كىتابقا ئوخشاش سېلىنغان ئوقۇتۇش بىناسى، ئازادە سېلىنغان رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياتاق بىناسى، ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش سىنىپلىرى، ھەممە يەر، ھەممە يەرلەر شۇنچىلىك ئازادە، شۇنچىلىك ئىللىق.

مانا بۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىمالىي ئوقۇتۇش رايونى. ئۇ خۇددى سۈپسۈزۈك بۇلدۇقلاۋاتقان بۇلاققا ئوخشايدۇ، ئۇ خۇددى پارلاپ چىققان قۇياشقا ئوخشايدۇ. ئۇ بىزگە نۇر بېرىدۇ، ھارارەت بېرىدۇ. بۇ يەر شۇنچىلىك گۈزەل. رەت-

نەزەر سالغىنىڭىزدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەممە يېرىنى،
پۈتكۈل تەرەققىياتىنى كۆرەلەيمىز. بۇ يەر ساياھەت ئورنى بو-
لۇپلا قالماستىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەكرار قىلىدىغان، تىل ئۆ-
گىنىدىغان ماكانى. سىز خۇڭخۇنىڭ بوگۇنكى قىياپىتىنى كۆ-
رۈپ، ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلەرسىزمۇ؟ ئۇ
ئەسلىي كىچىككىنە جىرا ياساپ ئاقىدىغان بولاق ئىدى. بىلىم
باغچىسىدىكى، بىلىم بولىقىدىكى سۈپسۈزۈك بولدۇقلاپ ئاقىدى-
غان بولاق ئىدى. سىزگە ئوخشاش، ماڭا ئوخشاش ستۇدېنتلار،
ئۇستازلار ئۇنى قېزىپ چىقىپ كۆل قىلدى، ئەتراپىغا كۆچەت
تىكىپ باراقسان قىلدى، ئۇنى پەرۋىشلىدى، ئاسرىدى، قايتا-
قايتا تۈجۈپىلەپ ئىشلەپ، بۈگۈنكىدەك مەشھۇر سەيلىگاھقا،
كۆڭۈلدىكىدەك ئۆگىنىش ئورنىغا ئايلاندۇردى «ئالدىنقىلار تىك-
كەن كۆچەتتە كېيىنكىلەر سەگىدەيدۇ» دېگەن ھەقىقەتنىڭ
سىمۋولىغا ئايلاندۇردى. دوستۇم ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ بىز ئانا
مەكتەپكە قەرزدار، ئالدىنقىلارغا قەرزدار، ئوقۇتقۇچى — ئۇس-
تازلارغا قەرزدار. ئۇلار بەرگىنىنى سۈيلىمەيدىغان قەرز ئىگە-
لىرى. بىراق، ۋىجدانىمىز بىلەن ئويلىغىنىمىزدا، ئازراق بول-
سىمۇ قەرز قايتۇرۇش مەجبۇرىيىتىمىزنى يۈرىكىمىزدىن ھېس
قىلىمىز.

ئانا مەكتەپ يەنە بىزگە چېنىقىشىمىز ئۈچۈن، تۈرلۈك
تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز ئۈچۈن تەنتەر-
بىيە سارىيىدىن بىرنى سېلىپ بەردى. ئەسلىدىكى تەنتەربىيە
مەيدانىنى قايتا يېڭىلاپ چىملاشتۇردى. مەكتەپ ھەر تەرەپتىن
بىزگە ئەۋزەل بولغان شارائىتلىرىنى يارىتىپ بەردى. مەكتەپنى
خۇددى ئۆز ئۆيىمىزدەك بېزەپ بەردى، بىزگە ئائىلىمىزنىڭ
ئىللىقلىقىنى يەتكۈزدى. ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىزنىڭ مەنىسىنى
تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ بېيىتىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ھازىرلاپ
بەردى. نۇرغۇنلارنىڭ ئانا مەكتەپتە يەنە بىر رەت ئوقۇساقچۇ،

ئۇ شېرىن مېۋىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك دەرەخ. شەربەت سۈيى دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئەزىم دەريا. ئۇ ئەجىر بىلەن، قان ـ تەر بىلەن قوپۇرۇلغان بۈيۈك ئىمارەت. ئۇ ھەممىگە مەڭگۈ نۇرى ئۆچمەيدىغان، سەلتەنىتىدىن كەتمەيدىغان تەخت بېرىدۇ. ئۇ ھەممىنىڭ ئۆلىغا ئەبەدىي چىرىمايدىغان يىلتىز بولۇپ كۆمۈلىدۇ. ھەممىنىڭ ئارزۇلىرىدا سولمايدىغان، سۇغۇلمايدىغان، خازانسىز گۈل پەسلى بولۇپ ئېچىلىدۇ. ئۇ، ھەر قەلبتە ھاياتنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك مەنىلىرىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. ئۇ ھەر مەزگىلدە ھاياتنىڭ باھار پەسلى بولۇپ ئېچىلىدۇ. كۆزنىڭ مەئىشەت پەسلى بولۇپ تۆكۈلىدۇ. ئۇ ھەر ئىنسان ئىستىكىنى ئاشۇنداق قاندۇرىدۇ، ھەر يۈرەكتە ھايات يوللىرىنى يورۇتىدىغان ئۆچمەس مەشئەللەرنى ياندۇرىدۇ. ئۇ ئاشۇنداق ئىستىقبال قىرغاقلىرىغا قاراپ يېيىلغان پاياندار. ئۇ ئاشۇنداق موھتاجلىققا ئاپتاپ سېپىدىغان، ئەبەدىي گۈللىنىش پەسلى بېرىدىغان مەڭگۈلۈك ياز.

ئادەمئاننىنى ئەڭ ئۇلۇغ بىلىدۇ، ئانا دەپ تۇغۇلىدۇ. ئانا دەپ تىلى چىقىدۇ، ئانا دەپ ئويغىنىدۇ، ئانا دەپ يىغلىغاندا يۈرىكىنى باسالمايدۇ. ئانا — ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ مەبۇدە. ئەزىم دەريالىرنى ئانا بىلەن تەڭ ئاتايدۇ، ئانا دەريا دەپ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراقنى ئانا بىلەن تەڭ يالايدۇ، چۆل بولسىمۇ، جەزىرە بولسىمۇ ئانا تۇپراق دەپ جەننەتكە تەڭ قىلمايدۇ؛ ماكاننى شۇنىڭ بىلەن تەڭ ساناپ، بىرگە ھېسابلاپ، ئانا يۇرت، ئانا ۋەتەن دەيدۇ، يۈرىكىنىڭ نېرى ـ نېرىدىن سۆيۈنۈپ يۈرىكىنى سۆزلىتىدىغان، يۈرەكلەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان، گۈزەل تۇيغۇلىرىنى ناخشا قىلىپ ياڭرىتىدىغان، ئارمانلىرىنى ئاشۇنداق بوستان قىلىپ ياشنىتىدىغان تىلنى، ئالەمدىكى ئەڭ گۈزەل ھەم يېقىملىق ئاۋازنى «ئانا تىلىم» دەپ پەخىرلىنىدۇ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئىپتىخارلىنىدۇ، ئۇنى مەڭگۈ-

رەت سىلىنغان ئوقۇتۇش بىنالىرى، ياتاق بىنالىرى، كۇتۇپخانا بىناسى، تەنتەربىيە مەيدانى ھەممە ئەتراپ ئاشۇنداق گۈزەل، ئاشۇنداق ئىللىق.

سىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدى دەرۋازىسىدىن قارىغىنىڭىزدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك، كۆركەم ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. سىز يىراقلاردىن، ئېگىز چوققىلاردىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كۆز يۈگۈرتكىنىڭىزدە ئۇنىڭ سۈپسۈزۈك بۇلدۇقلاۋاتقان بۇلاققا ئوخشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز. سىز يامالىق تېغىدا تۇرۇپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا نەزەر سالغىنىڭىزدا ئۇنىڭ تەڭرىتېغىنى قانات قىلىپ پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىسىز. مەيلى سىز قانداقلا يەردە تۇرۇپ ئۇچۇر ئىگىلەڭ، ھەممە يەردىن ئانا مەكتىپىمىزنىڭ شۆھرىتىنى، مېھنىتىنى تاپالايسىز. شۇنداق جىرا - جىرالار بۇ يەردىن ئېچىلغان، ئانا مەكتىپىمىز بۇلاقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان. ئۇ مىليون دۇلدۇللارغا جەڭگاھ بولغان، يورۇق يۇلتۇزلارغا نۇر بەرگەن، ھارارەت بەرگەن، چەكسىز ئىمكانىيەت بەرگەن. ئۇ ئاشۇنداق ھەممىگە مەڭگۈ غۇلىمايدىغان ئۇل بەرگەن؛ ئەبەدىي بەرگى توزۇمايدىغان، كۆركىدىن كەتمەيدىغان رەڭ بەرگەن، كۆكلەش بەرگەن؛ مەڭگۈ - مەڭگۈ باھار پەسلىنى ساقلايدىغان يىلتىز بەرگەن.

مانا بۇ بىزنىڭ ئانا مەكتىپىمىز، مانا بۇ بىزنىڭ ھەغدالىق ئىستىكىمىز، مەڭگۈلۈك مېھرىمىز، مۇھەببىتىمىز سىڭىپ كەتكەن، سۆيۈملۈك ماكان. قەلب رىشتىمىز ئەبەدىي ئۈزۈلمەيدىغان، يۈرەك بېغىشىمىز مەڭگۈ - مەڭگۈ باغرىغا باغلىنىپ قالىدىغان، شېرىن ئارمانلىرىمىز قېنىش تاپقان، گۈزەل ئارزۇلىرىمىز چېچەك ئاچقان قۇياشلىق ماكان، ئاتەش ماكان. ئۇ ئۇستازلارنىڭ جاپالىق ئەجىر - مېھنىتى بىلەن شاگىرتلارنىڭ قانماس ئارزۇ - ئىستەكلىرى يۇغۇرۇلغان خاسىيەتلىك داستان.

هەر جايدىن بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا كېلىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئۆزلىرىنىڭ تەقدىر - پېشانىسى، مەقسەت مۇددىئاسى بىلەن مېھرىنى، ئەجرىنى، ئەقىدىسىنى بېرىپ ياسىغان بۇ ئۇۋۇسىدىن بىر - بىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن، بىر - بىرىگە قىيالمىغان ھالدا ئايرىلىشىدۇ. شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل مىنۇتلىرى مانا مۇشۇ يەردە ئۆتكەن. ئۇلار بۇ ئىللىق ئائىلىدە بىر ئانىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان جان - جىگەر قېرىنداشلاردەك ئۆتۈشكەن، ئازابلانغاندا بىرلىكتە ياش تۆككەن، خۇشال بولغاندا بىرلىكتە كۈلگەن، ئۇلار ئاشۇ كىچىككىنە ياتىقىنى ئۆز ئۆيلىرىدەك تۇتۇپ، يۇرتلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن ناز-نېمەتلىرىگە بىللە ئېغىز تېگىشكەن. شۇنداق، ئۇلارنىڭ بىلىمگە تەشنا بولۇپ چاڭقاپ كەتكەن قەلبى مۇشۇ يەردە قانغان، مۇشۇ يەردە سۇغۇرۇلغان.

ئانا مەكتىپىم، ئانا مەكتىپىم! ئۇ مېھىر بىلەن تولغان گۈزەل باغ، ئۇ مەڭگۈلۈك بايلىقنى باغرىغا باسقان خەزىنە؛ ئۇ، ئىستىقبال مەنزىلىگە قاراپ يېيىلغان پاياندار؛ ئۇنىڭ شانۇ شەۋكىتى، مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىلىرى خۇددى سەددىچىن سېپىلىدەك، جۇمۇلاڭما چوققىسىدەك، تەڭرىتاغلىرىدەك بەھەيۋەت كۆركەم، ئۇنىڭ نامى ئاشۇلارغا ئوخشاش جاھانغا تارالغان. ئۇ ئۇستاز ئەجرىدە، مىننەتسىز مېھنىتىدە پەيدا بولغان تاتلىق بۇلاق، بىزگە ئۇسسۇزلۇق بولغان زەمزەم بولغان؛ ئۇ بىر ئۇلۇغ ئانا، بىزگە قايتىدىن تۇغۇلۇش بېرىدىغان، بىزنى ئىپتىخارلىق ئىلكىدە شادلاندۇرۇپ كۈلدۈرىدىغان. ئۇ چىن بەختىنىڭ ئۇلى، بىزگە ئەبەدىي جۇلاسىدىن كەتمەيدىغان تاج بېرىدىغان مەڭگۈلۈك غۇلىماس تەختىنىڭ ئاساسى.

ئانا مەكتىپىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 80 يىللىق تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. تارىختا مىسلى كۆرۈل-

لۇك كۆكلەش يىلتىزى، ئىقبالنىڭ پاياندازى، شان - شەرىپى-
نىڭ تاجى ھېسابلايدۇ. «ئانا» دېگەن نام بىلەن مۇھەببەت،
چىن سۆيگۈ، بۇزۇلماس قەسەم ھەم مەڭگۈلۈك ئەقىدە ئورتاق!
«ئانا» دەپ ئىلتىجا قىلىش بىلەن، چەكسىز سۆيۈنۈپ يادلاش
بىلەن ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئارمانلار، گۈزەل تىلەك ھەم ئوتلۇق
ئىستەكلەر مەھكەم يۇغۇرۇلغان؟! شۇڭا ئادەم ھەر قېتىم «ئا-
نا» دېگەندە، ۋۇجۇدى شادلىقتىن ياكى ھەسرەتتىن سىلكىنىدۇ.
شۇڭا ئادەم ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئىپتىخارلىق، ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ
قەدىرلىك ھەم ئەقىدىلىك تەرەپلىرىنى، تەركىبلىرىنى «ئانا»
دەپ ئاتايدۇ، ئېتىقاد مەبۇدىسى ھېسابلايدۇ. «ئانا» دەپ چىققان
تىلى، «ئانا» دەپ سۆيۈنگەن دىل ئانا مەكتەپنى «ئانا» دەپ
سانايدۇ، «ئانا» دەپ ئەسلەيدۇ، «ئانا» دەپ نىدالايدۇ، قانماي-
دۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىزنىڭ ئانا مەكتىپىمىز، ئۇنىڭ
باغرىغا ئىلىم ئىستىكىدە «ئانا» دەپ كەلگەن تالاي - تالاي-
لارنىڭ ئانا مەكتىپى، مەرىپەت ئىشقىدا ھاياتلىق يولىنى ئې-
چىپ، ئەل ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ئىلىم بوستانلىرىنى بەرپا
قىلغانلارنىڭ ئانا مەكتىپى؛ ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ، ئۈزۈن
سەپەرلەردە زەپەر قۇچۇپ، ئەل كۆكسىگە مېھنىتىدىن گۈلدەس-
تىلەر تىزغانلارنىڭ ئانا مەكتىپى، شۇنداق، ئۇ بىزنىڭ پەخرى-
مىز؛ ئۇ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك شەرەپ ھەم سەلتەنەتلىك تەختى-
مىز. ئۇ بىزنىڭ «ئانا» دەپ، «ئانا مەكتىپىم» دەپ سۆيۈنۈپ
يادلايدىغان ئىپتىخارلىق ماكانىمىز!
بۇ بىر ئىللىق ئائىلە. ئۇنىڭ قوينىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ،
قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، داغۇر،
شىبە مىللەتلىرىدىن بولغان ساۋاقداشلىرىمىز، مەكتەپداشلىرى-
مىز بىرلىكتە ئورتاق بىر نىشان بىلەن ياشايدۇ. ھەر يىلى يېڭى
ئوقۇش باشلىنىغان چاغدا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار، ئورتاق مەقسەت،
ئىنتىلىش بىلەن، ئورتاق ئارزۇ - ئىستەك بىلەن ھەر جاي-

مىللەت ئىلغار ياشلىرىنى كوممۇنىستىك ئاڭدا تەربىيىلەپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخىدا شانلىق بىر بەت ئاچتى. جاۋ دەنىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدىكى جەڭ-گىۋار درامىلىرى دەل مۇشۇ چاغدا شىنجاڭ سەھنىلىرىدە، جۇملىدىن مەكتىپىمىز سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ، كەڭ ئوقۇتقۇ-چى، ئوقۇغۇچىلار قەلبىدە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇ-رۇش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش كۆرەشچان روھىنى ئويغاتقان. ماۋدۇننىڭ دەرسخانىلاردا سۆزلىگەن لېكسىيىلىرى جۇڭگو تارىخى، جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە سىس-تېمىلىق بىلىم ئۇرۇقىنى تېرىپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەربىيىلىگەن؛ «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ» تەشكىللىگەن نامايىش ۋە پائالىيەتلەر، ھەر مىللەت ئو-قۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسىگە كۈچلۈك ئىلھام بەرگەن.

ئانا مەكتەپنىڭ 80 يىلى مېھىر - مۇھەببەت، كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق ئىچىدە ئۆتكەن ئىللىق ئېقىم. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ بۈگۈنكى گۈللەنگەن پەسىلگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، ئىلغار پىكىرلىك دېموكراتىك كۈچلەر، خەلق ئارى-سىدىكى دوستلار ئەڭ سەمىمىي ياردەملەرنى بەردى. ئەڭ قىز-غىن كۆيۈندى. يولداش ۋاڭ جېن شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان مەزگىلدە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنى باشلاپ شىنجاڭ ئىنس-تىتۇتى ئۈچۈن ياتاق - سىنىپلارنى سېلىپ بەرگەن. 1955-يىلى گوۋۇيۈەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئاساسىدا شىنجاڭ ئۇنى-ۋېرسىتېتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى تەستىقلىدى. 1960- يىلى 1 - ئۆكتەبىردە ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ پەندىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆ-

مىگەن يېڭىلىقلىرى بىلەن ھەغدا قەلبلەرگە شادىيانە مەلھەمنى
ياقتى. مانا مۇشۇ شانلىق، جاپالىق مۇساپىلەردە، جۇ دې، دوڭ
بىۋۇ، ۋاڭ جېن قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى ئىلگىرى - كېـ-
يىن ئۈمىدلىك ئىزلىرىنى ئۇنىڭ تۇپرىقىدا قالدۇردى؛ ماۋ
زېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي قاتارلىق ئىنقىلاب ئۇستازلىـ-
رى ئۇنىڭ تەرەققىياتى ۋە قۇرۇلۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلـ-
دى، غەمخورلۇق قىلدى؛ دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن، لى
پىڭ، لى لەنچىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ھەرقاچان ئۇنىڭ تەرەققىـ-
ياتى ئۈچۈن، يېڭىچە تۇستە يۈكسىلىشى ئۈچۈن قىممەتلىك
يوليورۇقلىرىنى، ماياكلىق قىممەتكە ئىگە كۆرسەتمىلەرنى بەر-
دى؛ بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، تۆمۈر داۋامەت،
ئىسمايىل ئەمەت قاتارلىق رەھبەرلەر ئانا مەكتەپنىڭ مۇدىرى
بولۇپ، بىۋاسىتە يېتەكلىدى ياكى ئانا مەكتەپنى ئۆزلىرىنىڭمۇ
ئانا مەكتىپى ھېسابلاپ يۈرىكىدىن كۆيۈندى، ئۇنىڭ كۈنسېرى
يېڭىچە پەرۋازدا زەپەر قوچۇشى ئۈچۈن مەدەتكار بولدى، باشلامـ-
چى بولدى. ھەقىقەتەن شۇنداق، مەكتىپىمىز دۆلەت رەھبەرلىـ-
رى ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى سىياسىي جەھەتتە، مەنىۋى
جەھەتتە ئەڭ كۆپ قوللىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ زور
ياردەم بەرگەن ئالىي بىلىم يۇرتى. ئانا مەكتەپنىڭ 80 يىلى
جەڭگىۋار 80 يىل، كۈرەشچـان مۇساپـە. ئۇنىڭ بـۇ شانلىق
ئەنئەنىسـى 20 - ئەسىـرنىڭ 30 - يىلللىرىدىنلا باشلانغان.
1935 - يىلى 11 - ئايدا، مەشھۇر كوممۇنىست يۈ شيۇسىڭ
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1938 - يىلىدىن
1941- يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە دۇ جۇڭيۈەن، لىن جىلۇ،
ماۋ دۈن، جاڭ جوڭشى، سا تۇڭلياۋ، جاۋ دەن قاتارلىق بىر
تۈركۈم پېداگوگ، سەنئەتكارلار، ئىلغار پىكىرلىك دېموكراتىك
زاتلار بۇ يەردە خىزمەت قىلىپ، ئىنقىلاب ھەقىقىتىنى تارقاتـ-
تى، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى، ھەر

چۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان شەرەپ ئىگىلىرى ئاز بولمىدى. ئاددىي خىزمەت ئورنىدا — مۇنبەر ئالدىدا، بور توزاندىلىرى ئىچىدە ئۈن- تىنسىز قان - تەر تۆكۈپ، مىللىي مائارىپ ئۈچۈن، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بېسىلماس تىلەكلىرى قايناپ تۇرغان پەن سۆيەر يۈرىكى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىۋەتكەنلەر، ئانا مەك- تەپ تارىخىنىڭ مەڭگۈ ساقىماس يورۇق يۇلتۇزىغا ئايلانغانلار ئاز بولمىدى. ئۇنىڭ ھەر بېتىدىن ئاشۇنداق ئۇلۇغۋار سېمالار- نى تاپالايمىز. ئۇنىڭ ھەربىر يادنامىلىرىدىن ئاشۇنداق گۈزەل پەزىلەت ئىگىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. 80 يىللىق شان - شەرەپلەر ئاشۇلارنىڭ مىننەتسىز مېھنىتىدە قۇياشتەك كۈلگەن ...

يېڭى ئەسىر قوڭغۇرىقى چېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تە- رەققىياتى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىلدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، 2464 موغا، قۇرۇلۇش كۆلىمىنى 800 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزدى. كەسپلەر تۈرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ئىنگلىز تىلى، قانۇن، ئاخبارات، ئۇچۇر باشقۇرۇش ۋە ئۇچۇر سىستېمىسى ۋە ساياھەت باشقۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن- لىغان ھەممە كۆڭۈل بۆلىدىغان كەسپلەرنى ئاچتى، ھازىر كەسىپ تۈرى كۆپەيدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا چوڭلار مائا- رىپ ئىنستىتۇتى، ئاسپىرانتلار ئىنستىتۇتى، فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئاخبارات ۋە ئۇچۇر تارقىتىش ئىنستىتۇتى، سايا- ھەت ئىنستىتۇتى، چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى قاتارلىق 19 ئىنستىتۇت، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋان بېرىش نۇقتىسىدىن 64 ى، دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋان بېرىش نۇقتىسىدىن بەشى، كۆچمە دوكتور ئاشتى پونكىتىدىن ئۇچىسى بار. شىنجاڭ ئۇنى- ۋېرسىتېتىنىڭ ھەرقايسى كەسپلەردە ئوقۇۋاتقان ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 43 مىڭ نەپەردىن ئاشىدۇ. مەخسۇس ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچى 1918 نەپەر، ماگىستىر ئاس- پىرانت 1200 نەپەر، دوكتور ئاسپىرات 60 نەپەر، پروفېسسور

زىنى پەن قۇرۇلۇشى، كەسىپلەر قۇرۇلمىسى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى، دەرسلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئۇنىۋېرسال تەرەپلەردىن تەدرىجىي يېتىلدۇردى ۋە بارغانسېرى گۈللىنىپ مۇكەممەللەشتۈردى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ پارتىيە ــ ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدىن ئايرىلمىدى، ھەممىدە دۆلەتكە يۆلەندى. دۆلەت ئۇنى مىللىي مائارىپنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلاپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئاچقۇچ دەپ قاراپ، ئايىماي ياردەملەرنى بەردى، ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يېتەكلەپ ماڭدى.

ئانا مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئىزدىنىشى ھەم يېڭىلىقلارنى يارىتىش ئۈچۈن باۋگاڭ، لولەن قاتارلىق شىركەتلەر، شاۋداۋكاڭيى قاتارلىق خەلقئارادىكى دوستلار، ماھىرجان قاتارلىق ئالدىن بېيىغان مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەر ئۆز يېنىدىن نۇرغۇن ئىقتىساد تۈرلىرىنى تەسىس قىلدى. ھەقىقەتەن مانا مۇشۇنداق ئىلغار پىكىرلىك، مەرىپەت سۆيەر تىجارەتچىلەر، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئورتاق ماھىيىتىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن دوستلار، مائارىپقا ياردەم بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىگە ئۇل سېلىش دەپ بىلگەن شىركەت ــ كارخانىلارنىڭ ئىللىق قەلبىدىن، ساخاۋەتلىك قولىدىن مەكتىپىمىزنىڭ مۇكاپات سانى ۋە تۈرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە ئىزچىل ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. مانا بۇ، ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ تەدرىجىي يۈكسىلىشىدىكى مۇھىم ئامىل.

80 يىل، مائارىپ ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغانلارنىڭ يۈرىكى بىلەن يوغۇرۇلۇپ كەتكەن 80 يىل، مىننەتسىز مېھنەت بىلەن پۈتكەن پىداكارلىق جەڭگاھى. ئانا مەكتەپ تارىخىدا ئۇنىڭ 80 يىللىق مۇساپىسى ئۈچۈن شۆھرەتلىك قەدەملىرى ئۇ-

# مۇبارەك، ئانا مەكتەپ 80 يىلىڭغا، قۇتلۇق كۈنۈڭگە

ئەنەيتۇللا قۇربان
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، دوتسېنت

ئانا مەكتەپ ئانامدەك دەپ، كۆڭۈل زوقلاندى سەكسەن يىل،
چۆمۈپ ئىرپانغا مىليون دىل، يۈرەك شوخلاندى سەكسەن يىل،
قارا تۈنلەردە نۇر ـ ئاپتاپ، قەلب ئويغاندى سەكسەن يىل،
ئىلىم كۆكسىدە يۇلتۇزلار، كۈلۈپ نۇرلاندى سەكسەن يىل،
ئۇلۇغ شۆھرەتلىرىڭ ھەريان شۇڭا تارقالدى سەكسەن يىل،
شەرەپ تەختىدە ھەغدالار كۈلۈپ تويلاندى سەكسەن يىل.

تامچىلاردىن چەمشە بولدۇڭ، سۆيگۈڭدە دولقۇن ئۇلغىيىپ،
بىر كىچىك ئۇچقۇن ئىدىڭسەن كۆيدۇڭ قۇياشتەك نۇرلىنىپ،
جۇت زېمىستان باستى گاھى قالدى بوستان خورلىنىپ،
پەن ئۇچۇن زۇلمەتكە قارشى ياندىڭ چېقىنلاپ تولغىنىپ،
شۇڭا ھەر سەپ، ھەر قەدەملەر جەڭگاھ ئاتالدى، سەكسەن يىل،
ئۇلۇڭدا كۆپ پىدا نامسىز، يېزىقسىز قالدى سەكسەن يىل.

جۇدۇن قاپلاپ سىنى بىر چاغ، تۇمانغا چۆكتى تالايلار،
تىقىلدى چەشمىگە لاتقا، سۇغۇلدى، ئۇچتى تالايلار،
گۇناھسىزلار بوغۇشلاندى، بېغىڭدىن كۆچتى تالايلار،
ئەقىدە باغلىغان باغدىن ئامالسىز كەچتى تالايلار.

127 نەپەر، دوتسېنت 645 نەپەر، دوكتور يېتەكچىسى 30 نەپەر، ماگىستىر يېتەكچىسى 250 نەپەرگە يەتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 21- ئەسىردىكى دۆلەت نۇقتىلىق قۇرغان «211 قۇرۇلۇشى» دىكى يۈز ئالىي مەكتەپنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلى- نىدۇ.

ئانا مەكتىپىم سۈپسۈزۈك خىسلەتلىرىدىن جىرا - جىرالار ياسىغان، تۇلپاردەك چاپچىشلىرىدا كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان چاغلاردا 80 يىللىق خاتىرىسىنى قۇتلۇقلىدى. رەڭدار گۈللەر- دەك دەستە تۈزۈپ پورەكلىگەن، پەرۋاز قىلىپ پەلەككە يەتكەن شۇڭقاردەك خىسلەتكە تولغان بۇ پەيتلەردە 80 يىللىق تەنتەنىسىد- گە چۆمدى. شۇنداق، ئۇ رايونىمىز مائارىپىدا سەركە بولۇپ سەپ ئېچىپ كېتىۋاتقان چاغدا 80 يىللىق شەرەپ مېدالىنى ئاستى. ئۇ مەملىكىتىمىز بويىچە داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر قاتا- رىدىن ئورۇن ئېلىپ پەخىر تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەن مىنۇتلاردا، دۇنياغا يۈزلىنىپ، خەلقئارادىكى مەشھۇر ئالىي مەكتەپلەر قاتا- رىغا كىرىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان دەقىقىلەردە ئۆزىنىڭ مۇشۇن- داق چەكسىزلىككە سۇرۇلىدىغان مەڭگۈلۈك مەنىلىك سەپەرلى- رىدە 80 يىللىق توي تەنتەنىسىگە چاچقۇ چاچتى، 80 يىللىق تۆھپە باھارىنىڭ باشلىنىشى، بۇ يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى قەدەم، ھەيۋەت قەدەم ...

مۇبارەك، ئانا مەكتىپىم قۇتلۇق كۈنۈڭگە مۇبارەك! 80 يىللىق تويۇڭغا مۇبارەك، 80 يىللىق شانلىق تارىخىڭغا مۇبا- رەك! ساڭا ھەممەنەپەس بولغان، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلى- رى بىلەن يېڭى تارىخىي بەتلىرىڭگە ئۆچمەس قۇرلارنى ئويغان جاپاكەش، مېھرىبان ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنىڭ ئوتلۇق يۈرەك- لىرىدىن مۇبارەك، ساڭا يېڭى ئىستەك بېرىدىغان، يېڭى ئۈمىد بېغىشلايدىغان ھەر مىللەت ستۇدېنتلىرىنىڭ ئوتلۇق تىلەكلىر- دىن مۇبارەك!

ئاشۇ خىسلەتكە مىليونلار چۆمۈپ تاۋلاندى سەكسەن يىل،
يۈرۈشكە ياڭرىتىپ مارشنى يەنە ئاتلاندى سەكسەن يىل.

ھارارەت يىلتىزى شاملار تۇتاشتى ياش تىلەكلەرگە،
سۇغۇلماس چەشمىدەك خىسلەت ئۇلاشتى ئوت يۈرەكلەرگە،
قۇياش ئارمانلىرى ئويغاق قانات يايدى جىيەكلەرگە،
بېسىلماس تۇيغۇدا ئەۋلاد قەدەم ئالدى كۆرەكلەرگە.
ئىزىڭدىن چاقنىدى يۇلتۇز، يۈكۈڭنى ئالدى سەكسەن يىل،
يېڭى سەپلەردە تولپاردەك، گۇدۇكلەر چالدى سەكسەن يىل.

قىزىل بىنا كۆلەر ئەستە قىزىل دەرۋازىدىن كىرسەڭ،
ئورماندەك ئىمارەتلەر گويا قامۇس ئەگەر بىلسەڭ،
ئېرپان مەلھىمى چەشمە ھەغدا دىلدا ئىنتىلسەڭ،
تىلەكلەرگە تاڭ ۋەسلىڭ ئەۋلاد دەپ ئەگەر كۆيسەڭ.
بىرلىكتە ئىلىم سەندە ئەجەب ھاللاندى سەكسەن يىل،
يېڭى جەڭگاھ ـ يۈرۈشلەرگە ھازىرلاندى سەكسەن يىل.

جەنۇب بىرلە شىمال بويلاپ قاناتلاندىڭ، كېڭەيدىڭ تېز،
گىلەمدەك ئۆز چىمەن ئەتراپ، گۈلىستانغا پۈركەندىڭ تېز،
گۈل باغلار ئارا كۆللەر ھۇزۇرلاندىڭ، چۆمۈلدۈڭ تېز،
يېشىل ياقۇت سېنىڭ باغرىڭ، گۈزەل تاڭدەك سۇزۇلدۇڭ تېز.
مەڭگۈلۈك باھار ھۆسنىڭ بۈگۈن يارالدى سەكسەن يىل،
ئەجىر ـ مېھرىڭدە گۈل پەسلىڭ شاھ سانالدى سەكسەن يىل.

ئانا مەكتەپ، ئانامدەك سەن! باغاشىڭدا يېتىلدىم مەن،
ئۇلۇمدا يىلتىزىم ئۆزۈڭ، گۈلىستاندەك ئېچىلدىم مەن،
ھالال ئەجرىڭدە يا قەددىڭ نىشان كۆزلەپ ئېتىلدىم مەن،
قۇياش بولغاچ ئۆزۈڭ بىزگە نۇرۇڭدەك زەر چېچىلدىم مەن.

ئاشۇ بىرلە يۈرەك بىر چاغ ئەجەب زارلاندى تالاي يىل،
ھوقۇشلارغا قىلىپ ھۆرلۈك، ئىلىم خارلاندى تالاي يىل.

باھارنىڭ ياشىندى قايتا چىمەنزار نۇرغا پۈركەندى،
ئېچىلدى نازلىنىپ چاتقال يۇرۇشكە كەڭرى يول ئەمدى.
ھارارەت تەپتىدىن دىللار تامام شادلىققا چۆمكەلدى،
بۈگۈن راستىنلا كەڭ پۇرسەت كۈلۈپ گۈلگۈن چىراي كەلدى.
يېڭى مەرغۇلدا مارش بۇندا يەنە ياڭرالدى سەكسەن يىل،
رىقابەت - بەيگىدە تۇلپار چېپىپ جانلاندى سەكسەن يىل.

قەلبتە ئىشتىياق، ئارمان ئۈمىدلەردە كېلەر كۆپلەر،
گۈلىستانىڭدا بال غەملەپ، تىلەكلەرگە كېتەر كۆپلەر،
ئانا مەكتەپتە دەرمانغا قېنىپ شۇنداق ئۆتەر كۆپلەر،
ئىلىمدا كۈلدۈرۈپ ئەلنى بىھىش رۇخسار ئېتەر كۆپلەر.
ئىپار - شەربەتكە كەڭ باغرىڭ تولۇپ قاپلاندى سەكسەن يىل،
بىلىم مەلھەملىرى بىرلە دىلىڭ پاكلاندى سەكسەن يىل.

ئۆزۈڭ ئۇۋا قونۇشلارغا، قىيا بولدۇڭ ئۇچۇشلارغا،
پەن گۈلزارىغا شۇڭغۇپ شان - زەپەر قۇچۇشلارغا،
ئەقىل - ھېكمەتتە ھەل بەردىڭ يېڭى دەۋران قۇرۇشلارغا،
رىقابەت - بەيگىدە مەزمۇت قىيا سۇرەت تۇرۇشلارغا.
قۇياش مېھرىڭگە مىليونلار شۇڭا قاقلاندى سەكسەن يىل،
جۇلا ۋەسلىڭگە تەقدىرداش بولۇپ باغلاندى سەكسەن يىل.

قۇياشتەك مېھرىبان ئۇستاز ساڭا قولداش، ساڭا يولباش،
گۆھەردەك مېھنىتى - ئەجرى كامالىڭغا ھامان ئۇلتاش،
شۇڭا تۆھپە، يېڭىش سەندە ئۇ قەلبىڭگە يىلتىزداش،
يۇلەنچىڭ شۇ، تايانچىڭ شۇ، ئۇنىڭسىز سەندە نە بەرداش.

# 80 يىلىڭغا مەدھىيەم

## مۇنەۋۋەر مۇختەر
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

تىلەكلەردىن كۆلەر ھېكمەت، بۇرۇلسام ئارقىغا بىر رەت،
ئۇلۇغ مەنزىل قارارگاھى سېنىڭسىز تاپمىغاي شەۋكەت.

غەيۇر ئوغلانلىرىڭ سەكسەن يىلىڭغا كۆز تىكەر مەغرۇر،
ئۇزۇن مەكتۇپ - سالاملاردا «ئانا مەكتەپ» دېگەن بىر خەت!

لەزىز كۈيگە بولۇپ تەڭكەش، شىۋىرلار گۈل - گىياھ تاتلىق،
غۇبارسىز جۇپ قاراقلارغا گۈزەل ئارمانلىرىڭ ئۈلپەت.

ئانا، قۇتلۇق كۇنۇڭ بولغاچ، ئىزىڭنى ئىزدىدىم بۇندا،
نىتەي، جىسمىڭ ئەجەب تارتقانىكەن ئۆتمۈشتە كۆپ كۈلپەت.

كۆيۈپ ئۆچمەس ھالال ئىستەك تۇتاشتى ياش يۈرەكلەرگە،
ئۇزۇلمەس مارشى ئەجدادىڭ، سولاشماس بىزدىكى غەيرەت.

ناۋا قىلغاي قاراڭغۇ دىل، چىراغىڭ مېھرىدىن شۇ دەم،
مالامەت دەشتىدە چەكسە پەرىشان روھ ئەگەر ھەسرەت.

ئەزىز نامىڭ پۈتۈلمەكتە بالاڭ يازغان كىتابلارغا،
كېزىپ تىلسىم چۆلىنى ھەر قىزىڭ - ئوغلۇڭ قۇچار شۆھرەت.

سىنىڭ بىرلە كۆلەر ئىقبال، تىلەكلەر قاندى سەكسەن يىل،
ئەقىدەڭ ئاچتى گۈل رۇخسار، يۈرەكلەر ياندى سەكسەن يىل.

بۈگۈن بايرام، بۈگۈن شادلىق، كۆكۈل شۇ تاپ غەزەلخانە،
گۈزەل كۈيلەردە چىن سۆيگۈ قىلار جەۋلانە ـ جەۋلانە،
يېڭى پەللە، يېڭى مەنزىل قەلب مەستانە ـ مەستانە،
كۆكۈلنى رام قىلار نۇسرەت ئەجەب دۇردانە ـ دۇردانە.
قىنىش تاپتىڭ ئانا مەكتەپ زەپەر قۇتلاندى سەكسەن يىل،
يېڭىشلاردىن ـ يېڭىشلارغا يەنە ئات سالدى سەكسەن يىل.

يېڭى ئېرا، يېڭى دەۋران ساڭا يۈكلەندى كۆپ پەرمان،
ئىجاد ـ مېھنەت بىلەن كۆلسۇن تالاي ئىستەك، تۈمەن ئارمان.
چېلىشلاردا يېڭىش تاپقىن ساڭا يارەن كامال ـ ئىمكان،
زەپەرلىك سەپ ـ سەپەرلەردە ئۆزۈڭ باشچى ـ بۈيۈك كارۋان.
شەجەرەڭ بەتلىرى گۈلگۈن قەۋەت ئۆزلاندى سەكسەن يىل،
يۈرەكتىن ئىپتىخار، ئالقىش يەنە قوزغالدى سەكسەن يىل.

※

خىرىس، پۇرسەت، رىقابەتتە ئەجەب تاۋلاندى سەكسەن يىل،
بۈگۈن ھەيھات، جۇلا بارچە كۆلۈپ تويلاندى سەكسەن يىل.
بىلىم پەرۋازىدا داڭلىق دېگەن نام ئالدى سەكسەن يىل،
ئىلىم بەيگىسىدە يۈزدىن بىرى سانالدى سەكسەن يىل.
بېسىلماس سۆيگۈ ھەم ئالقىش يەنە قوزغالدى سەكسەن يىل،
يېڭى جەڭگاھ، سەپەرلەرگە يەنە ئۇل سالدى سەكسەن يىل.

# ئۆمەرجان يۇمۇرلىرى

(ئۇيغۇر مودېرنىزم يۇمۇرلىرى)

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ئورنىدىن، ئاسپىرانت

## دېموكراتىيىنى مەنمۇ بىلمەن

بىر دېھقان سېمىز، كۈچلۈك بىر ھاڭگىنى سېتىۋېلىپ بىر كۈن ئوبدان بېقىپتۇ ۋە ئەتىسى ئېتىزغا ئاچىقىپ بىر ئىشلىتەي دېسە، ئېشەك ئۈچ ئاچا يولغا كەلگەندە زادىلا ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. دېھقان غەزەپتە ئۇنى ئېغىلغا سولاپ نەچچە كۈن ئاچ قوياي دېسە، كاچ ئېشەك ئېغىل تەرەپكىمۇ ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ ...

دېھقان ئامالسىز قېلىپ ئاخىر قېنى قانداق قىلا، دەپ قويۇۋەتسە، ئېشەك چىچاڭشىپ دوڭغاق ئاتقان پېتى يېشىل دالا تەرەپكە چېپىپ كېتىپتۇ. دېھقان بۇنىڭغا قاتتىق ھەيران قاپتۇ:

— ياپىرىم، ئېشەك چېغىدا دېموكراتىيىنى بىلىۋالغىنىنى قارا! — ئۇ تۇرۇپلا ۋارقىرىغان پېتى ئېشەكنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ قوغلاپ كېتىپتۇ، — توختا! جاڭگالدا يولۋاس بار!!

1994 - يىلى، ئۈرۈمچى

## ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى

تومۇزنىڭ تىنجىق ئىسسىق بىر كۈنى، ئوقۇتقۇچى جىمجىت سىنىپتا دەرس ئۆتۈۋاتاتتى.

تالاي شاملار يېنىپ ئۆچتى، تالاي چۈشلەر كۆمۈلدى، بەس!
ئۈدۈم قىلدىڭ ئاڭا مەشئەل، كۆتەر بىزنى بىلىم پۈرسەت!

ئىختىيارسىز ئالدىم قەلەم، قىلاي دەپ ھۆرمىتىم ئىزھار،
ئىزىڭدىن كۆكلىگەي گۈللەر، ساڭا يار مەڭگۈلۈك نۇسرەت!

— توت تابلېتكىنى بىراقلا ئىچسەم، ئاشقازىنىمنىڭ ئاغرى-
قى باشلىنىپ، باش ئاغرىقىمنى بېسىپ چۈشىدۇ!

1994 - يىلى، ئۈرۈمچى

## ئوخشاش قىزىقىش

دىلشات چەت سەھرادىكى نەۋرە ئىنىسى سەمەتلەرنىڭكىدە قونۇپ قالدى.

— سەمەت، سېنىڭ مىجەزىڭ ماڭا بەك ئوخشايدىكەن.

— نەرىيىم؟

— سەن تاڭ ئاتقۇچە: «يىلتىزنى چىقىرىپ قويىمەن، يىلتىزنى چىقىرىپ قويىمەن» دەپ چۆيلۈپ چىقتىڭ.

— مەن تولا جۆيلۈيمەن شۇ.

— سەنمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا كۇلۇبىنىڭ ئەزاسىما؟

— ياق، مەن ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئوقۇمىغان.

— ئەمىسە، سەن يىلتىز چىقىرىشنى قانداق ئۆگىنىۋالدىڭ؟

— بۇ ئاسان ھەم كۆڭۈللۈك ئىشقۇ.

— يىلتىز چىقىرىش ئۇسۇلۇڭنى دەپ باقە.

— مەن تۈنۈگۈن مېنى ئۇرغان نىيازلارنىڭ يېڭى تىككەن ئالما كۆچەتلىرىنى يۇلۇپ يىلتىزىنى چىقىرىپ قويدۇم، ھا - ھا - ھا!

— نېمە دېدىڭ؟!

— مەنچۇ قۇم دۆڭنى كولاپ قاربى[1] يىلتىزى چىقىرىپ شورايمەن تېخى!

1994 - يىلى، ئۈرۈمچى

① قاربى — چۈچۈكبۇيا.

— ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى، ئىنسانلار تەپەككۇر قىلالايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدۇ ...

بۇ چاغدا سىنىپتا خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— سەمەت، ئۇخلىما، تۇرە!

سەمەت كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇردى.

— سەن دەپ باقە، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى نېمە؟

— ھايۋان ئادەمدىن قەيسەر.

— نېمىشقا؟!

— ئۇلار دادىسى بىلەن بالىسى ئۆلسە يىغلىمايدۇ.

1994 - يىلى، ئۈرۈمچى

## ۋاستىلىك شىپا

— باش ئاغرىقنىڭ دورىسىنى نېمانداق جىق ئەكېلىۋال-دىڭ، بۇنىڭ ھەممىسىنى سەن ئىچەمسەن؟

— ھەئە.

— بېشىڭنىڭ ئاغرىقى خېلى ئېغىرمۇ؟

— ھەئە.

— بۇنى مەن ئەجەب بىلمەيدىكەنمەنغۇ؟

— پات - پات كېلىپ تۇرغان بولساڭ بىلمەمتىڭ.

— كېسەلنىڭ ئاستا خاراكتېرلىكمۇ، جىددىي؟

— جىددىي، تۇرۇپ - تۇرۇپلا قوزغىلىدۇ.

— قانداق چاغدا؟

— خوتۇنۇم مودا كىيىم جېدەللى قىلىشىپ سوقۇشقاندا.

— دورا بۇنىڭغا شىپا بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— قانداقسىگە؟

رۇسقا قارىسالڭ، يامغۇر ئۆتىدىغان تۇشۇكلەردىن يۇلتۇز چولپان كۆرۈنىدۇ.

1993 - يىلى، ئۈرۈمچى

## دېھقانلار چارىسىز قالىدۇ

— مەن ئالدىنقى سائەتتە سامساقنىڭ سالامەتلىككە كۆپ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھەمدە كېسەللىكلەرنى داۋالىيالايدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۈم، قېنى، سىلەرمۇ دەپ بېقىڭلار، سامساقتەك سالامەتلىككە پايدىلىق كۆكتات يەنە بارمۇ؟

...

— سەمەت، سەن دەپ باقە!

— پىياز.

— ياخشى، يەنە بارمۇ؟

— سەۋزە.

— يەنچۇ؟

— تۇرۇپ، ياڭيۇ، خاسىڭ ...

— بولدى. بۇ كۆكتاتلار سالامەتلىككە قانداق پايدىلىق - ھە؟

— ئۇلار يەر ئاستىدا مېۋىلەيدۇ.

— بۇنىڭ كۆكتاتلارغا نېمە پايدىسى بار؟

— چۈنكى، دېھقانلار ئۇنىڭغا ھاشارات دورىسى چاچالمايدۇ!

2001 - يىلى، ئۈرۈمچى

## پارىخورنى يۆلەش

بىر ئەمەلداردەك پۇزۇر كىيىنىۋالغان كىشى، يېڭى بەتىنە-كىنى كىيىپ، غاچ - غاچ دەسسەپ كېتىۋېتىپ شاپاقنى دەسسىۋالىدۇ - دە، تېيىلىپ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كېتىدۇ.

بىر ئاق كۆڭۈل ئادەم كېلىپ ئۇنى يۆلەيدۇ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستىۋاشلىرىنى قېقىشتۇرغاچ دەيدۇ:

— ئەجەب ئوسال ئاياغكىنا بۇ، ئادەمنى سىياسەتتەك قاتتىق يىقىتقىنىنى قارا.

— سىز پارا يېگەنمۇ؟ — سورايدۇ ئۇنى يۆلىگۈچى.

— نېمە؟! — دېۋەيلەپ ھومىيىپ كېلىدۇ يىقىلغۇچى.

يۆلىگۈچى قورقۇپ ئارقىغا داجىپ ئۇمۇ شاپاقنى دەسسىۋالىدۇ - دە، يىقىلىپ كېتىدۇ.

— بەللى، سىزمۇ پارا يەپسىز - دە!

— نەدىكىنى، مەن پارىخورنى يۆلىگەن.

1992 - يىلى، ئۈرۈمچى

## كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرۈش

— مۇئەللىم.

— ھە، نېمە؟

— كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرگىلى بولامدۇ؟

— بولىدۇ.

— قانداقسىگە؟

— سەن ئۆيۈمگە كىرىپ، ئىشىك - دېرىزىنى دۈملەپ تو-

— شۇ ئىشىمدى، — دەپتۇ باش گېنېرال S غالىجىرسىنى شورىغاچ، — مەن سىزنى ئىمتىھان ئالامدىكىن دەپ قاپتىمەن!

1995 ـ يىلى ئۆكتەبىر، تاشكەنت

## بىر خانا سان كەمكەن

— قايسىڭلارنىڭ دادىسى موللا؟ — سورىدى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىدىن.

— مېنىڭ، — ئورنىدىن تۇردى سەمەت.

— مە، ما ئون سومنى، ئانامنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئۈچ يىلىغا ئاتاپ بەردىم. داداڭغا ئاپىرىپ بەر، ئانامنىڭ روھىغا ئاتاپ ئوبدان دۇئا قىلىپ قويسۇن.

ئەتىسى.

— سەمەت، پۇلنى داداڭغا بەردىڭمۇ؟

— بەردىم.

— دۇئا قىلدىمۇ؟

— ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دۇئا قىلدى.

— پۇلغا رازى بولدىمۇ؟

— سەل غودۇرىدى.

— نېمىشقا؟!

— پۇلنىڭ ئارقىسىدىكى سان ئوننىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر نۆل كەمكەن.

1998 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## ئانچىكىم ئىشقا

نېمىسلار نەچچە مىڭ تانكا - ئايروپىلان بىلەن مىليون قوشۇن موسكۋاغا ئاخىرقى ھۇجۇم باشلايدۇ. جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ.

قارشى جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان گېنېرال ئالدىنقى سەپ ئىستىكامىنى تەكشۈرۈپ كېتىۋاتسا، بىر خەلق ئەسكىرى بېشىنى ئازگالغا تىقىپ تىترەپ ياتقۇدەك. ئۇ دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ يوتىسىغا بىرنى تېپىپتۇ ۋە:

— تۇر! قورقۇنچاق ئەسكەر، مىلتىقنى ئال، نېمىسلارنى ئات! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

خەلق ئەسكىرى مىڭ تەستە كۆزىنى ئېچىپ ئورنىدىن قوپۇپتۇ.

— گېنېرال، مەن جەڭ قىلىپ باقمىغان، مىلتىق ئاتالمايمەن، — ئەسلىدە ئۇ بىر ئاق باش پروفېسسور بولۇپ، قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ كەتكەنىكەن.

— ماڭ، بېرىپ باش قوماندان S غا يەتكۈز! نېمىسلار نەچچە مىڭ تانكا - ئايروپىلان، مىليون قوشۇن بىلەن ھۇجۇم باشلىدى! بىزنىڭ ئوق - دورا تەمىناتىمىز كەمچىل.

پروفېسسور سومكىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ يۈگۈرگەن پېتى باش شتابقا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ:

— با ... ش قو ... ماندان ... S ... نېمىسلار ... ئۇ ... ئايروپىلان ... تانكا ... — دەپ تىترەپ دۇدۇقلاپ مەقسىتىنى بىلدۈرەلمەي قاپتۇ.

— قورقماي سۆزلەڭ، پروفېسسور نېمىسلار خېلى يىراقتا، — دەپتۇ S.

ئۇ مىڭ تەستە مەلۇماتنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

# بىزدىكى مېھىر-مۇھەببەت، غەيرەت-شىجائەت غايىب بولمىسۇن

(نەسر)

## مۇھەممەتجان

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

بىز ئوقۇغۇچى. بىز «ئوقۇغۇچى» دېگەن ئاددىي نام ئاستىدا ئىنتايىن مۇشكۇل ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغۇچى. بىز بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى، بۈگۈنىنى ئىپادىلىگۈچى ۋە شۇ مىللەتنىڭ ئۆتمۈشتە ۋە بۈگۈنكى كۈندە يارىتقانلىرىنى كەلگۈسىگە يەتكۈزگۈچىلەر.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شىنجاڭنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىپ كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەتتا چوڭ شەھەرلەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئالىي مەكتەپنى ئوقۇش ئاسان كېلىدىغان پۇرسەت ئەمەس. بىر مىللەت ئەزاسىنىڭ ئون نەچچە يىللىق جاپالىق ئوقۇشى، سانسىزلىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ مېھنىتى ئارقىسىدا ئاز ساندىكى ياشلارغا نېسىپ بولىدىغان پۇرسەت. ئۇ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش ھاياتىدىكى ئاخىرقى چەككە يېقىنلاشقان، نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر — بىر كەتسە كەلمەيدىغان گۈزەل ياشلىق چاغلارنىڭ، ساۋاقداشلىقنىڭ، بالىلىق، ئۆسمۈرلۈكنىڭ بىر - بىرلەپ يىراقلىشىپ ئاخىرقى پۇرسەتكە ئېرىشىدىغان تۇنجى قە-

## ئۆگەتمىسمۇ بىلمۇالدىم

— دادا قايسىسى ئەرلەرنىڭ ھاجەتخانىسى؟ — سورايدۇ بەش ياشلىق بالا دادىسىدىن تەنتەربىيە سارىيى زالى ئىچىدە.

— قارا بالام، ئاۋۇ چىچى قىسقا ئادەمنىڭ بېشى تۇرغان ئىشىك ئەرلەرنىڭ ھاجەتخانىسى، چىچى ئۇزۇن ھەم بۇدۇر ئادەمنىڭ بېشى تۇرغان ئىشىك ئاياللارنىڭ ھاجەتخانىسى.

بالا ئەرلەرنىڭ ھاجەتخانىسىغا كىرىپ چىقتى.

— دادا، بۇ دورام ئۆزۈم بىلمۇالدىم.

— نېمىنى؟

— مۇرات ئاكام ئايالكەن - ھە؟

— نېمە؟ !

...

1992 - يىلى 3 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

چى ئىستېمال سەۋىيىسى يۇقىرى شەھەر» ، «پۇلنى تېجەپ ئىشلىتىش بەك قىيىن، ھەرقانچە قىلسىمۇ يەنە پۇل سەرپ بولىدىكەن» ، «مەكتەپنىڭ تامىقى ناچار كۆنەلمەيۋاتىمەن ... ئۇنىڭ ئۈستىدە مەكتەپمۇ پات - پات پۇل يىغىپ تۇرىدىكەن» ... مانا بۇ بىزنىڭ ۋىجدانىمىزنى قايرىپ قويۇپ، ئاتا - ئانىمىزنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان باھانە - سەۋەبلىرىمىز. ئالدى بىلەن بىز ئۆيدىكىلىرىمىزدىن پۇل سوراشتىن ھېيىقماسلىقنى كۆندۇق، ئاندىن بارا - بارا ئۇلارغا بولغان مېھىر- مۇھەببىتىمىزمۇ سۇسلىشىشقا باشلىدى.

ئاتا - ئانىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن قانچىلىك جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشىمىز مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېتىمىزدا پۇت - قولىنىڭ قانچىلىك سىرقىراپ ئاغرىغىنىنى، قانچىلىك ھاسىراپ، قانچىلىك يۆتىلىپ كەتكىنىنى ... بىز ئۇلاردەك ھېس قىلالمايمىز. ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان ئەنسىرەشلىرىمىزنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ: «نېمە ئامال، ھەرقانچە ئويلىساقمۇ، سېغىنساقمۇ، شۇنداقلا بېرىپ كەلگىلى بولىدىغان قوغۇنلۇقنىڭ يولىمىدى. » بىزدىكى بۇ خاتىرجەملىك تۇيغۇسى سەلبىي رول ئويناپ، بىزدىكى ھايانى يوقاتتى، بىز تېلېفوندا ھېچ ھېيىقماي پۇل دېيەلەيدىغان بولدۇق. «ئاتا - ئانامنىڭ خۇشاللىقى مېنىڭ ياخشى ئوقۇشۇم، ياخشى ئوقۇپ ياخشى خىزمەتكە ئېرىشسەم، ئۇلار مەندىن رازى بولىدۇ. ئۇلار تولىمۇ ئالىيجاناب كىشىلەر، ئۇلار بىزدىن ھېچ نەرسە تەمە قىلمايدۇ. ياخشى ئوقۇساقلا ...» باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ دېيەلەيدىغان بۇ چىرايلىق گەپ مېڭىمىزنىڭ قەيەرىگىدۇر ئورناپ كەتكەن. بۇ چىرايلىق سۆز دائىم دەل ۋاقتىدا بىزگە «تەسەللى» بېرىپ تۇرىدۇ.

يۇرتىمىز مۇزلىماقتا. تاملىرى تانسىخانا، دىسكوخانىلارنىڭ ئېلانلىرى بىلەن، كوچىلىرى تېتىقسىز ۋاراڭ - چۇرۇڭ

دىمى.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاللىقاچان ئاق ـ قارىنى پەرق قىلالايدىغان، تۇرمۇش قارىشى، دۇنيا قارىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشى تىكلەنگەن چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ قالغان، ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مەلۇم ئۈمىدىنى باش تارتىپ بولالمايدىغان هالدا ئۆز ئۈستىگە ئالغان بىر گەۋدە. بىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېقىن كەلگۈسىدە زاماندashلىرىمىزنىڭ ئىلغارلىرى، ئاقىللىرى ساندىلىپ، هايات پويىزىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچلۇق مۇساپىسىدە پاراۋوز بولغۇچىلارمىز. يەلكىمىزدىكى مەسئۇلىيەت هەرگىزمۇ ئېغىزدىكى مەسئۇلىيەت ئەمەس. بىزنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ـ قىلالماسلىقىمىز بىر مىللەتنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى رىقابەت كەسكىنلەشكەن سەھنىسىدىكى يۈز ـ ئابرۇيىغا بىۋاستە باغلانغان.

بىراق، بىز چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەردە «تەلەي ئوڭ ئەمەس» دەپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا «تۇرمۇشنىڭ ئېهتىياجى» دەپ باهانە كۆرسىتىپ. «زامانغا ماسلىشىش» يۈنىلىشى بويىچە بەزىلەر پۇل، ئابرۇي، مەنسەپ، شەخسىي هەۋەس ئۈچۈنلا ياشاپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، مىللىي تۇيغۇ ۋە مېهىر-مۇهەببەتتىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ.

بىزگە مېهىر ـ مۇهەببەت بەرگەن، ئىنسانىي مېهىر ـ مۇهەببەتنىڭ نېمىلىكىنى هېس قىلدۇرۇپ تۇرىدىغان ئاتا ـ ئانىمىز بىلەن بولغان ئارىلىقىمىزنىڭ يىراقلىشىشى، پۇل كارتۇشكىسىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالىدىغان پۇل، يۇرتتىن، قېرىنداش، دوستلاردىن ئايرىلىش نەتىجىسىدە بىزدە پەيدا بولغان تەنهالىق تۇيغۇسىغا جور بولغان ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشى، دىسكو، تانسا ئېلانلىرى، كىنوخانا، تورخانىلار ··· بەزىلەرنى ئاستا ـ ئاستا مۇهەببەت دۇنياسىدىن يىراقلاشتۇردى. «ئۆزۈم-

ئۆتۈش، خىزمەتكە ئېرىشىشلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، مۇھەببەتلىك يۈرىكى بىلەن سۆيۈشكە تېگىشلىك نەرسىنى سۆيەلەيدىغان، ئۆز يۈرىكىنى قولىغا ئېلىپ قاراپ باقالايدىغان بىر ئادەم بولۇش مەسئۇلىيىتى بار كەلگۈسى بىزنىڭ چاكىنا ئادەم بولۇپ چىقىشىمىزنى كۈتمەيدۇ. ھەممىمىز ماددىي ئېھتىياجىمىزنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا موھتاج بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى مېھىر-مۇھەببەتكىمۇ موھتاج. بىز ئېرىشمەكچى بولغان خۇشاللىق، بىز ئېرىشمەكچى بولغان بەخت ھەرگىزمۇ مېھىر - مۇھەببەتتىن ئايرىلالمايدۇ. قەلبىدە مۇھەببەت بولغان ئادەمدە ئۈمىد بولىدۇ، ئۈمىد بولغان يەردە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئىشەنچ بولىدۇ. بىر - بىرىمىزنى سۆيەيلى، ئاتا - ئانىمىزنى سۆيەيلى، مىللىتىمىزنى سۆيەيلى، يۇرتىمىزنى سۆيەيلى، ۋەتىنىمىزنى سۆيەيلى، كومپارتىيىنى سۆيەيلى ...

ئاتا - ئانىمىزغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمىز سۇسلاشمىسۇن، ئۆزىمىزنى ئالدىمايلى، بىز ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى، شۇنداقلا ئۇلارمۇ بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز. بىز ياخشى بىر خىزمەت تېپىپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق، مەمنۇنلۇق، رازىمەنلىك نۇرلىرىنى چاقناتقۇچە ئۇلار بىزنى ساقلاپ تۇرالارمۇ؟ «ھايات دېگەن مانا شۇنداق» دەپ ئۇلارنى كۆزىمىزدە يىغلاپ، نادامەتتە ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ، يىل نەزىرىنى بېرىۋېتىپ ئۇنتۇپ قالارمىزمۇ؟ ئوقۇش، خىزمەت دەپ ئاتا - ئانىمىزغا كۆڭۈل بۆلەلمىگەن بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بىزگە قارىغىلى ۋاقتى چىقارمۇ؟ بىز ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بۇلۇت ئۈستىدە ئۇچساقمۇ، كومپيۇتېر ئارقىلىق نەچچە ئادەمنىڭ ئىشىنى دەقىقە ئىچىدە تۈگەتسەكمۇ، بۇلۇتقا تاقاشقان بىنالاردا ئولتۇرساقمۇ، بىز يەنىلا تۇپراقتىن تۆرىلىپ تۇپراققا قايتقۇچى ئادەملەرمىز.

تىرىشىپ بىلىم ئىگىللەشتىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي مەسئۇلىيىتىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ، ۋاقىت چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا،

بىلەن، بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرى مۇھەببەتتىن ئىبارەت مۇقەددەس
قالپاق ئاستىدىكى كىشىلەر بىلەن ئاۋاتلىشىپ كېتىدىغان جاي-
لار، بىر قاراشتا قايسى ئىرق، قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنىمۇ
ئايرىپ بولغىلى بولمايدىغان، بىر توپ كىيىم - كېچەك، چاچ
پاسونى ۋە گىرىم بۇيۇملىرى مودېللىرى بىلەن تولغان بۇ مۇھىت
بىزگە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ، ئەخلاقىمىزنىڭ، ئېتىقادىمىز-
نىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرماقتا…

بىز مېھرىبان ئاتا - ئانىمىزنىمۇ چىن يۈرىكىمىزدىن سۆ-
يەلمەيدىغان، تەتىللەردە ئۆيگە قايتقاندا پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن
ئۇلارنى قۇچاقلىيالمايدىغان بولۇپ قالغان، يۈرىكىمىزدىكى مۇ-
ھەببەتنىڭ ئورنىنى ۋاقىتلىق، ئەھمىيەتسىز كىشىلىك مۇناسى-
ۋەتنىڭ غەملىرى، ماددىي جەھەتتىكى ئىنتىلىشلىرىمىز ئىگى-
لەپ كېتىۋاتقان تۇرساق، بىز يۈرىكىمىزنىڭ قايسى قىسمى
بىلەن مىللەتنى، ئۆزىمىزنى سۆيەلەرمىز؟ مۇشۇ مۇزدەك يۈرە-
كىمىز بىلەن نېمىنى ھەقىقىي سۆيەلەرمىز؟ بىز
ئوقۇغۇچىلار بىلىم ئىگىلىگۈچىلەر، كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى دەپ
ئاتالغان بىز چېغىمىزدا نەيرەڭۋاز دۇنيانىڭ ئۆز ماھىيىتىنى
يوشۇرغان رەڭدار تورىدا كۆزىمىزگە گۈزەل، قەدىرلىك، سۆ-
يۈملۈك كۆرۈنگەن نەرسىنىلا سۆيۈپ يۈرگەن يەردە، بىزنى
ئۈلگە قىلغۇچى، بىزگە ۋارىس بولغۇچىلار قانداق قى-
لار؟! بىز ئادا قىلالمىغان مەسئۇلىيەتنى بىزدىن كېيىنكىلەر،
بۆشۈكىدىلا قېرىپ قېلىۋاتقان، ئاغزىدىن شېكەر تامىدىغان،
لېكىن ئۆزىدىكى ئەقلىنى جايىغا ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغانلار ئۆز
ئۈستىگە ئالالارمۇ؟

ساۋاقداشلار، بىزمۇ ئىنسان، بىز مۇھەببەت بىلەن ئەقىل-
نىڭ بىرلىكىدىن ئاپىرىدە بولغان بىر گەۋدە. بىز دۇنياغا
تىرىكىمىز بىلەن بازارنى، ئۆلۈكىمىز بىلەن مازارنى ئاۋات
قىلىش ئۈچۈنلا كەلمىدۇق. بىزنىڭ يەلكىمىزدە ئىمتىھاندىن

# ئانامغا يېزىلغان خەت

(نەسر)

## تۇرغۇنئاي نەزەر

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

ئانا، مەن بۇ خەتنى سەن زور ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈپ ئەۋەتكەن يەردىن — ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ ئاددىي ياتاقلىرىدا سېنى سېغىنىپ يېزىۋاتىمەن. شۇ تاپتا يېنىڭغا ئۇچۇپ بېرىپ، مېنى دەپ يادىغان يۈزلىرىڭگە مەڭزىمنى ياققۇم، دەردىمىزنى دەپ يادەك ئېگىلگەن بەللىرىڭنى مېھرىم بىلەن تۇتۇپ قويغۇم، ئۇچتەك ئاقارغان چاچلىرىڭنى سىلىغۇم، تاراپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ.

تىنىمسىز ئەمگەكتە يېرىكلەشكەن قوللىرىڭنى ئالىقانلىرىمغا ئېلىپ، جەننەتتەك بېغىشىڭغا غۇبارسىز يۆلىنىپ، يېقىملىق نەسىھەتلىرىڭنى تويماي - تويماي ئاڭلىغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئامال قانچە، ئانا، ئىككىمىز ئىككى يەردە، بىر - بىرىمىزگە تەلپۈنۈپ مېھرىلىك تۇيغۇمىزدا سۆزلىشىپ تۇرۇۋاتىمىز. بەلكىم سەن رەسىمىم بىلەن ھەر دائىم سۆزلىشىپ تۇرىدىغانسەن. ساڭا ئوخشاش مەنمۇ ھېلىقى رەسىمىڭنى، ئائىلىمىزدىكىلەر — بىرگە چۈشكەن سۈرەتنى كارىۋىتىمنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويدۇم، قاراپ كېتىمەن. ئۆزۈمچىلا ئاجايىپ خىياللارغا چۆكۈپ كېتىمەن، ئارمانلىرىم كۆپ، ئانا، ئارزۇلىرىم ئاددىن كۆپ. بەلكىم ئانا مەن ياخشى كۆرىدىغان تاماقلارنى ئۇسۇپ

ئۆزلۈكىنىڭ مەۋھۇم بوشلۇقىدا غادىيىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئۆ-
زىمىزنى كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، تېتىقسىز پاراڭلار بىلەن
ئۆزىمىزنى مەجبۇرىي كۆلدۈرمەكچى بولۇۋاتقاندا ئويلىنىپ كۆ-
رەيلىكى بىز كىم؟ نېمە ئىش قىلماقچى بولۇپ، نېمە ئىشلارنى
قىلىۋاتقان كىشىلەر؟ تەپەككۇرىمىزنى قويۇۋېتەيلى، ھەۋەس -
ھېسلىرىمىزنىڭ رامكىسىغا سولاپ قويمايلى! ئوقۇغۇچى ئاددىي
ئىنسان ئەمەس، مەسئۇلىيىتىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى!

مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بولۇش
سۈپىتىم بىلەن، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك
قىلغۇچى رەھبەرلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ئەڭ يېقىن تۇرۇپ،
ئوبدان ئوقۇش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە باشقا
ئوقۇغۇچىلارغا ئادەم بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرەلەيدىغان خىز-
مەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىلاردىن شۇنى
ئۆتۈنىمەنكى، بىز ئوقۇغۇچىلار كەسپىي بىلىمگە، تېخنىكىغىلا
ئىنتىلىپ قالماي، ئەخلاقىي تەربىيىنىمۇ قوبۇل قىلىشىمىز
لازىم. شۇڭا، كۈندىن - كۈنگە ئەخلاقسىزلىشىپ كېتىۋاتقان،
تەكتىنى ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ
ئالداپ ياشاۋاتقان بەزى ئوقۇغۇچىلار توغرا يول، توغرا ئېتىقاد،
توغرا مۇھەببەت - نەپرەت تېپىۋالساڭلار.

ئوقۇغۇچىلارغا، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپكە يېڭىلا قەدەم قوي-
غان ياشلارغا بۇ ھەقتە ئەسكەرتىش تولىمۇ مۇھىم. قېتىپ
كەتكەن يۈرەكلەرنى تىترىتىش قۇدرىتىگە ئىگە سۆزلەر پەقەت
سىلەرگە ئوخشاش بىلىملىك كىشىلەرنىڭلا يۈرىكىدىن چىقىدۇ.

يەردە تامچە ـ تامچە كۆز ياشلىرىڭىز، ئاھ ئۇرۇشلىرىڭىز، كېچە ـ كېچىلەپ ئىشلىشىڭىز بەدىلىگە كەلگەن مىنۇت ـ سې-كونتنى ئورتاق ئارزۇيىمىزغا يېتىش ئۈچۈن، ئارمانلىرىڭنى ئاخىر تولدۇرۇش ئۈچۈن، كىتابلار دۆۋىسىدە ئۆگىنىش بىلەن مۈكچىيىپ ئولتۇرۇشقا، ئاشۇنداق ھالەتتە كۆنلەرنى ئەھمىيەت-لىك ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرمەن.

قەدىردان ئانا، ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن بولدى ئوقۇماي، سىز-گە ياردەملىشەي دېسەم، ماڭا قاتتىق رەنجىگەنتىڭىز. مىللەت ئۈچۈن ئالىي مەلۇماتلىق يارامىلىق ئادەم تەربىيىلەپ بېرەلمىسەم قانداقمۇ ئانىلىق قەرزىمنى ئادا قىلغان بولىمەن دېگەنتىڭىز. سىز ئۆز ھەرىكىتىڭىز، گەپ ـ سۆزلىرىڭىز، بىر خىل تىنىز پۈكمەس چىدامچان روھىڭىز بىلەن ماڭا روھىي يۆلەنچۈك بو-لۇپ كەلگەنىدىڭىز، ھەممە ئادەم ئۆز ئانىسىنى ئەڭ ئۇلۇغ دەيدۇ. بىراق، شۇنى ھېس قىلىمەنكى، سىز مەن ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ.

مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغان يۈرەك سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى سىزنى ئۇلۇغ دېمەي تۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟! شۇڭا ئانا، رۇخسەت قىل-لىڭ يەنە بىر قېتىم، پەقەت يەنە بىر قېتىم سىزنى «ئۇلۇغ» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلىۋالاي، بەلكى سىز يەنە ئۇنىمايسىز، بىراق يۈرىكىم ئاشۇ سۆز بىلەن سىزنى سۈپەتلىمەي چىدىمايدۇ.

قىزىڭىز سىزنىڭ ئەنە شۇ تىرىشچانلىقىڭىز، شاپائىتىڭىز نەتىجىسىدە بۈگۈنكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا تەربىيىلىنىۋاتىدۇ. ئادەمنىڭ دۇنيادا كېسەلدىن خالىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا تەن ساقلىق زور بايلىق ئەمەسمۇ!

ئانا، ئەسلىي بۇ گەپلەرنى ئېيتماي دېگەنىدىم. ئەمما «كې-سەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا» بولۇپ قالمىسۇن دېگەن بىر مۇدھىش خىيال مېنى دېيىشكە مەجبۇر قىلدى. مەن بۈرۈن

قويۇپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغانسەن. مەنمۇ ھەر قېتىم تاماققا
ئولتۇرغاندا سەن ئەتكەن تەملىك، مەززىلىك تاماقلىرىڭنى،
مەكتەپتىن كەلگۈچە ئۈلگۈرتىمەن دەپ ئاشخانىدا پايپېتەك بو-
لۇپ كېتىشلىرىڭنى ئويلاپ كېتىمەن.

ئانا كەچۈر، قىزىڭ شۇنچە چوڭ بولۇپمۇ قولۇڭنى بوشى-
تالمىدى. قىزلىق، پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلالمىدى. ئەم-
ما ئانا، سېنىڭ كۈتىدىغىنىڭنى بىلىمەن، مەكتەپكە مېڭىش
ئالدىدا ياش تۆككەن كۆزلىرىڭنى يوشۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىڭ
يۈرىكىمگە ئورنىشىپ كەتتى. سەن يارامىلىق ئەۋلاد بول دەي-
سەن، ياخشى ئوقۇ دەيسەن. ھەر قېتىم كەلگەن خېتىڭدىن
ئانىلىق مېھرىڭ چېچىلىپ تۇرىدىغان نەسىھەتلەر مېنى تىنىم-
سىز ئىزدىنىشكە ئۈندەپ تۇرىدۇ.

ئانا، سەن مېنىڭ ئۈلگەم. مەن سەھەر تۇرۇشنى سەندىن
ئۆگەنگەن. سەن سەھەر تۇرۇپ ئىشقا — باشقىلار ئۈچۈن
كوچا - يوللارنى پاكىز تازىلاشقا ماڭىسەن. مەن ئەتىگەنلىك
ئۆگىنىشكە ماڭىمەن.

ئانا، بىز ئاشۇنداق سەھەر باشلانغان قۇتلۇق سەپىرىمىزدە
ئاخىر بەختلەر قۇچىقىدا خۇشال ئۇچرىشىمىز.

ئانا، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ خىز-
مىتىڭىز يەنە شۇنداق ئالدىراشمۇ؟ مەن كېتىپ خىزمىتىڭىز ۋە
ئائىلە ئىشلىرى سىزنى تېخىمۇ چارچىتىۋەتتى ھەقاچان، مېنى
كەچۈرۈڭ.

ئانا، ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا يېنىڭىزدا بولالمايۋاتقان-
لىقىمدىن، ئىسسىققىنا بىر پىيالە چاي سۇنالمىغانلىقىمدىن،
تېلىپ كەتكەن پۇتلىرىڭىزنى تۇتۇپ قويالمايۋات-
قانلىقىمدىن، يەنە - يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرەلمىگەن-
لىكىمدىن شۇنچە ئۆكۈنىمەن. بىراق، كېيىنكى بەختىيار كۈن-
لەر ئۈچۈن، سىزگە راھەت كۆرسىتىش ئۈچۈن يەنىلا مۇشۇ

سىغا تۇشلۇق جاۋاب قايتۇر، ئۆز نەتىجەڭ بىلەن ئاناڭنى خۇش قىل» دەيمەن.

غەيرەت قىلىڭ ئانا، يەنە ئازراق چىداشلىق بېرىڭ، قىزىڭىز پات ئارىدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېنىڭىزغا ياخشى نەتىجە بىلەن بارىدۇ. ماڭا ئىشىنىڭ ئانا! ئاخىرىدا يەنە شۇنداق دېگۈم كېلىۋاتىدۇ، سىزدىن پەخىرلىنىمەن ئانا، سىزدەك ئانامنىڭ بولغانلىقىدىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن.

ئاخىرىدا بۇ مىسرالار بىلەن ھەربىر كۈنىڭىزگە ئازراق بولسىمۇ خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك ھەمراھ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سەن مەيلى شاھ بولغىن ۋە ياكى گاداي،
ئاناڭنىڭ ئالدىدا بالىسەن، بالا؛
دوست بەلكىم ئايلىنار دۈشمەنگە بىر كۈن،
قېرىنداش ياتلىشار غەيۋەتلەر ئارا.

2004 ـ يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

كاۋاكچىلىرى ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلىندىم. سىزگە چاندۇرماي تەتىلدە ئۆگىنىش قىلىمەن دەپ ئۆيگە قايتمىغانىدىمغۇ، ئۇنىڭىسىزمۇ دەردىڭىزنىڭ يېتىپ ئاشىدىغانلىقى ماڭا ئايان، ئانا.

دوختۇرخانا — هاياتىمدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرە ماكانى. بۇ ۋاقىتتا ساۋاقداشلار ئالىلىبۇرۇن تەتىل قويۇپ بېرىلگەن. يېنىمدا پەقەت ئۇرۇمچىلىك ئىككى قىز ساۋاقدىشىملا بار ئىدى. ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىكى سېسترا ئەتىگەن سائەت 7 دە مېنى ئوپېراتسىيىخانىغا ئېلىپ ماڭدى. شۇ چاغدا پۈتۈن بەدىنىمنى تىترەك باستى گېلىمگە بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى. ئەتراپ جىمجىتلىقتا تولغان «ئانا» دەپ باغرىڭىزغا ئېتىلىپ يىغلىغۇم كەلدى. ئەمما سىزنى پاراكەندە قىلىشقا قانداقمۇ كۆڭلۈم ئۇنىسۇن. لېۋىمنى چىشلىگەن پېتى خۇدا، ئۆز پاناهىڭدا ساقلىغايسەن، — دەپ كىرىپ كەتتىم. دوختۇرخانىدىكى كۈنلەر سىزنى ئەڭ كۆپ ئويلىغان، چۈشلىرىمدە هەم ئوڭۇمدا سىزگە ئەڭ كۆپ خەت يازغان بىر مەزگىل بولدى. سېسترالار سىز بەك قەيسەر ئىكەنسىز دەپ ماختاشتى، ئەمما بىلىپ تۇرۇپتىمەن مەن يەنىلا سىزدەك قەيسەر ئەمەسكەنمەن.

مەن هەر قېتىم ئۇخلاش ئالدىدا سىزنىڭ باشقىلار شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندا تاتلىق ئۇيقۇدىن كېچىپ يول سۈپۈرۈشكە چىقىدىغانلىقىڭىزنى، هەپتىدە بىرەر قېتىم ئارام ئېلىشىڭىزنىڭ يوقلۇقىنى، مائاشىڭىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى، قىزىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ دەپ قۇرۇق نام بىلەن قايناق سۇ ئىچىپ، ئاددىي-ساددا كىيىنىپ يۈرگەنلىكىڭىزنى، مېنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىدارىمۇئىدارە قاتراپ نەچچە باشلىقنىڭ ئالدىغا ساماندەك سارغىيىپ كۆز ياش قىلغانلىقىڭىزنى كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزسەم، شۇ هامان كۆزۈمگە لىق ياش تولىدۇ ۋە ئۆز-ئۆزۈمگە «تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگەن، ئاناڭنىڭ تارتىۋاتقان جاپا-

— سەن ئوقۇمامسەن؟ ئۆيۈڭ قەيەردە؟ ئاتا ـ ئاناڭ نېمە قىلىدۇ؟ — سورىدىم مەن.

ئۇ كۆزۈمگە ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇنىڭ كۆز چانىقىدا لىغىرلاپ قالغان ياش يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى.

— ھەدە مەن ئوقۇمايمەن. ئۆيۈم مۇشۇ ئەتراپتا. مېنىڭ دادام يوق، تۇگەپ كەتكەن. ئاپامنىڭ كۆزى ئاجىز. مەن ئاپامنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنى باشقا ئانىلاردەك راھەتكە ئېرىشتۈرسەم دەيمەن. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەن مېيىپ، لېكىن مەن ھەرقانداق بېجىرىم ئادەملەردىنمۇ ساق، سىزدىنمۇ ساق ھەدە، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ، — چۈنكى مەندە ئىنتايىن ساغلام ئىككى قول بار.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. ئۇنى ھازىرقى ئون ئىككى ياشلىق ئۆزىنىڭ ئويۇنىدىن باشقا ھېچنېمە بىلەن كارى يوق باللار بىلەن سېلىشتۇردۇم ...

— سەن ئوقۇشنى خالىمامسەن؟

— ...

ئۇنىڭ كۆزىدىن دومىلاپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياشقا قاراپ يۈرىكىم «قارت» لا قىلىپ قالدى.

— ھەدە سىز ئوقۇمسىز؟

— ھەئە، مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن.

— ئالىي مەكتەپتە؟ مەنمۇ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مەن مەھەللىدىكى باللارنىڭ ئوقۇپ بولغان كىتابلىرىنى سوراپ، ئۆيدە ئۆگىنىمەن، تېخى دەرس ئۆتىمەن، — ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — ھە ھەدە، مانا مايلاپ بولدۇم، قارىغا يارىدىمۇ؟ يارىمىسا قايتىدىن مايلاپ بېرەي.

ئۇ ئايىغىمنى خۇددى يېڭى ئاياغدەك پارقىرىتىۋەتكەنىدى.

# مېيىپ بالا

## ( ھېكايە )

### زۆبەيدە ئەنەيتۇللا

### ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن ستۇدېنت

ئاران بىر يەكشەنبە كەلگەندە بازار ئايلىناي دەپ ئەتىگەندىلا ئۆيدىن چىقتىم. ئۇنى - بۇنى كۆرگەچ پىيادە مېڭىپ دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا كېلىپ قاپتىمەن. بىر پۇتى يوق، ھاسىغا تايانغان ئوماق بىر بالا، بىر قولىدا ئاياغ مايلاشقا ئىشلىتىدىغان چوتكا- مايلارنى سېلىۋالغان ياغاچ ساندۇقنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ بالىغا بىردە ھېسداشلىق قىلسام، بىردە غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ قاراپ كېتىپتىمەن.

— ھەدە، ئايىغىڭىزنى مايلىتامسىز؟ ئەكېلىڭە تازا بىر پارقىرىتىپ بېرەي، بۇ يەردە ئولتۇرۇڭە، — دەپ بىر ئورۇن- دۇقنى كۆرسەتتى.

ئۇنىڭ خۇددى چوڭ ئادەمنى كىچىكلىتىپ قويغاندەك گەپ قىلىشلىرى مېنى ئۆزىگە تېخىمۇ تارتتى. ئۇ بالا بىلەن پاراڭلى- شىش مەقسىتىدە ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم.

— ئۇكام، نەچچىگە كىردىڭ؟

— ئون ئىككىگە، ھەدە.

ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى بېجىرىم ئادەملەرنىڭكىدىن چەبدەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇدرۇق قولى ئايىغىم ئۈستىدە توختىماي ھەرى- كەت قىلاتتى.

مەھەللىلەردە بالىلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇلارنىڭ تاتلىق، چۈچۈك تىللىرىدىن ھوزۇرلىنىپ كولۇۋاتقان دادىلارنى، يول بويى بالىلىرىنىڭ سورىغان تۈرلۈك - تۈمەن سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەچ، ئۇلارنىڭ ئەقىللىقلىقىغا زوقمەنلىك بىلەن قاراۋاتقان دادىلارنى كۆرىمەن. «دادا مېھرى» ئاشۇنداق شېرىن ۋە تاتلىق بولامدىغاندۇ ...

ھېلىمۇ ئېسىمدە، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئاپامدىن: «دادام راستتىنلا تۆگەپ كەتكەنمۇ؟ دادام زادى كىمگە ئوخشايتتى؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئاپام مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا سېنى راستتىنلا بۇ دۇنيادا يوق ئوخشايدۇ دېگەنىدىم. بىراق، چوڭ دادام بىلەن چوڭ ئاپامنىڭ «رازىيە، چوڭ بولغانسېرى دادىسىغا تېخىمۇ ئوخشاپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ قىزنى كۆرسە تونۇشلۇق بېرەرمۇ؟» دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلاپ بېشىم پىرقىراپ، جاھان قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئولتۇرۇپلا يىغلاپ كېتىدىغان، قاچامدىكى چايغا قاراپ دادام بىلەن مۇڭداشقۇم، سىرداشقۇم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىر دادا سەۋدايىسى بولۇپ قالدىم. ئاپامنىڭ مېنى كۆرسەتمىگەن دوختۇرى، ئىچۈرمىگەن دورىسى قالمىدى. لېكىن دادا، مېنىڭ دوختۇرۇم سەن ئىدىڭ، مېنىڭ دورام «دادا مېھرى» ئىدى.

بىلەمسەن دادا، مەن ھەربىر قېتىم ئىسمىمنى يازغاندا بەكمۇ ئازابلىنىمەن. چۈنكى ئىسمىمنىڭ كەينىگە يەنە بىر ئىسمىنىڭ، يەنى سېنىڭ ئىسمىڭنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە! ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولغان بولسا، ماڭا ئۇ ئىسىم تاغدەك يۆلەك بولۇۋاتقاندەك، ئالەمچە مېھىر - مۇھەببەت ماڭا ھەمراھ بولۇۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولىمەن، لېكىن ئۇ ئىسىم ...

ئەپسۇس، سەن يەنىلا كەلمىدىڭ. مەن سەندىن پۇل تەلەپ

ئۇنىڭغا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدىم. مەن ئۇنى يېتىلىدىم. ئۇ بىردە ماڭا، بىردە ئەتراپقا قاراپ قورقاتتى.

— يۈر، قورقمىغىن ئۇكام، مەن سېنى كىتابخانىغا ئەكىرىمەن، ئۇ يەردىن ئۆزۈڭ خالىغان كىتابنى ئېلىپ بېرىمەن، — دېدىم.

ئۇ بىردە ئىشىنىپ، بىردە ئىشەنمەي ئۈن - تىنسىز ماڭا ئەگەشتى. كىتابخانىغا كىرىپ، ئۇ ھەممە كىتابلارغا تويماي قارايتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ سۆيۈندۈم. ئۇنىڭغا بالىلارغا ئاتىت ھېكايە - چۆچەك كىتابلىرىدىن ئېلىپ بېرىپ قايتتىم.

كېتىۋېتىپ ئويلىنىپ قالدىم. كۆز ئالدىمغا ئاشۇ دۆڭكۆرۈكتىكى بەش ئەزاسى ساق تىلەمچىلەر، باشقىلارنىڭ يانچۇقىنى خۇددى ئۆزىنىڭكىنى ئاختۇرغاندەكلا ئاختۇرۇۋاتقان ئوغرى - يانچۇقچىلار كەلدى. مەن يەنە بايىقى مېيىپ بالىنى ئويلىدىم. ئۇ ھەقىقەتەن نۇرغۇن بالىلاردىن ساق، بېجىرىم، چۈنكى ئۇنىڭ ئىشچان ئىككى قولى ھەم مېيىپ ئەمەس قەلبى بار - دە!

# دادامغا يېزىلغان خەت

(نەسر)

قەدىرلىك دادا، بۇ دادا دېگەن سۆز نەقەدەر ئۇلۇغ - ھە! ھەربىر دادا بولغۇچى بۇ سۆزنى ئاڭلىغىنىدا چەكسىز خۇشال بولىدىغاندۇ؟! ئۆزىنىڭ دادا بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىدىغاندۇ، سۆيۈنىدىغاندۇ؟

دادا، مەن سېنى كۆرۈپ باقمىدىم، مانا توپتوغرا 20 يىل بوپتۇ، مەن ئىنتىزار بولغان «دادا مېھرى» گە پەقەتلا ئېرىشەلمىدىم. بۇنداق مېھىر - مۇھەببەت زادى قانداق بولىدىغاندۇ؟

رىنى ئالدى ـ دە، «چۇ» دەپ تاياق سالغىنىچە يۈرۈپ كەتتى،
ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى دادىسى بىلەن ئوتۇنلارنى ھارۋىغا چىراي-
لىق رەتلەپ بېسىپ تېڭىپ تەخلەپ قويۇپ، تاڭ يورۇماستىن
يولىغا راۋان بولاتتى، بۈگۈنكى سەپىرىمۇ ئالدىنقى كۈنلىرىگە
ئوخشاشلا ئىدى.
ئۇ تەستە پەرق قىلغىلى بولىدىغان ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل
توپىلىق يولدا ئېشەكنى ئاۋايلاپ ھەيدىگىنىچە بىردە ئاسماندىكى
ئۆچۈش ئالدىدىكى خىرە يۇلتۇزلارغا، بىردە يەرگە تىكىلىپ
قارىغىنىچە، «بۈگۈن بۇ بەشىنچى ھارۋا ئوتۇننى 20 كويغا
ساتسام، شۇنىڭ بىلەن 100 يۈەن پۇلغا يول خىراجىتى قىلىپ
مەكتىپىمگە كېتىۋالسام» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە مەمنۇنىيەتلىك
بىلەن پىچىرلىغىنىچە ھارۋا بىلەن تەڭ كېتىپ باراتتى.
ئەتراپ قاراڭغۇ ھەم جىمجىت، پەقەتلا سەھەر توخۇلىرى-
نىڭ كىشىلەرنى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۈندىگەن چىللاشلىرى،
يىراق ـ يىراقتىن ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئىتلارنىڭ
ئەنسىز قاۋاشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، مۇشۇ ئاۋازلار ئۇنىڭ
تەگسىز خىياللىرىنى بۇزۇپ قوياتتى. ئۇ ئۆي بىلەن ئوتۇن
ساتىدىغان 20 نەچچە كىلومېتىر يولنى خىيال بىلەن بېسىپ
تۈگىتەتتى. بەزىدە ئانچە ـ مۇنچە ئۆزى قەيەردىن ئاڭلاپ
ئېسىدە قالغان ناخشىلار بولغىنىتىكىن ھەر خىل ئاھاڭدا غىڭ-
شىپ قوياتتى. شەرق تەرەپ ئاستا ـ ئاستا سۇزۇلۇپ قۇياش
زېمىنغا كۆز ئاچاي دېگەندە ئۇ ئۇزۇن توپىلىق ئەسكى يولنىڭ
يېرىمىدىن كۆپرەكىنى بېسىپ تۈگەتتى. ئۇنىڭ ئېشىكى بۇ
يولنى نەچچە كۈندىن بېرى تەكرار ماڭغۇرگەچكە ھاردۇق يەتتى-
مۇ قانداق، قەدەملىرى ئاستىلاپ ھارۋىنى تارتىشتىن توختىتى-
ۋالدى. ئۇ ئېشەككە تاياق سالدى. ئېشەك بىر ـ ئىككى
قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا يەنە توختىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىمۇ
شۈكلەپ قالدى، ناشتىسىز، پۇت ـ قولى جانسىز، كالپۇكلىرى

قىلمايمەن. قانداقتۇر سەندىن رەنجىپ تاپا ـ تەنە قىلمايمەن. مېنىڭ پەقەت سېنى بىر رەت بولسىمۇ «دادا» دەپ چاقىرىۋالغۇم، بىر رەت بولسىمۇ «بالام» دېگىنىڭنى ئاڭلىۋالغۇم بار، خالاس.

دادا، دادا... بۇ دۇنيادا ئاتا ـ ئانىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ «يېتىم» ئاتىلىشتىن ئارتۇق ئازاب بارمۇ؟ قايتىپ كەلگىن جېنىم دادا، «دادا» دەپ توۋلاپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ باغرىڭغا ئۆزۈمنى ئاتاي.

# ئوتتۇنچى

(ھېكايە)

يۇسۇپقادىر مەنسۇر

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

— بالام، ئورنۇڭدىن تۇر. ھارۋىنى تەييارلاپ قويدۇم.

— ۋاي دادىسى، تېخى باش توخۇمۇ چىللىمىغان تۇرسا، بىچارە بالىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇخلىغىلى قويسىلا بولماسمۇ.

— ۋاي خوتۇن، كېلىپ ئۇخلىۋالار، يول ئۇزۇن، تۇنۇگۈن ۋاخ قاپتىمەن دەيدۇ، بازارغا بارغۇچە كۈن چۈش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغاندىكىن تونۇش ـ بىلىشلىرى كۆرسە خىجىل بولىدۇ، ئەمەسمۇ.

بالا ئورنىدىن تەسلىكتە سۇغۇرۇلۇپ قوپۇپ يۈزىنىمۇ يۇماستىن ئانىسى ياستۇق بېشىدا قويۇپ قويغان ناننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئوتۇن بېسىلغان ھارۋىنىڭ تۈۋىگە ماڭدى. ئۇ دادىسىنىڭ قولىدىن ئېشەكنىڭ چۇلۇۋ-

ئۇ ئىشىكىنى يېتىلىگىنىنچە بازارنىڭ قايىناق، ئادەملەر
مىغ - مىغ كوچىسىدىن تەستە ئۆتۈپ يولنىڭ چېتىدىكى ئاشخا-
نىلار تەرەپكە قايرىلدى. بىرەر كىم ئۇنىڭ ئوتتۇنىنى نەچچە پۇل،
دەپ سوراپ قويىمىدى، ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل،
خېرىدار تۇۋلاپ ھەپتىدە بىر كېلىدىغان بازىرىنى ئاقتۇرۇشقا
ئالدىرايتتى. ئۇ بىرنەچچە ئاشخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ دوقمۇشتىكى
ئاشخانا ئالدىغا كەلگەندە سېمىز ئاشخانا خوجايىنى:
— ئوتتۇن قانچە پۇل، — دەپ سورىدى.
— 25 كوي.
— ھوي ئۇكام، قاراپ گەپ قىل، ھارۋاڭنىمۇ قوشۇپ
ساتماسسەن، بازار دېگەن شۇ، ئېلىپ قوياي دېدىم، كۈندە
مۇنداق ئوتتۇندىن 10 - 20 ھارۋا ئىشلىتىمىز، قانداق، 12
كويغا بەردىڭما.
— ئاكا، ئازراق قوشۇۋېلىڭ، شۇنچە ئۇزۇن يەردىن جاپا
تارتىپ ئەكەپتىمەن.
— بوپتۇ ئەمىسە، دۇكانىنىڭ ئالدىدا بىكار يەر يوق. ئۆگ-
زىگە ئاچىقىپ رەتلىك بېسىپ بېرىسەن، 17 كوي بېرىمەن.
— بۇ قانداق بولغىنى، ئۆگزىگە مەن ئاچىقامدىم.
ئەتراپتا ئۆتكەن - كەچكەنلەر كۆپ ئىدى، ئۇ ئۇنىسىز
ماقۇل بولدى، ئوتتۇننى چۇشۇرۇپ يېرىم سائەت ئەتراپىدا ئۆگزى-
گە ئاپچىقىپ بولدى. ئالماسنىڭ باھانىسى كۆپ دېگەندەك:
— ئۇكام ھوي، ئوتتۇنۇڭ نېمانچە ھۆل، بالدۇرراق كۆر-
سەم بوپتىكەن، ئاله 15 كوي، — دەپ پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ
كىرىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى پۇلغا قارىغىنىچە نېمە دېيىشىنى
بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. يۇقىرى ئاۋازدا خېرىدار تۇۋلاۋاتقان
تاماق توشۇغۇچىمۇ ئۇنىڭغا:
— سەن بىزگە ئوتتۇن ساتقاندىكىن كىرىپ بىزدىنمۇ تاماق
يەپ ماڭ، — دەيتتى.

قورۇلۇپ گەز باغلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىشەكنى يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ قويۇپ ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى تەستە يۆتكىگىنىچە يولنىڭ لېۋىدىكى ئۆستەڭگە ماڭدى. ئۆيدىن ئېلىۋالغان تارشىدەك قاتتىق زاغرا ناننى سۇغا چىلاپ يەپ، قالغان قىسمىنى ئىشەككە يېگۈزۈپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئالاھەزەل ئىككى - ئۈچ چارەك ۋاقىت ماڭغا - ماڭمايلا كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، هارۋىنىڭ چاقى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانغا كىرىپ قېلىپ ئېتىلىپ كەتتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ماڭۋىقىپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىر هارۋىنىڭ ئىچ كامىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ تاش كامىر بىلەن هەيدەش قارارىغا كەلدى - دە، هارۋىدىكى ئوتۇنلارنى يەرگە چۇشۇرۇشكە باشلىدى. بۇ ئىش هېرىپ هالىدىن كەتكەندە تولىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ ئوتۇنلارنى قايتىدىن رەتلەپ بېسىپ تېڭىپ، يولىنى داۋاملاشتۇردى. چەگىش خىياللار بىلەن قانچىلىك يوللارنى بېسىپ ئۆتتىكىن قۇياش نەيزە بويى ئۆرلەپ ئەتراپنى تونۇردەك قىزدۇرغان، هەممە ئىسسىق هارارەتنىڭ تەپتىدىن ئۆزىنى سايىغا ئالغان چىڭقىچۇش ۋاقتى بولغاندا قايناق بازارغا يېتىپ كەلدى. بۈگۈن بازار كۈنى بولغاچقا بازاردا ئادەم كۆپ، بازار باشقىچە جانلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆزىنى بىچارىلەرچە مۆلدۈرلىتىپ ئاشخانا، ناۋايخانىلارغا تىككىنىچە كېتىپ باراتتى.

— ئۇكام ئوتۇن قانچە پۇل، — دېدى ئاشخانا ئالدىدا خېرىدارغا پۇل قايتۇرۇۋاتقان مويسىپىت كىشى.

— ئۆزلىرى بىلىپ ئالسىلا، ئوتۇن ئېلىپ باققاندىكىن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— هارۋاڭ كىچىك، باسقان ئوتۇنۇڭمۇ ئازراقكەن، 15 كوي بەرسەم، قانداق.

— كەم بولار ئاكا.

— ئەمىسە باشقا ياققا ئاپىرىپ باق.

نىڭ ئارتىسلىرى ئورۇنلىماقچى بولغان سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ ئېلانى ئىكەن. مەن باشقا ساۋاقداشلىرىمغا قارىماستىن ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۆيگە كىرىپلا بوغچامنى تاشلاپ قويۇپ، ئانامنىڭ: «بالام قورسىقىڭنى تويغۇزۇۋېلىپ چىقساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن» دېگەنلىرىگە قۇلاق سالماستىن، ئۇ بەرگەن بەش موچەننى سىقىمدىغىنىمچە ئانىسىنى تويغۇچە ئېمىۋالغان تايچاقتەك چاپتىم.

بىزنىڭ بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئويۇن ـ تاماشىغا ھېرىسمەن كىشىلەر بولغاچقىمۇ كىنو، سەنئەت دېگەنلەرنى ئىزدەپ ـ سوراپ كۆرەتتى. كەنت ئالدىدا ئويۇن كۆرۈشكە چىققانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەن ئانام بەرگەن پۇلنى چىڭ سىقىمدىغىنىمچە ئادەملەر ئارىسىدىن تەستە قىستۇرۇلۇپ ئۆتۈپ بىر نەرسە ئېلىپ يېيىش ئۈچۈن كەنت تېمى بىلەن يانداش سېلىنغان ماگىزىنغا ماڭدىم. ماگىزىنغا كىرىشىمگىلا ئاچچىق ھاراقنىڭ ھىدى دىمىقىمغا گۇپپىدە ئۇرۇلۇپ سەسكەندۈرۈۋەتتى.

ماگىزىندىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆرە تۇرغان. تۆت ـ بەشەيلەن بۇلۇڭدىكى كارىۋاتتا سورۇن تۈزۈۋالغانىدى. ھاراق سورۇنى تۈزۈۋالغانلار شۇ تاپتا بىزنىڭ قوشنىمىز ئىمامنىڭ ئوغلى خۇدابەردىنى ھەدەپ ھاراققا زورلاۋاتاتتى. مېنىڭ دىققىتىممۇ شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. لېكىن، خۇدابەردى ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇلارغا يېلىنغان ھالدا:

— ياق، ئاغىنىلەر، مەن ئىچەلمەيمەن، مەن ئەزەلدىن ئىچىپ باقمىغان، ئۆتۈنۈپ قالاي ئاغىنىلەر، مېنى زورلىمساڭلار، — دېگىنىچە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي يالۋۇراتتى.

بۇ گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، پۈتۈن بەدىنى تد-
كەنلىشىپ بېشى ئايلانغاندەك بولۇپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.
ئۇ ئۆمرىدە ھەقىقەتەنمۇ مۇنداق ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ باقمىغاند-
دى. ئۇ ئېغىر ئۇھسىنىپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدەك
قەدەملىرىنى تەستە يۆتكىگىنىچە ئىشىكنى يېتىلەپ چوڭ يولد-
كى ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى ...

## «ۋۇسۇڭ» نىڭ تەقدىرى

(ھېكايە)

مەكتەپتىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بارچە شوخلۇقلى-
رىمىز بىلەن قالايمىقان توۋلىشىپ، غاز قانىتىدەك توغرا سەپ
ياساپ، يولنىڭ ھەممە يېرىنى ئىگىلەپ ئۆيگە قايتاتتۇق.
مەكتەپتىن ئۆيگىچە بولغان ئارىلىق گەرچە خېلى يىراق
بولسىمۇ، تالاي قېتىم پىيادە ماڭغۇەرگەچكىمۇ ياكى بىرگە
ماڭىدىغانلار كۆپ بولغاچقىمۇ ئارىلىق ئۇزۇن بىلىنمەيتتى ھەم
قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتۇق. ناخشا ـ قوشاق،
لەتىپە ـ چۆچەك ئېيتىشقاچ، ھەر خىل قىزىقچىلىقلارنى قد-
لىشقاچ بەزىدە تېخى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمىزنىمۇ سەز-
مەي قالاتتۇق.

— قاراڭلار، — دېدى ساۋاقداشلارنىڭ بىرى، — كەڭ قا-
ناتلىق، كۆك سىرلىق كەنت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلىۋالغان
ئادەملەرنى كۆرسىتىپ، ھەممەيلەن دەررۇ ئادەملەر توپىغا قاراپ
يۈگۈردۇق. يېقىن بېرىپ نېمە ئىشكىن دېسەك «كۆرۈشكە
ئالدىراڭ» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكد-

ئىچمەيمەن دەپ يېلىنىشلىرى قەيەرگە كەتتىكىن قىلچە ئىككى-
لەنمەستىن مەن دېگەن ۋۇسۇڭ دېگىنىچە بىر كۆتۈرۈپلا ئىچى-
ۋەتتى. ئۇ يەنە ئىچىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. باشقىلار ئۇنى توسۇپ
نۆۋىتىڭ كەلگەندە ئىچ دېسىمۇ، ئۇ جاھىللىق بىلەن «قۇيە
ھارىقىڭنى» دەپ تۇرۇۋالدى. ساقىي ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇ-
نىڭغا ھاراق قۇيدى. ئۇ ھاراقنى ئىچىپ پىيالىنى ساقىيغا سۇن-
غاندىن كېيىن ھاراق كۈچىنى كۆرسەتتى بولغاي، تۇۋى سېسىپ
كەتكەن پور كۆتەكتەك ئالدى - كەينىگە لىڭشىشقا باشلىدى.
بۇنىڭغا ئەگىشىپ ماگىزىندىكىلەرنىڭ مەسخىرە، كۈلكە ئاۋاز-
لىرىمۇ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار خۇداربەدىنى:

— ھاي ۋۇسۇڭ، ھاي ۋۇسۇڭ، ھالىڭ شۇنچىلىكمىتى
سەن ۋۇسۇڭنىڭ، — دېيىشىپ مازاق ئارىلاش مەسخىرە تاماشا-
نى قىلماقتا ئىدى. خۇدابەردىنىڭ كۆزى دەرھال ماگىزىن ئىشى-
كىگە يۆلىنىپ تۇرغان مەن دېمەتلىك ئىككى - ئۈچەيلەنگە
چۈشتى - دە:

— ھوي، سەن سويمىلارنىڭمۇ ئىچكۈڭ بار ئوخشى-
مامدۇ، — دەپ بىزگە قاراپ ھەيۋە قىلىشقا باشلىدى. شۇئان
دۇكاندار بىزنى:

— ماڭ - ماڭ، چىقىپ ئويناش، تاماشا دېگەن سىرت-
تا، — دېگىنىچە ماگىزىندىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى.

مەن ماگىزىندىن چىقىپ ئارقامغا قاراپ - قاراپ ماگىزىن-
دىكى ئىشلاردىن كۆز ئۈزەلمىگىنىمچە ئادەتتە ئويۇن - تاماشا
ھەم يىغىن مەيدانى بولىدىغان كەنتنىڭ كەڭ، توپىلىق تەنتەربى-
يە مەيدانىغا قاراپ ماڭدىم. ئويۇن مەيدانىدا تاماشىبىنلار چەم-
بىرەكسىمان قورشاۋ ھاسىل قىلىشىۋالغان بولۇپ دەماللىققا ئالدى-

— ھەي ئاداش، خېنىمدەك نازلىنىپ تۇرماي ئوغۇل بالا بولغاندىكىن بىرەر پىيالە كۆتۈرۈۋېتىپ ئاندىن بىر نەرسە دېمەمسەن، — دېدى بىرەيلەن زەردە بىلەن.

— سېنىمۇ ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ؟ ئاۋۋال قولۇڭغا ئاله، — دەيتتى يەنە بىرسى، ئۇ خۇددى بىرەر ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئەيىبكاردەك ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

شۇ تاپتا خۇدابەردىگە گەپ ئېغىر كەلدى بولغاي قولىنى سوزۇپ پىيالىنى ئالدى، ئۇنىڭ پىيالە تۇتقان قوللىرى تىترەيتتى.

— بولمامسەن، — دېدى بىرەيلەن زەردە بىلەن. خۇدا بەردى ئەتراپىنغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، مەيلى ئەمىسە گۇناھى سىلەرگە دەپلا قاتتىق چاڭقىغان ئادەمدەك بىر كۆتۈرۈپلا پىيالىنى قۇرۇغداپ قويدى.

— يارايسەن.

— يارايسەن.

— خۇددى ۋۇسۇڭدەك ئىچىۋەتتىڭ.

— ئەمدى ئوغۇل بالىغا ئوخشىدىڭ.

— ...

شۇ تاپتا ئۇلار خۇدابەردىنى بەس ـ بەستە بىر تالاي دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ ماختىغىلى تۇردى. بىر پىيالە هاراقنىڭ كۈچىمۇ ياكى ئۇچۇرۇپ ماختىغانىنىڭ كۈچىمۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي:

— مەن دېگەن ۋۇسۇڭ، ۋۇسۇڭ دېگەن 18 ئاپقۇر ئىچىپمۇ مەست بولمىغان، قۇيە هارىقىڭنى، — دەپ تۈۋلىغىلى تۇردى. ساقىي ئۇنىڭغا تولدۇرۇپ بىرنى قۇيدى، خۇدابەردىنىڭ ئاۋۋالقى

# رەڭلەنگەن رومكا

(ھېكايە)


ئابلەت قادىر

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت


ياز ئايلىرىنىڭ بىر شەنبە كۈنى، مەكتەپ ئالدىدىكى يېڭى-
دىن ياسالغان ئاسفالت يوللاردا كىچىك ماشىنىلار خۇددى ئۈۋۈ-
سىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلىلەردەك توختىماي ئۇياندىن –
بۇيانغا جىددىي ئۆتۈشمەكتە، قۇياشمۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئىللىق
نۇرىنى يەر يۈزىدىكى ھەممە مەۋجۇداتقا ناھايىتى سېخىيلىق بە-
لەن تۆكمەكتە ئىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلەر
بولسا ئاندا - ساندا چىقىۋاتقان ئىزغىرىن شامالدا تەڭگە يوپۇر-
ماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ لەرزەن تەۋرەنمەكتە. مۇختەر يولنىڭ
ئۇ تەرىپىدە پات - پاتلا سائىتىگە قاراپ باتۇرنىڭ چىقىشىنى
كۈتۈۋاتاتتى. ئەسلىدە ئۇلار بۈگۈنكى بۇ شەنبىدىن پايدىلىنىپ
بىر يەرگە بېرىپ ئويناپ كېلىشنى مەسلىھەتلەشكەنىدى. بىر
قانچە دوستلىرى ئالدىن بېرىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈ-
چۈن، ئۇلارنىڭ تېزرەك يېتىپ بېرىشىنى تاپىلاپ يۈرۈپ كەتكە-
نىدى. باتۇر بولسا بىرنەچچە قىزنى بىللە بېرىشقا ماقۇل كەلتۈ-
رۈش ئۈچۈن كىرىپ كەتكەنىدى. باتۇر كىرىپ كەتكىلىمۇ خېلى
بولغانىدى. مۇختەر تېت - تىت بولۇپ ھامان مەكتەپنىڭ چوڭ

غا ئۆتەلمىدىم. كاللامدا ماگىزىندىكى ئىشلار سەۋەبىدىن بىر
خىل غەشلىك تۇمانلىرى ئەگىيتتى. خۇددى ئۆزۈم بىرەر خاتا-
لىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ماگىزىنغا كىرىشتىن ئاۋۋالقى شوخ-
لۇق، خۇشاللىقىمدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. ئىختىيار-
سىز ئارقامغا بۇرۇلۇپ ئىككى پۇتۇم ئۆزۈمنى كۆتۈرۈپ تۇرال-
مايۋاتقاندەك ئاستا - ئاستا قەدەم يۆتكىگىنىمچە ئۆيگە كىرىپ
كەتتىم. ئۆيگە كىرىپلا ئۆزۈمنى يوتقان ئۈستىگە تاشلىدىم.
ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس، ماگىزىندىكى ئىشلار كۆز ئالدىم-
دىن نېرى كەتمىگەچ بېشىم زىددىيەتلىك خىياللار ئىسكەنجىسى-
دە زىڭىلداپ ئاغرىماقتا.

ئۇيان ئۆرۈلۈپ - بۇيان ئۆرۈلۈپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغى-
نىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغلاردا دادامنىڭ: ھەي، نېمە كۈنلەر
بولۇۋاتىدۇ، ئىمامنىڭ ئوغلى خۇدابەردى ئاخۇن قازا قىپتۇ،
تېخى تۈنۈگۈنلا بىزگە ناماز باشلاپ بېرىۋىدى. ئىسىت ياش
كېتىپتۇ. ئانامنىڭ: توۋا، ياپياشلا بالا ئىدىغۇ، ئوقۇشى شۇن-
داق ياخشى، تولىمۇ ئوبدان ئادەم بولغانىدى، دېگەندەك گەپلى-
رىنى غۇۋا ئاڭلىغاندەك قىلدىم - دە، كۆڭلۈم بىر نەرسىنى
تۇيغاندەك سەكرەپلا تۇرۇپ كەتتىم.

شۇ تاپتا ئۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. بۇ چۈشۈممۇ ياكى
ئوڭۇممۇ؟ يالغانمىكىن دېسەم نەدىمۇ ساق ئادەمنىڭ ئۆلۈم خەۋ-
رىنى تارقىتىدىغان ئىش بولسۇن، ئىسىت دېدىم - دە، ئىككى
ئالىقىنىم بىلەن بېشىمنى چىڭ سىققىنىمچە يوتقان ئىچىگە چۈم-
كەلدىم. ماگىزىندىكى ئىشلار، «ۋۇسۇڭ» نىڭ ئاخشامقى قى-
لىقلىرى ئېكراندىكى سۈرەتتەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتمەكتە ...

ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ھېلىقى توردا تونۇشۇپ قالغان دىلنار ئىسىملىك قىزغىچۇ؟ ھە راست ئۇنى نەدە ئىشلەيدۇ دېگەنتىڭ. تۇتە مە، تېزدىن تېلېفون قىلە، — دەپلا ئۇنىڭغا يانفوننى سۇندى. مۇختەر باتۇرنىڭ ئۆتكەندە ئۆزى بىلەن دىلنار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە، باتۇرنىڭ گەپ كوچىلاپ بىر نەرسىنى بىلمەكچىكەنلىكىنى پەملىگەنىدى، شۇڭا ھازىرمۇ تۇرۇپ قالدى. بىراق، بۈگۈنكىدەك قىزىق سورۇنغا بىر ـ ئىككى قىزنى باشلاپ بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ھەم باتۇرغا ئاستىرتتىن بىر ئىشنى چۇشەندۇرمەكچى بولغاندەك تېلېفون بېرىشكە قوشۇلدى. ئەمما، باتۇرنىڭ يانفونىدىن قىلماي، ئۇدۇلدىكى تېلېفون دۇكىنىدىن قىلىش ئۇچۇن ماڭدى. باتۇر بىر ئىشنى سەزدى بولغاي مىيىقىدا كۇلۇپ قويدى.

— ۋەي! ياخشىمۇسىز، دىلنار بارمۇ؟

— مەن شۇ، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دېدى دىلنار بىر ئاز جىددىي تەلەپپۇزدا.

— ئوھوي، مەن مۇختەرغۇ، تونۇمىدىڭىزما؟ كۆرۈشمىگىلى ئاران بىرنەچچە كۈن بولدى جۇمۇ. ئۇنداق ئۇنتۇغاق بولۇپ كەتمەڭلار، — دېدى مۇختەر بىر خىل كىنايە بىلەن.

— ھە، سىزمىدىڭىز، ئەجەب شەنبە كۈنلۈكتە تېلېفون بېرىپ قاپسىزغۇ؟ ئويىنتىپ كېلەي دېمەيدىغانسىز؟

— بۈگۈن قىلىدىغان باشقا ئىشىڭىز بولمىسا چىقىڭە ئەمەسە، ھە راست بىرەر يېقىن دوستىڭىز بولسا ئېلىپ چىقسىڭىز بوپتىكەن. بۈگۈن بىز باللار بىلەن ئولتۇرايلى دېگەن. كۆڭلۈم سىزنى تارتىپ بىللە بارايلى دېگەنتىم. مېنىڭ بىر...

دەرۋازىسى تەرەپكە قارايتتى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر تال تاماكىنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، لېۋىگە قىستۇرۇپ چاقماق ياقتى. ئۇ تاماكىنى قاتتىق بىر شوراپ، ئىسىنى بۇرنىدىن خۇددى زاۋۇت تۇرخۇنىدىن تۇتۇن چىققاندەك بۇلۇق ـ بۇلۇق چىقاردى. ئاندىن بىر قولىنى يانچۇقىغا سالغىنىچە خۇددى مۇھىم بىر ئىشنى جايىدا بىر تەرەپ قىلالماي بېشى قاتقان ئورگان كادىرىدەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن باتۇر مەكتەپ دەرۋازىسى ئىچىدىن تېز ـ تېز مېڭىپ يولنى كېسىپلا مۇختەرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئەجەب تەستە چىقتىڭغۇ؟ باللار كەتكىلىمۇ خېلى بولدى. سېنى ساقلاپ بەك تۇرۇپ كەتتىم. غەلىتە خۇيۇڭ بار جۇمۇ سېنىڭ.

باتۇر ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ تازا قاتتىق شورىغاندىن كېيىن:

— بىر ـ ئىككى قىزغا تېلېفون بەرسەم «ئىشىم بار، ئۆيدىن تېلېفون كەلمەكچىدى. بۇدا چوقۇم» دېيىشىپ چىقمىدى. خەپ ناياقلار، — دېدى ئۇ مۇختەرنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ.

ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا قانداق قىلىش ھەققىدە ئويلىنىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز باتۇر:

— ھەي، ھېلىقى قىز دوستۇڭغا تېلېفون بېرە. بىرەر دوستىنى ئېلىپ كەلسۇن، بىللە يېرىپ ئويناپ كېلەيلى، — دېدى بىرا خىل تەمكىن قىياپەتتە.

مۇختەر دەماللىققا ئۇنىڭ كىمنى دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي «كىمنى دەيسەن» دېگەندەك باتۇرنىڭ كۆزىگە قارىدى. باتۇر

دىلنار ئۆزىگە قالاتتى.

ئۇ ئىككىسى ئالاھازەل بىر سائەت ساقلىغاندىن كېيىن، دىلنار ماشىنا بىلەن يېتىپ كەلدى. مۇختەر ئۇنىڭ يالغۇز كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ گەپ باشلاي دەپ تۇرۇشىغا دىلنار سۆز ئالدى:

— بەك ساقلىتىپ قويدۇم - ھە، بىرنەچچە دوستۇمغا تېلېفون بەرسەم ھەممىسى بۈگۈن ناھايىتى مۇھىم ئىشلىرىمىز بار ئىدى دەپ كەلگىلى ئۇنىمىدى. كەچۈرسىز، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن بىر خىل يالغانچىلىقنى يوشۇرغاندەك كۈلۈپ قو-يۇپ، مۇختەر بىلدۇرمەيلا:

— ھېچ ۋەقەسى يوق. بۇ مېنىڭ ئاغىنەم باتۇر. بۇياق دىلنار. ئۇ ... — دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى. ئەسلى-دە ئۇ دىلنارنىڭ قايسى مەكتەپتىن ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچىدى. بىراق، تا ھازىرغىچە بىلمەيتتى. بىر تۇرۇپ بىلمىگەنلىكىگە خۇش بولدى. ئەگەر بىلگەن بولسا ئېيتىپ بەرسە مۇنۇ بايۋەچچە ئاغىنىسى بىلەن ئىش يۈرۈشمەيتتى. ئۇلار ئاددىيلا باش لىڭشى-تىپ سالاملاشتى. دىلنار باتۇرنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلى-قىنى بايقاپ، قېشىنى سۈزۈپ قويدى. بۇنىڭغىچە باتۇرنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى. باتۇر يانفوننى ئېچىپلا:

— مۇختەر، بالىلار تېز كەلسەڭلار دەپ قىستا ئۇچۇر يول-لاپتۇ، ئۇلار بەك ساقلاپ كەتمىسۇن چاپسان ماڭايلى، — دېدى. مۇختەر يول ئۈستىدىن بىر قىزىل رەڭلىك كىرا ماشىنىنى توسۇپ دىلنارنى ئالدىغا چىقاردى. ئاندىن ئۆزلىرى ئارقىسىغا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل «شادلىق قاۋاقخانا» سىغا يۈرۈپ كەتتى. مۇخ-تەر توساتتىن باتۇرنىڭ ماشىنا ئىچىدىكى كىچىك ئەينەكتىن

— ئوھوي، نېمانداق ئاچ كۆز بولۇپ كەتتىڭىز، بىرسى يەتمەي يەنە بىرنى باشلاپ چىقىڭ دەيسىزغۇ؟ — دېدى دىلنار مۇختەرنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ.

— نېمانداق ئويلايدىغانسىز. مېنىڭ بىر دوستۇم يالغۇزسىراپ قالمىسۇن دەيمەن ھەم سىزمۇ ئۆزىڭىز بىلىدىغان دوستىڭىز بىلەن بىللە بارسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇ قېتىم ھەرگىز پۇشايمان قىلمايسىز. ئۆتكەندىمۇ يامان ئەمەس بولغانغۇ، قانداق ھەۋەس باردۇ؟ چىقالامسىز؟ — دېدى ئۇ باتۇرغا كۆز قىسىپ قويۇپ، ئۇ شۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن باتۇرغا ئۆزىمۇ بۇ قىز بىلەن، يەنى دىلنار بىلەن يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇۋاتاتتى.

— سىزدەك ئوغۇللار مەيدىڭىزگە ئۇرغان يەردە، بىزدەك جەڭگىۋار قىزلار تىرناق تاتىلاپ تۇرساق بولماس، لېكىن بەك ساقلاپ كېتەرسىزمىكىن. قۇرۇق يۈيۈشقا ئاپىرىپ بەرگەن كىيىملىرىم بار ئىدى. ھە راست، دوستۇمنى كىمگە تونۇشتۇرۇپ قويماقچىسىز؟ — دېدى دىلنار تۇيۇقسىزلا بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك.

— ھېلىقى ئۆتكەندە سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن باتۇر ئىسىملىك دوستۇمغا.

— ھە، ھېلىقى بايۋەچچە ئاغىنىڭىزنىمۇ؟ ھە بىلدىم، مەن ئامال قىلىپ باقاي — ھە!

مۇختەر بىر قىسىملا بولۇپ «ھىم» دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. گەپمۇ قىلماستىن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدى سەل خاتىرجەم بولغاندەك كۆرۈنەتتى. دىلنار بىر دوستىنى باشلاپ چىقسا، دوستى باتۇر بىلەن ئۇلتۇرسا،

ھېسسىياتلارغا چۆمدۈرەتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ جەينىكى باتۇر- نىڭ قولىغا تېگىپ كەتتى. باتۇر خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ قىزغا قارىدى. دىلنار بىر خىل خىجىل بولغان قىيا- پەتتە ئاستا «كەچۈرۈڭ» دېدى ـ دە، دەرھال كۆزىنى ئېلىپ قاچتى.

ئولتۇرۇش تەنتەنىلىك مۇراجىئەت بىلەن باشلاندى. قائىدە بويىچە ئاۋۋال بىر مەيدان ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىلىدىغانلىقىنى قاۋاقخانا رىياسەتچىسى ئېلان قىلىشى بىلەن تەڭ خۇددى قوتان- نىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان پادىلاردەك ھېسسىياتلانغان بۇ ئويۇنچىلار مۇزىكا چىقىشى بىلەنلا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قىيا ـ چىيا قىلىشقىنىچە مەيدانغا چۈ- شۈپ ئويناشقا باشلىدى.

ئۇسسۇل ئاخىرلىشىپ لەرزان كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇچى تانسا مۇزىكىسى باشلاندى. ئاڭغىچە مۇختەرنى باشقا بىر قىز تانسىغا تارتىپ ئەكەتتى. دىلنار باتۇرنىڭ تانسىغا تارتىشى بىلەن ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، كىيىملىرىنى قايتىدىن تۈزەشتۈرۈپ مەيدانغا چۈشتى. يېقىملىق تانسا مۇزىكىسى ئىچىدە ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز ئوينىدى. دىلنارنىڭ تولغان كۆكسى پات- پاتلا باتۇرنىڭ كۆكرىكىگە تېگىپ كېتەتتى. بۇ ۋاقىتتا باتۇر ئاجايىپ بىر ئىللىق غەيرىي سېزىم ئىچىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى. دىلنارنىڭ بېلىنى تۇتقان قولى ئىختىيارسىز تۆ- ۋەنگە سىيرىلىپ چۈشتى. بىراق، باتۇر دەرھال ھوشىنى يىغىپ قولىنى تارتىۋالدى. تۇيۇقسىز باتۇر دىلنارنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سالدى. ئۇ ھودۇقۇپ قىلىنىدىن:

— كەچۈرۈڭ، ئەمدىلەتىن ئۆگىنىۋاتقاچقا تازا ياخشى ئوي-

دىلنارغا كۆز ئۇزمەي قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جەينىكى بىلەن نوقۇپ ئۇنىڭدىن گەپ سورىغان بولۇپ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى. باتۇرمۇ چاندۇرمايلا ئۇنىڭغا قاراپ پاراڭغا قۇلاق سالدى.

قاۋاقخانا ئىچى غۇۋا كۆرۈنەتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان، تاماكىلارنىڭ قاڭسىق ھىدلىرى ھەممە يەرنى بىر ئالغان بولۇپ، تېخى ئويۇن باشلانماستىنلا بەزىلەر رومكىلارنى تىزىپ بىر - بىرىدىن ئېسىل ھاراقلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تەييار قىلىپ ئولتۇراتتى. باتۇرنىڭ دوستلىرى ئۇلارنى كۆرۈپ قىزغىن چاۋاك بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. دىلنار مۇختەر بىلەن باتۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. مۇختەر بىر نەرسە دەي دەپ ئويلىدىيۇ، ئەمما گەپ قىلالمىدى. ئۇلار ئۆزئارا سالام - سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، ھەممىسى بۇ ياسانچۇق قىزغا قىزىقىش نەزىرى بىلەن قارىدى. دىلنار بۇگۇن ئالاھىدە كىيىنگەن بولۇپ، بوينىدا قايسىبىر كۇنى مۇختەر ئېلىپ سوۋغا قىلغان يۇلتۇز شەكىللىك زەنجىر تۇراتتى. چېچىنى ئالاھىدە قىلىپ ياسىۋالغان بولۇپ، كەينىدىن قارىغان كىشى ئۇنى باغلانمىغان سۇپۇرگىنىڭ شىۋاقلىرىغا ئوخشىتاتتى. ئۇچىسىغا ئويما ياقىلىق مايكا كىيگەن بولۇپ، تولۇق يېتىلگەن كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. چاسا چىقىرىلغان پادىچىلار يوپكىسى بەكمۇ ياراشقان بولۇپ، ئۇنىڭ تولغان ئاق پاقالچاقلىرى يوپكا ئاستىدىن ئېنىق كۆرۈنەتتى. پۇتىغا يارىشىملىق قونچلۇق ئاياغ كىيگەن بولۇپ، ھەرقانداق كىشى ئۇنى مۇشۇ ۋاقىتتا كۆرسە «ئەجەب پەيزى باركەن بۇ قىزنىڭ» دېگەن تۇيغۇغا كېلەتتى. ئۇ دېمىسىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ چاچقان ئەتىردىن ئالاھىدە پۇراق تارقىلىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاللىقانداق بولمىغۇر

«دوستلۇق سوۋغىسى» بولسۇن دەپ بەردى. شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭغا دوستلىرىڭىز بولسا بىللە ئېلىپ كېلىڭ دېگەنتىم. بىراق، ئۇ مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇم يوق دەپ ئۆزىلا كەپتىكەن. سىز ھەرگىز خاتا ئويلاپ قالماڭ. مەن بۇنى پەقەت تونۇشۇش سوۋغىسى دەپلا چۈشىنىمەن. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشلا، خالاس. راستىنى ئېيتسام، مەن سىز توغرۇلۇق ئاڭلىغان ۋاقتىمدىلا سىز بىلەن تونۇشۇش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى. مۇختەرگە ئېيتاي دېسەم ئۇنىڭ باشقىچە ئويلىشىدىن ئەنسىرىدىم. شۇ تاپتا سىز بىلەن دوست بولغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— بىز تونۇش، يەنى ئادەتتىكى تونۇش بولايلى، خالاس. مۇختەر مېنىڭ ياخشى دوستۇم. مەن قانداقمۇ ئۇنىڭ قىز دوس- تى بىلەن يېقىن دوست بولالىغۇدەكمەن. سىز باشقىچە ئويلاردا بولماڭ. مۇختەر ئاڭلىسا سىزگە باشقىچە قاراشتا بولۇپ قالمى- سۇن يەنە، — دېدى ئۆزىنى بېسىۋالغان قىياپەتتە. لېكىن ئۇ- نىڭ كۆزى ھامان دىلنارنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىدە ئويناپ يۈرەت- تى.

— بولدى قىلىڭە باتۇر. ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭە، دېدىمغۇ بىز پەقەت ئادەتتىكى دوست. سىز ئويلىغاندەك ئىش ئۇنداق مۇرەككەپ ئەمەس. سىز نېمىگە ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز. نەدىمۇ شۇنداق بىر - بىرىنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا يۈرۈپ قالىدىغان ئىش بار ...

— ئۇنداقتا سىز مېنى چۈشىنەمسىز؟ بىز تونۇشقىلى تېخى نەچچە سائەت بولدىغۇ.

— سىز باشقىلارغا ئوخشىمايسىز. ئەجەب سىلەر تاللىساڭ- لار بولىدىكەن، بىزنىڭ تاللىشىمىز يوقما؟ مەن ھەرگىز خاتا

نىيالمايمەن. سىز ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئوينايدىكەنسىز، — دەپ ئەپۇ سوراش بىلەن بىرگە خېلىدىن بېرى جىمجىتلىق ئىچىگە بېكىنگەن ھالەتكە خاتىمە بەردى. ئىچىدە بولسا ئۇنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سالغانلىقىنى ئوبدان تونۇشۇش پۇرسىتى بولدى دەپ ئويلاپ، ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ پۇتىغا ھۆرمەت بىلەن قاراپ قويدى. دىلنار ئۇنىڭ ئەتەي شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەكسىچە چاندۇرماي:

— ئۇنچىلىك ئەمەس، مەنمۇ تېخى يېقىندىلا ئۆگىنىۋالغان، ئۆگىتىپ قويۇڭ دېسىڭىز ئۇستاز بولاي، لېكىن سىزمۇ خېلى ياخشى ئوينايدىكەنسىز. ئاڭلىسام بايۋەچچە ئىكەنسىز، بەلكىم ئەتراپىڭىزنى چۆرگىلەيدىغان قىزلارمۇ ئاز ئەمەستۇ؟ — دېدى دىلنار بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي. ئۇ شۇنداق دەپلا باشقا ياققا قارىۋالدى.

— مۇختەر دەپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ. ئۇنداقمۇ ئەمەس. لېكىن، ۋاقتى كېلىپ خەجلەش توغرا كەلسە يانمايدىغىنى مەن. ئەمما سىز دېگەندەك قىزلار بىلەن ئۇنچىلىك كۆپ ئارىلاشمايمەن. شۇڭا ھازىرغىچە بويتاق. بولدى بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلى. ھە راست مۇختەر بىلەن ياخشى ئۆتىدىكەنسىز. ئاڭلىسام توردا تونۇشۇپتىكەنسىلەرغۇ. شۇنداق ئاسانلا چىقىشىپ كېتىپسىلەر - ھە! — دېدى باتۇر ئۇنى چېكىپ باقماقچى بولۇپ. دىلنار بىر قىز بىلەن تانسا ئويناۋاتقان مۇختەرگە ئىتتىك بىرنى قاراپ قويۇپ:

— نەدىكىنى، ئۇنداق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىز پەقەت نەچچە قېتىملا كۆرۈشتۇق. ئاندىن ئۇنى تۇغۇلغان كۈنۈمگە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ماڭا تۇغۇلغان كۈنۈمگە ئاتاپ بۇ زەنجىرنى

— ھەي! نېمىگە تارتىنىسىز. بىز يا ناتونۇش كىشىلەردىن بولمىساق، بىزنىڭ يەنە بىرنى ئالغۇچىلىكىمىز بار جۇمۇ. توغ-را، بۇنى ئىشلەتكىنى ئىكەن دەپ ياراتمايۋاتقانسىز يا. بوپتۇ يېڭىدىن بىرنى سىزگە سوۋغا قىلاي - ھە! تومۇچۇقۇم … — دېدى باتۇر ھاراقتىن قىزارغان كۆزلىرىنى دىلنارغا تىكىپ، ئۇ ئاستا دىلنار تەرەپكە بېشىنى ئېگىپ، پەس ئاۋازدا «كېلىڭە بىرنى سۆيۈپ قويۇڭە» دېدى. دىلنار «ئەسكى» دېگىنىچە ئۇنى ئاستا ئىتتەردى. مۇختەر غەرق مەست ھالەتتە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ قىلىقىغا چىداپ تۇرالمىدى. بولۇپمۇ، دىلنارغا غەزىپى كەلدى. راستتىنلا ئۆزى خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان بىر رومكا ھاراقنى گۈپپىدە كۆتۈرۈۋېتىپ ئورنى-دىن دەس تۇردى - دە، دەلدەڭشىگەن پېتى دىلنارغا قول تەڭلەپ:

— قوپۇڭ، تانسا ئوينايمىز! — دېدى.

دىلنار مۇختەرنىڭ بەكلا مەست بولۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ باياتىن پۈتىنى قايرىۋالغانلىقىنى باھانە قىلىپ قوپقىلى ئۇنىمىدى. ئەتراپىدىكى دوستلار بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدىيۇ، باشقا گەپ قىلماي ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە بولۇشتى. شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئوسال بولغانلىقىنى بىلگەن مۇختەر ھاراقنىڭ كۈچىدىنمۇ ياكى باياتىنقى ئىشلار ئەمدى تەسىر قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر تۇيۇقسىزلا:

— ھەي رەسۋا، مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ، — دەپلا دىل-نارنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى، ئاندىن، — باياتىنقى قىلىق-لىرىڭنى مېنى كۆرمىدى دەمسەن … ھېھ، ئۆتكەندە ئەجەب «مەن سىزگە ئامراق» دەۋاتمامتىڭ. سەن ئەجەب بۇگۈن باشقى-

تاللىمىدىم، — دىلنار شۇنداق دېگىنىچە ئەتەي قاپىقىنى تۈرۈپ ئاچچىقلانغانداك بېشىنى يانغا بۇرىۋالدى. باتۇر بۇ تومۇچۇق سەتەڭنىڭ ئاسانلا ئىندەككە كەلگەنلىكىنى بىلسىمۇ قەستەن بىلـمەسكە سېلىۋالدى. ئاڭغىچە مۇزىكا توگەپ ھەممە ئۆز ئورۇنلىـرىغا قايتتى. مۇختەر بىلەن باتۇر بىردەمدىلا خېلى تەڭشىلىپ قالدى. دىلنار بولسا «يېڭىسىنى كۆرۈپ كونىسىنى تاشلاش» ھۈنىرى بويىچە مۇختەر بىلەن كارى يوق باتۇرغا يېپىشىۋالدى. ئۇ باتۇرنى «بولدى قىلىڭ، ئىچمىڭە» دېگەندەك جەينىكىنى تارتىپ قويدى. مۇختەر لاپپىدە قاراپ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەنـدەك بولدىيۇ، باتۇر بىلەن جىددىي ئىچىشىش جېڭى ئېلىپ بېرىۋاتقاچقا بىردەمدىلا ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتى. باتۇر خېلى قىزىپ قالغانىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى. ئۇ يانفوننى ئالمايلا بېسىۋەتتى. ئۇ يانفوننى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويدى. دىلنار قىزىقىپ يانفوننى قولىغا ئالدى.

— باتۇر يانفونىڭىز ئەجەب ئېسىلكەن - ھە. مەنمۇ بىرنى ئالاي دېگەنتىم مۇشۇنىڭدىن، نەچچىگە ئالدىڭىز، — دېدى يانفونىنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىنى «تىت - تىت» قىلدۇرۇپ باسقاچ.

— ۋاي جېنىم سىزگە لازىم بولسا مۇشۇنىلا ئىشلەتمەمسىز. بولدى سىزگە سوۋغا قىلىۋەتتىم. قانداق دېدىم ئاغىنىلەر، — باتۇر قىزىقچىلىقتا مۇختەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىدەكلا پوسۇقىدە دەۋەتتى.

— ياق، ياق، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس. ئۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ. بۇ قىممەتتۇ ھەقىچان. ياق، مەن قوبۇل قىلالـمايمەن، — دىلنار ئۇنداق دېگىنىچە بىر خىل ناز - كەرەشمە بىلەن يانفوننى باتۇرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماقچى بولدى.

گەن مۇختەر باتۇرغا شالىنى چاچتى. باتۇرمۇ بوش كەلمەي قوپۇشقان پېتى بىر - بىرگە ئېسىلىپ مۇشتلىشىپ كەتتى. ئۇلار دوستلىرىنىڭ ئاجرىتىۋېلىشلىرىغا پەرۋا قىلماي سوقۇشۇۋاتاتتى. سورۇندىكى دوستلار دىلنارغا غەزەپ بىلەن قارىشىپ قويدى. يوقىلاڭ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئىككى دوست بىر قىزنى، يەنى ھەر ئىككىلىسىگە ھەقىقىي تونۇش بولمىغان قىزنى تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتاتتى. دىلنار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باتۇرنىڭ يانفونىنى سومكىسىغا ئاستا تىقىۋالدى - دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ قاۋاقخانا قوغداش خادىملىرىغا بىر نەرسە دېدى.

قاۋاقخانىدا نۇرغۇن ئادەملەر بۇ ئىككىسىنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈۋاتاتتى. بەزىلىرى ھە - ھۇ دەپ كۈلۈشەتتى. بەزىلەر چۇقان سالاتتى. باتۇر بىلەن مۇختەر بولسا كۆزلىرىنى خۇددى قان ئىچكەن يالماۋۇزدەك قىزارتىپ مۇشلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كېيىملىرى بۇرنىدىن ئاققان قاندا قىپقىزىل بولۇپ كەتتى. تۇيۇقسىز مۇختەر باتۇرنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇستى. باتۇر سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئۇستەل يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. باتۇر دوستلىرىنىڭ تۇتۇۋېلىشىغا ئۇنىماي يەردىن بىر دانە ھاراق بوتۇلكىسىنى ئالدى - دە، بارغانچە بېرىپ مۇختەرنىڭ بېشىغا زەرب بىلەن ئۇردى. بوتۇلكا پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. مۇختار بېشىنى تۇتقىنىچە باياتىن ئۆزلىرى ئولتۇرغان ئۇستەلگە دەلدەڭشىگىنىچە بېرىپ يۆلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ بەدىنى بوشىشىپ كەتتى. بېشىدىن ئېقىۋاتقان قان ئۇستەلدىكى ئۇلار ھاراق قۇيۇپ ئىچكەن رومكا ئىچىگە ئاستا سىرغىپ چۈشتى. رومكا ئىچىدىكى ئېشىندى ھاراق بىلەن قان قوشۇلۇپ بىر خىل رەڭلىك سۇيۇقلۇققا ئايلاندى.

چە ... سەن زادى مەن بىلەن تانسا ... ئوينامسەن ـ ئوينىمام-
سەن، — دېگىنىچە يەنە قول كۆتۈرۈۋىدى باتۇر تۇتۇۋېلىپ:

— نېمانداق قىلىسەنۋا ئاداش. بۇياق ۋالىس ئويناشنى خا-
لىمىسا يەنە نېمىگە زورلۇق. بولدى قىلىڭلار ئەمدى. ئۆزۈڭلار-
نى بېسىۋالساڭلار بولارمىكىن، — دەپ مەستلىكتىن خۇمارلاش-
قان كۆزلىرىنى مۇختەرگە قاراتتى. مۇختەر قولىنى سىلكىپ
باتۇرغا قول تەڭلەپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— ھۇ، سەندەك نېمىنىمۇ ئاغىنەم دەپ يۈرۈپتىمەن. ئۆ-
تۈپ كەتكەن خۇمسى ئىكەنسەنغۇ. ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇ-
نىڭغا قاش ئېتىشتىن ئۇيالمىدىڭمۇ؟ سەن دوستۇم ئەمەس دۈش-
مىنىم ئىكەنسەن. ئىست ... — دېگىنىچە دەلدەڭشىپ ئورۇن-
دۇقنى ئىتتەردى.

— ئاغزىڭنى يۇم، نېمە چالۋاقايسەن، ھى بالاڭزا،
ھېلى بىكار ... ئاپاڭدىن تۇغۇلغانغا تويغۇزۇۋەتمەي يەنە. سەن
ئاشۇ بىر تال زەنجىر بىلەن قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتمەن دېگەن-
مىدىڭ. ھۇ قەلەندەر، — ئۇ شۇنداق دەپلا يېنىدا تۇرغان دىل-
نارنىڭ بوينىدىكى زەنجىرنى ئۈزۈۋېلىپلا مۇختەرگە ئاتتى.

— ئالاۋە مۇنۇ نەرسەڭنى، سېنى يوغان سۆزلەتكەن نەرسە
مۇشۇغۇ، — باتۇرمۇ دەلدەڭشىپ ئورۇندۇقنى ئىتتەردى. دىل-
نار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي «بۇ، بۇ» دېگىنىچە بىر باتۇرغا،
بىر مۇختەرگە قارىدى. چۈنكى ئۇ ئىككىسى ھازىر مەست بولۇپ
ئۆزلىرىنى تامامەن يوقاتقانىدى. ئەتراپىدىكى دوستلار ئۇلارنى
ئۇنى ـ بۇنى دەپ يۈرۈپ ئاخىر ئايرىپ ئولتۇرغۇزدى. باتۇر
ئەمدىلا ئولتۇراي دېيىشىگە مۇختەرنىڭ نۆۋىتى بولغان بىر رومكا
ھاراق ئۇستەلگە تۆكۈلۈپ كەتتى. بۇنى قەستەنلىك دەپ چۈشەن-

ئوخشاش كەسپىي قەسەمخورلارچە پەم ئىشلىتىش كېرەك. ئۇدۇل كەلگەن ئادەمگە قەسەم ئىچىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتەمەن دېيىش بۇ پەقەت ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك، خالاس. ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىدىغان ھەم تونۇيدىغان كىشىگە قەسەم قىلىپ بىر نەرسە تەلەپ قىلىسىڭىز، ئۇ سىزدىن ئەمەس بەلكى قىلغان قەسىمىڭىزنىڭ پاساھەتلىك سۆز - جۈملىلىرىدىن تەسىرلىنىپ بولسىمۇ، سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ. ئۇ دائىم شۇنداق قىلاتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ «بۇمۇ بىر ھۈنەر، بۇنىڭغا ماڭا ئوخشاش كاللىسى زىيادە ئىشلەيدىغان قەسەمخورلار باب كېلىدۇ» دەپ ئۆزىگە پىچىرلايتتى. ئۇمۇ شۇ دەسمايىسى بىلەن تازا ئوبدان كۈن ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتقان كۈنلەردە تاسادىپىي يۈز بەرگەن بىر ئىش ئۇنى بۇ مەنپەئەتلىك «تىجارەت» تىن ئايرىلىپ قېلىشقا سەۋەبچى بولدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ يانچۇقىدا ھەتتا نان ئالغۇدەكمۇ پۇل قالمىدى. قورسىقىمۇ قېرىشقاندەك كولدۇرلاپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. بۇ ئايلىق تۇرمۇش پۇلىنى ئۆتكەن ھەپتىدىكى ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشىدا مەردلىك بىلەن رېستوراندا خەجلەپ، شۇنداقلا قىمار ئويناشلار بىلەن ئاي يېرىملاشماي تۈگىتىپ بولغانىتى. ئۇ ياتاقتىكى يەشىكلەرنى ئاختۇرۇپ بىر بۇردا قاتتىق نانمۇ تاپالمىدى. ئامال بولمىغاندىن كېيىن كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ، رېستوراندىكى چوكا تەگمەي شۇ پېتىچە قالغان تاماقلارنى ئويلاپ، تۈكۈرۈكىنى غۇرتتىدە يۇتتى. بىرەرسىدىن پۇل سوراي دېسە، بۇ بىنادا ئۇ پۇل سورىمىغان ئادەم قالمىغانىدى. ئۇنىڭ تۈگىمەس قەسەملىرىگە ئالدىنىپ پۇل بېرىپ تۇرغانلار قايتۇرۇۋېلىش ۋاقتىدا ئۇنىڭ كەينىدىن تولا يۈگۈرۈپ ئاياغلىرى تېشىلگەنىدى. شۇڭا ئۇلار ئەمدى ئۇ نېمىلا دېمىسۇن ھەرگىز پۇل بەرمەيتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ خىيالىغا بۇرۇن بىر ياتاقتا ياتقان ۋەلى ئىسىم

ئەتىسى ئەتىگەندە باتۇر كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ باشقا يەردە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ بىردىنلا ئاخشام يۈز بەرگەن ئىشلارنى غۇۋا ئەسلىدى ـ دە، قاتتىق بىرنى ۋارقىرىغىنىچە تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇ تۇرمىدە ئىدى. ئاخشام قاۋاقخانا قوغداش خادىملىرى ئۇنى ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. باتۇر ئۆزىنىڭ شەيتان ۋەسۋەسى بىلەن ئەخمەقلەرچە قىلغان ئاخشامقى ئىشىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ كۆزىنى ئاستا يۇمۇپ ھەممە ئىشنىڭ تونۇگۇن كۆرگەن چۈش كەبى نەتىجە بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر كۆزىنى ئاچالمىدى...

## قەسەمخورنىڭ ئاقىۋىتى

(ھېكايە)

ئۇ قەسەم قىلىشقا ئامراق. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بىرەرسىگە ھاجىتى چۈشۈپ قالسا، ئادەمنى شېرىن ـ شېكەر سۆزلەر، شۇنداقلا دوستلۇقنىڭ، ئادىمىيلىكنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن سۈپەتلىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ، قەسەم ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. قىسقىسى، قەسەم ئۇنىڭ بىر خىل كۆندىلىك جان بېقىش قورالىغا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭدا شۇنداق بىر قابىلىيەت بار ئىدىكى، ھەرقانداق بىر كىشىنى باشقىلار بىلەن ئۈچراشتۇرمايلا ئۇتتدا قويالايتتى. بۇنداق دېسەم «قەسەم قىلىپ بىرەرسىنى ئوتتدا قويماق ئاسان» دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن. ئىش ئويلىغاندەك ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا

بىرىش ئۇچۇن ئەتەي چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىۋېرسال بىنا ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك ۋەلى ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك جىددىي سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئەتەي ئۇنى كۆرمىگەنگە سېلىنىۋالماقچى بولغانىدى. بىراق ۋەلى ئۇنى كۆرۈپ قالدى.

— تۇرسۇن ياخشىمۇسەن، نەگە ماڭدىڭ؟ ھوي، قولۇڭغا نېمە بولدى، — ۋەلى ئالدىراپ سورىدى.

— ۋاي ئاداش، قارىماسەن ماڭا كەلگەن بۇ پېشكەللىكنى، باياتىن ياتاقتىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىنى تازىلاۋاتقىچە قولۇمنى ئەينەك كېسىۋەتتى. بەك قاتتىق كېسىۋەتكەن ئوخشايدۇ. قان توختىماي دوختۇرخانىغا ماڭغانتىم. لېكىن يېنىمدا پۇل يوق. ئامال يوق بىرەرسى ئۇچراپ قالامدىكىن دەپ ماڭغانتىم. خۇدايىم سېنى ئۇچراشتۇردى. مەن بەك خىجىل ئاداش. ئۆتكەندىكى پۇلۇڭنى بەرمەي تۇرۇپلا يەنە قەرز سوراۋاتىمەن. خاتىرجەم بول ئاداش، بۇداقى تۇرمۇش پۇلۇم كەلگەنلا ھامان ئاۋۋال سېنىڭكىنى بېرىۋاتىمەن. ئەگەر يەنە ئارقىغا تارتسام مېنى نېمە دېسەڭ مەيلى ئاداش، ياكى ...

ۋەلى ئۇنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشلىرىدىن بىزار بولغاندەك ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— تۇرسۇن بولدى قىلە ئاداش، ئەتراپىڭدا شۇنچە نۇرغۇن ئادەملەر تۇرسا بۇنداق سۆزلەۋەرسەڭ ئۆزۈڭگە سەت ئەمەسمۇ، مەن ساڭا ئىشىنىمەن، — دېدى مەنىلىك قىلىپ. ۋەلى قولىنى ئۇزىتىپ لۆڭگىنى ئۈستىدىن باسقانىدى، تۇرسۇن خۇددى راستىتىن قاتتىق ئاغرىغاندەك سەكرەپ كەتتى.

— ۋايجان - ۋايجان، بەك ئېچىشىپ ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ. ئۇنىڭغىچە يەنە بىر دوستى كېلىپ قالدى. ئۇ تۇرسۇننىڭ قولىنى كېسىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ:

— بۇ دۇنيادىكى پالاكەتچىلىكنىڭ ھەممىسى ساڭىلا كېلەمـ-

لىنىڭ دوستى كەلدىيۇ، يەنە نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى. چۈنكى
ئۇ تېخى بىر ئاي بۇرۇن ئۈنىڭدىن 200 كوي پۇل ئالغانتى.
ھازىرغىچە قايتۇرالمىغان. ۋەلىمۇ تېخىچە سۆيلىمىگەنىدى ( بەل-
كىم ئۇ تۇرسۇننىڭ ۋەدىسىنى چوقۇم چىن ۋەدە. ئوغۇل بالى-
نىڭ لەۋزى دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن) . ئەسلىي ئۇ پۇلنى
ئامەت كېلىپ قالسا ئۆزۈمنى قىمار ئارقىلىق بىر سەمرىتەي
دەپ ئالغانىدى. كېيىن ئامەت ئۇنى ياراتماي كەينىنى قىلىپ
تۇرۇۋالغاچقا ھەممىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەنتى. ھەي، ئەمدى قانداق
قىلىش كېرەك؟ ئۇ توختىماي كوركىراۋاتقان قورسىقىنى ئىككى
ـ ئۈچنى مۇشتلاپ قويۇپ ئاستىغا بېسىپ كارىۋاتتا ياتتى.
قورسىقى تېخىمۇ بەك كوركىراشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىر بولالماي
ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈپ ياتتى. ئەمدى ئۇ ئازراق ئارام تاپقاندەك
بولدىيۇ، ئەمما بۇ ئەھۋالنىڭ بىردەملىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ
جىددىي ئامال ئىزدەشكە تۇتۇندى. «باشقا بەزىبىر ئىشلارنى
قىلسام ھەممىسى ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىش. ئەڭ ياخ-
شىسى پۇل سوراي. ئېلىۋالغاندىن كېيىن گەپ مېنىڭ. سۆيلى-
سە بېرىمەن دەيمەن. يەنە تېزىمەن دەيمەن. ئۇ كېلىپ ئۇرالماي-
دۇ. قانۇنغا چۈشىمۇ مەن بېرىمەن دېگەندىكىن ئارتۇقچە ئىش
يۈز بەرمەيدۇ.» ئۇ نۇرغۇن خىياللارنى كالللىسىدىن بىرمۇبىر
ئۆتكۈزدى. تۇيۇقسىز كارىۋات بېشىدىكى سىمغا ئېسىپ قويۇل-
غان لۆڭگىگە كۆزى چۈشۈپ خۇددى ئەتراپ يورۇپ كەتكەندەك
بولدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ لۆڭگىنى قولىغا ئېلىپ
ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.
ئاندىن ئۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى قىزىل رەڭلىك سىياھنى لۆڭگىگە
ئاستا تۆكتى. ئارقىدىنلا ئۇنى قاتلاپ سول قولىنىڭ بىغىشىدىن
چىڭ تارتىپ تاڭدى. ئۇ ياتاقتىن ھودۇققان پېتى خۇددى راستى-
تىنلا قولىنى ئەينەك كېسىۋەتكەندەك ھالەتتە چىقىپ كەلدى.
ئۇ يولدا ماڭغانلارغا ئاغرىق ئازابىدىن قىلىنىلىۋاتقاندەك تۈيغۇ

ھەمدە پۇلنىڭ ھەممىسىنىڭ ئون يۈەنلىكتىن بولۇشىنى ئېيت-
تى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ تۇرسۇنغا:
— مە سانىۋال، 200 كوي توغرىمىكىن، — دېدى.
تۇرسۇن ناھايىتى خۇشلۇق ئىچىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ ئىككى
قولى بىلەن پۇلنى ساناشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز ۋەلىنىڭ:
— تۇرسۇن لۈڭگە چۈشۈپ كەتتى، قان چىقىپ كەتمىسۇن
يەنە، — دېگەن سۆزى ئاڭلاندى. ئۇ ئالدىراپ لۈڭگىنى ئېلىپلا
تۇرۇپ قالدى...

# تىلەمچى

## (ھېكايە)

### زۆرىگۈل ساموۇش

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

دەۋر تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشى، پەن - تېخنىكىنىڭ
ئۈچقاندەك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تىلەمچىلىكمۇ، ئۆزىگە
خاس زامانغا ئەگىشىپ مېڭىش يولىنى ئېچىپتۇمۇ نېمە.
ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىغا ياكى قايسى بىر بۇلۇڭ -
پۇچقاقلىرىغا قارىسىڭىز ھامان تىلەمچىلەرنى كۆرەلەيسىز. ئا-
جايىپ قىزىق ئىش، ئىلگىرى كىشىلەر خالىسا پۇل بېرەتتى.
ئەگەر كېچىلىرى چۈشى بۇزۇلسا سەدىقە ھېسابىدا كوچا -
كويلاردىن تىلەمچىلەرنى ئاختۇراتتى. لېكىن، ھازىر تىلەمچى-
لەر باشقىلارنىڭ پۇل بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا باشقىچە پۇل
ئېلىش ئۇسۇلىنى تېپىۋاپتۇ. ئىشقىلىپ مەن بۇنى شۇنداق چۈ-
شەندىم.

دۇ ئاداش، بىردەم پۇتۇلۇك قايرىلىپ كەتسە، بىردەم قورسىقىنى ئاغرىپ كەتسە، يەنە بىردەم ئۇ يېرىلىك ئاغرىسا، مانا ئەمدى قولۇلىنى ئەينەك كېسىۋەتسە، ئۆزۈڭگە ھېزى بولۇپ يۈرگىن جۇمۇ، يەنە باشقا يەرلىرىڭمۇ كېسىلىپ كەتمىسۇن، — دېدى چاقچاق تەرىقىسىدە تۇرسۇنغا قاراپ.

— ھە، بولدى قىلە سەنمۇ، ئۇنىڭ ئىچىشقان يەرلىرىگە تۇز سەپمەي، قارىغىنا ئۇنىڭ چىرايىغا قولى بەك قاتتىق ئاغرىۋاتقان ئوخشايدۇ. شۇنداقمۇ تۇرسۇن. ئەگەر ئاغرىمىغان بولسا چىرايىنى لازا يەۋالغان مايمۇندەك پۇرۇشتۇرۇپ يۈرمەستى ھەقىچان، — دېدى ۋەلى ھېلىقى دوستىنى باسقاچ. ئۇ بىردەم ئويلىنىپ قالدى. ئاندىن تۇرسۇننىڭ قولىغا بىر قاراپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. «كۆز دېگەن كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى» دېگەندەك ئۇنىڭ كۆزلىرى جىم تۇرماي ئۇياق - بۇياققا قېچىشقا باشلىدى. چىرايىمۇ بىردەمدە نەچچە خىل ئۆزگەردى. ۋەلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولدىيۇ، چاندۇرماي:

— ۋۇي، گەپلىشىپ تۇرۇۋەرمەي دوختۇرخانىغا ماڭايلى. ئاۋۋال ساڭا بانكىدىن پۇل ئېلىپ بېرەي، ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسە يالغۇزلىنىپ قالمىسۇن قولۇڭ، — دېدى كەينىگە يېنىپ.

— بۇنچىلىك كىچىك ئىشقا ئىككىمىز چىقمىساقمۇ ئۆزۈملا يېتىشەلەيمەن. سېنى ئاۋارە قىلىپ نېمىمۇ قىلارمەن. پۇلنى ئېلىپ بەرسەڭ بولمىدىمۇ، — دېدى تۇرسۇن ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەندەك.

— مەيلى ئۇنداق بولسا، مەنمۇ ئاۋارە بولماي، — دېدى ۋەلى يولدا مېڭىۋېتىپ. تۇرسۇن ۋەلىنىڭ ئۆزىنىڭ قىلتىقىغا ئاسانلا چۈشكەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. بۇ ئاقىلانە چارىسىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئىچىدە ئۆزىگە مىڭ ئاپىرىنلار ئېيتتى. ۋەلى بانكىغا كىرىپ كارتىنى خىزمەتچى ئايالغا سۇندى

كىسىگىچە چاچ قويغان، ئىشتىنىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى تۆشۈك يىگىتلەر چۈشۈپ غەيرىي رىتىمدا سەكرەشتى. قىزلار يوپكىسىنىڭ تارلىقىغا باقماي پۇتلىرىنى بولۇشىغا كېرىپ ئوينىغىلى تۇرۇۋىدى «يوپكىسى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگىدى» دەپ خىجىللىقىمدىن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. كۆزۈمنى ئاچسام ئۇلار خۇددى بۇددا مۇرىتلىرى «ئامىتابا» ئېيتىۋاتقاندەك قوللىرىنى بىردە جۈپلەپ، بىردە كېرىپ يەنە بىر يېڭى رىتىمغا دەسسەشىۋېتىپتۇ. بۇ يېڭى كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ كۆزلىرىم ئەسلىدىكىدىن قانچىلىك چوڭ ئېچىلىپ كەتتىكىن، بۇنى كۆرگەن دوستۇم:

— ئاداش، قانداق، پەيزىمىكەن؟ بۇ چەت ئەلنىڭ داڭلىق «دىسكو مۇزىكىسى»، ئۇلارنىڭ ئويناۋاتقىنى ھازىر ئەڭ مودا بولۇۋاتقان «زامانىۋى ئۇسسۇل»، — دەپ چۈشەندۈردى مېنى نوقۇپ.

مۇزىكا ئاياغلىشىپ، يەنە باشقا بىر مۇزىكا قويۇلدى. بىرەيلەن مېنى تانسىغا تارتىۋىدى شۇنداق ھودۇقۇپ كەتتىم. بۇرۇن يۇرتتا ساۋاقداشلار بىللە ئولتۇرغاندا بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چۈشەتتىم. لېكىن، ھازىر قىمىرلىيالماي قالدىم.

دوستۇم مېنى زورلاپ دېگۈدەك ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى. لېكىن پەقەت ماسلىشالمىدىم. ئۇ مېنى ئۆزىگە شۇنداق يېقىن تارتىۋالغانىدىكى ... مەنمۇ ئۆزۈمنى بىلگەندەك ئىككى تەرەپكە ئۇششاق ئىككى قەدەم ئېلىپ ئويناۋەردىم. بۇ چاغدا ھېلىقى يىگىت:

— قىزچاق، نېمە قولتۇقىڭىزغا بىرنېمە قىستۇرۇۋالغاندەك ئۇششاق دەسسەيسىز؟ قاراڭ، مۇنداق ئوينايمىز، — دېدى - دە، مېنى ھەدەپ ئىتتىرگىنىچە تۇردى. غۇرۇرۇم كۈچلۈك ھەم ئۆزۈممۇ گەپدان بولغاچقا، مەنمۇ بوش كەلمىدىم:

# «مودا ئۇسسۇلچى»

(فېليەتون)

## مەدىنە پەخرىدىن

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

ئەزەلدىنلا ئويۇن - چاقچاققا ئامراق قىز بولغانلىقىمدىن ئۇنىۋېرسىتېتقا قوبۇل قىلىنغاندىن بۇيانمۇ، دەم ئېلىش كۈنلىرى مەكتەپ تانسىخانىسىغا ئۆتەك كىرگۈم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپتە ئەنسىرىدىم، ئەمما كىرمەيمۇ قويمىدىم. ئالدى-يېنىشىل چىراغلار كۆڭۈلنى لال قىلىدىغان بۇ ئاجايىپ «گۈزەل» سورۇنغا تۇنجى قېتىم ئاياغ باسقانلىقىمدىن بولسا كېرەك، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. دوستۇم بىلەن ئىككىمىز مۇۋاپىق جاينى تېپىپ ئولتۇردۇق. ئاھ! سازلىرىنىڭ مۇڭى... بەللىرىنى تولغاپ ئويناشلىرىنىڭچۇ ئۇلارنىڭ!... خۇدايىم توۋا! چوڭ شەھەر دېگەننىڭ تانسىلىرىمۇ، مۇزىكىلىرىمۇ قالتىس بولىدىكەن - دە! قىزلار تاياقتەك قېتىپ، ئوغۇللار ئۇسسۇلچى خېنىملاردەك ساغرىلىرىنى تولغاپ، خۇددى باققال ھارۋىسىنى ئىتتىرگەندەك بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئوينايدىغان بۇنداق تانسىنى كىممۇ ئىجاد قىلغاندۇ؟!

تۇيۇقسىزلا دەسلەپكىدىن ئالاھىدە ئىتتىك، ۋارقىراش - جارقىراشلار ئارىلاشقان، مەن تا مۇشۇ كەمگىچە ئاڭلاپمۇ باقمىغان بىر مۇزىكا ياڭرىغىلى تۇردى. مەيداننى يوپكىسى ئىككى غېرىچ كەلمەيدىغان، چاچلىرى ساپسېرىق بويالغان قىزلار، يەل-

مەيداندىكىلەرنىڭ ئويناۋاتقىنىنىڭ ئۇسسۇلمۇ ياكى باشقا بىر نېمىمۇ پەرقلەندۈرەلمەي قالغانىدىم.

ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنىڭ ھەرىكىتى مەن ئاشىق بولۇپ ئۆگەنگەن تانسىغا ئوخشايتتى، بەدەنلىرى ئۇنىڭدىنمۇ بەك تولغىناتتى. ئەمما، قولىنىڭ ھەرىكىتىنى پەقەتلا پەرق ئېتەلمىدىم. بىز ئەسلىي ئۇسسۇلنى قوللىرىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەپ، پۇتلىرىمىزنى ماسلاشتۇرۇپ ئوينايتتۇق. لېكىن، بۇلار بىر - بىرىنى قوغلاپ، مەيدانغا قۇر ھاسىل قىلىپ ئايلانغىلى تۇردى. «دولان ياشلىرى» دا سۆزلەنگەن «ساما ئۇسسۇلى» مۇشۇمىدۇ؟!

ئۇلارنىڭ قول ھەرىكىتى، بەئەينى يېزىمىزدىكى پادىچى باللار پادىلىرىنى ھەيدىگەندە قولىدىكى تايىقىنى ئويناتقاندىكى ھەرىكىتىگە بەكمۇ ئوخشايتتى. نەق ئۆزى، ئىسىت، ئۇلار مۇشۇ يەردە بولغان بولسا، بۇ «مودا ئۇسسۇل» نىڭ پېرە كامىللىرى بولاركەن ...

تانسا ئاياغلاشقۇچە ئوينىغۇم بولسىمۇ، كىيىۋالغان مايكام بەكمۇ تار بولغاچقا، دېمىم سىقىلىپ بولالمايلا قالدىم. شۇڭا، پەرۋانىلىرىمنى ئارماندا قويۇپ چىقىپ كەتتىم. كېيىنكى بىر ھەپتە جاپالىق ئۇسسۇل مەشىقى بىلەن ئۆتتى. شەنبە ئەتىگەندە بازارغا چىقىپ، پادىچىلار ئىشتىنى، بوغماق شىلدىر چاپان، ئۆردەك تومشۇق ئاياغ، ھېلىقىدەك تار، قىسقا مايكا ۋە بىرمۇنچە گىرىم بۇيۇملىرىنى سېتىۋالدىم. بىر ئايلىق تاماق پۇلۇمنى بىر كۈندىلا ئىشلىتىۋەتتىم. كەچتە ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ بەكرەك ياسىنىپ قايناق سورۇنغا كىرىپ كەلدىم. توختىماي ئوينىدىم، ئۇسسۇلنى مەن ئۇلاردىنمۇ بەك ئاشۇرۇۋەتتىم. چۈنكى، سەھرادا چوڭ بولغاچقا، پادا ھەيدەشنى بىلەمەن - دە، دېمىممۇ سىقىلمىدى. كۆنۈپ قاپتىمەن. يېڭى تونۇشقان دوستلىرىم كۆپەيگىلى تۇردى. بايام مېنى بىر يىگىت

— پۇتلىرىڭىزنىڭ ئېگىلىپ كەتكىنىدىن سىزنى تاشمايماق-مىكىن دەپتىمەن.

— ۋاھاھا! ... — ئۇنىڭ كۈلكىسى زالنى بىر ئالدى، كۈل-گەندىكى ئاۋازىنى بىزنىڭ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىكى 32 ھەرپنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ يېزىلىدىغان ئىبارىلىرىمىز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس ...

مۇزىكا تۈگىگۈچە كۆزۈم تۆت بولدى ... مانا قايتتۇق. نۆۋەتچى ئايال ياتاق ئىشىكىنى تاقىغىلى چىقىپتىكەن. ئارانلا ئۈلگۈرۈپ كىرىپ كەتتۇق، كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى، كۆز ئالدىمدا ھېلىقى كۆرۈنۈشلەر، شۇنىڭدىن باشلاپ مەن بۇ ئاجا-يىپ «يېڭى مودا» نى ئۆگىنىپ، ھېلىقى يىگىتنى گېپىگە تۆۋە قىلدۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم. دوستۇم مەندىن بىر يىل بۇرۇن كەلگەچكىمۇ تانسىنى پۇختا ئۆگىنىۋالغانىدى. ھەر كۈنى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭدىن تانسا، دىسكو ئۆگىنىمەن، پۇت كۆيگەن توخۇدەك سەكرەيمەن، قوللىرىمنى بەزىدە كېرىپ، بە-زىدە يىغىمەن، بېلىمنىڭ تۆۋىنىدى 180 گرادۇس ئاي-لاندۇرىمەن ...

«ئۇستاز زالىم بولسا، شاگىرت ئالىم بولىدۇ» ئەمەسمۇ، دوستۇمنىڭ قاتتىق قوللۇق بىلەن بىر ھەپتە جاپالىق ئۆگىتىشى نەتىجىسىدە، مەن ھەقىقەتەن يېتىلگەنىدىم. ئاۋۋال ئىككى مەي-داننى ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ رەپتىس قىلدىم. ئۇ مېنىڭ سىناق-تىن ئۆتكەنلىكىمنى ئېيتتى. بىردەمدىلا ئەتراپىمغا يىگىتلەر پەرۋانە بولۇشقا باشلىدى. مەن بىردە ئۇنىڭ بىلەن، بىردە بۇنىڭ بىلەن ئويناپ زادىلا تىنمىدىم.

— ۋۇي، بۇ يەردە ئۇسسۇلمۇ ئوينىلىدىكەن - دە، قانداق ياخشى - ھە! ئاڭلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل مۇزىكىسى، مېنى ئەنە شۇنداق خۇش قىلىۋەتكەنىدى، بىراق ... ئوتتەك ئوينىغۇم بولسىمۇ ئۆزۈمگە تورمۇز بېرىپ ئولتۇردۇم. چۈنكى

كىتابلارنى قەيەرلەردىندۇر تاپىمەن، ئورۇندۇقۇم ئەڭ ئاخىردا، مۇئەللىم سوئال سورىغۇچە دەككە ـ دۈككىدە ئولتۇرىمەن، دەرس باشلانغاندا بىر مەيدان جەڭ تۈگىگەندە، پارتىغا بەدىنىمنى بولۇشىچە ئارتىپ، شېرىن خىياللارنى قىلىپ ئۇيقۇغا كېتىمەن.

مانا شۇنىڭ بىلەن ئىككى يىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. دوستۇم ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، شۇنچە تىركىشىپمۇ بۇ گۈزەل شەھەردە قالالماي، يەنىلا شۇ توپىلىق يېزىمىزغا كەتتى. مانا ئەمدى ئۆزۈم يالغۇز ھېلىقى بىر يۈرۈش دوستلارغا ھەمراھ بولۇپ دەۋران سۈرۈۋاتىمەن. بۇ شاۋقۇنلۇق دولقۇننىڭ ھامان بىر كۈنى مېنى شالاقلىتىپ قىرغاققا ئىتتىرشىنى خىيال قىلغۇم يوق. شۇبھىنى سېزىپ تۇرسامۇ مەن خۇدۇمنى يوقاتقانىدىم. خۇدۇمنىلا ئەمەس، ھەر خىل مودىلار قايىنىمىدا غۇرۇرۇمنى يىتتۈرۈپ قويغان بىر كېرەكسىز قىز ئىدىم.

مانا، بۇ كۈنمۇ ئاخىر كەلدى. مەكتەپتە بىر يىللىق ئوقۇش نەتىجىلىرىمىزنى خۇلاسىلەپ، چېكىندۈرۈشكە تېگىشلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزىملىكى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، تىزىملىكنىڭ ئەڭ ئالدىنقى رېتىدە مېنىڭ ئىسمىم تۇراتتى، ئىسمىمنىڭ يېنىدىكى كاتەكچىگە يېزىلغان ئۆتەلمىگەن دەرسلەر تىزىملىكىگە كەلگەندە كۆزلىرىم تورلىشىپ كەتتى. شۇنچە چوڭ، شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلغان سورۇنلاردىن ئەڭ چىرايلىق «پېچەت» يىگىتنى مىنۇت ۋاقىتنى زايە قىلماي تېپىپ چىقالايدىغان، مەستانىلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى تىترەتكەن نۇرلۇق جادۇ كۆزلىرىمگە بۈگۈن نېمە بولدىكىن؟!

1998 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

ئارقالـ ئارقىدىن نەچچە رەت تانسىغا تارتتى. ئېيتىشىچە ئۇ مېنىڭ خۇش چاقچاقلىقىمغا ئامراق بولۇپ قاپتۇ. دوست بولغۇسى بار ئىكەن. كونىلار «دوستۇڭ كۆپەيگەن ياخشى» دەپتىكەن، ماقۇل، دېدىم. يائاللا، ئۇ ئارانلا تۇرغانىكەن، مېنى سەنلەپلا چۇشتى. مېنىڭ كىيىۋالغان چاپىنىم سىلىق بولغاچقا ئۇنىڭ قولى ھە دېسىلا پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ: «قىزچاق، مۇنداق تۇتۇپ ئوينىسام بولىدىغاندۇ» دەپ قولىنى چاپىنىمنىڭ ئىچىگە تىقماسمۇ، ئەندىكىپ نومۇستىن ئۆلەيلا دېدىم، لېكىن دەررۇ ئۆزۈمنى يىغىۋالدىم. بەلكىم بۇمۇ بىر «يېڭى مودا» بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، بەللىرىم ئازابلىق ئېچىشىپ تۇرسىمۇ، مەن ئۇنى مودىنىڭ گۈزەللىكى دەپ بىلىشكە مەجبۇر بولدۇم. بۇ بىر مەيدان لەيلەتمە تانسا ئاياغلاشتى. ئۇھ، شۈكۈر! ئەسلىي ئۇ قولىنى ئەمەس، ئۆزىنى تۇتالماي قېلىۋاتاتتى.

«كەسىپداشلىرىم» نىڭ ئېيتىشىچە، مەن ھەممىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىپتىمەن. مانا مۇشۇنداق تىرىشساملا چوقۇم يارامىلىق «ئۇسسۇل ماھىرى» بولۇپ چىقىشىمدا شەك يوق ئىكەن. لېكىن، ئۇلار يەنە بىر ئاجىزلىقىمنى ئاشكارىلاپ، ماڭا ئەسكەرتىش بەردى. مېنىڭ يەرلىك شېۋىدە سۆزلىشىم ئۇلارغا ياقماپتۇ. مەن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىدىم. تەلەپپۇزۇم، كىيىنىشىم، يۈرۈش - تۇرۇشۇم پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. ھەتتا يول ماڭغاندىمۇ «يانچۇق ئۇنىئالغۇ» نىڭ تىڭشىغۇچىنى قۇلىقىمغا تىقىۋېلىپ، مۇزىكىغا بەدىنىمنى ماسلاشتۇرۇپ ماڭىمەن. نېمە مودا بولسا، ئامال قىلىپ كىيىمەن. ئىشتىنىمنىڭ چۈرىسىنى كېسىپ چۇچا چىقىرىمەن، تىزلىرىدىن ئەتەي تۆشۈك ئاچىمەن. تىرناقلىرىمغا، ئېغىزىمغا بوياقنى ھارغۇچە سۈرىمەن. چېچىمنىڭ رەڭگىمۇ ئۆزگەردى. ئەتىگەنلىكى قورساق تويمىسا مەيلىكى، گىرىم قىلماي سىنىپقا چىقمايمەن،

كۆرۈشكە نېسىپ قىلارمۇ؟ ئۆزۈمنى تىڭشاپ باقسام، نەچچە كۈنلۈكۈم قالغاندەكلا بىلىنىدۇ. جېنىم بالام، ئاق يول بولسۇن، ئامىن! — دەپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتتى. ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ھېلىمۇ نەچچە كۈندىن بېرى گۈلسۈمئاينىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتتى.

بىر كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ماڭغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى ئالدىدا توپ ـ توپ ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلار بار ئىدى.

بىر كۈن ھايال بولۇپ، تىزىملىتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولدۇق. گۈلسۈمئاي ئىككىمىز بىر سىنىپ، بىر ياتاققا بۆلۈندۇق. گۈلسۈمئاينىڭ دادىسى ئەتىسىلا قايتمىسا بولمايتتى. چۈنكى ئەمگەكچان ئاتىنىڭ قاۋۇل يەلكىسىدە بىر ئائىلىنىڭ يۈكى بار ئىدى. قىزىنى بىزگە تاپشۇرغان ئاتىنىڭ كۆزى كەينىدە قالغاندەكلا قىلاتتى.

ئوقۇش باشلانغان كۈندىن باشلاپ، گۈلسۈمئاي پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۆگەندى. تاماق ۋاقىتلىرىدىمۇ ھەدېسىلا كىتابنى ئېچىۋالاتتى. ياتاقنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە شام يورۇقىدا ئۆگىنەتتى. ياتاقتىكى باشقا قىزلار چىرايلىق ياسىنىپ ئولتۇرۇشلارغا، تانسىخانىلارغا ماڭغان چاغلاردا گۈلسۈمئاي يالغۇز قېلىپ، زېرىكمەي ئۆگەندى. ئۇ مۇشۇنداق ئۆگىنىپ، تۇنجى يىللا ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى ۋە تىرىشچانلىقى بەدىلىگە كەلگەن بۇ پۇلنىڭ بىر تىيىنىنىمۇ خەجلىمەي، ئۆيىگە ئەۋەتىۋەتتى. ئۆزى يەنىلا شۇنداق ھېسابلىق تۇرمۇش رىتىمىدا ئىدى. شۇ تەرىقىدە ئىككىنچى يىللىق ئوقۇشمۇ تاماملاندى. ئۇ يەنە ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يىراق يېزىدا قىزىنىڭ كېلىنىشىگە كېچە ـ كۈندۈز تەلمۈر-

# گۇناھ كىمدە؟

(ھېكايە)

## گۇلنۇر تۇمۇر

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

— يېزىمىزدىن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان پەقەت ئىككى-مىزلا ئىدۇق. بىزنىڭ ئائىلە ئەھۋالىمىز ھەر ھالدا ئۇلارنىڭكى-دىن ئازراق بولسىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا بىرنەچچە يىل بولغان، دادىسىمۇ ياشى-نىپ قالغانىدى. ئەمما، كەنجى قىزىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈ-شى قەيسەر ئاتىغا مەدەت بېرىپ، ئۇنى تېخىمۇ قەيسەر قىلدى. مېھنەتكەش ئاتا باشقىدىن جانلىنىپ، قىزى گۇلسۇمئاينىڭ ئا-لىي مەكتەپتە ئوقۇشى ئۈچۈن بىر ئاماللارنى قىلىپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە بىر يىللىق ئوقۇش پۇلىنى توپلىدى. گۇلسۇمئاي ئۆزىمۇ ئىشچان، چېۋەر قىز بولغاچقا سىنىپتىمۇ ئالدىنقى قاتار-دا ئوقۇدى.

ھېلىمۇ شۇنداق ئېسىمدە، بىر ئوقۇشقا ماڭغان كۈنى گۇل-سۇمئاينىڭ ئاپىسى گۇلزىرىخان ئانا بىلەن خوشلىشىشقا كىر-دۇق. ئاغرىق ئازابىدىن قىينىلىپ ياتقان ئانا كۆزلىرىدىن ياش سىرغىغان ھالدا:

— جېنىم قىزىم، خۇدايىم سېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇ-شۇڭنى نېسىپ قىلدى. ئەمدى شۇ چوڭ شەھەردە ساق - سالا-مەت، ياخشى ئوقۇپ كېلىشىڭنى نېسىپ قىلارمۇ؟ شۇ كۈنلەرنى

كەتتى. دېرىزىدىن قارىسام، پارقىراپ تۇرغان قارا پىكاپ ئالدىدا گۈلسۈمئاينىڭ ھەمىيىنىنى تېپىپ بەرگەن ھېلىقى يىگىت تۇراتتى. ئىككىسى ئەدەپ بىلەن سالاملاشتى. پىكاپ قوزغالدى، كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى. ئەجەبا، گۈلسۈمئاي شۇ دەرىجىدە ئۆزگەرگەنمىدۇ؟ ياتاق تاقايدىغانغا 10 مىنۇت قالغاندا گۈلسۈمئاي ھاسىراپ - ھۆمۇدەپ ياتاققا كىردى. مەن ئۇخلاپ قالغان قىياپەتكە كىرىۋالدىم، بۇنداق ئىشلار خېلى كۆپ قېتىم تەكرارلاندى. ئۇ دەرستە چېكىنىشكە باشلىدى. سىنىپ مەسئۇلىمىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم سۆزلەشتى، ئەمما گۈلسۈمئايغا گەپ تەسىر قىلماي، ئۆز سەنىمىگە دەسسەۋەردى. مەن ئۇنىڭ ياشلىق باھارىنىڭ خازان بولۇپ كېتىشىگە چىدىماي، ئۇنىڭ بىلەن تۈنجى رەت سۆزلەشتىم:

— ئاداش، ئۆزۈڭگىمۇ ئاياندۇر، سەن تېز ئۆزگىرىۋاتىسەن، ساڭا ھەسەت قىلىۋاتقىنىم يوق، چىرايلىق يۈرۈشۈڭگە يارىشا دەرستىمۇ ئىلگىرىكىدەك ياخشى بولساڭ بولاتتى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ ئاقىۋەت ياخشى بولماي قالارمىكىن، ھەممە ئىش ئۆزۈڭ بىلەن كەتسىغۇ مەيلى، ئەمما بىچارە ئاتا - ئاناڭنى بولسىمۇ ئويلاپ قويغىن، — دېيىشىمگە، گۈلسۈمئاي ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ:

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ مەن دەرستە بۇرۇنقىدەكلا ياخشىغۇ؟ ئۆزۈمگە چېكىنىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنمەيدۇ. سەنمۇ تايىنلىق ھېلىقى يىگىتنى كۆرۈپ شۇنداق ئويلىغانسەن. ئۇ يىگىت ئالىي مەلۇماتلىق، ناھايىتى قابىلىيەتلىك، ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ شىركەت قۇرغان ياش كارخانىچىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقاننىڭ نېمە زىيىنى؟ ئۇ ھەرگىز يامان ئادەم ئەمەس، قايسى ئىشنى قانداق قىلىشنى ياخشى بىلىمەن، — دەپ تويغۇزۇپ قويدى.

توۋا دېدىم، يۈرتۈم ئېسىمگە كەلدى. ئازاب ئىچىدە يۈر-

گەن جوپ قەدىردانلار تەتىل قىلىپ كەلگەن قىزنى خۇشاللىق ياشلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۈمىدلىك بېقىشلار بىلەن ئۇزىتىپ قويۇشتى.

ئۈچىنچى يىللىق ئوقۇشنىڭ بىرىنچى مەۋسۇمى باشلانغىنىغا بىر ئاي بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۈلسۇمئاي ئىككىمىز بازارغا چىقىش ئۈچۈن 1 ـ يول ئاپتوبۇس بېكىتىدە تۇراتتۇق. گۈلسۇمئايمۇ تۇيمىغان ھالدا يانچۇقچىغا ئالدۇرۇپ قويغان ھەميانىنى كېلىشكەن، قامەتلىك، پۇرژۇر كىيىنگەن بىر يىگىت گۈلسۇمئايغا يانچۇقچىدىن ئېلىپ بەرگەنىدى. يىگىت 11 ـ 12 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ بېلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. يىگىت ھەميانىنى تاپشۇرۇپ بېرىپلا كېتىپ قالدى.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى. گۈلسۇمئاي ئارىلاپ «سىرتقا چىقىپ كىرەي» دەپلا چىقىپ كېتىپ بىرەر ئىككى سائەتلەردىن كېيىن كىرىدىغان بولۇپ قالدى. نەگە بارغانلىقىنى سورىسام «كەچلىك مۇزاكىرىگە چىقتىم»، «كۈتۈپخانىغا كىردىم» دەپلا قوياتتى. ئۇ ئەسلىدىنلا چىرايلىق بولغاچقىمىكىن ئانچە ـ مۇنچە ياسىنىپ قويسىلا كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. كېيىن خۇددى شەھەرلىكلەردەك ئېسىل كىيىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا تېلېفونمۇ تولا كېلەتتى. ئۇنىڭ ھۆسنىگە ماسلاشقان غۇنچە بويى، زىلۋا بەدىنىگە كىيگەن چىرايلىق كىيىملىرى، ئۆزىگە ياراشتۇرۇپ قىلىۋالغان گىرىمى ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمدە بىر خىل ھەۋەس، قىزىقىش قوزغايتتى.

بىر كۈنى ياتاققا كىرسەم گۈلسۇمئاي سىرتقا چىقماقچى بولۇپ تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ. تېلېفون جىرىڭلىدى. تۇرۇپكىنى ئالسام بىر يىگىت: «ياخشىمۇ سىز؟ ئېغىر كۆرمەي گۈلسۇمئاينى چاقىرىپ قويامسىز؟» دېدى. گۈلسۇمئاي كۈلۈپ «ھازىر چۈشىمەن» دەپلا تېلېفوننى قويۇپ، ئالدىراش چىقىپ

# توردىكى مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى

(ھېكايە)

## دىلشات پەرھات

ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

مۇھەببەت ئۇ لەززەتلىك ئازاب دېمەكتۇر.

لېكىن، كىشى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئازابىنى ئويلىماستىن لەززىتىنى ئويلاپ، بۇ دېڭىزغا غەرق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مۇھەببەت مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ دۇنيا شۇنچە ئىللىق ۋە شۇنچە گۈزەلدۇر. مۇھەببەت دېسە ئالدى بىلەن خىيالىمغا بىر يۈرەكنىڭ يەنە بىر يۈرەككە بولغان مايىللىقى، مەپتۇنلۇقى، پەرھادنىڭ شېرىنگە، لەيلىنىڭ مەجنۇنغا بولغان ئاشىقلىقى؛ ئانىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان كۆيۈنۈشى؛ دوستىنىڭ دوستىغا بولغان جان پىدالىقى، ياردىمى؛ قېرىنداشلىق مېھرى كېلىدۇ.

مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە ھېچكىمگە چۈشمىگەن بۇ كۆڭلۈم، مانا ئەمدى ئۆزىنى كۆرمىگەن ھەتتا كىم ئىكەنلىكىنى، تېگى ـ تەكتىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدىغان بىر قىزغا ئىختىيارسىزلا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا تەلۋۈلەرچە، سەۋدايىلارچە ئاشىق بولۇپ كېتىپتىمەن.

بىز توردا تونۇشقان بولۇپ، مەن دەۋاتقان مۇھەببەتمۇ ئەنە شۇ توردا باغلانغان. بىزنىڭ توردا پاراڭلاشمايدىغان كۈنىمىز يوق، ھەر كۈنى دېگۈدەك نەچچە سائەتلەپ پاراڭلىشاتتۇق.

تۇمنى سېغىنىدىم، ئەزىز دىيارىمدىكى گۈزەل قىزلىرىمىزنىڭ يۇرتۇمدا ئەدەپ ـ نومۇسنى ئۆزىگە تىلتۇمار قىلىپ، شۇ ئانا تۇپراقتىلا بىغۇبار پاكلىقى بىلەن مەڭگۇ ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئۆتۈپ كېتىشىنىمۇ ئويلاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ شەھەرگە كېلىپ كۆزى ئېچىلىپ كېتىشىدىن قورقتۇم ...

گۈلسۈمئاي بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماس بولۇپ قالـدى. ئىككىنچى مەۋسۇم باشلىنىپ گۈلسۈمئاي 10 نەچچە كۈن مەكتەپكە كەلمىدى. بىر كۈنى ئۇ يەنە ھېلىقى قارا پىكاپ بىلەن ئالدىراش كەلدى. بىز بىلەن سوغۇقلا سالاملىشىپ، يانفوندا كىملەر بىلەندۇر سۆزلىشىۋاتتى، ئىشىك چېكىلدى. ئىشىكنى ئېچىشىمغا مەكتەپ مۇدىرى، بىرنەچچە ساقچى ۋە ئىككى ئوقۇتـقۇچى ياتاققا كىرىپ كەلدى. ساقچىلاردىن بىرى:

— گۈلسۈمئاي دېگەن قايسىڭلار؟ — دېدى.

مەن قاقىقان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم ۋە گۈلسۈمئايىنى ئىما قىلدىم.

— سەن چوڭ زەھەر ئەتكەسچىلىك دېلوسىغا چېتىشلىق، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغانلارنىڭ بىرى، بىز بىلەن ماڭ! — دەپ گۈلسۈمئايىنىڭ ئېسىل سائەت، زىبۇزىننەتلەر تاقالغان ئاپـئاق، نازۇك قولىغا قوپاللىق بىلەن كويزا سېلىپ ئېلىپ ماڭـدى.

2001 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

بىردەمدىن كېيىن مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا كۆرۈشمەكچى بولدۇق. مەن ئۇنىڭ سىيماسىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتىمەن. ئۇنىڭ مەن ئويلىغاندەك چىرايلىق ۋە ئوماق بولۇشىنى ئۈمىد قىلماقتىمەن ...

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن كۆز ئالدىمدا بىر گەۋدە پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئۆز - ئۆزۈمگە «ئۇ ئەمەس» دەپ تەسەللى بېرەتتىم. دەرۋەقە، ئۇ ماڭا قاراپ كەلمەكتە ... مېنى تەر باسماقتا ... ئۇ يېنىمغا كېلىپ «سىز ئەلىمۇ؟» دەپ سۆز ئاچتى. مەن گاڭگىراپ قالدىم ... ۋە تىنىقلىرىم نەلەرگىدۇر غايىب بولغاندەك قېتىپلا قالدىم.

— مەن ... مەن ... مەن شۇ — لا دېيەلىدىم. ئالدىمدا مېنى نەچچە ئايلاردىن بېرى ئۆزىگە غايىبانە ئاشىق قىلىپ ساراڭلارچە يۇرت ئاتلاپ كۆرگىلى سالغان، قەلبىمدىكى شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ۋە قەدىرلىك سانالغان يۈرەك تەسەللى دورام ياش جەھەتتىن مەندىن چوڭ، ئېگىز بويلۇق بىر قىز تۇراتتى.

بىز قىسقىغىنا سالاملاشقاندىن كېيىن ئۆز كېپىمىزگە كەلدۇق. ئۇ مېنىڭ توردىكى بۇ ئويۇنلارنى راست دەپ چۈشىنىپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ۋە ئۇنىڭ كۈندە توردا ئۇرغۇن ئادەملەر بىلەن شۇنداق سۆزلىشىدىغانلىقىنى، ئۆزى يۇرتتىن يىراق بولغاچقا مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى. مەن يەتتە قات ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك شۇ قەدەر بىئارام بولدۇم ۋە يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك خىجىل بولدۇم. مەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئىنتايىن مەيۈس هالدا يۇرتۇمغا قاراپ يولغا چىقتىم.

بىز ئۆزئارا غايىلىرىمىز، قىزىقىشلىرىمىزنى ۋە كىشىنى مەست قىلغۇدەك دەرىجىدىكى شېرىن سۆزلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزدىن ئايىمايتتۇق. كۈنلەر شۇ رىتىمدا ئۆتتۇۋەردى. بىزدىكى بۇ غايىۋى قىزغىنلىق ۋە مۇھەببەت ئوتى كۈنسېرى ئۇلغايماقتا ئىدى. بىز ھەر كۈنى دېيىشىۋالغىنىمىز بويىچە بىرلا ۋاقىتتا تورغا كىرەتتۇق، ۋاقىت توشقۇچە باشقا ئىشلار كاللامغا كىرمەس، خۇشياقماس بولدۇم. بىز تېخى تېلېفوندىمۇ كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق. ئۇنىڭ پەس ئاۋازدا يېقىملىق سۆزلەشلىرى ۋە زىل ئاۋازى مېنى تېخىمۇ ئاشىق ـ بىقارار قىلماقتا ئىدى. كۈنلەر مۇشۇ يوسۇندا ئۆتمەكتە.

بىر كۈنى كاللامغا ئۇزۇندىن بۇيان پۇكۈپ كەلگەن خىيالىم بويىچە ئۇنى بىر كۆرۈش نىيىتىگە كەلدىم. كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى رەتلەۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن ياتاقداشلىرىم مېنىڭ بۇ ئەخمىقانە خىيالدىن يېنىشىمنى قايتا ـ قايتا ئېيتتى ۋە تېخى كۆرۈپ باقمىغان بىر قىزنى شۇنچە كۆپ پۇل قەرز ئېلىپ كۆرۈپ كېلىشىمنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمما مېنىڭ ھەددىدىن زىيادە جاھىللىقىم، مېنى ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلتۈردى. ئۇلارمۇ ئەمدى بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمايدىغان بولۇشتى. بىرنەچچە كۈن تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئوقۇۋاتقان ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپكە قاراپ يولغا چىقتىم. پويىزدىكى ئۈچ كۈنلۈك جاپالىق سەپەر مېنى مىڭ تەستە دېگىنىم بويىدىكى ئۇ شەھەرگە يەتكۈزدى، ئۇنى كۆرۈشكە بولغان تەقەززالىق ۋە ئوتتەك قىزغىنلىق مەندىكى سەپەر ھارغىنلىقىنى نەلەرگىدۇر غايىب قىلغانىدى. مەن ياتاققا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇ ئوقۇۋاتقان مەكتەپنى ئىزدەپ تاپتىم ۋە ئاجايىپ ھاياجان ۋە مەغرۇر كەيپىيات بىلەن ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى باستىم.

«ۋەي» دېگەن تونۇش ئاۋاز يۈرىكىمنى ئېلىلىتتى. بىز

دېھقانچىلىق قىلىۋاتاتتى).

— ھەي نوچى، ئاخىر ئارزۇيۇڭغا يېتىپسەن - دە، ئۆز ۋاقتىدا مەكتەپنى يېرىم قىلىپلا ماشىنا ھەيدەيمەن دەپ چىقىپ كېتىۋىدىڭ؟

— خۇدايىم تىلىكىمگە يەتكۈزدى ئاداش، ئۆزۈممۇ بۇ كاساپەتكە بەكلا قىزىقىمەن. قانداق ئىشلىرىڭ ياخشىمۇ؟

— ھەي، نېمىسىنى دەيسەن. شۇ پاتقاق كېچىپ دېھقانچىلىق قىلىۋاتىمىز، مانا ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، قىش ۋاقتى قورساق توق، قىلغىلى ئىش يوق لاغايلاپ يۈرۈۋاتىمىز......

— ئەل - ئاغىنىلەرچۇ، تەتىل قىلىپ قايتقاندۇ؟ ماشىنا بىلەن ھەپىلىشىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلمىدىم.

— ھە، ئابلىز، ياسىنلار قايتىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن ئىككى كۈن بۇرۇن كۆرۈشكەن، ئۆزۈڭ نەگە ماڭدىڭ؟

— ھازىر خىش ئەكىلىپ چۈشۈرۈۋەتتىم، ھەرقايسىڭلار بىلەن كۆرۈشەي دەپ ماڭغان.

ئىككىمىز ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئابلىزنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. ئۇ بىر يەرگە چىقىپ كېتىپتىكەن، ھايال بولماي قايتىپ كەلدى. كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان دوستلار جەم بولغاچقا، كۆڭلىمىز بۆلەكچە خۇشال ئىدى. ئۇچەيلەن ئۆز ۋاقتىدا بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىمىز، ئوغرىلىقچە، سوغۇق سۇ بىلەن ئىچكەن ھاراقلىرىمىز، مەكتەپ بېغىدىكى ئالما، نەشپۈتلەرنى ئوغرىلاپ يېگەنلىرىمىز ھەققىدە كۆپ پاراڭلارنى قىلىشتۇق. مەخمۇتمۇ ئۆزىنىڭ ناھەقچىلىككە چىدىماي كەنت كادىرلىرى بىلەن نەچچە قېتىم ياقا سىقىشقانلىقىنى، يېزىدىكى ئادەملەرنىڭ ياۋاش، ساددىلىقى، ئۆزى يۈرۈۋاتقان قىزى ھەققىدە، ئابلىزمۇ ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشى، جەمئىيەت، ئەخلاق ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ بەردى. گەپلىرىمىز تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، لېكىن ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ، كەچتە

# تۇۋرۇك

(ھېكايە)

ئابدۇراھمان ئوسمان

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

ئىككىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، كۈلۈپ تۇرغان قۇياش ئادەمنى ئىللىتالمايتتى. قىشنىڭ سوغۇقى باشقا يىللاردىكىگە قارىغاندا خېلىلا كۈچلۈك ئىدى.

ئۇستامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ئايرىم رول تۇتقىنىمغا ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ مۇستەقىل بىر ماشىنىغا ئىگە بولغانلىقىمدىن خۇشاللىنىپ ئەتراپتىكى بارلىق دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەملەرگە ئوخشاپ قالغان يوپۇرماقسىز دەرەخلەرگە، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى پاكار ـ پاكار دېھقان ئۆيلىرى ھەم يوللاردا يېزا جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ غەمسىز ھالدا ۋاللەي ئويناۋاتقان باللارغا، تۆت كوچا ئېغىزىدا قىشنىڭ بىكارچىلىقىدىن «جاھان پارىڭى» قىلىۋاتقان، قارتا ئويناۋاتقان ئادەملەرگە زوق بىلەن قاراپ قويىمەن ...

بۈگۈن قوشنا يېزىدىكى ساۋۇر ئىسىملىك بىر دېھقاننىڭ خىشىنى چۈشۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، شۇ يېزىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىم بىلەن كۆرۈشۈش ئويى بىلەن ماشىنامنى ھەيدەپ يېزا بازىرىغا كەلدىم. ئويلىمىغان يەردىن تولۇق ئوتتۇرىدا بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم مەخمۇت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم (ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي

قارىغاندا ئوبدان بىلىسەن، ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدىم مەن خىجىلچىلىق ئىچىدە.
— ئۆكىلىرىم، — دېدى بايىقى ئورا كۆز ئادەم، تېلېفون تۈۋرۈكىنى ئۆرۈۋەتكەننى پوچتىخانا بىلىپ قالسا سىلەرگە بىر مۇنچە جەرىمانە قويىدۇ. شۇڭا جىق ئىش كەتمىگەندىن كېيىن، دەرھال ياغاچ تېپىپ، سىم بىلەن تۈۋرۈك ئۈدۈل كېلىدىغان يەرگە بىر تال تۈشۈك تەشكۈزۈپ، سىم بىلەن چىگىۋەتسەڭلار بولىدىغۇ؟
مەن مەخمۇت بىلەن ئابلىزغا قارىدىم. ئۇلارمۇ «بولىدۇ» دېگەندەك باش لىڭشىتتى.
— ئەستا، بۇ يەردە يا بىرەر تونۇش - بىلىشىمىز بولمىسا، ياغاچ بىلەن سىمنى نەدىن تاپارمىز؟ — دېدى ئابلىز بىر خىل گاڭگىراش بىلەن.
— ئۆكام، — دېدى يەنە بايىقى ئورا كۆز ئادەم بىزگە ئە-قىل كۆرسىتىپ، — «قۇرۇق گەپ، قۇلاققا خۇشياقماپتۇ» دې-گەن گەپ بار، ئەگەر خالىساڭلار ياغاچنى مەندىن ئېلىڭلار، لېكىن سەل قىممەترەك ...
— ئاكا، 100 كوي بولسىمۇ ئاچىقىڭە، — دېدى، مەخمۇت ئاچچىق بىلەن.
10 — 15 مىنۇتلاردىن كېيىن مەخمۇت ھېلىقى ئادەم بى-لەن يوتامدەك كېلىدىغان بىر تال ياغاچنى كۆتۈرۈپ چىقتى. كىشىلەرنىڭ سالا قىلىشى نەتىجىسىدە ھېلىقى ياغاچنى 25 كويغا ئالدۇق.
مەخمۇت نەدىندۇر ھەرە بىلەن كەكە تېپىپ چىقىپ، ياغاچ-نى ئەسلىدىكى تۈۋرۈك بىلەن تەڭ ھەرىدىگەندىن كېيىن، سىم-نى مۇقىملاشتۇرۇپ تۇرىدىغانغا بىر تال تۆشۈك تېشىش لازىم ئىدى.
— ئاكا، ئاراڭلاردا ياغاچچى بارمۇ؟

يەنە خىش تونۇشمىسام بولمايتتى. شۇڭا، ئۈچىمىز بىرگە ياسىن-نىڭ مەھەللىسىگە يول ئالدۇق. ئۇنىڭ ئۆيى ئابلىزنىڭ ئۆيىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆكئۆستەڭ مەھەللىسىدە ئىدى.
— مەمتىكا، ياسىن بارمۇ؟
— ياسىن ئەتىگەن توغرا قۇدۇققا چىقىمەن دەۋاتاتتى، ئۆيگە كىرىڭلار بالىلىرىم.
— خوش، كېيىن كېلەرمىز، ئازراق ئىشىمىز بار ئىدى.
— ھۇ، قارىۋاي، يەنە قىز قوغلاپ قېچىپتۇ-دە! — دېدى، مەخمۇت.
مەن كەتمەكچى بولدۇم. ئۇلار بولسا بۈگۈن بىر ئاخشام مۇڭدىشايلى دەپ چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىر يېزا بازىرىدا بىرلىكتە تاماق يېيىشكە كېلىشتۇق. چوڭ يولغا قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ماشىنىنى ئارقىغا ياندۇرمىسام بولمايتتى.
— ئابلىز، كەينىمىزدە تۈۋرۈك يوقتۇ؟
— يوق، چوڭ توك تۈۋرۈكى بۇ تەرەپتە ئىكەن.
ماشىنىنى ئاستا ئارقىغا ياندۇردۇم. بىر كەمدە «قارس» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ماشىنىدىن چۈشتۇق. يوتامدەك كېلىدى-غان بىر تېلېفون تۈۋرۈكى قاپ ئوتتۇرىدىنلا سۇنغانىدى.
— ئاپلا ئۇكام، قاراپىراق ھەيدىسەڭ بولمامدۇ، ئاق سۈۋا-دان دېگەن زادى بوش بولىدىغان، يېنىكلا تەگكەنگە ئوتتۇرىدىن سۇنۇپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، — دېدى ئوتتۇرا بوي قىرىق ياشلاردىكى ساقال - بۇرۇتى ئۆسۈپ كەتكەن ئورا كۆز ئادەم. بىردەمدىلا ئادەملەر يىغىلدى. قىشنىڭ بىكارچىلىقىدىن ئۇلارغا قىلغىلى پاراڭ چىققانىدى. قارتا ئويناۋاتقانلارمۇ، دوقمۇشتىكى قاۋاقتا ھاراق ئىچىۋاتقانلارمۇ ماشىنا ئەتراپىغا يىغىلدى. ئۇلار بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى دەيتتى.
— مەخمۇت ئاداش، بۇ يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بىزگە

يىپ چىقىپ قالغان يىگىت.
— مانا بۇ سىم ئىككى كىلو 600 گىرام كەلدى.
— قانچە پۇل؟
— 30 كوي.
ئۇچىمىز تەڭلا بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. ئۇنىڭ ئىنساپسىزلىقىغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدۇق.
— ئاكا، — دېدى ئابلىز، — سىمنى ئىشلىتىپ ئىشلەتكەنىگە پۇل بېرەيلى، قالغىنى سىزگە قالسۇن؟
— ياق، ئاشقىنىغا كىر يايىمەنمۇ، ئالساڭ ئال، ئالمىساڭ زورلايدىغان سىم يوق. دۇكاندىن ئەكەل ...
— مەيلى ئالايلى، «ئۆزدە يوق، ئالەمدە يوق» يەنە كېلىپ پوچتىخانىدىن بىلىپ قالسا بۇنىڭدىن كۆپرەك جەرىمانە قويۇشى مۇمكىن. قالغىنىغا مەن ئۆيگە ئاپىرىپ كىر ياياي، — دېدىم مەن تەنە بىلەن.
ھەش - پەش دېگۈچە سىمنى ئېلىپ تۇۋرۇكنى چىگىتتۇق. ئەسلىدىكى ئالتە قات سىمنى سەككىز قات قىلىپ يۆگىدۇق. ھەممە ئىش پۈتكەندىن كېيىن يېزا بازىرىغا كەلگۈچە ھېچقايسىمىز بىر - بىرىمىزگە گەپ قىلمىدۇق، تاماقنىمۇ ئىشتىھاسىزلا يېدۇق.
— ئاداش، خاپا بولما، ئۆزۈم ئېنىق بىلمىگەن نېمىگە ئاتىكارچىلىق قىلىپ ساڭا بىرمۇنچە خاپىلىق تېپىپ بەردىم، — دېدى ئابلىز تاماكا سۇنغاچ.
— سەندە نېمە گۇناھ ئاداش، ئۆتكەن ئىشنى تەگەپ نېمە قىلىسەن، بولدى، تۈگىدىغۇ، — دېدىم زورىغا كۈلۈمسىرەپ.
كۈن غەربكە قىيسىيىپ، ئاسماننى قىزىللىق چۈمكەشكە باشلىدى. مەن ئەمدى ماڭمىسام بولمايتتى.
— خوش ئاداش، مەن ماڭاي، خۇدايىم بۇيرۇسا يازلىق

— ھەي توختى، ماۋۇ شوپۇر ئۇكامغا بىر تال تۆشۈك تېشىپ بېرە، — دېدى، بايىقى ئادەم. كۆپ بولسا 24 لەرگە كىرگەن چاچلىرى شەپكىسى ئەتراپىدىن چىقىپ تۇرغان، چىراي-لىق بۇرۇتلىرى خويمۇ ياراشقان بىر يىگىتكە قاراپ.

— چولام تەگمەيدۇ.

— بىكار قارتا ئويناپ ئولتۇرساڭ چولاڭ تېگىدۇ، بىر تال تۆشۈك تەشكىلى چولاڭ يوقما؟

— قارىغاندا تازا ھۇرۇن بىرنېمە ئوخشايدۇ، — ئەتراپتىكىلەر بىردەم تاپا - تەنە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئاخىر گەدىنىنى قاشلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— رەھمەت ئاكا، قانچە پۇل بېرىمەن؟

— 10 كوي.

— نېمە، نېمە دەۋاتىسەن هوي، بىر تۆشۈك 10 كويما؟

— ھە، 10 كوي، — دېدى ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن. مەخمۇت بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەم-شىلىۋىدى، مەن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدىم، يەنە بەكرەك دېيىشسەك چوقۇم جېدەل چىقاتتى.

— بولدى ئاداش، 10 كوي دېگەن نەدە قويسا نەدە تۇرماي-دۇ، بەزىدە بىرەر 100 كوي پۇلنىمۇ چۈشۈرۈپ قويىمىزغۇ، بۇ ئاكىمىز بىزگە ئىش قىلىپ بەردى، دېگىنىنى بېرەيلى، — دېدىم مەنمۇ بىر خىل خىجىلچىلىقتا ئۆزۈمنى تەستە بېسىپ.

— شۇنداقتىمۇ، قاسىم بۇ... بار - يوقى بىر تۆشۈك، كەتكەن ۋاقتى ئىككى مىنۇت ...

— بولدى، ئابلىزنىڭ يېنىغا چىقايلى.

ئەتراپتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە تۇۋرۇكنى مۇقىملاشتۇرۇپ، سىمنى ئۆز جايىغا كەلتۈرۈپ چىقتۇق.

— ئەمدى تۇۋرۇكنى ئورايدىغان سىمنى نەدىن تاپارمىز؟

— ھە مەندە بار، — دېدى ئېگىز، يۇز سۆڭەكلىرى پۇلتى-

پەقەت، پەقەتلا بىر رەت، تۈگىمەيدىغان، ئەبەدىي قانمايدىغان يەنە بىر رەت.

گۈلى ئىدىڭ بىر چاغلاردا مېنىڭ بەخت باغلىرىمنىڭ، بۇلىقى ئىدىڭ، مېنىڭ چاڭقاق قەلب ئېتىزلىرىمنىڭ، ئەپسۇس، كۆتەلمىدىم، سېنى سۆيەلمىدىم، ئەقىدە بىلەن تولغان كۆزلىرىڭگە باققىنىمدا پەقەت دېيەلەيدىغىنىم «كەچۈر گۈلۈم ...» گۈلى قىلىپ قىسقانىدىڭ باشلىرىڭغا، پەرھات دەپ تاللىغانىدىڭ سۆيگۈڭنىڭ سۇلتانلىقىغا ...

خەير، مەن كېتىمەن جېنىم، ساڭا ئەقىدە قىلالمىغان يۈرىكىم، سېنى ئاسرىيالمىغان مۇشۇ يۈزۈم بىلەن ساڭا قاراشقا پېتىنالمايمەن. سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىم، ياق، ئەمدى ساڭا بۇنداق دېيەلمەيمەن. ئەمما، ھىجران ۋىجدان چۆللەردە ئازابىدا پۇچىلانغان، شېرىن ئەسلىمىلەرگە چىلانغان يۈرىكىمدىن شۇنى قايتا ـ قايتا نىدالايمەن. ئەڭ ئاخىرقى رەت پاكىز روھىڭ بىلەن، ئوتلۇق تىنىقىڭ بىلەن مېنى سۆيۈپ قوي، قۇچاقلاپ قوي ...!

بىلىمەن، نازۇك تەنلىرىڭ تىترەۋاتىدۇ، كۆزۈڭدە غەزەپ، قەلبىڭدە ئازاب، «پۇرسۇۋالاي، سۆيۈپ قوي» دېگەنلىرىم بەلكىم بىمەنىلىك بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، يەنىلا دەيدىغىنىم، ئۆتۈنىدىغىنىم بىر رەت، ئەڭ ئاخىرقى بىر رەت سېنى پۇرسۇۋالاي، ماڭا ھايات ئاتا قىلغان، مۇھەببەتنى قايتا تونۇتقان، يۈرىكىڭنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلىۋالاي! ...

تەتلىدە كۆرۈشكىلى كېلىمەن.

— خوش، ئاق يوللۇق بول.

— كەپ تۇرغىن ئاداش، خۇدايىمغا ئامانەت ...

هەي، ئويلىسام ئاچچىقىم كېلەتتى. مۇشۇنداق ئىشلارنى شەھەرلىكلەر قىلغان بولسا ئانچە هەيران قالماس ئىدىم. لېكىن، بىر ئۇستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان «ئاق كۆڭۈل» ئادەملەرنىڭ قىلغانلىقىغا ئاچچىقىم كېلەتتى. مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى پەقەت ئۇلارغا ئىنساپ تىلەش ئىدى.

ئىنساپ قىلىڭلار ئادەملەر ...

## ئۆتۈنۈش

(نەسر)

كەل ئامرىقىم، پۇرىۋالاي، شامال سۆيگەن چاچلىرىڭنى، قارا قۇمچاق يۈزلىرىڭنىڭ زىننىتى، ساڭا كۈلكە ماڭا ئازاب بولىدىغان قوش زىنخلىرىڭنى، شوخ كۈلكىلەر، تاتلىق - تاتلىق سۆزلەر تامىدىغان، «سېنى سۆيىمەن، جېنىم» دېگەندەكلا تارتىنىپ قورۇلىدىغان لەۋلىرىڭنى، تالاي - تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز قويغان، ئۆزىگە رام قىلىپ، ماڭا شائىرلىق ئاتا قىلغان، مۇھەببەتكە تولغان جۈپ كۆزلىرىڭنى ...

كەل، پۇرىۋالاي جېنىم، يۈرىكىمگە سىڭىپ كەتكەن، ئەركىلەپ ئۆزۈڭنى قاچۇرغىنىڭدا، ھىلال ئايدەك كۆرسىتىدىغان، خاپا بولغىنىڭدىمۇ قىياقتەك يېقىلىپ سېنى نازاكەتلىك كۆرسىتىدىغان قوشۇما قاشلىرىڭنى ... جېنىم، كەلگىنە پۇرىۋالاي،

سلاۋيان يېزىقى، ياپونىيە كانا يېزىقى دېگەندەك تۆت خىل يېزىقنى بىلىدىكەنمەن. گېزىتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شۇنچە چوڭ زېمىندىكى نوپۇزلۇق گېزىتتە شۇنداق دېيىلگەن بولغاندىكىن، راستىنلا كامالەتكە يەتكەن ئالىم ئوخشايمەن دەپ كېرىلىپ كېتىپتىمەن. تېخى ئۆزۈمنى ئاشكارىلىساملا، تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى ئاپپاراتلىرىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىشىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆزۈمنى چاغلىماي نېمىلا بولسا بىرنېمە يېزىشقا ئالدىراپ كېتىپتىمەن.

كېيىن زېھنىمنى يىغىپ ئويلاپ كۆرسەم، بىرقانچە خىل يېزىقنى ئەمەس، بىرقانچە خىل تىلنى بىلگەن ئادەمنىمۇ ھېچ يەردە كامالەتكە يەتكەن ئالىم دېيىلمەيدىكەن. ئاپتورنى تەمسىز بىرنېمىلەرنى يازغانمۇ دەيلى، چىقىرىدىغان غوجاملار ئۇنى ھەقىقىي ھېس قىلماي قالارمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن داڭلىق ئەسەرلەرنى تاللىۋېلىپ قايتا - قايتا ئوقۇيدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتىپ، گېزىت - ژۇرناللارنىمۇ ئوقۇپ كۆرەي دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

قاراپ باقسام، ماڭا ئوخشاش بىلىمى تېيىزلاردىن مەنلا «ھوسۇلسىز» چىقىپ قالغاندەك تۇرىمەن. باشقىلار بولسا بىردە ئوبزور يېزىپ، بىردە باشقىلارنىڭ پىكرىنىڭ تەتۈرىچە تەپەككۇر قىلىپ «ئەسەر» يېزىپ، خېلى نوچى بولۇپ كېتىپتۇ. مەسىلەن، قانداق دېسىڭىز، بىرقانچە كونكرېت ئەسەرنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلار توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈپ بېرەلەيمەن، چۈنكى بىلىمىم تېيىز - دە! شۇنداقتىمۇ، تۆۋەندىكى سۆزلىرىم ئارقىلىق ئاز - تولا بولسىمۇ مەقسىتىم ئايان بولار دېگەن ئۈمىدتىمەن:

ئوسمان ئەمەت خەلقئىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىكى كاتتا سەنئەتكار، چۈنكى ئۇنىڭ نامى مۇقام بىلەن زىچ باغلانغان. ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ياشلار ياقتۇرىدىغان سەنئەتچىلەرنىڭ بىرى. ئىلگىرى ئابدۇللانى پەقەت ياشلارلا بەكرەك تونۇيتتى، ئەمما ئۇ دولان

# «تەتۈر تەپەككۇرى يېزىقچىلىقى»

(فېلىيەتون)

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم چىنتاش

مەكتەپ پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىدىن

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، بىرەيلەن دانىشمەن-لىك قىلىپ مېنى «بىرەر - ئىككى پارچە كىتاب يېزىپ قالار» دېگەنىدى. مانا «مەھەللىگە چىققسام ئىراقنىڭ پارىژى، ئۆيگە كىرسەم دادامنىڭ پارىژى» بىلەن بولۇپ، بىرەر ئىشنى قىلا - قىلمايلا يېشى ئەسىرگە كىرىپ قاپتىمەن. كىتاب يېزىش-قۇ كاتتا ئىش، ئەمما قورساقتا ئۇماچنىڭ تايىنى بولمىسىمۇ زورۇقۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىدىغان «مەنىسىز كىتاب» يازغاندىن يازمىغان مىڭ قەترە تۈزۈك. چۈنكى، كىتاب دېگەن ئېلان قىلىنسىلا مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەركىبىگە قوشۇلىدۇ. ناچار كىتابلىرىمىزنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەمەس، كى-تاب يازالايدىغان ئادەملىرىمىزنىڭ كۆپ ئەمەسلىكى ھەمدە ياخ-شى كىتابلىرىمىزنىڭمۇ بەك - بەك ئازلىقىدىن مۇشۇ يولدا ئالغا كەتكەن مىللەت ئەمەسلىكىمىز بىلىنىپلا تۇرىدۇ.

بىر چاغدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوپۇزلۇق بىر گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى (ياكى يېڭى يېزىق) نى قوللىنىش توغرىسىدا يېزىلغان بىر ماقالىدە «بىزدە بىرقانچە خىل يېزىقنى ئىگىلىگەن، كامالەتكە يەتكەن ئالىملار تېخى كۆپ ئەمەس» دېيىلىپتىكەن. ئويلاپ باقسام مەن لاتىن يېزىقى،

هازىر بىزدىن چىقىۋاتقان تەبىئىي پەن، سانائەت، ئىقتى- ساد، مېدىتسىنا ساھەلىرىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن تارىختا ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ دېيەلەيمىز. تەشۋىقات كۆپىنچە نەتىجە قازانغانلارنى ئوب- يېكت قىلىدۇ. تەبىئىي پەنلەردە نەتىجە يارىتىش ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئىلىم ئەھلىلىرىمىز تىرىشىپ ئىشلەپ نەتىجە يارات- ماقتا. ئۇلارمۇ يېزىلىدۇ، ئۇنىڭغىچە تەتۈر تەپەككۇرلۇق يازمى- لارنىڭ ئاپتورلىرى بۇ تەرەپنى باشقا ساھەلەرگە سوغۇق سۇ سېپىشنىڭ تۈتقىسى قىلىۋالمىغىنى، «ئۈشكىگە چىكىت بېرىپ تۆشنى تۇتۇپتۇ» دېگەن ئىش قىلىپ يۈرمىگىنى تۈزۈك.

مېنىڭمۇ دېگۈم كېلىدۇ، بىزدىكى ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەملەر كۆڭلىنى ھەر تەرەپكە چاچماي، قىلىۋاتقان ئىشىغا خۇددى ئادىل ھوشۇر ۋە ئابدۇراخمان ئابلىكىمدەك غەيرەت - شىجائەت بىلەن كىرىشەلىگەن بولسا؛ غېرىب - سەنەمدەك جۈپ- جۈپ بولۇشۇپ، دىسكوخانىلاردىن بېرى كېلەلمەيدىغان، دەرس ۋاقتىدا ئەسنەپ مۈگدەيدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلى- رى قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەي، ئىلىم تەھسىل قىلغان بولسا، پەن - تېخنىكا ئىلىم ئەھلىلىرى تېخىمۇ كۆپ چىققان، سەپتىن چۈشۈپ قالىدىغانلار تېخىمۇ ئاز قالغان بول- ماسمىدى ...

2004 - يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى

مۇقاملىرىدىن «راك باياۋان» نى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتقاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۇيغۇر «ئابدۇللانى يارامىلىق سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ بىرىكەن» دەپ تونۇدى. دېمەك، خەلقىمىز ئۆزىنىڭ مۇقامىنى شۇنچە سۆيىدۇ، قەدىرلەيدۇ، سەنئەتچىلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى مۇقام بىلەن ئۆلچەيدۇ، بۇمۇ دۇرۇس، ئەلۋەتتە.

بىر چوڭقۇر تەپەككۇرلۇق ئەسەردە مۇنداق بىر مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز: «تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلىغاندا، ئادەم ئۆزىنى خۇددى سېھىرلىك رىۋايەت ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك، تەن روھتىن ئاجراپ كەتكەندەك، كۆڭلى خارابىگە ياكى مۇقامغا ئوخشاپ قالغاندەك ھېس قىلىدىكەن». قاراڭ، بۇ «لىرىكىلىق پەلسەپۋى پىكىر» نى!

بىز قاچانغىچە «مۇقام يۇرتى»، «مۇقام يېزىسى» قۇردۇق دەپ، ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن تاقلاپ - چۆرگىلەپ يۈرۈۋېرىمىز؟ بىزدىمۇ «پەن - تېخنىكا يېزىسى»، «يۇرتى» كۆپرەك قۇرۇلسا بولمامدۇ! دېگۈچىنىڭ سۆزىنىڭ دۇرۇسلۇقىدا گەپ يوق. ئەمما، ئىقتىساد سەل كەينىدە قېلىۋاتقان زېمىندا كۆپ پۇل كەتمەيدىغانراق مەدەنىيەت تۈرلىرى ئاۋۋال تەرەققىي قىلغاچ تۇرسا بۇنى يامان ئىش دېگىلى ھەم بولمايدۇ. مىللىي سەنئەت خەلق روھىنىڭ بىر قىسمى، پەن - تېخنىكىنى تىلغا ئالغاندا باشقا مەدەنىيەت تۈرلىرىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىش — تەتۈر تەپەككۇرگە مەنسۇپ، ئىلمىي بولمىغان پوزىتسىيە.

بەزىلەر ئادىل ھوشۇر بىلەن ئابدۇراخمان ئابلىكىم كەڭ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان كۈنلەردە، يەنە بىرەيلەن ماقالە يېزىپ، «بىز دارۋاز ۋە تەنتەربىيىچىلىرىمىزنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ بولدۇق، ئەمدى بىرەر - يېرىم تەبىئىي پەن ئالىملىرى چىقسا، ئۇلار پەندە «جىنىس» رېكورتىنى بۇزسا، ئۇنىمۇ ماختاپ باقساق، دېيىشىۋاتىدۇ، بۇمۇ دۇرۇس.

چە گۇمانىمۇ ئەيناۋۇر يۇرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.
دوختۇرخانا كىچىكلا بىر ئىغىزلىق ئۆي بولۇپ، 60 ياشـ
لاردىن ئاشقان، ساقاللىرى ئاقارغان بىر مويسىپىت بوۋاي بىز-
نى خۇش تەبەسسۇم بىلەن «كېلىڭلار، قىزلىرىم» دەپ قارشى
ئالدى. بوۋاينىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى كۆڭلۈمدىكى ئەندىشىلەرنى
بىراقلا يوق قىلىۋەتتى.
مەن تېۋىپقا پۇتۇمنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەر-
دىم. تېۋىپمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي «بۆرىكىڭىزگە ئازراق سو-
غۇق تېگىپ قاپتۇ، مۇنۇ دورىنى يەپ بەرسىڭىز بەك تېز مەنپە-
ئەت قىلىدۇ» دېدى ھەم ئىككى قۇتا كىچىك ئەينەك شىشىغا
قاچىلانغان قارا مەلھەم دورىنى بەردى. ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە بىر
قۇتا كۇمىلاچ دورىنى بەردى ھەم چۈشەندۈرۈپ «مەلھەم دورىنى
كۈنگە ئىككى قېتىم شاپتۇل ئۇشكىسىدەك چوڭلۇقتا يەڭ،
كۇمىلاچ دورىنى كۈندە يەتتە تال يەڭ، چوقۇم شىپا قىلىدۇ»
دېدى. تېۋىپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مۇشۇ دورىلارنى يېسەملا كې-
سىلىم ھازىرلا ساقىيىپ ماڭمايدىغان بولىدىغاندەكلا
خۇش بولدۇم ھەم تېۋىپتىن باھاسىنى سورىدىم:
— 78 كوي، — دېدى تېۋىپ.
مەن بەكلا ھەيران قالدىم ھەم كۆڭلۈمدە دەرھاللا: «بۇ
ئايلىق تۇرمۇش پۇلۇم تېخى كەلمىدى. ئالدىنقى ئايلىق پۇلنى
ئىنگلىز تىلى كۇرسىغا تاپشۇرغان، قولۇمدا ئاشقان پۇلمۇ ئازلا.
، ماڭالىشىم چەكلىنىدىغانلىقى يەنە ئىككى ھەپتىچە ۋاقىت بار. ھازىرغۇ
يېنىمدا سىنىپىمنىڭ بىزە پۇلى بار. ئەگەر بار پۇلغا دورا ئېلىۋەت-
سەم، نەچچە كۈنگىچە قانداق قىلارمەن؟ ھەي، بولدىلا» دېگەن-
لەر كەچتى. مەن تېۋىپقا ئارتۇقچە گەپ قىلماي: «بۇ دورىلار
ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن. بۇ ئايلىق تۇرمۇش پۇلۇم تېخى كەل-

# دورا

## (ھېكايە)

### دىليار پەرھات

### ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

يېقىندىن بۇيان ئانچە مىجەزىم يوق، نېمە بولدىكىن پۇتلىرىم ئىششىپ، ئۇستىخانلىرىم ئاغرىپ بەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئەسلىدە سالامەتلىكىم ئىزچىل ياخشى ئىدى. تۇۋا، ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. بەلكىم ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىمدىكى «ئاشخانا مۇلازىمەتچىلىكى» بولۇش ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم ھەم ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدىم. بىراق پۇتۇمدا قەتئىي ياخشىلىنىش بولمىدى. ياتاقتىكىلەر «بۆرىكىڭدىن چاتاق چىققان ئوخشايدۇ» دېگەندەك ۋەھىمىلىك «دىئاگنوز» لارنىمۇ قويۇپ مېنى بىراقلا ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئەلۋەتتە، ئاغرىپ قېلىشنى ھېچكىم خالىمايدۇ. بىراق بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەۋاتقان بولغاچقا، بىرەر - يېرىم كۈن ۋاقىت چىقىرىپ دوختۇرغا بېرىش ماڭا خېلى چوڭ ئىش بىلىنەتتى. شۇنداقتىمۇ مانا - ئەنە دەپ يۈرۈپ بۈگۈن ئاران دېگەندە دەرس يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، نەچچە دوستلىرىم بىلەن بىرگە سەنشىخاڭزىدىكى بىر مىللىي تېۋىپنىڭ كىچىك دۇكىنىغا باردۇق. ئەلۋەتتە، خەقنىڭ يۇرتىغا كېلىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈشۈم تۇنجى قېتىم بولغاچقىمۇ ياكى كېسەلىمگە نىسبەتەن ئارتۇق-

# ئېلاننىڭ «شاپائىتى»

(ھېكايە)

## پاتىگۈل ئوبۇلقاسىم

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

سابىر دەلدەڭشىگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەلدى – دە، ئۆزىنى يۇمشاق كارىۋاتقا ئاتتى. سابىرنىڭ بۇ خىل ھالىتى ئايالى ئۇچۇن ئانچە ھەيران قالارلىق ئىش بولمىغاچقا، ئۇ خىيالىدىمۇ يوق ئۆزىنىڭ ئەتىكى قاتار چېيىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ئىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇ، ئۇ يەر – بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ تۈنۈگۈن قويۇپ قويغان 500 كوي پۇلنى تاپالماي ئېرىدىن سورىدى:

— ماۋۇ يەرگە ھېلىقى 500 كوي پۇلنى قويغانىدەك قىلغانتىم، ھېچ تاپالمايۋاتىمەن، سىلى كۆردىلىمۇ؟

— يا ... ياق، — دېدى سابىر خۇشياقمىغان تەلەپپۇزدا.

— بۇ ئۆيدە جىن پەيدا بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ ھېلى قويغان نەرسە، ھېلى يوق! — ئايالى ئۈنىڭغا كايىغىلى تۇردى.

سابىر پەرۋاسىز قىياپەتتە سۆزلەشكە باشلىدى:

— تاپالمىغان بولساڭ تولا سۆزلەۋەرمەي تېلېۋىزوردا ئېلان قىل، تېپىۋالغانلار ئەكېلىپ بېرىدۇ.

— ھەي، ساراڭ بولۇپ قالدىلىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە يىتكەن نەرسىنى تېلېۋىزوردا ئېلان قىلسا خەق ئەكېلىپ بېرەمدىكەن؟ تولا گەپنى بۇرىماي ئىقرار قىلسىلا، ئەسلىي سىلى ئاپتى-

مىگەن. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كېلىپ ئالاي» دېدىم ھەم دوستلىرىم بىلەن دۇكاندىن چىقىپ كەتتۇق.

قايىنام تاشقىنلىقتا تولغان بازار، قويۇلۇۋاتقان مۇزىكا، ئەتراپتىكى كىشىلەر، ھەتتا يېنىمدىكى دوستلىرىممۇ مېنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىمنى چۈشەنمەيدۇ. ھەتتا ھازىر مېنىڭ نېمە ئۈچۈن پەرىشان بولغىنىمنى بىلمەيدۇ. «توۋا، 78 كوي، خەقنىڭ يۇرتىدا، دورىنىڭ پۇلىنىمۇ مە، مانا» دەپ قويالمىدىم. ئەگەر ئۆز يۇرتۇمدا بولغان بولسام ئاللىبۇرۇن ئاتا ـ ئانامنىڭ مېھرى بىلەن ساقىيىپ بولغان بولاتتىم. ھەتتا ئۇلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىمەن دەپ ئىشلەپ، بۇ كېسەلنىمۇ تېپىۋالمىغان بولاتتىم. ھەي! «مۇساپىرلىق» دېدىم ئاستا.

دوستلىرىم نېمىلەرگىدۇ كۈلۈشۈۋاتىدۇ. بىراق، مەن بولسام ئىچىمدە يىغلاۋاتىمەن. ئۆيدىن ئايرىلىشىنىڭ قەدرىنى بۈگۈن ھېس قىلدىم. بۈگۈنكى ئىش ماڭا بەكمۇ ھار كەلدى، ھەتتا ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا، مېھمانلار قاتتىق سىلكىشلىسىمۇ، قاپىقىنى ئالايتىپ ماڭا قاتتىق تەگكەندىمۇ بۇنىڭچەلىك خورلۇق ھېس قىلمىغانىدىم. سۆيۈملۈك ئاپام، قەدىردان دادام كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ. خۇددى ئۇلار ماڭا: «قىزىم، جاپا تارتماي ئوقۇشىڭىزنى ياخشى ئوقۇسىڭىزلا بولاتتى، دورىنى چوقۇم ئىچىڭ، ھەرگىز ئاغرىپ قالماڭ» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. نېمىلا بولمىسۇن ئاشۇ ئاتا ـ ئانام ئۈچۈن ياخشى ئوقۇشۇم، سالامەت تۇرۇشۇم كېرەك. چېنىقىپ سالامەتلىكىمنى ياخشىلىسام بەلكىم ئۇ دورىنى يېمىسەممۇ ساقىيىپ كېتەشىم مۇمكىندۇ ـ ھە؟ ...

دىمۇ ئېلان. خالىي جايدىمۇ ئېلان، نەگىلا بارساڭ ئېلان: بۈگۈن مانا مەن تېلېۋىزوردا داڭلىغان رېستورانغا بېرىپ، يەنە شۇ داڭلىغان ئېسىل هاراق، ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى يەپ كەل-دىم. ئەتە - ئۆگۈن شۇ داڭلىغان «ئېسىل» لار تۈپەيلىدىن ئاغرىپ قالسام، يەنە شۇ ئېلان قىلىپ داڭلىغان دوختۇرخانىغا بارىمەن، هېلىقى يۈرەك، بۆرەك، پالان - پوكۈن دېگەن دورى-لارنى ئىچىمەن ... هەي، خوتۇن سەن ئەمدى پۇللىرىڭغا هېزى بول، بولمىسا ئۇ پۇللىرىڭمۇ يەنە بىر يېڭى ئېلاننىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ.

— هەي، ما پۇل قېنى؛ 500 كوي ... ئەمدى قاتار چايغا ... ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلمەيلا سابىر يەنە تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ چەكچەيدى:

— ئې ... ئېلاندىن سورا، ئېلاندىن ...

## باچكا

### (هېكايە)

مۇشۇ كۈنلەردە ئانامنىڭ گەجگىسى، پۇت - قوللىرى قىزىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئاشۇنداق پۇت - قولى قى-زىپ ئاغرىغىلى تۇرغان ۋاقىتلاردا ئاچام ئىككىمىز ئانامنىڭ پۇت - قولىنى تۇتۇپ ئۇلگۈرەلمەيتتۇق، ئانام بولسا پۈتۈن بەدىنى قىزىغانلىقتىن خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ ياتالماي قالاتتى. ئانامنى دوختۇرغىمۇ ئاپىرىپ باقتۇق، دورا-ئوكۇلمۇ ئىشلەتتۇق، كونىلىقمۇ قىلىپ باقتۇق، هېچ كار قىل-مىدى.

بىر كۈنى ئانام باشقىلاردىن «كۆك كەپتەرنىڭ باچكىسىنى

كەنلىدە، شۇڭا تازا قېقىشۋېلىپ كىردىم دېسلە.
ئۇنىڭدىن سادا چىقمىدى.
— قېنى ئېيتسىلا پۇل قېنى؟
— ئىچتۇق، — دېدى ئۇ پەرۋاسىز قوشۇمىسىنى تۈرگەن هالدا بىرنى كېكىرىۋېتىپ.
— ئىچتۇق! ؟ نەدە ئىچتىڭلار؟!
— هېلىقى تېلېۋىزوردا ئېلان قىلغان نېمە هېلىقى ··· هېلىقى نېمە رېستوراندا، ئىشقىلىپ شۇ، شۇ رېستوراندا.
— هە، يەنچۇ؟! — ئايالىنىڭ تازا جۇدۇنى ئۆرلىدى. سابىرمۇ كەيپچىلىكتە ئۆزىنى بېسىۋالالماي سۆزلەشكە باشلىدى:
— شۇ هېلىقى رېستوراندا، هېلىقى تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىپ داڭلىغان هېلىقى هاراقتىن ···
شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ گېپى يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى، ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى ئەلەڭ - سەلەڭ قىلىپ، هىق تۇتقان پېتى شېئىر باشلىۋەتتى:

تېلېۋىزورنىڭ خۇشلۇقى، شادلىقى، ئېلان،
هاراقنىڭ خۇش كەيپى، تاتلىقى، ئېلان.
ئىنساننىڭ بۆرىكى، يۈرىكى، ئېلان،
دورىنىڭ پايدىسى، سازلىقى، ئېلان.

ئۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، قوللىرىنى هاۋادا ئەسەبىيلەرچە پۇلاڭلىتىپ، ئۆز - ئۆزىگە زەردە بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:
— نېمىدېگەن تولا ئېلان - هە بۇ، بىر فىلىمنىڭ يېرىمى ئېلان، يەنە تۈگىسە يەنە شۇ ئېلان، كىنودىمۇ ئېلان، خەۋەردىمۇ ئېلان، هاۋارايىدىن مەلۇماتتىمۇ ئېلان، ئۆيدىمۇ ئېلان، كوچى-

دادام ئانامنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ باچكىلارنىڭ قېشىغا كەلدى. شۇ ئەسنادا ئاچام ئىككىيلەنمۇ دادامنىڭ باچكىلارنى بوغۇزلاش «تېخنىكىسى» نى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدۇق. راست دېمىسىمۇ شۇنداق كىچىك، بىزدىن ئۆزلىرىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى تىلەۋاتقاندەك سەمىمىي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ بىچارىلەرچە تەلمۈرۈۋاتقان ئىككى باچكا ئالدىمىزدا تۇراتتى. باياتىن بېرى ئوبدانلا قىزىپ ئاكامغا ئاچچىقىمىز كېلىۋاتقان ئاچام ئىككىمىزمۇ بۇلارنى كۆرۈپ خۇددى يېڭى قاچقان توپقا ئوخشاش لاسسىدە بولۇپ قالدۇق.

ئەمدىلىكتە داداممۇ ئۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى بولغاي، بوش ئاۋازدا ئۇلارغا خىتاب قىلىۋاتاتتى:

— ھەي، جانىۋار بۇ ئالەمگە كۆز ئاچقىنىڭ نېمىسى؟ بۇ دۇنيانىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەيلا كېتىپ قالغىنىڭ نېمىسى؟ كىچىككىنە بىرنېمە ئىكەنسەن، ھەي!

— يائاللا، نېمە جانىۋار - پانىۋار ئۇ، كىچىككىنە بىر نەرسىنىمۇ ئوڭلاپ بوغۇزلىيالماي، يوغانلا بىر ئەر كىشى تۇرۇپ ئېزىلىپ ئولتۇرغىنىنى، خەقلەر كالا - تۆگىنىمۇ بوغۇزلىۋېتىدىكەنغۇ؟!

دادامنىڭ قوللىرى تىترەيتتى ...

مەن كۆزلىرىمنى ئەپقاچتىم. نېمىلا دېگەنبىلەن بىر جان ئەمەسمۇ؟! توۋا، مەنپەئەت دېگەن ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ دەيسىلەر؟ بىچارە ئانامىمۇ كىچىك بولسىمۇ بىر جاننىڭ جېنىغا زامىن بولۇش بەدىلىگە ئۆز ئاغرىقىغا تەسەللى تېپىۋاتىدۇ، ھەي، جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ - ھە. مانا بىز ئىنسانلار مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدىكەنمىز. ئەمدىلىكتە مەنمۇ ئۇياققا قارىسام بىچارە ئانام تولغىنىپ ياتقان، بۇياققا قارىسام كۆك كەپتەرنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگىنىگە پۇشايمان قېلىۋاتقان بىچارە

ئۆلتۈرۈپ قېنىنى پۈت - قوللىرىغا ئېقىتسا ساقىيىدىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قاپتىكەن، شۇ ھامان كىرىپ ئۆيدە تېلىۋې-زور كۆرۈپ ئولتۇرغان ئاكامنى كۆك كەپتەرنىڭ باچكىسىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاكام بىردىنلا ئانامغا تېرىكىپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— ھازىر مەن ئۇنى نەدىن تاپىمەن؟ ئۇنداق نەرسە دېگەننى بازار كۈنى ساتىدۇ ئانا، يەكشەنبە كۈنى ئەكېلىپ بېرەي.

ئاكام مۇشۇ يوسۇندا ئانامغا خېلى چۈشەندۇرۇپ باقتى. لېكىن، ئانامنىڭ تەرسالىقى تۇتقانىدى. بۇنى سەزگەن ئاكام ئىلاجسىزلىقتىن «ساڭىلا داۋا بولىدىغان بولسا، نەدىن تاپسام تاپاي!» دەپ غۇدۇرىغان پېتى سىرتقا قاراپ ماڭدى...

كەچتە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق. ئاكام بىردىنلا سۆزلىگەن ھالدا كىرىپ كەلدى:

— مانا ئانا، سەن دېگەن نەرسىنى ئېلىپ كەلدىم، ھازىرلا بوغۇزلاپ قېنىنى ئېقىتىۋالغىن!

شۇ ئەسنادا ئانام باچكىلارنى كۆرۈپ خۇش بولغىنىدىن ئاكامغا قاراپ «يارايسەن، ئوغۇل بالا دېگەن مۇنداق بولمامدۇ» دېگەندەك كۈلۈپ قويدى ۋە ئاكامنى باچكىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇدى. ئاكام كۇتۇلمىگەندە ئانامنىڭ خۇشلۇقىنى يوققا چىقىرىپ: «ئەكەل دېدىڭ ئەكەلدىم، ئەمدى قالغىنىنى ئۆزۈڭلار قىلىڭلار، كىچىككىنە بىر نەرسىنى بوغۇزلاشقا قانداق قولۇم بارىدۇ؟» دەپ چالۋاقىغىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئاكامدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئانام ئەمدىلىكتە بولسا بىر بۇلۇڭدا يانپاشلاپ ياتقان دادامغا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ «دىكتا-تورا» سىنىڭ يۈنىلىشىنى بۇرىدى - دە، قايناشقا باشلىدى:

— قوپسىلا، ئەمدى سىلى بوغۇزلىسىلا، كىچىككىنە ئىشقا ئەسقاتمايدۇ بۇ نېمىلە، بالام - بالام دەپ كەتكەن بىلەن، مەنمۇ شۇ سەن نېمىلەرنى دەپ مۇشۇ ئاغرىققا قالغان!

ئۇنۋاننى باھالاش» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە «ئۇنۋان باھالاش-
تا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئېلان قىلغان ئىلمىي ئەسەرلىرى-
گە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراش كېرەك» دېگەن مەزمۇن
قوشۇلدى. خۇدا بىزنى يازغۇچى قىلىپ ياراتمىغاندىكىن بېشى-
مىزنى قاشلاپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەمدىلىكتە ئۇنۋان
باھالىغۇچىلارمۇ ئۇنداق ـ مۇنداق «بىرىنچى» «ئەلا» لار بىلەن
كارى بولماس بولۇپ قالدى. تەۋەككۇل قىلىپ نەچچە كېچە
ئۇخلىماي بىرمۇنچە قەغەز، سىياھلارنى ئىسراپ قىلىپ «ئىل-
مىي ئەسەر» يېزىپمۇ باقتىم. ئەتىسى، يازغانلىرىمنى خىزمەت-
داشلىرىمغا كۆرسەتسەم «بۇنداق ئەسەرلەرنى بىزنىڭ ئوقۇغۇچى-
لارمۇ يازالايدۇ»، «ئەگەردە بۇنى بىرەر ژۇرنالغا ئەۋەتسەڭ
ئۇلار ئىككىلەنمەيلا چۆرۈپ تاشلايدۇ» دېگەندەك پىكىرلەرنى
بېرىدۇ. ھەي، نېمانداق كاج تەلەيدۇ دەيمەن، بۇ جاھان يا
بىزگە كۈلۈپ باقمىغان، يا بىرەر ئىشىمىز ئاقمىغان ... — ئۇ
چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ بىرھازاغىچە جىمىپ كەتتى. بەلكىم مېنى
چېكىنۋاتسا كېرەك، مەنمۇ شۇنداق ئولتۇردۇم. بىرەر مۇۋاپىق
سۆز تېپىپ كۆڭلۈمگە تەسەللى بەرگۈم كەلدى. ئەمما، نېمە
دېيىشىمنى، قانداق قىلىشنى دەماللىققا بىلەلمىدىم. ئۇ ئاخىر
ئارىدىكى جىمجىتلىقنى ئۆزى بۇزدى:
— بىز مەكتەپتە ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر ـ بىرىمىزنىڭ
يازغان «ئەسەر» لىرىنى تەنقىدلەپ ياكى ياخشىنى يازالماي كۈن-
لىرىمىزنى ئۆتكۈزىمىز. بۈگۈن يازغانلىرىمىز ئەتىسى ئوچاققا
تاشلىنىدۇ. بەزىدە مەن بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا يازغۇچىغا ئايلى-
نىپ كەتسەم، دەپ ئويلاپ قالىمەن. يازغۇچىلار قانداق ئادەم-
لەردۇر؟ دەيمەن ئۆزۈمگە.
— ئەمدى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلاي، باياتىن بېرى
ساڭا ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن سۆز قىلىپ كاللاڭنى ئېلىشتۇ-
رۇۋەتتىم، — دېدى ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ، مەن بېشىمنى كۆتۈ-

باچكا، قانداق قىلىش كېرەك؟!

ئاخىر مەن پەقەت بىر ئېغىز سۆز ئارقىلىقلا ئۆزۈمگە تەسەللى تاپماقچى بولدۇم: بىچارە باچكا ئانامنى كەچۈرگىن! بۇ سېنىڭ تۇغۇلۇشۇڭدىن پېشانەڭگە پۈتۈلگەن تەقدىر - دە!

# «تاغام ئېيتقان ھېكايە»

(ھېكايە)

مەمەتجان ھەسەن

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

— مۇشۇ كۇنلەردە تولا چۈش كۆرىدىغان، تولا ئويلايدىغان، خىياللىرىم بىر يەردە تۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. خىزمەتنىڭ ئىشلەۋاتىمەن، ئەمما بىر ئىش ئۇچۇن تىت - تىت بولىمەن، سۆزلىسەم گەپ تولا...

ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى - دە، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— «ئۇنۋان» دېگەن نەرسە بىزدەك خىزمەتچىلەر ئۇچۇن بەك مۇھىم جۇمۇ، «ئۇنۋان» نىڭ ئۆستى دېگەن گەپ مائاشنىڭ ئۆستى دېگەن گەپ. ئەمما، قانداق ئۆستۈرىمىز؟ بۇرۇنقى چاغلاردا بولسا «ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشى» «خىزمەتتە ئاكتىپ» دېگەندەك شەرەپلەر بىلەن ئۇنۋانىمىز ئۆسكەن بولاتتى، ئۇنى ئېلىشمۇ ئاسان ئىدى. بىرەر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا رەھبەرنىڭ كۆزىگە «ياخشى» كۆرۈنسەك بۇ ئىشلار پۈتەتتى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇنداق «پرىنسىپ» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. نېمىشقا دېسەڭ، يۇقىرىدىن پۈتتۈرۈلگەن «ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ

بىر مۇنچە «تاتلىق» گەپلەرنى قىلغانمۇ بولدۇم. دېگەنبىلەن ئۇ-مۇ يۈزۈمنى قىلدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ «مەخپىيەت» لىكىنى ئېيتىپ بەردى:
— مېنىڭ بىر تۇغقىنىمنىڭ بالىسى ئالىي مەكتەپتە ئو-قۇيتتى، — دېدى ئۇ ماڭا، — ئۆتكەن مەۋسۇملۇق تەتىلدە ئۇنى يوقلاپ بارغانىدىم. پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇپ يازغۇچىلار توغ-رىسىدا گەپ بولدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ خېلى كۆپ يازغۇچى-لار بىلەن تونۇش ئىكەن ھەم ئۆز كەسپىمۇ ئەدەبىيات بولغاچقا يېزىقچىلىق ئىقتىدارىمۇ ياخشى ئىكەن. بۇنى ئاڭلاپ مەن «ئىلە-مىي ماقالە» توغرۇلۇق گەپ قىلدىم. مۇمكىن بولسا ياردەم قىلغىن، دەپ ئۆتۈندۈم. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئاسانلىقىنى پەقەت ئازراق «پول» ماڭساقلا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، «نەچچە پۇل كەتسە مەيلى جېنىم ئۇكام، بۇ ئىشىمنى ھەل قىلىپ بەرسەڭ» دېدىم ۋە يېنىمدىكى 300 يۈەن پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم. مەكتەپكە قايتىش ۋاقتىدىمۇ ئازراق «يوللۇق» تۇت-تۇم. ئۇ كېتىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ تېلېفون خەۋىرىنى ئالدىم.
— «ئەسەر» ىڭىز ×× ژۇرنالىنىڭ ×× ساندا ئېلان قىلىنىدىغان بولدى، دېگەن ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىمنى ھازىر ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. كېيىنكى ئىشلارنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، — دېدى ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.
ئابلىزنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ نۇرغۇن خىياللارنى قىلىپ كەتتىم. بۇ قېتىمقى خىيالىم تېخىمۇ چېچىلاڭغۇ ئىدى. بىر تۇرۇپ «يازغۇچى» بولۇپ قېلىشنى ئويلىسام، يەنە بىر تۇرۇپ، مېنىڭمۇ بىرەر تۇغقىنىمنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋات-قان بولۇشىنى ئويلاپ كەتتىم، ئەمما سېنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئېسىمگە ئالالماپتىمەن. كېچىدىن قانداق ئۇخلىغىنىمنى بىلمەي-مەن، ئەتىگەن ئوغلۇمنىڭ: «دادا، ئورنۇڭدىن تۇر مەمەتجان

مۇ؟ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئالدىدا ئۇ يەنىلا «ئوقۇتۇشتا تەلەپچان» «تالانتلىق» ئوقۇتقۇچى، ئۇنىڭ سىنىپى بولسا «ئىلغار سىنىپ» ئىدى.

ئابلىزنىڭ ئەسەر ئېلان قىلغىنىغا كەلسەك خىزمەتداشلار ھەر خىل قىياسلارنى قىلىشتى، بەزىلەر: «ئابلىز بۇرۇنلا ئەسەر يازاتتىكەن» دېسە، يەنە بەزىلەر: «نەدىكىنى، ئۇنىڭ تەھرىرلەر ئارىسىدا تونۇشلىرى بار ئىكەن، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەسىرى ئېلان قىلىنىپتۇ» دېيىشتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئابلىز «ئەسەر» ئېلان قىلدى. باشقىلار ئۇنىڭ «تالانت»ىنى كۆردى. ئەمدى ھېچكىم ئۇنى «ئابلىز پايىنەك» دېمەيدۇ. بۇ يىللىق «ئۇنۋان» باھالاش يىغىنىدا ئابلىزنىڭ نامىنى ئاڭلىمىغان ئوقۇتقۇچى بولمىسا كېرەك. يېزىمىزغا بەرگەن ئۈچ سانىنىڭ بىرى ئابلىز بولۇپ سايلانغاندا يېزىمىز تەۋەسىدىكى 16 باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلدى. ھەممىمىز ئۇنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن سەزگەنىدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابلىزنىڭ «خىزمەت ئىستىل»ى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن «ئىلمىي تەتقىقات» تۆھپىلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ مەكتىپىمىزنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ سايلاندى.

— شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە يەنە بىر مەيدان «يېزىقچىلىق» قىزغىنلىقى قوزغالدى، ھەممىمىز يازدۇق، ئەۋەتتۇق، بىراق بىرەرىمىزنىڭ ئەسىرى ئېلان قىلىنىپ باقمىدى. خىزمەتداشلىرىمىز ئارىسىدا سۆھبەت بولۇنغان ھامان سۆزنىڭ تېمىسى تەبىئىيلا «ئەسەر» «ئۇنۋان» بىلەنلا بولىدۇ. قانداق قىلساق بولار؟ تولا ئويلاپ بېشىمىز قاتتى. شۇنىڭ بىلەن «گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلەر» دېگەندەك تېخى تونۇگۇنلا ئابلىزنىڭ ئۆيىگە «مەسلىھەت» سورىغىلى بارغانىدىم، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆيىگە قۇرۇق قول كىرگىلى بولمايتتى. ئابلىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ

دادا، سەن ئائىلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، ئانامنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر سىردىشى، قەدىردانى ئىدىڭ. ھاياتىمغا گۈزەللىك قوشقۇچى، بەختىم، مەدىتىم ئىدىڭ. بىراق، سەن ۋاقىتسىزلا كېتىپ قالدىڭ. يىلتىزسىز دەرەخ قانداقمۇ دەرەخ سۈپىتىدە ياشىيالىسۇن؟ ئەمما، كەتكەننىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولمايدىكەن. بىچارە ئانام ئۈچىمىزنى، سېنىڭ ئۈمىدلىرىڭنى دەپ چىشىنى چىشلەپ ياشاۋاتىدۇ. مەن ھەر دائىم ئانامنىڭ يوشۇرۇن ياش تۆكىدىغىنىنى ئويلىغىنىمدا، ۋۇجۇدۇم ئازابلىق تولغىنىدۇ. ئانامنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بولالىسام ئىدى، كۆڭلۈم پۈتۈن، نېنىم پۈتۈن بولاتتى.

مەن كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئېغىر قەدەملىرىمنى يۆتكەپ، سىرتقا چىقتىم. بىراق، كۆڭلۈم يەنىلا شۇنچىلىك يېرىم، مەن خىيال بىلەن نىشانسىز كېتىۋاتىمەن. مېڭەمدە «كونترول» دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس.

سەن راستتىنلا كەتكەنىدىڭ. ئەمدى قايتىپ كەلمەيتتىڭ. ئانامنىڭ كۈن - تۈنلەپ يىغلىشى، سىڭىللىرىمنىڭ ۋە مېنىڭ، سېنى چاقىرىشلىرىمىز سېنى ئويغىتالمايتتى. ئانام ۋە بىز سېنىڭ ھەر يىللىرىدىكىدەك كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن بولۇشۇڭنى نەقەدەر ئۈمىد قىلىمىز - ھە! بىراق، ئۆلۈم — ساياھەت قىلىش ئەمەس - دە!؟

دادا، ھېلىمۇ ئېسىمدە، كىچىك ۋاقىتلىرىمدا سەن ماڭا «ئىنسانىيەت توغرىسىدا» نەسىھەت قىلاتتىڭ. قانداق ياشاش توغرىسىدا يول كۆرسىتەتتىڭ. مېنى قۇچىقىڭغا ئېلىۋېلىپ، يىرىك ساقاللىرىڭنى يۈزۈمگە سۈرۈپ ئەركىلىتەتتىڭ، كۈلدۈرەتتىڭ. باغچىلارغا ئاپىرىپ ئويناتاتتىڭ. ئائىلىۋى ئولتۇرۇش قىلىپ بېرەتتىڭ. شۇ چاغلار نېمىدېگەن گۈزەل - ھە!

سەن بىر قېتىملىق ئائىلە ئولتۇرۇشىنى تۇغۇلغان كۈنۈمگە توغرىلاپ ئۆتكۈزۈپ بەردىڭ. قوش خۇشاللىق كىملەرنى كۈل-

ئاكام تەتىل قىلىپ كەپتۇ» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. «كىچە كۆرگەن چۈشۈم ئوڭ ئىكەن» دېدىم ئىچىمدە. شۇغىنىسى قانچە ئويلاپمۇ سىنىڭ ئالىي مەكتەپتە يەنە كىلىپ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇۋاتقانلىقىڭنى ئېسىمگە ئالالمى-غانلىقىمدىن خىجىلمەن، بەلكى بۇ ھىلىقى «ئۇنۇۋان» نىڭ كاسا-پىتىدۇر.

— سىنى كەلدى دەپ ئۇدۇللا كىلىشىم ئۇكام، كونىلاردا «دوست بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتار» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، بۇ قېتىم ئالدىڭغا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ياردەم سوراپ كەلدىم، بولسا قولۇڭدىن كەلسە ياردىمىڭنى ئايىما، نەچچە پۇل كەتسە مەيلى، مانا ھازىرچە بۇ پۇلنى ئالغىن ... — تاغام يانچۇقىدىن 500 يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويدى ـ دە، «ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى» دەپ چىقىپ كەتتى.

## يۈرەكتىكى سادا

(نەسر)

زۆھرەگۈل ئابدۇۋەلى

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

سەن بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭى بىر دۇنياغا — بارسا كەلمەس دۇنياغا كەتكەنىدىڭ. سەن تۇر-غان بۇ پىنھان ئۆيدە سىنى ئەسلىتىدىغان نەرسىلەر بەكمۇ كۆپ. مەن جىمجىت ئولتۇرۇپ سىنىڭ ھەربىر ئىشلىرىڭنى خىيال قىلاتتىم. قەلبىم قېتىغا سىڭىنىشلىق قۇرلارنى تىزىپ ساڭا خىتاب قىلاتتىم.

# ئىلىم بېغىدا پورەكلىگەن لالە

(زىيارەت خاتىرىسى)

پەرھات مۇھەممەت

ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

ئىنستىتۇتىمىزدا شۇنداق بىر ياش بار. ئۇ بولسىمۇ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مەشئەلىنى يەتكۈزۈشكە قاتناشقان ئۇيغۇر قىزى — لالە خېلىلدۇر. ئۇ مەكتىپىمىزنىڭ ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتى ئاخبارات فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ. ئۇ 1983 - يىلى 11 - ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىككىدىنلا زېرەك لالە باشلانغۇچ مەكتەپتىلا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۇ ئۆز دەرسلىرىنى پۇختا ئۆگىنىش بىلەن ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويمىغان، نەتىجىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئىنگلىزچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولغان. 2001 - يىلى ئۇ «شىنجاڭ سەھەر گېزىتى»دىن 2002 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مەشئەلىنى يەتكۈزۈشكە شىنجاڭدىن بىر ۋەكىل تاللىنىدىغانلىقىنى ئوقۇپ، ئۆزىنى سىناپ باقماقچى بولىدۇ ھەمدە بىر پارچە سۈرىتى بىلەن قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىدۇ. «ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك ئۇنىڭ تۆككەن تەرلىرى بىكار كەتمىدى. نەتىجىدە، ئۇ يۈزتۇرا ئىمتىھانغا قاتناشقان 28 ماھىر ئىچىدىن ئورۇن ئالغان. تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىدىغان لالە سورالغان سوئاللارغا خەنزۇچە، ئىنگلىزچە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ «كوكاكولا شىنجاڭ

دۇرمەيدۇ دەيسەن! ؟ بىز ناھايىتى خۇشال ئىدۇق. سەن ئانام بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ سورۇنىمىزنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدىڭ. ئاچا ـ سىڭىل ئۈچىمىز سىلەرگە بولغان تەشەككۇرىمىزنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، سورۇن كەيپىياتىنى راۋاجلاندۇردۇق. سەن دۇتتار چالدىڭ. ئانام ناخشا ئېيتتى. ھەي، كۆڭۈللەر ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى ـ ھە!

ئانام، سەن دۇتتار چالساڭ، ئۇ ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان شۇ كۆڭۈللەرنى دائىم ئەسلەيدىغاندۇ. ياتاق ئۆيگە ئېسىقلىق ئاشۇ دۇتتارنى كۆرگىنىدە، دۇتتارنى باغرىغا يېقىپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىدىغاندۇ.

سېنىڭ دۇتتارىڭنى كۆرگىنىمدە، مەنمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولىمەن. دۇتتاردىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەستىن قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن. بەزىدە ئاچچىق كۈلسەم، بەزىدە دەردلىك يىغلايمەن. سېغىنغىنىمدا، ياستۇقۇمغا ياشلىرىمنى سىڭدۈرۈپ، ئۇيقۇغا كېتىمەن.

سېنى بىزلا ئەمەس، ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەر سېغىنىدۇ، ياد ئېتىدۇ. ئەنە قارا، ئېسىقلىق تۇرغان دۇتتار سېنىڭ چېلىشىڭنى كۈتمەكتە! ئۇنىئالغۇ لېنتىسى سېنىڭ ناخشىلىرىڭغا موھتاج بولماقتا! سەن دائىم خىزمەت قىلىدىغان ئاشۇ كىچىككىنە ئۆيدىكى ئۈستەل ـ ئورۇندۇق سېنى سېغىندى. سىياھ قەلەم سېنىڭ ئۇنى قولۇڭغا ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ!

مەن خىيال بىلەن سېنىڭ قەبرەڭ ئالدىغا يېقىلدىم. ئۆزۈمنى تۇتالماستىن زار ـ زار يىغلاپ، يۈرىكىمدىكى سۆزلەرنى ئېيتىشقا باشلىدىم: جېنىم دادا، سەن نېمىشقىمۇ بۇنداق بالدۇر كېتىپ قالىسەن. ئۆزۈڭنىڭ جاندىن ئەزىز مەھبۇبىسى بولغان ئانامنى، سېنىڭ ئۈمىدىڭ بولغان، بىزلەرنى تاشلاپ كېتىشكە قانداق چىدىغانسەن. بىز تېخى ساڭا بالىلىق مېھرىنى يەتكۈزمىگەن. بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ بولالمىغانىدۇققۇ.

تتى.
ساۋاقداش لالە ئۆز سىنىپىدا سىنىپ ھەيئەتلىك خىزمىتى-
نى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە ساۋاقداشلىرىغا كۆڭۈل بۆل-
دى. ئۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى ئاجرىتىپ خەنزۇ تىلى
ۋە ئىنگلىز تىلىدىن ساۋاقداشلىرىغا كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بار-
دى ھەمدە ساۋاقداشلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. مەن لالەدىن
بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانىنى سورىغىنىمدا ئۇ مۇنداق دېدى: مەن
ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز كەسپىمدە ئۆرلەپ
ئوقۇپ تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەر بىلەن خەلقىمگە بىر كىشىلىك
تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن.
مەن زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، لالە خېلىلىنىڭ ئەھمى-
يەتلىك ئۆتكۈزۈۋاتقان ياشلىق مۇساپىسىنىڭ بىر كارتىنىسىغا
بارىكاللا ئوقۇدۇم. ئۇنىڭ ئارزۇلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى-
دىن ئىبارەت بۇ بىلىم بېغىدا چېچەك ئېچىپ، تېخىمۇ خۇش
پۇراق چاچقۇسى.

# نورۇز — يۇرتۇم بايرىمى

(نەسر)

**راھىلە غوپۇر**

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

مانا، ھاۋا ئىللىشقا باشلىدى. باھارنىڭ باغچىسى، گۈزەل-
لىكىنىڭ ئەلچىسى نورۇز كەلدى.
ئېھ، نورۇز! سەن ئىللىق پەسلىڭنى، يېشىل پەسلىڭنى
قەيەرلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەن غەزەلخان قۇشلىرىڭنى ئەگەشتۇ-

ياشلىرىنىڭ ئوبراز ئەلچىسى» بولۇپ تاللانغان ھەمدە 2002 - يىلى 16 - يانۋار كۈنى مەشئەل يەتكۈزۈشكە قاتناشقان.

لالە خېلىل زىيارەت داۋامىدا مۇنداق دېدى:

تۇرمۇشۇمدا يېڭىلىقلارنى ياقتۇرىمەن. بولۇپمۇ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كۈندىلىك تۇرمۇشۇمغا يېڭى مەنىلەرنى ئاتا قىلىدۇ. مېنىڭچە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بەدەن ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى كەيپىياتنى تەڭشەپ، ئىرادىمىزنى كۈچەيتىدىغان ئەڭ ياخشى بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. 16 - يانۋار مەشئەل يەتكۈزۈش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە يۈرىكىم ئىختىيارىمدا ئەمەس ئىدى. ئەتراپ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن كىشىلەر توپى بىلەن لىق تولغان، ئۇلار قوللىرىغا رەڭگارەڭ بايراقلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ماڭا مەدەت بەردى. جۇلالىنىپ تۇرغان مەشئەل نۇرى ئاستىدا مىللەت، ئىرق ئايرىمىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ھاياتىمىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز 300 مېتىر ئارىلىقنى يۈگۈردۈم. راستىنى ئېيتسام، مەشئەلنى يەنە بىر ماھىرغا كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئۆتكۈزۈپ بەردىم. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: پائالىيەت جەريانىدا بىز دۇنياغا داڭلىق كىنو شەھىرى ھوللىۋودتا ۋە دىسنىي باغچىسىدا ساياھەتتە بولدۇق. بۇ جەرياندا مېھمانلار بىلەن ئىنگلىز تىلىدا ئەركىن، ئازادە پاراڭلىشالىدىم. كونىلار «تىل — ئالتۇن ئاچقۇچ» دەپ توغرا ئېيتقانىكەن. مەن پەقەت شۇ چاغدىلا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگەنلىكىمدىن چەكسىز سۆيۈندۇم.

لالە خېلىلنىڭ ئۆگىنىش مەقسىتى ئېنىق، مەيدانى مۇستەھكەم، پوزىتسىيىسى توغرا بولۇپ، ئۆزىنى ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ 2002 — 2003 - يىللىق ئوقۇش يىلىدا «خەلق ئوقۇش مۇكاپاتى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. يېقىندا ئۇ قاتناشقان قىزلار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدە ئۇلارنىڭ كوماندىسى كوللېكتىپ 3 - لىككە ئېرىش-

قولۇمدىن كىتاب چۈشمىگىنى بىلەن ئىمتىھانلاردا ئالىدى. غىنىم تايىنلىق. ساۋاقداشلىرىم ئويۇن ـ تاماشىغىمۇ، كۆلكە ـ چاقچاقىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ يۈرۈپ، دەرستىن سىرت. قى كۇرسلارغا قاتنىشىپ، ھەر خىل تىللارنى ئۆگىنىپ يۈرگە. نى بىلەن مەن ئالدىراشچىلىقتىن كۇرسقا قاتناشقۇدەك ۋاقىت چىقىرالمايمەن.

شۇڭا ئەقلىم ھەيران «ئۇلار زادى قايسى ۋاقىتتا مۇشۇنداق جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ ۋاقتى شۇنچە جىقمىدۇ؟».

2004 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى

# چىن تۇيغۇلار

(چاتما نەسرلەر)

## مۇھەممەتئىمىن ياسىن

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

1

«دۇنيا ئىبرەتكە تولغان، شۇنداقلا ئىبرەت ئالغۇچىلارنىڭ كۆز يېشى بىلەنمۇ تولغان» — بۇ ئاجايىپ جۈملە قۇلاق تۈۋىمدە خۇددى كارۋان قوڭغۇراقلىرىدەك تىنىمسىز جاراڭلىماقتا. ھەق راست، دۇنيادا ئۆز خاتالىقىنى مەردانىلىك بىلەن ئېتىراپ قىلا. لايدىغان، باشقىلارنىڭ پاجىئەلىك ھايات قىسمەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ھاياتلىق مۇساپىسىنىڭ توغرا نىشانىنى بەلگىلىيەلەيدى.

ھەر كۈنى سەھەردە ياتاقداشلىرىم ئۇخلاپ ياتقاندا، مەن كىتابىمنى ئېلىپ سىرتقا چىقىمەن، راسا بىر چېنىقىۋېتىپ ئاندىن دەرس تەكرارلىماقچى بولىمەن - دە، 50 مېتىر يۈگۈرە - يۈگۈرمەيلا ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ ھاسىراشقا باشلايمەن. «ۋاي بولدىلا، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغۇچە دەرسىمنى ئۆگىنەي» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، كىتابنى ئاچىمەن، دېمىسىمۇ دەرس مۇھىم - دە!

ئىككى تېكىستنى يادلاپ بولغۇچە ئالدىراپ كۆزۈم تۆت بولۇپ كېتىدۇ. ساپ ھاۋادىن قانغۇدەك نەپەس ئالاي دەپ بېشىمنى كۆتۈرىمەن. بېشىمنى شۇ كۆتۈرگەنچە ئەتراپىمدىكى دەرس تەكرارلاۋاتقان، بەدەن چېنىقتۇرۇۋاتقانلارغا قاراپ تۇرۇپ قالىمەن. ئەمدى دەرس ئۆگىنەي دېگەن ۋاقىتتا بولسا سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن يەتتە يېرىمنى كۆرسىتىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ «ئەتە چوقۇم دەرس ئۆگىنىمەن» دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە قەسەم بېرىپ ياتاققا يۈگۈرىمەن. دەرسكە ئارانلا ئۈلگۈرىدىغان گەپ، مۇئەللىم دەرس سۆزلەيدۇ. مەن بولسام دوسكىغا مىختەك تىكىلىپ ئولتۇرىمەن، خىياللىرىم «تەپەككۇر» جاڭگاللىرىدا پالاس قاقىدۇ، زېھنىمنى يىغىپ دەرس ئاڭلاي دەيمەن، خىياللىرىم يۈگەنسىز، «دەرستىن چۈشكەندە تەكرار قىلىپ چۈشىنىۋالارمەن» دەپ كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرىمەن.

دەرستىن چۈشكەندە ياتاقداشلىرىمنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرىغىمۇ قوشۇلماي، يا كۇتۇپخانىغا، يا بولمىسا سىنىپقا چاپىمەن. سائەت - سائەتلەپ كىتابقا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۆگەنگەنلىكىمنى بىلمەي يېنىپ چىقىمەن. خۇددى قىلىپ تۈگەتكۈسىز ئىشلىرىم باردەك كۈندۈزلىرى بىرەر - يېرىم سائەت كۆز يۇمۇۋېلىشقىمۇ كۆزۈم قىيمايدۇ.

كىتابلىرىمنىڭ نەرگىلا قارىسا ۋاقىت توغرىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر بىلەن تولغان.

شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ. دەرۋەقە دوستلۇق قەدرىگە يەتمىگۈ-
چى ئۇنى چۈشىنىپ يەتكىنىدە ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ.

2004 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى

# كىرپىك

(ھېكايە)

قۇربان مۇھەممەتتۇردى

قانۇن ئىنستىتۇتى، ستۇدېنت

مەھەللىدىكى كۆپىنچە بالىلارغا ئوخشاش ئۇمۇ يېشىنىڭ
كىچىكلىكىگە باقماي باشلانغۇچنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇيتتى.
مۇشۇ كۈنلەردە تاپشۇرۇقنىڭ جىقلىقىدىن ئۇنىڭغا ئوينىۋېلىش-
قىمۇ پۇرسەت چىقمايۋاتاتتى.
بۈگۈن كەچ ئۇ يەنە شام يورۇقىدا تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەل-
لىمى بەرگەن «كۈندىلىك خاتىرە» تاپشۇرۇقىنى ئىشلەشكە باش-
لىدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يازاتتى، ئۆچۈرەتتى، يەنە
يازاتتى، ھېچ قاملاشتۇرۇلمايۋاتاتتى. بۇ تاپشۇرۇق ئۇنىڭغا تاغ-
دەك بىلىنىدى، ئۇ چارچىدى. كۆزلىرى ئېچىشىپ ئاغرىپ كې-
تىۋىدى، قولى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. كۆزىنىڭ
ئاغرىقى سەل پەسەيگەندىن كېيىن خىرە كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ
قەلەمنى قولىغا ئالدى. دەپتەر يۈزىدە ئۈچ، تۆت تال كىرپىك-
نىڭ تۆرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىپ،
بوغچىسىنى ياماۋاتقان ئاپىسىدىن سورىدى:
— ئاپا، ئادەمنىڭ كىرپىكى چۈشۈپ كەتسە نېمە بولىدۇ؟

غان ئاقىللار كۆپ بولمىغىنى ئۈچۈن، پۈتۈن ھاياتىمىزدا نەسىھەتلەر دۇنياسىدىن يورۇقلۇق ئىزدەش بىلەن ئاۋارىمىز.

## 2

ئىنسانلار ھاياتلىق ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىدۇ. پەقەت ئەقىل ـ پاراسەتلىك، جەسۇرانە روھقا ئىگە كىشىلەرلا جاپا ـ مۇشەققەت توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بەختىيىگىغا ئۇلىشىدۇ. شان ـ شۆھرىتىنى، بەخت ـ سائادىتىنى چەكسىز خۇشاللىق بىلەن كۈيلىيەلەيدۇ. نادان، ھورۇن، قورقۇنچاقلار بۇ توساقلار ئارقىسىدىكى ئۇتۇق شادلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماي، كۆز ئالدىدىكى توساق ئالدىدىلا تىكىلىپ قالىدۇ. ئەۋلادمۇئەۋلاد ھاياتىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىدىن لەززەت ئالالماي، ئۆزى ھاياتلىق تراگېدىيىسىنىڭ باش قەھرىمانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، مەنىسىنى يوقاتقان ھاياتىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ يەتكىنىدە ھاياتلىق نىشانىدىن ئاللىقاچان قېيىپ كەتكەن بولىدۇ.

## 3

دوستلۇق ئەسلىدىنلا ئۇلۇغ، ئۇ تاڭ سەھەردە ئۇپۇق سەھنىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىققان يېڭى قۇياشقا ئوخشايتتى، ئۇ چەكسىز تەشنالىق بىلەن زارىقىپ تۇرغان ئاتەش قەلبلەرنى بىر ـ بىرىگە چاتىدىغان ئالتۇن يىپ ئىدى. ئەپسۇس! بەزىلەر ئاشۇ قىممەتلىك، پاك ھېسسىياتنى ئويۇن ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇنى مەنپەئەت، ئابرۇي ۋە نەپسىنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «دوستلۇق» سۆزىنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ، «دوستلۇق — مەنپەئەت — ئايرىلىش» تىن ئىبارەت مەنتىقلىق

چىقىراتتى. هايۋان ئادەملەردىن بىزار بولۇپ قاقشايتتى، زارلى-
ناتتى. ئادەملەر ئۇلارنى ئۇراتتى، تىللايتتى، ئۇلارنىڭ هايۋان-
لىقىنى بىسىش ئۇچۇن مەجبۇرىي كىيىم كىيگۈزەتتى، هايۋانلار
پۇت - بارماقلىرى، ئاغزى بىلەن كىيىملەرنى يىرتىپ تاشلىۋې-
تەتتى ...

ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپلا چىيىنى ئىچىپ مەكتەپكە ماڭدى.
بۇگۇن ئەتىگەندە تىل - ئەدەبىيات دەرس ئۆتۈلەتتى. دەرسنى
ئايال مۇئەللىم ئۆتەتتى. بالىلارنى بەكلا قاتتىق باشقۇراتتى،
بەزىدە ئۇراتتى، تىللايتتى. ئۇلارغا قىلچىلىك كۆيۈنمەيتتى.
شۇڭا، بالىلارمۇ ھەددىدىن ئوشۇق ياۋاشلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئەتىگەنلىك دەرسكە كېچىكىپ قالماسلىق ئۇچۇن
تېز - تېز ماڭاتتى. گاھىدا يۇگۇرەيتتى، كېچىكىپ قالارمەنمە-
كىن دەپ ئاۋۋالقىغا ئوخشاش قاتتىق ئەنسىرەيتتى. خۇداغا
شۇكۇر، ئۇ مەكتەپكە كەلگەندە دەرس باشلىنىشقا تېخى ۋاقىت
بار ئىدى.

مۇئەللىم ئاشۇ سۇرلۇك قىياپىتى بىلەن دەرسخانىغا كىر-
دى. ئۇنىڭ يۇرىكى قارتىدە قىلىپ كەتتى، باشقا چاغدا ئانچە
دىققەت قىلمىغانىدى، بىراق بۇگۇن مۇئەللىمنىڭ ئاشۇ چىرايى-
نى كۆرۈپ، چۇشىدە كۆرگەن هېلىقى يالىڭاچ، هازازۇل ئايال-
لار كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى ...

مۇئەللىم دەرسنى سۆزلەۋاتاتتى. بالىلار قورقۇمسىراپ
ئولتۇراتتى. توساتتىن مۇئەللىمنىڭ دەرس ئۆتكەندە كۆتۈرۈۋا-
لىدىغان كاۋچوك تاياقچىسى قولدىن چۇشۇپ كەتتى. مۇئەللىم
ئۇنى ئېلىشقا ئەمشىلىۋىدى، ئوڭ كۆزىنىڭ ئۇستۇن كىرپىكى-
نىڭ (يالغان كىرپىكى) ھەممىسى يەرگە چۇشۇپ كەتتى.
ئۇ بۇنى ئوچۇق كۆردى. كۆردىيۇ، يۇرىكى سىلىپلا كەت-
تى. «ئاپلا، مۇئەللىم ھەممىمىزنى ئېنىق كۆرەلەيدىغان بول-
دى. كىم نېمە خىيال قىلىۋاتىدۇ؟... تاپشۇرۇقنى كىم كىم-

— نېمە بولدى، بالام؟
— تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتسام كىرپىكىم چۈشۈپ كەتتى.
— قورقما بالام، كۆزۈڭ روشەنلىشىپ، تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيدىغان بولىسەن، — ئاپىسى ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويۇپلا ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى. ئۇ ئاپىسىنىڭ گېپىدىن ئانچە رازى بولمىغاندەك بېشىنى قاشلاپ قويۇپ، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ يەنە تاپشۇرۇق ئىشلەشكە تۇتۇندى ...
شۇ كېچىسى ئۇ چۈش كۆردى. ئاپىسىنىڭ دېگىنىدەك ئۇنىڭ كۆزى ئالاھىدە روشەنلىشىپ كەتكەنىدى. مەھەللە بازىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاندىن تۇغما ھالەتتە يۈرۈشەتتى. ئادەملەر گەرچە يۈز ـ كۆزلىرىنى، چاچ ـ ساقاللىرىنى ھەر خىل رەڭدە بوياۋېلىپ، مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۇغما ھالىتى مانا مەن دەپ ئاشكارىلىنىپ تۇراتتى. ھېلىقى بۆلۈم باشلىقىنىڭ قورسىقى ئىنەكنىڭ يېلىنىدەك ساڭگىلاپ، تومپىيىپ كەتكەن؛ مەھەللە ئاقساقىلىنىڭ يۈزى بىلەن بويىندىن باشقا ھەممە يېرىنى ئاق كېسەل قاپلاپ كەتكەن؛ كوت ـ كوت لەمپۈڭچىنىڭ ... ئۇلار تېخى قارىغۇسىز دەرىجىدە يالىڭاچ، بەتبەشىرىلىكىگە باقماي، بازارغا كىرگەن ھايۋانلارغا كىيىم كىيگۈزۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ھايۋانلارنى ئۇراتتى. ھايۋانلارمۇ خۇددى ئادەملەردەك سۆزلەپ، ئادەملەرنى تىللاپ، ئۇلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى چىتقا يېيىۋاتاتتى.
توۋا، ئۇلار ھەممىنى كۆرۈپ قالغانمۇ قانداق، ئۆزى بىلەن قېرىشقان ئادەملەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئاشكارىلىۋەتتى. «كىم قەيەردە نېمە ئىش قىلغان؟»، «كىم نېمىنى ئوغرىلىغان؟...» «... كىم كىم بىلەن زىنا قىلىشقان؟...»
لېكىن، ئادەملەر ھايۋانلارنىڭ گېپىگە قىلچىلىك ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇلارنى پەقەت ھايۋانلا دەپ، ھەممىنى يوققا

بىر يىلدىن ئاشتى ئىلگىرىكىدەك داغدۇغا قوزغىمىدى. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالدى دەپ ئېيتىشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.

2002 ـ يىلى فامىلە تەتقىقاتى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ بىر نۇقتىسىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇيغۇر فامىلە تارىخى، چەت ئەللىكلەرنىڭ ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ فامىلە قوللىنىش ئەھۋالى، ئۇيغۇر فامىلە مېتودولوگىيىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلدى. دالا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلىپ قىممەتلىك تەجرىبە ماتېرىيالى قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرىگە ئائىت بىرقانچە كىتابلار نەشردىن چىقىپ، قەدىمكى ئەھۋال بىلەن نۆۋەتتىكى ئەھۋال تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىندى. تەشۋىق ـ تەرغىبات ئىشلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ تونۇشى ئۆستۈرۈلدى… دېمەك، فامىلە توغرىسىدىكى تەتقىقات خېلى مۇكەممەل ئېلىپ بېرىلىپ، خەلق ئارىسىدا ئاممىۋى ئاساس يارىتىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ فامىلە قوللىنىش قىزغىنلىقى ۋە ئىپادىسى يۇقىرى. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئاساسەن ئاياغلاشتى.

سوئال: ئۇنداقتا فامىلە تەتقىقاتىنىڭ توختاپ قېلىشىغا سىز قانداق قارايسىز؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: «فامىلە تەتقىقاتى بىر مەزگىل گۈللىنىپ يەنە توختاپ قالدى» دېگەندىن كۆرە «فامىلە تەتقىقات بىراقلا باشلىنىپ توختاپ قالدى» دېگەن تۈزۈك. چۈنكى، «فامىلە ئۇقۇمى بىرقانچە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېڭىدا ئايدىڭ بولغىنى بىلەن ئاۋام ئۇچۇن يەنىلا قاراڭغۇ، فامىلە توغرىسىدىكى بىرقانچە كىتاب بىلەنلا مەسىلىنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇشى

دىن كۆچۈردى؟ ... ئەمدى مۇئەللىمىنىڭ كۆزىگە ھەممىمىز يالىڭاچ كۆرۈنىدىغان بولدۇق ...»

# فامىلە تەتقىقاتى ھەققىدە سۆھبەت

## قۇربان ئابدۇكېرىم

### ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

مۇخبىر ئىلاۋىسى: ئۇيغۇرلاردا فامىلە توغرىسىدىكى ئىز-دىنىش دەسلەپتە 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا باشلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىللىرى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ئۇيغۇرلاردىكى ئە-سىم ـ فامىلە تەتقىقاتىنىڭ يولىنى ئاچقانىدى. ئارىدىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى باھارلىرىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى-نىڭ قوللىشى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىزغىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى بىلەن كىشى ئىسىم ـ فامىلە تەتقىقاتى يېڭى بىر باس-قۇچقا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلە تەتقىقاتى ئىلمىنىڭ رەسمىي شەكىللىنىشىگە ئاساس سېلىندى.

تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە تەشۋىقاتنىڭ كۆپىيىشى بە-لەن خەلق ئاممىسى فامىلىنىڭ ھەققەتەن زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. ئەمما، تەتقىقاتنىڭ ئاياغلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر بىر مەزگىل گۈللەنگەن بۇ قىزىق نۇقتىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن مەن بىر قىسىم مۇتەخەسسىس ۋە مۇتەپەككۇرلارنى زىيارەت قىلدىم.

سوئال: ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى بىر مەزگىل ئەۋج ئېلىپ ھازىر توختاپ قالدى، يەنە داۋاملىشامدۇ ياكى توختارمۇ؟

ئابدۇكېرىم رەھمان يۇچى: فامىلە توغرىسىدىكى تەتقىقات

رۇشى، نىڭ نەتجىسى قانداق بولدى؟

ئوسمان ئىسمائىل تارىم: بىز فامىلە لايىھىسى ۋە قوللانمىنى پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال كەڭ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، يەنە دالا تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردۇق. ئۇ قېتىمقى دالا تەكشۈرۈشكە فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن 2002 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئىككى تۈركۈمدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئالاھىدە رايوندا نۇقتىلىق، ئومۇميۈزلۈك، تەپسىلىي، سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. ئوخشىمىغان قاتلامدىكى 1847 نەپەر كىشىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ فامىلە قوللىنىشقا بولغان رايى، ئىسىم - فامىلىسى، لەقىمى، فامىلىنىڭ مەنبەسى، خاراكتېرى ۋە دائىرىسى ھەققىدە ئومۇميۈزلۈك ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى 95.6% كىشى فامىلە قوللىنىشنى خالايدۇ. بىز ئاخىرىدا ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى» ناملىق كىتابنى نەشردىن چىقاردۇق ۋە 16000 فامىلە مەنبەسى قىلىنىشقا بولىدىغان ئىسىملارنى توپلاپ «ئۇيغۇر فامىلە قوللانمىسى»نى تۈزۈپ چىقتۇق.

سوئال: فامىلە تەتقىقاتىدا ئەمدى قەيەردىن قول سېلىپ ئىشلىگەن تۈزۈك؟

ئابدۇكېرەم رەھمان يۈچى: تەتقىقات جەھەتتىن فامىلىنىڭ مەنبەسى جەھەتتىن ئىزدىنىپ بېقىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ھازىر فامىلە قوللىنىشتا مەنە جەھەتتىن چۈشكۈن، ھازىرقى تەرەككۈر ئېڭىغا ئۇيغۇن بولمىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىۋاتىدۇ ۋە چېچىلاڭغۇلۇق، ئىستىخىيىلىك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، فامىلىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئىزدىنىشكە بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇش

ناتايىن. بۇنىڭ ئۈچۈن نورمال سىياسىي، ئىجتىمائىي كاپالەت كېرەك بولىدۇ.»

سوئال: قايسى سەۋەبلەر فامىلە قوللىنىشىمىزغا تۈرتكە بولدى؟

ئارسلان ئابدۇللا تەھور: بۇ سەۋەبلەر مۇنداق ئىككى جەھەتتىن، بىرى، كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنبەسى تارىيىپ، تەكرارلىنىش ۋە ئوخشاش ئىسىملارنىڭ كۆپىيىش ھادىسىسى بولۇپ، ئىسىم قوللىنىشىدا ئىجابىي يېڭىلىق يوق دېيەرلىك، ئىسىمنىڭ كىشىلەرنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش رولى، خاسلىق رولىدىن چەتقالماسلىق سەۋەبىدىن رويخەتكە ئېلىش، نوپۇسقا ئېلىش، رازۋېدكا ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئاۋارىچىلىك؛ يەنە بىرى، ئەجدادلىرىمىزدىكى يەتتە ئەجدادىنى بىلىشتەك ئومۇميۈزلۈك ئەنئەنىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ياكى يوقاپ كېتىشى بىزدە نەسەب تۇيغۇسىنىڭ تۆۋەنلەپ قالماسلىقى ۋە ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن فامىلە قوللىنىپ نەسەب تۇرغۇزۇش ئارقىلىق فامىلىنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئەجدادىنى بىلىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتكىلى، ئۈيۈشۈش كۈچىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، فامىلە قوللىنىشنىڭ ئۆزى بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا تەبىئىي قانۇنىيەت. بۇ قانداقتۇر فامىلە قوللانماسلىق مەدەنىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى فامىلىنىڭ مەدەنىيەتتىكى رول ئوينىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تەبىئىي قانۇنىيەت بولۇشىدا تارىخ ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانلارنىڭ خاسلىق ۋە ئۇرۇقداشلىق ـ قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئاخىرقى ھېسابتا فامىلىگە تەرەققىي قىلغان. بىزنىڭ مانا بۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەكلىكى مۇقەررەر.

سوئال: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان فامىلە توغرىسىدىكى «دالا تەكشۇ-

غان مىللىي روھ فامىلىدىمۇ چاقنىشى كېرەك، يەنى ئىسىم - فامىلىدىن مىللىي پۇراق، مىللىي ئالاھىدىلىك، چىقىپ تۇرسا مانا بۇ مىللىيلىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدىكى خاس سۆزلۈكلەرنى فامىلىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى قىلغاندا، ئىخچام بولۇپ ئالاقە ھۆددىسىدىن چىقىپلا قالماستىن، ئەجداد روھىنىمۇ ئىزچىللىققا ئىگە قىلىشتا مۇئەييەن رول ئوينايدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن: بىر ئادەم ئاڭ ۋە جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ئۆز قوۋمىغا باغلانغانىكەن، ئۇ فامىلە قوللىنىش جەھەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئاڭلىق ياكى ئىستىخىيىلىك ھالدا نامايان قىلىدۇ. خاسلىقنىڭ ئۆزى زامانىۋىلىك بىلەن زىددىيەتلىك ئەمەس. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى بىر مىللىي ئىسىم ۋە ياكى فامىلىنى ھازىر قوللانسىڭىزمۇ ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە بولىۋېرىدۇ.

سوئال: فامىلىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتكە قوشىدىغان تۆھپە-سى قايسى جەھەتلەردە بولىدۇ؟

ئابدۇكېرەم رەھمان يۈچى: فامىلىنىڭ ئۆزى بىر مەدەنى-يەت ھادىسىسى ۋە مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا يېڭىدىن شەكىللەنگەن بىر ئىلىم. شۇنداق ئىكەن فامىلىنىڭ ئۆزى مىل-لىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. فامىلىسىزلىك كەلتۈ-رۈپ چىقارغان پاجىئەلەر ھېلىمۇ خېلى كۆپ ... مەسىلەن، تارىخنى ئۈزمەسلىك، نەسەبنامە، ئەنئەنە بىلەن يىللىق ... قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا تۆھپە قو-شىدۇ. گەرچە فامىلە ئۆزى بىر ئابستراكت بولسىمۇ، لېكىن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يىغىندىسىنىڭ بىر ئىپادىسى بولىدۇ. شۇڭلاشقا فامىلىدە شۇ مىللەتنىڭ سىياسىي، جۇغراپى-يىلىك شەرت - شارائىتى ۋە مەدەنىيىتى ئەكس ئېتىلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ئۆزى مىللىي مەدەنىيەتكە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆچ-مەسلىككە كۈچ قوشقانلىق.

جەھەتتىن ئەڭ مۇھىم ھالقا بولغان «ھۆكۈمەت ھەرىكىتى» قالدى. ھۆكۈمەتمۇ خەلق مايىل بولغاندىكىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئىزچىللاشتۇرسا بولىدۇ.

سوئال: «ھۆكۈمەت ھەرىكىتى» دىكى تەدبىرلەر قايسىلار؟

ئابدۇكېرەم رەھمان يۇچى: فامىلىنىڭ زۆرۈرلۈك مەسىلىسى ھازىر ھەممە كىشىنىڭ ئىدىيىسىدە ئايدىڭ بولدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بۇ ھەقتە ئالاقىدار بولغان كىملىك، پاسپورت ... قاتارلىقلارنى فامىلىگە ماسلاشتۇرۇش لايىھىسىنىمۇ ئىشلەپ بولدى. ئەمدى ئەدلىيە ئورگانلىرى كىملىكلەرنى ئۆزگەرتىش، نوپۇسقا ئېلىش قاتارلىق ئومۇملاشتۇرۇش ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ قانۇنلاشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاخىرىنى چىقىرىش قاتارلىق ئىشلار. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئاساسىي قاتلام ئورگانلىرى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىشى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بۇ بىر قېتىملىق زور ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئىكەنلىكىنى تونۇپ، بۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەلەپىنى چۈشىنىپ، خەلقنىڭ رايى بويىچە ماقۇللىشى قاتارلىقلار.

سوئال: فامىلىدە مىللىي ئالاھىدىلىك، گەۋدىلىنىش كېرەكمۇ؟ مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن مەدەنىيلىك ۋە زامانىۋىلىك قانداق بىرلىشىپ گەۋدىلىنىدۇ؟

ئابدۇكېرەم رەھمان يۇچى: ئەلۋەتتە فامىلىدە مىللىي ئالاھىدىلىك ئەكس ئېتىشى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك، گەرچە ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئەرەبچە، پارسچىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى فامىلىنىڭ رولىدىن قاراپ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇشىمىز كېرەك. يەنى، ئىسىمنىڭ ئۆزىدىن دەرھال مەنە چىقسا، كىشىلەرمۇ دەرھال بىلەلىسە بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چاقنى-

يىسى يېتەمدۇ؟

ئوسمان ئىسمائىل تارىم: بىز تەكشۈرۈش جەريانىدا كۆپىنچە كىشىلەر فامىلىنىڭ «فامىلە مەنىسى» نى ئۆزى بىلمىسىمۇ، لېكىن فۇنكسىيىسىنى بىلگەندىن كېيىن قوللايدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇرۇندىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يۇرتلاردىكى لەقەملەرمۇ فامىلىنىڭ رولىنى ئويناپ كېلىۋاتقان بولۇپ، پەقەت كىملىك، نوپۇس دەپتىرىگە ئېلىنماي قالغان. لېكىن، فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىپ كېلىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەسكەن. ئومۇمەن، فامىلىنى كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك قوللايدىكەن.

سوئال: ئۇيغۇر فامىلە مەدەنىيىتى قايسى نۇقتىلاردا گەۋدىلىنىدۇ؟

ئوسمان ئىسمائىل تارىم: ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر تىلى، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى فامىلە قىلىپ قوللىنىش مىللىي خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرگەنلىك ۋە داۋاملاشتۇرغانلىق بولىدۇ. شۇڭا، فامىلە قوللانغاندا فامىلىنى چوقۇم قوللىنىش، ئەمما ئاڭلىق يېتەكلەپ چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنى قوللانماسلىققا تەكلىپ بېرىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش، ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ھازىر ئۆزلەشكىنى بويىچە قوللىنىش، بۇمۇ خاسلىقنىڭ بىر ئىپادىسى. دائىرىسى جەھەتتىن كەڭ بولۇپ، مەنىسى ئېنىق بولغان بولىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىلىرى شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ۋارىسلىق قىلىنغان بولىدۇ.

سوئال: فامىلە قوللانغاندا خانىم - قىزلارنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرىدا ئۆزگىرىش بولامدۇ؟ قايسى جەھەتلەردە ئۆزگىرىش بولىدۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: خانىم - قىزلار ياتلىق بولغاندا ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ. بىراق، بۇ ئادەت

سوئال: فامىلىنى كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى ئومۇملاشتۇرغاندەك ئومۇملاشتۇرۇشقا بولامدۇ؟

ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر: بۇنىڭ ئەكس تەسىرى يوق. ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتى ئاۋۋال ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى قېلىپلاشتۇرۇپ نەشر قىلدۇردى. بىراق، فامىلىدە ھەرگىزمۇ كىشى ئىسىملىرىنى قېلىپلاشتۇرغاندەك بىخۇدلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. خەنزۇچە يېزىقنىڭ ئۆزى بېشارەتلىك، ئوبرازلىق، خەتتىن مەنە چىقىدىغان يېزىق بولغاچقا، فامىلىنىڭ ئىككى بىسلىق ياكى سەلبىي مەنىدىكى خەت بولۇپ قېلىشىغا بولمايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا فامىلە ئاندىن ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سوئال: فامىلە قوللىنىش مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي مەدەنىيەتكىمۇ تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: فامىلە قوللىنىش ئىنتىلىشى سالاھىيەت تۇرغۇزۇش ئېھتىياجىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى، شۇنداقلا مىللىي ئاڭ ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ ۋە ئۆز نۆۋىتىدە نەسەب قارىشى ۋە پاكىز نەسەب قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يىپ ئۇچى بېرىدۇ. لېكىن، ئەنئەنە ۋە مەدەنىيەت ھەققىدىكى چوڭقۇر بىلىشنى شەرت قىلىدۇ.

سوئال: ئۇيغۇر فامىلىلىرى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىلىرىگە ئوخشامدۇ ياكى ئوخشىمامدۇ؟ قايسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغان تەرىپى ئىجتىمائىي ۋە جۇغراپىيىۋى، سىياسىي تەسىر جەھەتتىكى خاس مۇھىتتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇلار مەدەنىيەتلىكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل بولغاچقا كىشىلەرنىڭ تەۋەلىك ئېڭىنى روشەن ئۆزگەرتىدۇ.

سوئال: ئۇيغۇر خەلقى فامىلە قوللىنىشقا مەدەنىيەت سەۋ-

# كوچىدىكى تىلەمچىلەر

(ھېكايە)

زۆرىگۈل تۇرسۇن

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

بىز دائىم جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ خەلقنىڭ تۇرمۇشىمۇ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىپ بارىدۇ دەيمىزيۇ، مۇشۇنداق كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرىدىغان ياخشى ۋەزىيەتتە يۈرەكنى ئاچچىق تاتىلايدىغان ئىشلارنىڭمۇ يەنىلا مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىمىز. مانا كۆرۈۋاتىمىز. كوچا - كوچىلاردا تىلەمچىلەر ئازلاشنىڭ ئورنىغا كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بەلكىم بۇ ئاسان پۇل تېپىشنىڭ يولى بولسا كېرەك.

ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەملەر ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەقىقىي ئەمگەك كۈچىدىن قالغان ئادەملەر. يەنە بەزىلىرى بىز دېگەندەك ھۇرۇن، ئىش خۇشياقمايدىغان بىكار تەلەپلەر، تىلەمچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلەمچىلىك قىلىش ئۇسۇلىمۇ خىلمۇخىل. ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ۋەقەلىك.

ئۇ كۈنى دەرستىن چۈشۈپ ئۆيگە قاراپ كېتىپ باراتتىم، تۇيۇقسىز بىر ئايال قولۇمنى كاپلا قىلىپ تۇتتى:

— ئۇكام توختاپ تۇرۇڭا!

كۇچىنىڭ ۋە نەسەب قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن فامىلە تەتقىقاتى كىشىلەرگە قايىل قىلارلىق يەكۈنلەرنى تەمىنلەيدۇ. يەنە بىر ئەر تەرەپمۇ ئۆز فامىلىسى ئارقىلىق ئايالى-نى شەرەپ تۇيغۇسىغا كەلتۈرەلىشى لازىم. ھازىر تۈرقى جەھەت-تىنلا ئەرگە ئوخشاپ قېلىشۋاتقان ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى.

سوئال: فامىلە قوللانغاندىن كېيىن ئۇيغۇر كىشى ئىسىم-لىرى فامىلىلىرىنىڭ يۈزلىنىشىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولارمۇ؟

ئوسمان ئىسمائىل تارىم: ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ھازىر بىر قىسىم يۈزلىنىش بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. يەنى قەدىمكى ئۇي-غۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى، داڭلىق قەھرىمانلارنىڭ ئىسىملىرى-نى، قەدىمكى قەبىلە، يۇرت ناملىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئىسىم قىلىپ قوللىنىش مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. فامىلىنىڭ مەنبەسى كەڭرەك بولغاچقا، بۇنىڭدىن سىرتقى ئۆزگىرىش بولمايدۇ دېيىش-مۇ بولىدۇ. ئەمما، كىشى ئىسىملىرىدىكى بۇ خىل يۈزلىنىش تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا بارغاندا (مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەن-دىن كېيىن)، فامىلىدە يېڭى يۈزلىنىش يۈز بېرىشى مۇمكىن.

سوئال: فامىلە مەسىلىسىدىكى قىيىن نۇقتا قايسى؟

ئوسمان ئىسمائىل تارىم: فامىلە قوللىنىشقا ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر «فامىلە قوللىنىش ھاجەتسىز، كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنبەسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئىسىملاردىكى تەكرارلىق مەسىلىلىرىنى تۈگىتىپ كەتكىلى بولىدۇ» دەپ قا-راپ قارشى تۇرغان. ئەمما، فامىلە ھامان ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى باغلاپ تېگى - تەكتىنى بىلدۈرىدىغان، ئىپتىخارلىقنى كۈچەيتى-دىغان بولغاچقا، بۇ مەسىلىمۇ ھەل بولۇپ كەتكەن. لېكىن، ھازىر «ھۆكۈمەت ھەرىكىتى» دىن باشقا ئالاھىدە قىيىن نۇقتا يوق. چۈنكى بىز فامىلىنى يېڭىدىن ئومۇملاشتۇرۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، شۇڭا مەسىلىلەر ھازىر يوق.

خىزمەتچى ئەمەس، مەن بىر ئوقۇغۇچى، مەندە بۇنىڭدىن ئارتۇق پۇل يوق، — دېدىم.

ئۇ ئايالنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، ئاغزىدا نېمىلەرنىدۇر غودۇڭ-شىپ، قولۇمدىن ئىككى كوينى «شارت» لا قىلىپ ئالدى ـ دە، رەھمەت دېيىشنىڭ ئورنىغا سەت بىر ئالىيىپ كېتىپ قالدى. بۇ قانداق ئىش، ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدۇ. بىرھازادىن كېيىن ئەسلىمگە كېلىپ كېتىپ قالدىم.

ئارىدىن بىر ـ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى مەن چوڭ ئاپامنى يوقلاش ئۈچۈن كېتىپ باراتتىم، تۇيۇقسىز بىر تاكسى ئۇچقاندەك كېلىپ ئالدىمدا توختىدى. تاكسىدىن شۇنداق مودا كىيىنگەن، چاچلىرى بۇدۇر، سېرىق بويىۋالغان، قېنىق گىرىم قىلىۋالغان، ئۈچىسىغا ھەددىدىن ئارتۇق ئەتىر چېچىۋالغان بىر ئايال چۈشتى. بۇ ئايالغا شۇنداق سەپسېلىپ قارىسام تونۇش بىر چىراي، قاراپ ـ قاراپ، ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىر ھېلىقى كۈندىكى مەندىن پۇل تىلىگەن ئايالغۇ ئۇ، توۋا ئۇ كۈندىكى ئەپتى يوق. كەينىدىن قارىسام ئۇ ئايال ئۇدۇل رېستورانغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەسلىدە بىر ئالدامچى ئىكەن. ئىچىمدە قانچىلىك ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بۇ ئايالنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەندۇ؟

ھەي ئالدامچى! دەپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم. شۇ تاپتا پۈتـۈن دۇنياغـا ئـۇنىڭ ئالدامچـى ئىـكەنلىكىنـى جا-كارلىغۇم كەلدى...

يەنە بىر قېتىم مۇنداق ئىش يۈز بەردى.

بىر كۈنى مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭدىم. يىراقتىنلا كۆزۈمگە چېلىققىنى كىيىملىرى يىر-تىق، چاچلىرى پاخپايغان، يۈز ـ قوللىرىنى كىر باسقان، بىر پۇتى مېيىپ، ئىككى قولىغا تايىنىپ ماڭىدىغان، قارىماققا 12 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ بىر قىزنىڭ ئالدىنى

ئىختىيارسىز توختاشقا مەجبۇر بولدۇم، كۆزۈمگە چېلىق-
قىنى 30 نەچچە ياشلاردا بار، چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن،
كىيىم - كېچەكلىرى رەتسىز، بېشىغا يىرتىق ياغلىق چېگىۋال-
غان، قولىدا بالا كۆتۈرۈۋالغان ئايال ئىدى.

ئۇ مۇلايىملىق بىلەن:

— سىڭلىم خاپا بولماي ماڭا ئازراق پۇل بەرگەن بولسى-
ڭىز، ئىككى كۈن بولدى تاماق يېمىگىلى. مەن خوتەندىن
ئۈرۈمچىگە كەلگەن، يولدا پۇللىرىمنى ئوغرىغا بېرىپ قويدۇم،
يېنىمدا پۇل يوق، بالامنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى، — دېدى.

بۇ ئايالنىڭ هالىتىگە قاراپ، بولۇپمۇ قولىدىكى بالىغا
قاراپ ئىچىم سىيرىلدى. بۇ بالا يۈزلىرى قاسماق، كىيىم -
كېچەكلىرى رەتسىز هالدا ئۇ ئايالنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاۋاتاتتى.

تۇيۇقسىز بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك هېچ-
نېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدىم. بۇرنۇمنىڭ ئۇچى ئېچىشىپ،
كۆزلىرىمگە ياش يامراۋاتقانلىقىنى هېس قىلدىم، بىراق يىغلاش-
تىن ئۆزۈمنى ئارانلا بېسىۋالدىم.

يېنىمنى ئاقتۇرسام ئارانلا ئىككى كوي چىقتى. ئادەتتە
تىلەمچىلەرگە ئەڭ كۆپ دېگەندە بەش مودىن ئارتۇق پۇل بەر-
مەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن پۇلنى ئۇ ئايالغا ئۇزاتتىم. لېكىن، ئۇ
ئايال ئىككى كوينى كۆرۈپ ئابايىقى مۇلايىم هالىتىنى ئۆزگەر-
تىپ:

— هەي سىڭلىم، هازىر ئىككى كويغا نېمە كېلىدۇ. ماڭا
10 كوي بېرىڭ، — دېدى.

مەن تۇرۇپلا قالدىم، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى شۇنچە تېز مەن
ئاڭقىرالمايلا قالدىم. توۋا، هازىرقى تىلەمچىلەر بەرگەن سەدىقە
پۇلنىڭ قانچىلىك بولۇشنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدىغان بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەن:

— ئاچا، مېنىڭمۇ سىزگە ياردەم بەرگۈم بار، لېكىن مەن

دۇق. كۆزۈم ھېلىقى بالىغا چۈشتى. ئۇ يەنە شۇ يەردە ئىكەن.
لېكىن، نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقانىدى. ئىچىمدە بۇ بالا
كېتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. يېقىنلاشقانسېرى ئۇ بالى-
نىڭ يەنە پۇتۇمغا ئېسىلىشىدىن قورقتۇم. ئەگەر يەنە ئېسىلىپ
قالسا قانداق قىلارمەن دېگەن خىياللاردا كېتىپ باراتتىم. تۇ-
يۇقسىز ئۇ بالا ئورنىدىن دەس تۇردى. تېخى پۇتىدا تەنتەربىيە
ئايىغى، بىر پېيى شۇنداق كونىراپ كېتىپتۇ، يەنە بىر پېيى
شۇنداق يېپيېڭى ئىكەن.

ئەسلىدە بۇ بالا مېيىپ ئەمەسكەن، بىر پۇتىنى قەستەن
باغلىۋالغانىكەن. ئەتراپىدىكى يولۇچىلار ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن
قاراۋاتاتتى. بىر ئادەم ئۇ بالىنى تۇتۇۋېلىپ تىللاپ كەتتى ھەم
ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا گەپ
قىلدى. لېكىن بۇ بالا يۇلقۇنۇپ قېچىپ كەتتى.

شۇ ۋاقىتتىكى تەسىراتىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش مۇم-
كىن ئەمەستى. سىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، بىر مېيىپ بالا؟
ئەسلىدە ئىككى قولىنى پۇت قىلىپ ماڭىدىغان بىر مېيىپ بالا
ئالدىڭىزدا بىردىنلا دەس تۇرسا سىزدە قانداق ھېسسىيات پەيدا
بولىدۇ؟

مەن يېقىندا بىر خەنزۇچە ژۇرنالدىن بىر ھېكايىنى ئوقۇ-
دۇم، بۇ ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق:

بىر قولى مېيىپ بىر تىلەمچى بار بولۇپ، پەقەت باشقىلار-
نىڭ ئىچ ئاغرىتىپ بەرگەن سەدىقە پۇل ئارقىلىقلا ھايات كەچۈ-
رىدىكەن. ئىشقىلىپ باشقىلار ئۇنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا پۇل
بەرمەي قالمايدىكەن، ئۇ تىلەمچىمۇ مۇشۇ كۇنگە شۈكۈر قىلىپ
ئۆتىدىكەن. بىر كۈنى بۇ تىلەمچى پۇل تىلەش ئۈچۈن بىر
ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن بىر موماي
ئىشىكنى ئېچىپتۇ. تىلەمچى ئۇنىڭدىن پۇل تىلەپتۇ. لېكىن،
موماي ئۇنىڭغا ھويلىدىكى بىرمۇنچە خىشلارنى كۆرسىتىپ تۇ-

توسۇپ!

— ئاچا بىر مۇچەن بېرىڭە! بەرمىسىڭىز ئۆتكۈزمەيمەن دېگەن ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇ قىز شۇنداق چاققانلىق بىلەن ئۇياق - بۇياققا قېچىپ باقتى. شۇنداق قىلىپمۇ بۇ بالىدىن قۇتۇلالمىدى. ئەتراپىدىكى يولۇچىلار خۇددى ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك تۇراتتى، بۇ قىز ئامالسىز تەسلىم بولدى.

بۇ قىز ئالدىغا ئون قەدەم ماڭا - ماڭماي، يەنە بىر پۇتى يوق، تۇرقى بايىقى بالىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان يەنە بىر بالا ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. بۇ قىز شۇنداق چاققانلىق بىلەن يولنىڭ ئۇ قېتىغا يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى.

مەنمۇ بۇنداق ئوسال ئەھۋالغا قالماسلىق ئۈچۈن يولدىن ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. مەن يىراقتىن ئۇلارغا سەپسالاتتىم. بۇ بالىلار قارىماققا شۇنداق گۆدەك كۆرۈنگەن بىلەن شۇنچىلىك ھىيلىگەر، كىم پۇل بەرمىسە پاچىقىغا ئېسىلىۋالغان، پۇل بەرمىگەنلەرنىڭ كەينىدىن تىللاۋاتقان، ھەتتا تاش ئېتىپ، تۇكۇرۇپ كېتىپ بارغان، بۇلارغا قاراپ، بۇ كىچىككىنە ئۇرۇمچىدە نېمانچە جىق مېيىپ بالىلاردۇ دەپ ئويلاپ قالدىم.

بۇلارغا ئىچ ئاغرىتىش كېرەكمۇ ياكى بىزار بولۇش، يىرگىنىش كېرەكمۇ؟

ئۆيدىكىلەر بىلەن دۆڭكۆۋرۈك ئالدىدا كېتىپ باراتتىم. تۇيۇقسىز بىر بالا پۇتۇمغا كاپپىدە ئېسىلدى:

— ئاچا، بىر موچەن بېرىڭە!

قارىسام ھېلىقى كۈندىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدىكى ھېلىقى مېيىپ بالا ئىكەن. قېچىشقىمۇ ئۇلگۇرەلمىدىم. ئاپام ئۇنىڭغا بىر كوي بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بالا پۇتۇمنى قويۇۋەتتى. خۇداغا شۈكۈر ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇم. كەچلىك بازارنى ئايلىنىپ بولۇپ، ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن ئاۋۋالقى يولدىن قايتماقچى بول-

تارىختىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ روھىي ھالىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەچكە، ھاياتقا، تەغدىرىمىزگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق سېزىمى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا نىسبەتەن ئاجىز بولماقتا.

كونىلاردا: «ھەرىكەتتە بەرىكەت» دەيدىغان ماقال بار. بۇمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەي دېسەڭ، جاپالىق ئىشلە دېگەنلىك.

ئىرادىسىز ئادەمگە ھەقىقىي بەخت، ھەقىقىي راھەت - پاراغەت، ھۇزۇر - ھالاۋەت مەڭگۈ نېسىپ بولمايدۇ. ئاسان ئىشمۇ مەڭگۈ ئۇچرىمايدۇ. ئىرادىلىك ئادەم بەخت - سائادەتنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ قەيسەرلىك بىلەن جاپا - مۇشەققەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ غەلىبىگە ئېرىشكەندىلا ئۆز مەنىسىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئىرادىلىك ئادەمگە ئىشنىڭ قىيىنى بولمايدۇ. قىسقىسى، ئىرادە ھەرقانداق ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە جاپا - مۇشەققەتكە قەتئىي تىز پۈكمەيدىغان، باش ئەگمەيدىغان مەنىۋى كۈچتۇر.

ئاشۇ كوچا - كوچىلاردىكى ئالدامچىلار، سىلەر بىلەمسىلەر؟! سىلەرنىڭ بۇنداق قىلمىشىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى بىر مىللەتنىڭ يۈز - ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزگەنلىك ئەمەسمۇ!؟

## تەڭرىتاغ نورۇزى

(نەسر)

**سارىگۈل ئەخمەت**

**فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت**

مەن دىللارغا شادلىق بەخش ئەتكۈچى ئىللىق باھار شامىلىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. باھار شامىلى باشلاپ كەلگەن

رۇپ، سەن بۇ خىشلارنى ئۆينىڭ كەينىگە يۆتكەپ بەرگەن بول-
ساڭ دەپتۇ. تىلەمچى بۇنى ئاڭلاپ خاپا بوپتۇ. ئۇ مومايغا:
— سىنىڭ كۆزۈڭ قارىغۇمۇ؟ سەن كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ،
مېنىڭ بىر قولۇم يوق تۇرسا خىشنى قانداق يۆتكەيمەن. سىنىڭ
قولۇڭ ساق بولغاندىكىن نېمىدەپ ئۆزۈڭ يۆتكىمەيسەن، —
دەپتۇ.

ئۇ موماي بىر بىلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مەنمۇ ساڭا
ئوخشاش دەپتۇ، تىلەمچى بۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ. ئۇ مومايغا،
بىلىكىڭ بار تۇرمامدۇ دەپتۇ. موماي يېڭىنى ئۈستىگە قايرىپ
تىلەمچىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ مېنىڭ بۇ يالغان بىلەك دەپتۇ.
تىلەمچى قارىسا دەرۋەقە شۇنداق ئىكەن. موماي تىلەمچىگە قاراپ-
مۇ قويماي بىر قولى بىلەن خىشلارنى يۆتكەشكە باشلاپتۇ. بۇنى
كۆرگەن تىلەمچى مومايغا ياردەملىشىپ بىر قولىدا يۆتكەشكە
باشلاپتۇ. تىلەمچى ئالدىدا بىر خىش ـ بىر خىشتىن يۆتكەپتۇ.
كېيىن ئىككى ـ ئىككىدىن يۆتكەپ ئاخىر يۆتكەپ بوپتۇ. موماي
ئۆيدىن ئىسسىق بىر ئىستاكان چاينى ئاچىقىپ تىلەمچىگە بېرىپ-
تۇ. چىلىق تەرگەن چۆمگەن تىلەمچى ئىستاكاننى كۆتۈرۈپلا
چاينى ئىچىۋېتىپتۇ ۋە ئىستاكاننى مومايغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.
موماي يانچۇقىدىن 20 كوينى چىقىرىپ تىلەمچىگە بېرىپ-
تۇ. تىلەمچى خىجىل بولغان هالدا پۇلنى ئېلىشقا ئۇنىماپتۇ.
لېكىن موماي: بۇ پۇل ساڭا تەۋە، چۈنكى سەن بۇ پۇلنى
هەرگىز تىلىۋالمىدىڭ. بۇ پۇلنى ئۆز كۈچۈڭگە تايىنىپ تاپقان.
بۇ سېنىڭ ئىش هەققىڭ. ساڭا مەنسۇپ، دەپتۇ.

تىلەمچى پۇلنى قولىغا ئېلىپ مومايغا رەھمەت ئېيتىپ
كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تىلەمچى بىر قولى ئارقىلىق
ئىگىلىك تىكلەپ، شۇ شەهەرنىڭ مۇهىم بىر ئىگىلىك ياراتقۇ-
چىسى بولغانىكەن.

سوپىزمىنىڭ شۇكۇر قىلىش ۋە تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى

ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە. تومۇردا دولان قېنى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان سەنئەتخۇمار خەلقىمىز گۈزەل تارىم ۋادىسىنى چاڭ كەلتۈرمەكتە. پاھ! نورۇز ئېشى نېمىدېگەن مەززىلىك!

ئاۋۇ يەر ئەجەب قىزىپ كېتىپتۇ. يۈرۈڭە بىزمۇ كۆرۈپ باقايلى. پاھ، چېلىشىشقا چۈشكەن ئاۋۇ يىگىتلەر نېمىدېگەن قاۋۇل، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن جەسۇرلۇق، مەردانىلىك چىقىپ تۇرۇپتۇ. نازاكەتلىك قىزلىرىمىزمۇ تەپكۈچ تېپىش، تاشتەرمە ئويناش، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش ئويۇنلىرىنى ئوينىشىۋېتىپتۇ... يەنە بەزى كىشىلەر قوچقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، ئارغامچا تارتىشىش ئويۇنلىرىنى كۆرۈشۈۋېتىپتۇ. قىز - يىگىتلەر ئۆزئارا بېيىت ئېيتىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق مۇھەببەت ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلىشىۋېتىپتۇ. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمىنى نەقەدەر كۆڭۈللۈك، نەقەدەر مول مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزۈشكەن - ھە!

ۋاھ! قاشتېشى يۇرتىنىڭ بىر جۈپ گۈلى نورۇزغا قانداق سوۋغا يوللىدىكىنە! مېھنەتكەش تەڭرىتاغ دېھقانلىرىنىڭ قەلبىدەك ساپ ۋە سۈزۈك قاشتېشىمۇ ياكى خەلقىم روھىغا كۈچ بەرگۈچى مەنىۋى بايلىقمۇ؟ باشئەگىم بويىدىكى قىز - يىگىتلىرىمىزچۇ؟ ئوت يۇرتىدىكى ئاتەش يۈرەكلەرچۇ؟ بەلكىم ئۇلار ئۆز يۇرتىنى شېرىن - شەربەتلەر بىلەن توشقۇزۇش ئۈچۈن بەرىكەتلىك ئەمگىكىنى باشلىۋەتكەندۇ؟ بىزدە «كۈنلۈك ئىشىڭنى سەھەردىن باشلا، يىللىق ئىشىڭنى باھاردىن» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ئىلى، ئالتاي يايلاقلىرىدىكى چەۋەندازلىرىمىز تۇلپارلىرىنى مىنىشىپ، بەيگىگە چۈشكەندەك. قىز قوۋاردا مۇھەببەتلىك ھېسلىرىنى يەشكەندەك، كۆڭۈل رىشتىنى بىر - بىرىگە ئەشكەندەك قىلىۋاتامدىغاندۇ؟

تەكلىماكان ئوغلى نەرە تارتتى. «ئانا، مەن كەلدىم!» زېمىن ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى. تەڭرىتاغ قىزى ئۆزىنىڭ

كۆكلەم پەسلىنى تېخىمۇ ياقتۇرىمەن. ئۇ دالىلارنى ۋە ساھىللارنى يېشىللىققا پۈركەيدۇ. تەبىئەتكە يېشىل تون كىيگۈزۈپ، گۈزەل لېچەكلەرنى ئارتىدۇ. تەبىئەتنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ. ئۇ پەسىللەرنىڭ ئەركىسى، گۈزەللەرنىڭ رەناسى ھەم بەرناسى.

ئاشۇنداق گۈزەل كۆكلەم پەسلىدە ھاياتلىققا ئەمدىلا كۆز ئاچقان ئوماق يېشىللىقنىڭ، ھەربىر مەۋجۇداتنىڭ ھەربىر تىنىقلىرىدا، بىر خاسىيەتلىك كۈنگە بولغان ئاجايىپ سېھرىي كۈچ بار. تىڭشاپ بېقىڭە، ئەركەك سۇلار شادلىقتىن شوخ مەۋج ئۇرۇپ ئاقماقتا، ئۇچار قۇشلار توختىماي ۋىچىرلىشىپ ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرمەكتە. بەلكىم ئۇلار ئۆز تىللىرىدا تۇنجى كۆكلەمگە ناۋا قىلىۋاتسا كېرەك. يۇمران مايسىلار تاڭ سەھەرنىڭ مەيىن شامالLىرىدا بەللىرىنى ئېگىشىپ تەشەككۈر بىلدۈرمەكتە. كۆمۈش يوپۇرماقلار خۇددى مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىۋاتقاندەك شىرىن پىچىرلاشماقتا. پاھ، زادى قانداق كۈن بولغىيتتى شۇنچە جانلىنىپ كەتكۈدەك - ھە. ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، بۈگۈن ئاجايىپ خاسىيەتلىك كۈن، خەلقىمىزگە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ھەمراھ بولۇپ كەلگەن، بايراملارنىڭ شاھى — مۇبارەك نورۇز.

قاراڭ، كەڭرى كەتكەن ئالتاي يايلاقلىرىدا، گۈزەل ئىلى ۋادىسىدا، قۇمۇل تاغلىرىدا، تۇرپان ئويمانلىقىدا، باشئەگىم بوستانلىقىدا، دولقۇنلۇق تارىم دەرياسى ۋادىسىدا، بوۋام مەھمۇد يۇرتى نورۇز بۇلاق بويىدا، قوينىغا چەكسىز تىلسىملارنى يوشۇرۇپ پۈتكۈل جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان تەكلىماكان ئېتەكلىرىدە بۈگۈن بايرام، بۈگۈن ئالەمچە شادلىق، دېمەك پۈتكۈل تەڭرىتاغ باغرى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمۈپتۇ. ئەنە! ۋاپات بولغىنىغا توققۇز ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنى خەلقىمىز ئۇنتۇپ قالماي قەبرىسىنى يوقلاپ

قارىلاتتىم. بۇ بەلكىم ھالىمغا باقماي چوڭ كىيىپ، چوڭ يىگەننىڭ ئىشى بولسا كېرەك. شۇڭا «سەندىن مەن قالامدىم» دەپ قاتتىق چوت سوقتۇم - دە، ئۆيگە تېلېفون ئۇرۇپ پۇل سېلىپ بېرىشنى ئېيتتىم.

— نېمە قىلىسىلەركەن، ئۇنچىۋالا پۇلنى، — دېدى ئانام خاپا بولۇپ.

— يېقىندا بىزگە مەكتەپ كومپيۇتېر دەرسىنى تەسىس قىلىپ بېرىپتىكەن. ماتېرىيال پۇلى ئۈچۈن 200 سوم تۆلەيمىزكەن، — دېدىم مەن قىلچە تەپ تارتماستىن. ئانام مېنىڭ ماتېرىيال ئالىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، باشقا گەپ قىلمىدى.

— مەن داداڭغا ئېيتاي، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئامال قىلىپ ئەۋەتىپ بېرەيلى، — دېدى.

كۆز ئالدىمدا ئەتراپىمغا ئولىشىۋالغان باللار، ئۇلارنىڭ ماختاشلىرى، ئەنە شۇنداق خىياللار مېنى بىردەممۇ ئارام تاپقۇزمىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن سىڭلىم تېلېفون قىپتۇ.

— ھەدە، 150 سوم سالدۇق. قالغىنىنى كېيىنچە، ئەۋەتىپ بېرەيلى.

— نېمە، 150 سوم، مەن قالغىنىنى قانداق قىلىمەن، — دېدىم زەردە بىلەن.

— بىزمۇ پەقەتلا ئامال قىلالمىدۇق. ئاران دېگەندە مۇشۇ پۇلنى سالدۇق، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلانغاندەك.

— 50 سومنى ئەتە ئەۋەتىپ بېرىڭلار. مەن بىر كۈن ساقلاي، — دېدىم. سىڭلىمنىڭ بىر ھازاغىچە ئاۋازى چىقمىدى.

— ھەدە، — دېدى سەل تۇرۇۋېلىپ، ئۇنداق قىلمىغىن، دادام - ئانامالرنىمۇ ئويلاپ قوي، مۇشۇ پۇلنى دەپ نەچچە كۈن باشقىلارغا سارغايدى، ئاخىر ...

ھۆسن ـ جامالى ۋە نەپىس ھەرىكىتى بىلەن جاھاننى تاڭ قالدۇ-
رۇپ لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى. تەبىئەت ھاياجان ياشلىرىنى
تۆكتى. بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن
بولسىمۇ، يەنىلا قەددى ئېگىلمىگەن ئاپئاق ساقال بوۋايلار،
كۆزلىرىدىن ئانىلىق مېھرى تېشىۋاتقان مومايلار زوقمەن باش
لىڭشىتتى. ئانىنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاق ۋىلىقلاپ كۈلدى. ئۇ
يېڭى بىر كۈننى، يېڭى بىر باھار بىلەن باشلانغان پارلاق كەلگۈ-
سىنى كۆرگەندەك قىلاتتى.

# ئويغىنىش

(ھېكايە)

## ئابىدە ئابدۇلىم

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

ئۆزۈم يالغۇز سىنىپتا خىيال بىلەن ئولتۇرىمەن. سىرتتا
يامغۇر يېغىۋاتقاچقا، سىنىپ ئىچى ناھايىتى دىمىق ئىدى. بۇ
يامغۇرنى باھار كەلگەندىن بۇيان ياغقان تۇنجى يامغۇر دېسەڭمۇ
بولىدۇ.

كاللامدىكى چىگىش خىياللار مېنى ھەدەپ ئازابلاۋاتاتتى.
قۇلاق تۈۋۈمدە سىڭلىمنىڭ سۆزلىرى جاراڭلاپ، مېنى تېخىمۇ
بىئارام قىلىۋاتاتتى.

— ھەدە، ئۇنداق قىلمىغىن، ئاتا ـ ئانامنىمۇ ئويلاپ قوي.

بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى ياتاقدىشىم ئالىيە كورىيىنىڭ
دەمدۇ، داڭلىق ماركىلىق چاپاندىن بىرنى ئېلىپ كەپتۇ. ئادەتتە
سىنىپتىكى باللارنىڭ نەزىرىدە مەن بىر پۇلدارنىڭ قىزى دەپ

تاپشۇرۇق ئىشلىمەي، ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئوينىشىپ ـ چاقچاقلىشىپ، غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ تۇراتتىم. شۇڭىمۇ ساۋاقداشلىرىم مېنى «شەيتانچاق» دەپ ئاتىشاتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئالىي مەكتەپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قارىغاندا ئەركىن دۇنيا ـ دە. بۇ يەردە كىچىككىمدىن قىلالمىغان شوخلۇقلىرىمنى قىلىۋېلىشىمغا پۇرسەت كۆپ. مۇئەللىملەر سۆزلەۋاتقان دەرس خۇشياقمىسا، بېشىمنى جوزىغا قويۇپ ئۇخلايتتىم. ياكى باشقا ئىش بىلەن مەشغۇل بولاتتىم. بولۇپمۇ، ماتېماتىكا دەرسى بىلەن ئازراقمۇ خۇشۇم يوق ئىدى. ھەر ھەپتىنىڭ ئىككىسى 1 ـ، 2 ـ سائەتتە ماتېماتىكا دەرس بار بولغاچقا، مەن ھەمىشە قەستەن كېچىكىپ چىقاتتىم. چۈنكى، مۇئەللىمىم مەندىن سوئال سوراپ قالسا جاۋاب بېرەلمەي باشقىلار ئالدىدا تەنقىدكە قېلىشتىن قورقاتتىم.

بۈگۈنمۇ بۇرۇنقىدەكلا خۇشياقمىغان ھالدا سىنىپقا كىردىم. يەنە كېچىككەندىم. مۇئەللىم ماڭا ھومايغىنىچە قاراپ: «ئولتۇرۇڭ!» دېدى. مۇئەللىمگە تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتىم. بۇ بىر سائەت دەرس ۋاقتىدا مۇئەللىمنىڭ قاملاشمىغان تۇرقىغا قاراپ باش ـ ئاخىرى يوق نۇرغۇن خىياللارنى ئويلىدىم. بۇ مۇئەللىم ئەسلىدە ئارتىس بولغان بولسا بوپتىكەن. گاھى قاپىقىنى تۈرسە، گاھى كۈلۈمسىرەيتتى، خۇددى خامېلېئوندەكلا، شۇنچىلىك تەبىئىي. ماتېماتىكا مۇئەللىمىمىزنىڭ ئىسمى يۈسۈپ مىراپ ئىدى. ئۇ 50 ياشلار چامىسىدىكى، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بوي، قارا قاشلىق، يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن ئادەم ئىدى. ئەمما، كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ دەرس سۆزلىسە ھەمىشە شاللىرىنى چاچرىتىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، خۇددى پېرىخونلارغا ئوخشاپ قالاتتى.

مەن ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن بەكلا بىزار ئىدىم. شۇڭا، بۇ قېتىم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئۇنىڭ

سىڭلىمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
— ھېلىقى، دادام ئاپامغا ئېلىپ بەرگەن تويلۇق ھالقىسىنى سېتىۋەتتى. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن ھەدە، ئۇ ھالقا دادام بىلەن ئاپامنىڭ توي قىلغانلىقىنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى، — دېدى سىڭلىم يىغلامسىراپ.
ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدىم، تۇيۇقسىز ئويغانغاندەك بولۇپ، قۇلاق تۈۋۈمدە ئانامنىڭ سۆزلىرى جاراڭلايتتى:
— قىزىم، بۇ ھالقىنى سىز چوڭ بولغاندا سېلىپ قويىمەن. ئۇ سىزگە ھەمراھ بولىدۇ. ياخشى ئوقۇڭ!
بوغۇزۇمغا بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك، نەپەس ئالالماي قالدىم. مەن يەرنى ئەمەس، يەر مېنى دەسسەۋاتقاندەك ئېغىرلىشىپ كەتتىم. تېلېفوننى قويدۇم – دە، يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتىم...

## تەستەك

(ھېكايە)

### خاسىيەتگۈل قاسىم

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

كىچىكىمدىن قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن كەپسىزلىكىمنى ئوتتۇرا مەكتەپ، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرگىچە تاشلىيالمىدىم.
ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا مۇئەللىملەرنى قانداق قاقشاتقانلىرىم ھەرگىزمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ھەمىشە شەيتانلىق قىلىپ دەرس ئىنتىزامىنى بۇزۇپ،

قىلىپ قارا قىشنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزدۈم. بۇ جەرياندا شۇنداق جاپا تارتقان بولسساممۇ ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن. چۈنكى، ئۆزۈمگە تايىنىشنى ئۆگىنىۋالدىم. بۇ ئىشلارنى يازىدىغان بولسام بىرەر رومان پۈتۈپ چىقىدۇ.

ئىككىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىمۇ باشلاندى. ياتاقداشلىرىم بىلەن چىقىشىپ قالدىم. بىراق، ياتاقتا بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغانلاردىن ئىككىمىزلا بولغاچقا بىرەر ئۇقتۇرۇش، خەۋەر بولسا بىلەلمەيتتۇق. ھېچكىم بىزگە دەپمۇ قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دەم ئېلىش كۈنلىرى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن دەم ئېلىش كۈنلىرى كوللېكتىپ پائالىيەتلەر بولسا بىخەۋەر قالىدىغان بولدۇم. بىر يەكشەنبە كۈنى چوڭ تازىلىق پائالىيىتىگە قاتنىشالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم سىياسىي ئۆگىنىش ۋاقتىدا باشقا باللار قاتارىدا تەنقىدلىدى. بىزنى قىشلىق تەتىل قويۇپ بېرىدىغان چاغدا ئىمتىھانغا كېچىكىپ كىرگەچكە يەنە بەزى ئىشلاردىن خەۋەر تاپالمىغانىدىم. ئۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ قاتتىق تەلەپپۇزدا سۆزلىگەچكە ئۆزۈمچە بەك ھار ئېلىپ، ياتاققا كىرىپ قانغۇچە يىغلىۋالدىم.

مانا ئون نەچچە سائەتتىلا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بولدۇم. مەن بىر يىلدىن بۇيان كۆرۈشنى ئارزۇلىغان ھەممە مەۋجۇداتنى كۆردۈم. ئەمما، كۆرۈپ - كۆرۈپ قانمىدىم. يۇرتۇمغا كېلىپلا ئىلگىرىكى ئىچ پۇشۇقۇم قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى. ئەمما مەكتەپكە قايتسام يەنە كۆڭلۈم يېرىم بولسىچۇ؟ بىراق، مەن ھەممە نەرسىگە كۆنۈپ كېتەلەيمەن. ئادەم نېمىگە كۆنمەيدۇ دەيسىز؟ مەن پەقەت تىرىشىپ ئوقۇپ بوشاشمىساملا چوقۇم ھەممىنى يېڭەلەيمەن. مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىم قانداق بولار، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. لېكىن، مەن ھەربىر كۈننى مەنى-

دەپتۇ، بۇ بىر يىلدا ئۆيىنى، ئاتا - ئانامنى، ئاچا - سىڭىل، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى قانچىلىك سېغىندىم - ھە! گۈزەل يۇرتۇمنىڭ ھەربىر چىمدىم تۇپىسىنى، پاكار - پاكار ئۆيلەرنى، ساددا كىشىلىرىمىزنى، ئىشقىلىپ ھەممىلا نەرسىنى، بولۇپمۇ مەن دائىم دوستلىرىم بىلەن ئويىنىغىلى بارىدىغان دەريا بويىنى بەك - بەك سېغىندىم، ئۇ يەر شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، تەڭرى ئاتا قىلغان مۆجىزە دېسەم ھەرگىز ئارتۇق بولماس، سۈزۈك دەريا سۇيى، دەريا بويى چىمەنزارلىق، رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەر بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن، سان - ساناقسىز بۇلاق-لارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان دەريا سۇيى سۈزۈكلۈكى-دىن تەكتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ يەر ئوخشىمايدۇ. ئاۋات شەھەر، ئېگىز بىنالار، ئاسفالت يوللار، يوللاردى-كى مىغ - مىغ ئادەملەر، شۇنچە كۆپ ئادەم ئىچىدە بىرەرى بىلەن تونۇشمايسىز. بۇ شەھەرگە كەلگەندىن بۇيان بىرەر قېتىم تەلىيىم كېلىپ باقمىدى. ھەمىشە نەس بېسىپلا كېلىۋاتىدۇ. يېڭى كەلگەندە ھېچكىم بىلەن گەپلەشمەي ئىچىم پۇشقاندى. بىر كۈنلەردە يىقىلىپ كېتىپ قولۇمنى سۇندۇرۇۋالدىم. ياتاقتا ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى بولمىغاچقا ئىشلىرىمنى قىلال-ماي بەك قىينالدىم. يەنە تېخى قولۇمنى داۋالىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلىدىم. بالا كەلسە قوش كەپتۇ دېگەندەك، پۇلۇم يەتمەيۋاتقانسېرى بىرمۇنچە پۇلنى ئوغرىغا بەردىم. ئاخىر قولۇممۇ ساقايدى، بىراق قەرزگە قايتۇرىدىغان پۇل تېپىش ئۈچۈن قىشلىق تەتىلدە ئۆيگە كەتمىدىم. بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇدۇم. بۇ ئىشلارنى ئۆيدىكىلەرگە تىنمىدىم. ئۈرۈمچىدىمۇ يېقىن تۇغقانلىرىم بار ئىدى. بىراق، يەنىلا ئۆزۈم مۇستەقىل ياشاپ بېقىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئېيتمىدىم. شۇنداق

— مەن قارىشىمنى سۆزلەپ باقاي، — دېدى ئىلمىي بۆلۈم باشلىقى، — ياشلار مەكتەپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇلارنىڭ تۆھپىلىرى بىر - بىرىدىن قېلىشمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، شۇڭا مەن بىرقانچە يولداشنى نامزاتلىققا كۆرسەتمەكچىمەن، كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىپ باقسا، — دېدى ۋە يوقلىما قىلغاندەك ئون نەچچە ياشنىڭ ئىسمىنى ئاتىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن نامزاتى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ دىتىغا ياقمىغاندەك، ئۇنىڭغا بىر چەكچىيىپ قارىغاندىن كېيىن خاتىرىسىگە بىرنېمىلەرنى يازدى. مۇدىر كۆڭلىدە ئۇلاردىن قوسۇر تاپماقچىمۇ بولدى. بىراق، بىر نەرسىنى پەملىگەندەك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. ئىلمىي بۆلۈم باشلىقى ئۆزى كۆرسەتكەنلەر ئىچىدىن بىرىنى تاللىۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەندەك جىم بولۇپ قالدى. مەكتەپ مۇدىرى ئەپچىل چارىدىن بىرنى ئويلاپ تاپقاندەك زور ئىشەنچ بىلەن كۆپچىلىككە:

— يولداشلار، يوشۇرۇن ئاۋاز ئارقىلىق بىرىنى تاللىۋالايلى، چوقۇم ياشلار ئارىسىدىن بولۇشى كېرەك، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا ئۆزى رەتلىك كېسىپ تەييارلاپ قويغان سەرەڭگە قېپىدەك بىر تۇتام قەغەزنى ئېلىپ ھەربىر كىشىگە بىردىن تارقىتىپ بەردى.

ئۇستەل ئۈستىدە قەلەم، قەغەزلەر ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشقا كىرىشتى. زالدىكى جىمجىتلىق ئىمتىھان مەيدانىنى ئەسلىتەتتى.

— ئەستا بۇنىڭدىمۇ نەتىجە يوقمۇ؟ — دېدى مەكتەپ مۇدىرى بېلەتلەرنى بىرقۇر ھېسابلاپ كۆرگەندىن كېيىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەربىر كىشىگە «مېنى كۆرسى-

لىك ئۆتكۈزۈپ ئوقۇش پۇرسىتىمنى ۋە كىشىلىك ھاياتىمنى چوقۇم قەدىرلەيمەن.

# كۇلكە ساداسى

## (ھېكايە)

### تۇرغۇن تۇرسۇنىياز

ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

ئۇلار بىر - بىرىگە رەقىبلەردەك تىكىلگىنىچە كىمنى نام-زاتلىققا كۆرسىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە خىيال سۈرۈشمەكتە ئىدى. بەزىلەر، نېمە دېيىش، قايسى خىل ئۇسۇلدا ئۆز ئىرادى-سىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرسا، بەزىلەر، ئۇيقۇ-دىن باش ئالالماي ئەسنەپ ئېڭەكنى تۇتقىنىچە ساپادا كېرىلىپ يېتىشاتتى. يىغىن زالىدا شامالدۇرغۇچنىڭ غۇيۇلدىغان ئاۋازى-دىن باشقا ھېچقانداق سادا يوق ئىدى.

— قېنى، پىكىر قىلايلى، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى ئۇيقۇ-دىن ئويغانغاندەك ئەسنەپ. ئوقۇتقۇچىلار قىلماقچى بولغان ئىش-تىن ئەمدىلا خەۋەر تاپقاندەك ئۇنىڭغا قاراشتى.

— يولداشلار، مەكتىپىمىزگە يۇقىرىدىن چۈشۈرگەن كۆر-سەتكۈچ پەقەت بىر، ھەممىمىز ئورتاق كۆڭۈل بۆلەيلى. بۇنداق جىم بولۇۋېلىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. كەڭ - كۇشادە پىكىر يۈرگۈزەيلى، — دەپ تەكىتلىدى مەكتەپ مۇدىرى.

# سىزنى سېغىندىم

(ھېكايە)

ماھنۇر تۇرغۇن
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

بۇ بىر ترانسپورت شىركىتى بولۇپ، ئاپام بۇ شىركەتنىڭ كاسسىرى ئىدى. ئاپامنىڭ ئىشخانىسىدىن شوپۇرلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھەر تەتىلدە ئۆيگە بارغىنىمدا زېرىكىپ كەتسەم شىركەتكە بېرىپ شوپۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزىتەتتىم. ئۇلار-نىڭ ماي يۇقى قوللىرى بىلەن قارايغان چىرايى ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلاتتى. چۈنكى، مەنمۇ شوپۇرنىڭ بالىسى ـ دە. ھەر قېتىم بۇنداق سېزىمنى باشتىن كەچۇرۇپ ئىشخانىغا كىرگىنىمدە سۇلتان ئاكامنى ئۇچرىتاتتىم. سۇلتان ئاكام 30 ياشلار چامىسىدا خۇشخۇي، ئوتتۇرا بوي، كېلىشكەن ئادەم بولۇپ، مەيداندا يۈك چۈشۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى. قولى ئىشتىن بوشى-غاندا ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇراتتى. بىر كۈنى ئاپام ماشىنىلار-نىڭ سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئىستراخوۋانىيە شىر-كىتىگە كەتتى. مەن ئىشخانىدىكى بوغالتىر ھەدەم ۋە سۇلتان ئاكام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتىم. ئىشىكتىن ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا يۈگۈرۈپ كىرىپ سۇلتان ئاكامغا ئېسىل-دى.

— دادوي! ئاپام ئىككىمىز چوڭ ئۆيگە ماڭدۇق، چوڭ دادام كەلسۇن دەپتىكەن. ئاپام سېنى كەچتە ئۇدۇل ئەشەگە

تىڭلار» دېگەندەك تەشنالىق بىلەن تىڭشىدى. ئۇ ئېڭىكىنى يۆلىگىنىچە قولىنى ئۈستەل ئۈستىگە تىرەپ يولداشلارغا نۆۋەت بىلەن سەل كۈلۈمسىرەپ قارايتتى.

توۋا، مەن بىر مەكتەپ مۇدىرى تۇرۇپ ئەكرەمچىلىك بولالمىسام ھەي، شۇ بىرنېمىگە 20 نەچچە ئاۋاز چۇشۇپتۇ. ماڭا بىرەر كىشىنىڭ رايى بارماپتۇ يا؟ خىزمەت دېسە مەنچىلىك ئىشلەيدىغانلار يوق. ھەي، يەنە بىر ئۇرۇنۇپ باقايچۇ؟ ئىزدىسەڭ يول تاپسەن ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ كۆپچىلىككە يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— يولداشلار بىر نامزاتنى تۇرغۇزماي بولمايدۇ. يۇقىرىنىڭ مەكتىپىمىزگە چۈشۈرۈپ بەرگەن نامزاتى ئاران بىر. بۇنى ياخشى تالللىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. قېنى پىكىر يۈرگۈزەيلى، — دېدى. ئۇ ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن ھېچبىر كىشىنى رەنجىتمەستىن زىخنىمۇ، كاۋاپنىمۇ كۆيدۈرمەي ئىش بېجىرىپ كەلگەن رەھبەر ئىدى. نۆۋەتتىكى بۇ ئىش ئۇنى تەڭقىسلىققا سالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇگۇن يەنە ئۇستىلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلدى.

— ھەي، ئۇخلىماي ئولتۇرۇڭ، بۇ قىلغىنىڭىز ھەقىقەتكە كۆز يۇمغانلىق بولىدۇ، — دېدى بىرسى يېنىدىكىنى نوقۇپ.

— ھا ـ ھا ـ ھا!

— نېمىگە كۈلۈشىسىلەر؟ مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇمغا باشقىچە قاراشتا بولغانلارغا مۇشۇنداق گەپ قىلىپ قويۇش كېرەك.

— بۇ جېنى بار گەپ بولدى. باشلىق بۇ دېگەن سىلىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، — دېدى يەنە بىرسى تەنە بىلەن ئاغزىنى تۇتقىنىچە پىخىلداپ كۈلۈپ، كۆپچىلىك قاتتىق كۈلۈشتى.

تويغا تەييارلىق قىلىنىۋاتاتتى. تويمۇ ناھايىتى ياخشى ئۆتتى.
بۇ توي بىلەن ئاتا ـ ئانامنىڭ قولىدىمۇ تۇزۇك بىرنېمە قالمىغا-
نىدى. دېمەك ئەمدى ئالدىمىزغا تەييار كەلگەن بۇ بىكارلىق
خوتۇن ماڭا قالغانىدى، — سۇلتان ئاكام تاماكىسىنى بىر شورۇ-
ۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاتا ـ ئانامنىڭمۇ بۇ قىزنى
قولدىن چىقارغۇسى كەلمىدى، مەنمۇ ئويلاپ قالدىم. ھازىر توي
قىلىشنىڭ تەسلىكىدە ماڭا ئۆيلەنگۇدەك ئىقتىساد ھەل بولغۇچە
خېلى ۋاقىت ھەم كۆچ سەرپ بولاتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ خىزمەت
ئىشلىشى بىلەن ئالتە يىللىق سۆيگۈنۈمنى تاشلاپ ئۇنىڭ بىلەن
توي قىلماقچى بولدۇم. توي خېتىنى ئېلىپ بولغان كۈنىنىڭ
ئەتىسى دادىسى بىلەن ئۆگەي ئاپىسى كەلدى. قىزىمىزنى بەرمەي-
مىز، ئەكىتىمىز دېيىشتى، مەيلى، قىزىڭىز مانا، قولىنىڭ
ئۇچىنى تۇتمىدۇق. ئەكەتسىڭىز مەيلى دېدىم. ئۆيدىكىلەر يەنە
كۆڭۈل قويدى. بوپتۇ، توينى قىلايلى دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن
توي قىلدۇق ...

— ھەي سۇلتان، شۇنداق بولغاندا سىزنىڭ ئىككى قېنىنانا،
ئىككى قېيناتىڭىز بارما؟

— ھەئە، قۇتۇپىدىكى ئانىسى يېقىندا كېلەرمىش، قازاق
ئېرى بىلەن كەلسە قازاقچە گەپ قىلارمۇ؟ گېپىنى چۈشەنمىسەم
قانداق قىلارمەن دەيمەن.

— ھا ـ ھا ـ ھا! تۇزۇك گەپ قىلىڭ. ئۇيغۇرچىنى ئۇن-
تۇپ كەتمىگەندۇ، ئۇيغۇرچە سۆزلە!

— سۇلتان ئاكا، ئەمىسە بۇرۇنقى يۇرگىنىڭىزچۇ؟

— ئۇ يىغلىدى، قاقشىدى، ۋاپاسىز دەپ تىللىدى. لې-
كىن، يەنىلا تويىمىزدا ئايالىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قولداش
بولدى.

— ھە؟! ئالتە يىللىق يۇرگىنىڭىز قولداش بولدىما؟ ما-
قۇل دېدىما؟ توۋا خۇدايىم، مەن بولسام ھەرگىز ئۇنىمايتتىم.

بارسۇن دەيدۇ.

— ماقۇل، ئالدىرىماي ماڭ ـ ھە! ئاپاڭنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ماڭ، ماڭە.

بالا چىقىپ كەتتى.

— بالىڭىز بەك ئوماقكەن، — دېدىم مەن، دېمىسىمۇ بالا ھەقىقەتەن ئوماق ئىدى.

— ھەي سۇلتان، — دېدى ئامانگۇل ئاچام، — سىزنىڭ ئايالىڭىز قاغىلىقتىنغۇ دەيمەن. سىز بىرەر قېتىم قاغىلىققا بېرىپ باقماي تۇرۇپ ئايالىڭىز بىلەن قانداق توي قىلىپ قالدىڭ-لار؟ شۇنچە يىراق ئارىلىقتىن قانداق تېپىشىپ قالغانتىڭلار؟

سۇلتان ئاكام يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن قاتتىق بىر شوراپ ئىسىنى ئاسمانغا پۈۋلىدى ۋە سورى-دى:

— سوراپ قالدىڭىز، دەپ بەرسەم ئاڭلامسىلەر؟

بىر ھېكايە چىقىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى ـ دە، قىزىققان ھالدا بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ئانامنىڭ سىڭلىسىنىڭ يولدىشى ئەسلىي قاغىلىقلىق ئى-دى. بىر قېتىم ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى يۇرتقا تۇغقان يوقلاپ بارغاندا بىر قىزنى باشلاپ كەلدى. بۇ قىز تاغامغا تۇغقان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەنىكەن. دادىسى شۇ يەرلىك باشقا بىر ئايال بىلەن توي قىپتۇ، ئانىسى قۇتۇپىغا تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كېتىپ، شۇ يەردە بىر قازاق كىشىگە تېگىپتۇ. بۇ قىز مومىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىكەن. ھاممام بۇ قىزنى مەن ئەكىتەي، بىزنىڭ يۇرتنىمۇ كۆرسۇن، تىككۈچىلىك كەسپىنى ئۆگىنىپ قويسىمۇ كېيىن ئەسقاتىدۇ دەپ ئەكەلگەنى-كەن. ئەسلىي ھاممام ئاكام ئىككىمىزنىڭ بىرىگە كۆزلەپ ئە-كەلگەن. ئاكام ئىككىمىز ئىككى ياش پەرقلىنەتتۇق. ئاكام ئىككىمىزنىڭ يۇرگىنىمىز بار ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئاكامنىڭ

# دىرېكتور ۋە بۆلۈم باشلىقى

(ھېكايە)

ئۇ ئادىتى بويىچە تاماقنى يەپ بولۇپ، ھوزۇرلىنىپ بىر-
نى كېكىرگەندىن كېيىن ئىشقا ماڭدى. تۇرقىدىن تولىمۇ سالا-
پەتلىك كۆرۈنىدىغان بۇ كىشى مەلۇم بىر شىركەتنىڭ بۆلۈم
باشلىقى ئىدى. ئۇ ئەسلىدە مۇشۇ شىركەتنىڭ ئادەتتىكى خىز-
مەتچى بولۇپ، يېڭى باشلىق ئالمىشىپ كەلگەندىن كېيىن ھەر-
خىل ئاماللار بىلەن بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى.

شىركەت دەرۋازىسىغا 20 ـ 30 قەدەم قالغاندا بىر تىلەمچى
كىچىككىنە ئالىقانلىرىنى ئاچقىنىچە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ كەلدى.
ئۇنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى ـ دە، «نېرى تۇر!» دەپلا
ھېلىقى بالىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. بىراق،
بۇ بالا يىقىلىپ چۈشتى ـ دە، يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ بالىغا
بۇرۇلۇپ قاراشنىڭ ئارىلىقىدە شىركەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغىلا
كېلىپ قالغان باشلىقنى كۆردى، باشلىق ئۇنىڭغا قاراپ تۇرات-
تى. «كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟» ئۇ شۇئان چۆچۈدى. ئارقىدىنلا
باشلىق بەلكىم ھازىر كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەنلەرنى ئويى-
لىدى ـ دە، ئېڭىشىپ ھېلىقى بالىنى يۆلىدى. يانچۇقىدىن بەش
مو پۇلنى چىقىرىپ بالىغا سۇندى ۋە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ،
بالىغا مېھرىبانلىق قىلغان بولۇپ بېشىنى سىلاپ ئۇنى ئاستا
تۇرغۇزۇپ قويدى. ئاندىن ئۇ ئاستا بالىنىڭ كىيىملىرىنى قاق-
قاچ غۇدۇرىغىنىچە ئۇنىڭ قولىنى چىمدىۋالدى.

ئۇ ئارقىغا قاراپ چىرايى ئاپتاپ كەبى نۇرلانغان ھالدا
باشلىقىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن باشلىقى

— ئامال يوق ئىدى. ئايالىمنىڭ بۇ يەردە تونۇشى بولمىغان-دىكىن، شۇنداق بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر يېقىن ئۆتەتتى. ئاتا - ئانىسى دېسە ياق دېيەلمەيدۇ - دە.
— چوڭلار سىلەرنىڭ يۇرۇۋاتقىنىڭلارنى بىلمەمتى؟
— بىلەتتى، لېكىن چوڭلار يەنە بىر - بىرىنىڭ يۈزىنى ئايىدى.
— ئاشۇ كۈنى تويى بولغان ئايالىڭىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قانچە ئازابلانغاندۇ، ئۇ قىز سالغان توي ئۈزۈكنى سېلىشقا تېگىشلىك ئادەم ئەسلي مەن ئىدىم دەپ ئويلىغان بولغىيتتى.
— بەلكىم شۇنداقتۇ، ئۇ ھازىرغىچە توي قىلمىدى. بالامۇ ئالتە ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇ پات - پات بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ئايالىم بىلەنمۇ ياخشى ئۆتىدۇ. ئايالىم بەزىدە بۇرۇنقى دوستلىرىمىز بىلەن چۈشكەن رەسىملەرنى، توي-لۇق رەسىملەرنى كۆرگەندە سەن بۇرۇن شۇنى ئالماقچى بولغان-تىڭ - ھە؟ دەپ قويىدۇ.
— سۇلتان، ھوي سۇلتان، — سىرتتىن بىرى ۋارقىرى-دى، — ما يۈكنى چۈشۈرەيلى!
— ھە، مانا.
سۇلتان ئاكام ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇيغا چۆمدۇم. ئەتىل توشۇپ ماڭغان كۈنى يۈرگىنىمنىڭ ئىشى چىقىپ قېلىپ مېنى ئۈزاتقىلى كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تا ھازىرغىچە رەنجىپ يۈرەتتىم. ھەتتا بەرگەن تېلېفونىنىمۇ ئالمىغانىدىم. سۇلتان ئاكامنىڭ گەپلىرىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە سىرتقا تېلېفون قىلىش ئۈچۈن ماڭدىم.
تېلېفوندىن ئۇنىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ دېگەن بىرىنچى ئېغىز سۆزۈم شۇ بولدى:
— سىزنى سېغىندىم.

مۇدۇك يۈگۈرۈشۈپ، قورساقىنىڭ ئاچقىنىنى ياكى ئۆيدىكىلەر-
نىڭ ئەنسىرىگىنىنى، ياكى باشقا قانداقتۇر ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ
كېتەتتۇق. ئاسماندىكى قۇياشنىڭ ئورنىنى ئاي ئېلىپ ئەتراپنى
قاراڭغۇلۇق قاپلىغان چاغدىلا ئويۇنچى ئاغىنىلىرىمىز ئازلاپ
كېتەتتى. بىز شۇ چاغدىلا ئۆي تاماقلىرىنى ئەسلىشىپ ئۆيگە
قاراپ يۈگرەيتتۇق، مەھەللىمىزدىكى ئىتلار قاۋىشىپ ئۆيگە
كەچ قايتقانلىقىمىزدىن بېشارەت بېرەتتى، ئۆيگە خۇشال
ھالدا قايتاتتۇق ...

مەن ئۆيگە كىرەتتىم - دە، سوۋۇپ قالغان تاماقنى يەپلا
ئۇيقۇغا كېتەتتىم. ئەتىسى يەنە تۈگىمەس ئويۇنلارغا بېرىلىپ
كېتىپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئۇنتۇپ قالاتتىم. ئا-
داشلىرىم بىلەن بىرلىكتە باغقا كىرسەك شېخىنى كۆتۈرەلمەي
قالغان مېۋىلىك دەرەخلەر بىردەمدىلا قەددىنى رۇسلاپ غادىيىۋا-
لاتتى. بىز ئۆستەڭ بويىغا بارساق، توغاندا توسۇلۇپ تۇرغان
سۇ شۇ ھامان شارقىراپ ئاقالايتتى. يايلاقتىكى باغلاقلىق مال
- كاللار بىز بېرىپ قالساقلا ئەركىن زىيارەت قىلىشقا ماڭالايت-
تى. قار - يامغۇردا كىشىلەر ئۆيلىرىگە كىرىۋالسا بىز دۈگدى-
يىپ «ھەسەن - ھۈسەننى» كۈتەتتۇق ياكى قارلىق تاشلاشقا
باشلايتتۇق. تۇرنىلار ئاسماندا غاقىلداپ ئۇچسا بىز پەستە «ئار-
غامچا! غەلۋى!»، دەپ چۇرقىرىشاتتۇق ... بىراق بۇ كۈنلەر
ئۇزۇنغا بارمىدى. بىز ھەممىمىز بىراقلا مەكتەپكە تىزىملىنىپ
ئوقۇشقا كىردۇق.

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئى-
دى، ساۋاقداشلىرىم بىلەن مەكتەپتىن يېنىپ غالىبىيەت ئۆس-
تىڭىگە بېرىپ سۇغا چۆمۈلۈشەتتۇق - دە، سۇدىن چىقىپ
ئۈجمە دەرىخىنىڭ سايىسىدە ئۇخلايتتۇق. مەن چۈش كۆرۈپتى-
مەن، چۈشۈمدە ئايلىنىپ يۈرۈپ يوغان بىر باغقا بېرىپ
قالدىم، باغنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق بولۇپ، ئەتراپىدا ئادەم تو-

بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلاشقاچ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. ئۇ باشلىق بىلەن ياندىشىپ ماڭغاچ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— قاراڭ، نېمىدېگەن بىچارە بالا بۇ، ئادەمنىڭ ئىچى ئاغ-رىيدۇ. بۇ بالا كۈندە مېنى كۆرسىلا ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلە-دۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئاز بولسىمۇ بەش مو تۇتقۇزۇپ قويىمەن. بۇ بالىغا بەكمۇ ئامراقلىقىم كېلىدۇ ...

بۆلۈم باشلىقى ئىشخانىسىغا كىرە - كىرمەيلا دىرېكتوردىن تېلېفون كەلدى. تېلېفون! بۇ ئۇنىڭ تەقدىرىنى يەنە بىر قېتىم بەلگىلەيدىغان تېلېفون ئىدى ...

# يىلتىز

(ھېكايە)

قۇربان ئابدۇكېرەم

ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

ھېلىمۇ ئېسىمدە، تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈگۈرەيتتۇق. ئۆستەڭگە سۇ كېلىپ بولغۇچە كىيىملە-رىمىزنى سېلىۋېتىپ چۇرقىرىشىپ سۇغا ئۆزىمىزنى ئاتاتتۇق - دە، ئۆزئارا سۇ چېچىشىپ، چۆمدۈرۈشۈپ ئوينايتتۇق. يېڭى مېۋىلەر پىشقان چاغلاردا يەپ تويغاندىن كېيىن ئىرغىتىپ قاچات-تۇق. قوغۇن - تاۋۇز سويما بولۇشىغىلا كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ئوغرىلاپ يەپ، يەپ بولالمىغىنىمىزنى چېقىپ تاش-لايتتۇق. ئايدىڭدا مۆكىمۆكىلەڭ، قارا ياغاچ ئويۇنلىرىنى ئوي-نايتتۇق. ئويۇنلارنىڭ ئاخىرى چىقماي تۇرۇپ، يەنە بىر خىل ئويۇنلار باشلىنىپ كېتەتتى. بىز بۇ ئويۇنلارغا ئەگىشىپ دۆڭ-

مەپتۇن قىلاتتى. ئالما دەرىخىنىڭ يېنىدىكى بۇلاقتىن چىقىۋاتـ
قان سۇنىڭ بۇلدۇقلىشى خۇددى بىر مۇزىكا ئىدى.

— سىز بىلىۋېلىڭ ئوغلۇم، بۇ ئالما دەرىخىنىڭ كۆكىرىپ ياشىرىپ تۇرالىشى، مېۋە بېرەلىشى چوڭقۇر قاتلىمىدىن تارتىپ يىلتىز بولغانلىقىدىن ... ئەمدى دەپ بېقىڭ، مەن كىم ئىكەنـمەن؟ — دەپ مەنىلىك قاراپ كۈلۈمسىرىدى بوۋاي.

— ئەمدى، دېگىنىڭىز، — دېدىممەن دۇدۇقلاپ، — بۇ ئالما بىلەن سۇنىڭ قانداق مۇناسىۋىتىڭىز بار؟

— سۆزلىسەم گەپ ناھايىتى ئۇزۇن، ئادەمنىڭمۇ دەرەخكە ئوخشاش يىلتىزى بولىدۇ. بىز بۇنى «ئەجداد» دەيمىز. ئوغۇز-خاننىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق بەش ئوغلى بار ئىكەنتۇق. چۈشىنىپ ئاڭلاۋاتامسىز ئوغلۇم، مەن بولسام بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىل ئىلگە-رىكى توران ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ خاقانى ئىدىم. زامانەمدە دۈشمەنلىرىمنى يېڭىپ، خەلقىمنى باياشات قىلدىم. لىباسانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قەستكە ئۇچرىدىم. تۇمارىس ئىسىملىك بىر ئايال ماڭا ۋارىسلىق قىلدى. كېيىن ئۇلار قاراخانىيلار خاندانلىقىنى قۇردى. ئۇنىڭ ئەۋلادى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى بىرگە ئېلىپ كىردى. ئۇ ھەقىقەتەن ئاتا - بوۋىمىز ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادى بولۇشقا مۇناسىپ، مەن ئۇنىڭـدىن پەخىرلىنىمەن ئوغلۇم.

ئارىنى ئۇزۇن سۈكۈت قاپلىدى. مېنىڭ كاللام يىراق - يىراق دۇنياغا كېتىپ قالغانىدى.

— قېنى سۆزلەپ بېرىڭ بوۋا، — دېدىممەن دەرھال ئىـسىمگە كېلىپ:

— بولدى، ئوغلۇم كەچمۇ بولۇپ قاپتۇ.

مەن بىرنېمە دېيەلمەي قالدىم، ئىچىمدە بولسا بۇ ئۇزۇن تارىخي رىۋايەتنىڭ داۋامىنى ئاڭلىيالماي قالغانلىقىمدىن مە-يۈسلىنەتتىم. شۇ تاپ، ئۆزۈمنى گويا باغدا ئەمەس، بەلكى دەرسخانىدا مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتـ

گۈل، جىنىنىڭ ئىزلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ باغقا كىردىم، پاھ نېمىسانچە يوغان مېۋىلەر بۇ! ؟ ... دەۋەتتىم تۇيمايلا. ھەقىقەتەن دەرەخلەر ئۆزىنىڭ قېرى بولۇشىغا قارىماي مېۋىسى شۇنچە يوغانىدى. باغنىڭ ئىچىدە مېۋىلەرنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇرغان شاخلار، ئاستىدا يېشىل ئوتلار، ئاندا - ساندا چۇشۇپ كەتكەن مېۋىلەر، يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازى پادىشاھنىڭ چاھار باغلىرىنى ئەسلىتەتتى. مەن قىزىقىش، ئەجەبلىنىش بىلەن باغقا ئىچكىرىلەپ ماڭىۋەردىم. بىر چاغ بولغاندا يوغان بىر تۈپ ئالما دەرىخى ئاستىدىكى كارىۋاتقا كېلىپ قاپتىمەن، قارىسام كارىۋات ئۈستىدە يۈزلىرى ئاق، قورۇقلىرى ئانچە يوق، كۆزلىرى پولتىيىپ چىققان، پېشانىسى كەڭ، ئاپئاق ساقىلىغا ياراشتۇرۇپ ئۇزۇن چاپان كىيگەن بىر مويسىپىت بوۋاي ئولتۇراتتى. مەن ئالدىغا باردىم - دە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋا، — دەپ سالام بەردىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭ بالام ئولتۇرۇڭ، قاياقتىن كەلدىڭىز؟

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدىممەن.

— ئالىپ ئەرتوڭادۇرمەن، مۇشۇ باغنىڭ بىنا قىلغۇچىسى، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.

— ئۇنداقتا، ئالىپ ئەرتوڭا دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدىم مەن كارىۋاتتىكى كىتابلارنى ۋاراقلىغاچ.

— ماۋۇ ئالما دەرىخىنى كۆردىڭىزمۇ ئوغلۇم. ئاۋۇ ساڭگىلاپ تۇرغان يوغان - يوغان مېۋىلىرىنى كۆردىڭىزمۇ؟ سىز بەلكىم بۇ مېۋىلەرنى كۆرگىنىڭىزدە نەدىن كەلگەنلىكىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيسىز، بۇ دەرەخنىڭ غولىغا قارىسىڭىز يەر ئاستىدىكى يىلتىزنى كۆرەلمەيسىز ئەمەسمۇ، — دەپ ئېرىنمەي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى بوۋاي.

ئالىملار تېخى پىشمىغان بولسىمۇ، خۇش پۇراق ھىدى

# تۆگە

(نەسر)

غەيرەتجان ئوسمان

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

تۆگە! مەن ھەقىقەتەن ساڭا ھېرىسمەن. سېنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭ بۇنداق ھېرىسمەنلىكىم ۋە ياخشى كۆرۈشۈم، ھەرگىز تاسادىپىي پەيدا بولغان ئەمەس، بۇ پەقەت سېنىڭ خاسىيەتلىكىڭ، چىدامىلىقلىقىڭ ۋە ئەمگەكچانلىقىڭدىن.

دوستلار! تۆگىنىڭ خىسلىتىنى تەپسىلىي ئۇقامسىلەر؟ بەلكىم ئوقىدىغانلارمۇ باردۇر، ئۇقمايدىغانلارمۇ باردۇر - ھە. ئۇنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلىسەم، سىلەرمۇ ماڭا ئوخشاش ھېرىسمەن بولۇپ قالىسىلەر…

تۆگە، سېنى ھايۋانلار شاھى دەپ ئاتىسام ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. چۈنكى سېنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرىڭ باشقا ھايۋانلاردا تېپىلمايدۇ.

سەن كارۋان يولىنى ئاچقۇچىسەن، ئاتا - بوۋىلىرىم، قاشتېشى يولى، يىپەك يولى، سودا يولى دېگەندەك شەرق - غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان بۈيۈك يولنى ئاچقاندا سېنى ۋاستە قىلغان. سېنى باشقۇرماق تولىمۇ ئاسان، چۆللەردىمۇ، يايلاقلاردىمۇ ياشاۋېرىسەن، ئايلاپ يايلاقتا قويۇۋېتىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، يەنىلا ياۋاشلىق بىلەن جورۇققا كىرىسەن، بىر قېتىم سۇ ئىچسەڭ 7 - 8 كۈنگىچە سۇسىزلىققا يۈرەلەيسەن، چۆللا

تتىم.

— ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي بىر چاغدا جىمجىتلىقنى بۇ-زۇپ، قاراڭ، ئالما دەرىخى قېرىپ قالسىمۇ شۇنچە كۆپ مېۋە بەرگىنىدەك ھازىر سىلەرمۇ كۆپەيدىڭلار، مېنىڭمۇ ئەجدادىم بار، ئەلۋەتتە. مەن شۇنداق ئەجدادلارنىڭ ئىچىدىكى بىر يىل-تىز، خالاس. سىز ھازىر بىر نوتا كۆچەت، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سىزمۇ بىر يىلتىز بولىسىز. ئەمدى سىز ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئاتىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ، ئۇ سىزنىڭ يىلتىزىڭىزنى ئېيتىپ بەرسۇن. ئانىڭىز ئەنسىرەپ قالمىسۇن، بېرىڭ بالام...

مەن بارغانچە ئۆيگە كىرىپلا:

— ئاتا بىزنىڭ يىلتىزىمىز كىم؟ — دەپ سورىدىم.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ بالا ئەمدى، يىلتىز دېگەن بىزدە ئەمەس ئاۋۇ دەرەختە بولىدۇ، — دەپ قورۇدىكى ئۆرۈك دەرىخىنى كۆر-سىتىپ تېرىكتى ئاتام.

— ئانا! بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزى ئوغۇزخان ئىكەن، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ يىلتىزىچۇ؟

— ھە! ئەجداد دېمەمسەن؟ — دەپ كۈلۈمسىرىدى ئاتام.

— ھە، ئەجدادىمىز كىم؟

— ئاۋۇ چوڭ ئۆيدىكى بوۋاڭنى بىلەمسەن، ھە شۇ سېنىڭ ئەجدادىڭ قالغىنىنى بوۋاڭدىن سورا.

— ئاتامنىڭ ئىسمى موللاخۇن ئىدى، بوۋامنىڭ ئىسمى نېمىتى، ھە روزاخۇن ئىكەنتۇق. ئۇنىڭ نېرىسىنى مەنمۇ بىل-مەيدىكەنمەن، — دەپ تەسۋى سىيرىشقا باشلىدى بوۋام.

مەن مەيۈسلۈك ئىچىدە چىقىپ ئاتامنىڭ قېشىغا باردىم-دە يەنە سورىدىم:

— ئاتا، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ نەسەبنامىسى يوقمۇ؟

— نېمىدەپ جۆيلۈيسەن، بېرىپ ئويۇنۇڭنى ئوينا!! — دەپ ۋارقىرىدى ئاتام. مەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم.

ئالدىدا تۇرسەن، كۆز قاپىقىڭ قېلىن، بۇرنۇڭ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا چاڭ - توزانلار ئاسانلىقچە كىرەلمەيدۇ، تۇيىقىڭ چوڭ ھەم قېلىن، پۇتۇڭ ماغدۇرلۇق بولۇپ، چۆل - جەزىرىلەردە ئۇزۇن يول يۈرۈشكە ماھىر كېلىسەن. بىرنەچچە ئايلاپ يۈك توشۇساڭمۇ قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايسەن. قەھرىتان سوغۇق ۋە سەررىتان ئىسسىقلار سېنىڭ سەپىرىڭنى توسالمايدۇ.

تۆگە! سېنىڭ كۈچۈڭ ھالال بولۇپمۇ قالماي، يەنە پۈتۈن جىسمىڭ، نىيىتىڭمۇ بىز ئىنسانلار ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىقتۇر. گۆشۈڭنى، سۈتۈڭنى ئەتىۋارلىق ئوزۇقلۇق قىلىمىز، سۆڭىكىڭ، قېنىڭ، بۇرنۇڭ، قۇيرۇقۇڭ شىپالىق قۇۋۋەت دورىسى بولىدۇ، ھەتتا لوكاڭ، تاپىنىڭمۇ كاتتا يېمەكلىك سانىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ تىلغا ئالساق، ئۇ ئېلاستىكىلىقلىقى كۈچلۈك، ئىسسىقلىق ساقلاش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇپ، توقۇمىچىلىقنىڭ ئېسىل خام ئەشياسىدۇر. ئاتا - بوۋىلىرىمىز پۇختا، پارقىراق، كۆركەم، چىدامىلىق بولغان چېلەكنى بويۇن تېرەڭدىن، سۇداننى لوكاڭدىن، تاماق قاچىسىنى تىز تېرەڭدىن ئېلىپ ئىشلىگەن.

تۆگە! سېنىڭ تېزىكىڭنىمۇ سۆزلىۋېتەي، چۈنكى ئۇ ئىسسىقلىقى كۈچلۈك يېقىلغۇ رولىغا ئىگە.

دوستلار! تۆگە ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك، ئېسىل خىسلەتلىك ھايۋانلارنىڭ بىرى. مەن ھەر دائىم ئۇنىڭ مۇشۇنداق قەيسەر ئىرادىسى ۋە روھىنى، چىدامىلىق ۋە مەزمۇت قامىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، ئىختىيارسىز، ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىمدىن ئاپىرىن ئېيتىمەن.

يەپ سۇ ئىچمىسەڭمۇ 56 كۈن، سۇلا ئىچىپ، چۆپ يېمىسەڭ 65 كۈن، سۇ ۋە ئوزۇقلۇق يوق شارائىتتا 35 كۈن ياشىيالايسەن.

تۆگە، سېنىڭ پۇراش سېزىمىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈك، سەن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھايۋاننىڭ ھىدىنى، 10 نەچچە كىلومېتىر نېرىسىدىكى سۇنى ھىدلاپ تاپالايسەن.

تۆگە سەن، ئەڭ ياخشى ھاۋارايى كۆزەتكۈچىسى، چۆل - جەزىرىلەردە بوران چىقىشتىن بويۇنلىرىڭنى سوزۇپ نەرە تارتىسەن، تۇمشۇقۇڭنى قۇمغا پاتۇرۇۋالىسەن.

تۆگە! سېنىڭ ئاجايىپ مېھىر - مۇھەببىتىڭنى سۆزلەسەم، قانداقمۇ ھاياجانلانماي تۇراي. سەن چۆللەردە بوتىلاقلاپ قالساڭ بوتىلىقىڭنى ئۇستۇڭگە ئارتىپ قويمىسا سەن يولنى داۋاملاشتۇرمايسەن ئەمەسمۇ؟ بوتىلىقىڭ ئۆلۈپ قالسا، ئوخشاشلا لوكاڭدىن چۇشۇرمەي، جەسەت سېسىپ تۆگىگەندە ئاندىن چۆللەردە قالدۇرۇپ كېتىسەن؛ ئۆز ماكانىڭدىن ئايرىلغىنىڭدا كۈندە دېگۈدەك ئۆز ماكانىڭغا قاراپ، بوينۇڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەسرەتلىك نەرە تارتىسەن، مۆلدۈرلەپ تۇرغان بولاقتەك كۆزلىرىڭدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ، ئۆز يۇرتۇڭغا بولغان سەمىمىي سېغىنىشىڭنى ئىزھار قىلىسەن.

تۆگە! سەن ئەلمىساقتىن بېرى مۇشەققەتلىك كارۋان يوللىرىدا «كومپاس» لىق رولىنى ئۆتەپ كەلگەنلىكىڭنى تىلغا ئالغىنىمدا، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاشۇ چاغلاردىن باشلاپلا ئىچ-ئىچىدىن ساڭا رەھمەتلەر ئېيتىپ كەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەشەككۇرلىرى ئەينى زاماندا قەغەز يۈزىگە يا چۈشۈرۈلگەن، يا چۈشۈرۈلمىگەن بولغىيتتى. مەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سېنىڭ بۇ تۆھپىلىرىڭنى يادنامە سۈپىتىدە خاتىرىگە ئېلىۋاتىمەن.

تۆگە! سەن چىدامىلىقىڭ جەھەتتە ھەرقانداق ھايۋانلارنىڭ

يكىل جېكسوننىڭ چوقۇنغۇچىلىرى بولسا كېرەك. بەئەينى جېكسونغا ئوخشاش ياسىنىۋېلىشقان ئىككى يىگىت سېنى ئىككى قولتۇقۇڭدىن يۆلىگىنىچە كېتىپ باراتتى. پۇتلىرىڭ بولسا ئاران - ئاران يۆتكىلىپ كېتىۋاتاتتى. سەن بولساڭ شۇ هالىڭغا باقماي توختىماي ئېمىلەرنىدۇر سۆزلىمەكتە ئىدىڭ. سىلەر باشقا ياققىمۇ ئەمەس، ئۇدۇل مەكتەپ تەرەپكە كېتىۋاتاتتىڭلار.

ساڭا قاراپ تۇرغان جايىمدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. يۈرەكىم ئەنسىز دۈپۈلدەپ، پۇت - قولۇمدا ماغدۇر قالمىدى. گويا هازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ئىدىم.

جېنىم دوستۇم، سەن ئالدىنقى قېتىممۇ مۇشۇنداق قىلىپ مەكتەپتىن قوغلانغىلى تاس قالمىدىڭمۇ. بىچارە ئاناڭ ئاغرىقچان پۇتىنى سۆرەپ، ئايىغىنىڭ چەمى تېشىلىپ كەتكۈچە قاتراپ، ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ كەتكۈچە يالۋۇرۇپ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاققۇزۇپ، ئاران دېگەندە مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىدىمۇ؟ ئېيتقىنا دوستۇم، ئەجەبا سەن بۇلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ سەن يەنە مۇشۇ هالەتتە مەكتەپكە بارماقچىمۇ؟ ئۇستازلىرىڭ، ساۋاقداشلىرىڭ، دوستلىرىڭ، ماڭا ئوخشاش يۇرتداشلىرىڭ سېنى كۆرمەي قالارمۇ؟ ئۇلار سېنى نېمىمۇ دەپ ئويلاپ قالار؟ سەن ئۇلارنىڭ كۆزىگە مۇشۇ هالەتتە كۆرۈنۈشتىن ئۇيالمامسەن؟ سېنىڭ بۇ قىلىقىڭنى پەرزەنت ئىشقىدا كۆيۈپ كۆلگە ئايلىنىۋاتقان ئاناڭ ئاڭلىماي قالارمۇ؟ ئۇنىڭ بۇ ئاجىز يۈرىكى بۇنىڭغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەر. سەن هېچبولمىغاندا ئاشۇ بىچارە ئاناڭنىمۇ ئويلاپ قويمىدىڭمۇ؟ ئۇ سىلەر ئۈچۈن تالاي يىللارنى جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزمىدىمۇ - هە!

ئون نەچچە يىل ئىلگىرى داداڭنى كۆمۈپ قويدۇق. ماڭا شۇنىڭدىن بېرى بىچارە ئاناڭنىڭ سىلەرنى دەپ كۆرمىگەن كۈنى

# دوستۇمغا خەت

(نەسر)

ئاينۇر نىياز

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

سالام دوستۇم، ياخشىمۇ سەن؟

نېمىشقىدۇر يېقىندىن بېرى ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم يىغىلىپ قالغاندەكلا ھېس قىلىمەن. سەن بىلەن ئۇچراشقاندا دەيدىغان گېپىمنى تاپالماي كېتىمەن. كۆرۈشمىسەم سېنى كۆرگۈم، مۇڭداشقۇم كېلىدۇ. كۆرۈشكەندە، بولسا ئەھۋال يۇقىرىقىدەك. ئاخىر ساڭا كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى قەغەز يۈزىدە ئېيتىش قارارىغا كەلدىم. سوغۇق قانلىق بىلەن ئوقۇپ كۆرەرسەن.

سۆيۈملۈك دوستۇم، ساڭا دەي، ئالدىنقى كۈنى مەن يەنە سېنى ئەمەسلا بىر ھالەتتە كۆرۈپ قالدىم. كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالماي كۆزلىرىمنى چىمچىقلاتقىنىمچە كەينىڭدىن قاراپلا قالدىم. سەن بولساڭ غەرق مەس ھالەتتە ئىدىڭ. بىر چاغلاردىكى يىلاندەك تولغىنىپ، ئەۋرىشىم بەللىرىڭدە ئويناپ تۇرىدىغان بىلەكتەك توملۇقتىكى ئۆرۈمە چېچىڭ كېسىپ بۇدۇر قىلىنغان بولۇپ، ھازىر 18 ـ ئەسىردىكى ھىنددىئان ئاقساقىلىنىڭ چېچىدەك پاخپىيىپ تۇراتتى. بىر چاغلاردىكى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدىغان سېھىرلىك شەھلا كۆزلىرىڭنىڭ نۇرى ئۆچۈپ خۇنۈكلەشكەندى. جىنەستىدەك چىرايلىق لەۋلىرىڭ بولسا قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەندى. ئېھتىمال ماي-

نۇۋى ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللانغان ھەقىقىي بىر ئۇيغۇر ستۇدېنت قىزى بول.

## مەن ۋە ھايات

(نەسر)

مەن كىشىلىك تۇرمۇش يولىدا شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى بۇ ھايات، بۇ تۇرمۇش خىلمۇخىل ئىرماش ـ چىرماش زىددىيەت-لەر بىلەن تولغان جەڭگاھ ئىكەن.

بەزىلەرنىڭ ئىچى تۇرلۇك ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن تولسا، بەزىلەرنىڭ قەلبى يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن تولغان بولىدىكەن. بىراق، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ مۇقەررەرلىكتىن ھېچقانداق ئادەم قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. ھايات قىسقا ھەم رەھىمسىز. ئۇ ۋاقىت ئاتلىق ھارۋىسىنى چاپتۇرۇپ ئەرلەرگە ساقال، قىزلارغا قورۇق ئاتا قىلىدۇ ھەم ئەڭ ئاخىرىدا ھەممە-سىنى ئاپىرىپ ئاشۇ ئەزىز تۇپراق قويىنىغا تۈكىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەزىلەرنىڭ جىسمىنىڭ قارا تۇپراقنىڭ بىر قىس-مىغا ئايلىنىشى بىلەن تەڭلا نامىمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. بەزىلەر-نىڭ نامى كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۇ يادلىنىدۇ. پەقەت ئۆز ئۆمرى-دە خەلق ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلىگەنلەرنىڭ نامىلا مەڭگۇ ياشايدۇ.

ئېھ، ھايات. مەن گۈلدەك ياشلىقىمنى ئەرزىمەس ئىشلارغا سەرپ قىلىپ نام ـ نىشانسىز ئۆتۈپ كېتىشنى، بەرگىلىرىمنىڭ بوران ـ چاپقۇنلاردا مەزگىلسىز نابۇت بولۇپ كېتىشىنى ھەر-

قالمىدى: ھېلى پىنژغىرىم ئىسسىنقلاردا قېتىق ـ قايماق سېتىۋاتقان، ھېلى سوبھى تاڭدا ئورنىدىن تۇرۇپ كوچا سۈپۈرۈۋاتقان، ئۆينىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ئەل ئايىغى بېسىققان چاغدىمۇ تىنماي تېپىرلاۋاتقان ...

ئاناڭنىڭ چاچلىرى نېپىز بىر قەۋەت قىرو باسقاندەك ئاقارغان ھەم شالاڭلىغان، كەڭ پېشانىلىرىدىكى ۋاقىتسىز چۈشكەن قورۇقلار، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى، مانا مەن دەپ بۆرتۈپ چىققان مەڭز سۆڭەكلىرى، خۇددى سۆڭەكنىڭ ئۈستىگە تېرىسىنى چاپلاپ قويغاندەك ئورۇق گەۋدىسى. ئۇنىڭ ئۈستۈبېشى تولىمۇ نىمكەش ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقى گوياكى 60 ياشلىق مومايغىلا ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇ موماي ئەمەس، ئەمدىلا 45 ياشقا كىرگەن ئەمەسمۇ.

بىز ستۇدېنتلارمىز، بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز ئۆگىنىش. خۇددى ماۋ جۇشى ئېيتقاندەك: «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش». مانا بۇ بىزنىڭ بۈيۈك شوئارىمىز. سەن بۇ مەكتەپكە كېلىپ زادى نېمە ئۆگەندىڭ، قانچىلىك بىلىم ئالدىڭ؟ سېنىڭ ئۆگەنگىنىڭ راستتىنلا زامانىۋى ئىلىم ـ پەنمۇ؟ ياكى بىرنەچچە مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەبجەش مەدەنىيەتمۇ؟ ۋە ياكى «ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىلمى»مۇ؟ سەن مۇشۇ بىلىمىڭگە ۋە ئىقتىدارىڭغا تايىنىپلا يېڭى ئەسىرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلىشالامسەن. دەۋرنىڭ بىزگە تاپشۇرغان ئېغىر ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن دەپ ئويلامسەن، شەپقەتسىز رىقابەتكە قاتنىشالامسەن؟

جېنىم دوستۇم، زامان ـ زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، ئىشچان، تولىمۇ نومۇسچان، لاتاپەتلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق ھەم پەزىلەتلىك ئىدىغۇ؟ قېنى سەندىكى بۇ پەزىلەتلەر؟

دوستۇم، بەڭۋاشلىقىڭنى تاشلا، ئەقلىڭنى تاپ! زاما-

# سۈكۈتتىكى ئۈمىد

(نەسر)

## خەمىدە ئابلەت

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

ئېلىپبەنى ئۆگەنگەن بىرىنچى سىنىپ ھېلىمۇ ئېسىمدە، چۈنكى ئۇ مەن ھاياتقا ھەقىقىي مەنىدە قويغان تۇنجى قەدەم. مانا باسقۇچمۇباسقۇچ ئۆرلەپ پارلاق ئىستىقبالىمنى تېپىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاشۇ كىچىككىنە كەنتىمىزدىن يىغىلغان بالىلار بىلەن ئوقۇدۇم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمنى ھەرقايسى كەنتلەردىن يىغىلغان بالىلار بىلەن ئوقۇدۇم. تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدا ناھىيىمىزدىكى ھەرقايسى يېزىلاردىن كەلگەن بالىلار بىلەن ئوقۇپ ھايات مۇساپەمنىڭ ئاچا يولىغا كەلدىم. مانا ئەمدى ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئورتاق غايە بىلەن بىر يەرگە يىغىلدۇق.

مانا شۇ تاپتا كەينىمگە قايرىلىپ قاراپ باقسام ئۆزۈمنىڭ ئىنتايىن غەمسىز، غۇبارسىز ئۆتكەن شادىمان بالىلىقىمنى ۋە ئوقۇش ھاياتىمنى قىيىش ۋە قىيالماسلىق تۇيغۇسىدا سېغىنىدىم. مەن بىرىنچى سىنىپتىن ئالىي مەكتەپكىچە بولغان ئوقۇش ھايا- تىمدا موھتاجلىق ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتماي، بالىلارچە سەبىيلىكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئەركىن ئۆزۈپ، ساددا - سەممىمىي ھېسسىياتنى سەبىي قەلبىمدە ھەر ۋاقىت ئۇقچۇپ

گىزمۇ خالىمايمەن. مەن سېنىڭ قۇياش نۇرىغا چۆمگەن خۇشال-لىق مىنۇتلىرىڭغا خۇددى پەرۋانە چىراغقا ئىنتىلگەندەك ئىنتى-لىمەن. بىراق بۇنىڭ ئىزدەنمەي، كۈرەش قىلماي قولغا كەل-مەيدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن.

بىر ئادەمنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ياشىشى ئۆزىنىڭ ئادەملى-كىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر. شۇنداق ئىكەن، پەقەت ئەل بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ئىلىم ـ پەن سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدە-نىش ئارقىلىقلا، بۇ ھاياتتا پارلاق ئىزلارنى قالدۇرغىلى بولى-دۇ.

ئاھ، ھايات، سەن بىر دېڭىز، مەن بىر تىنىمسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان قېيىق. مېنى قارا بورانلىق يامغۇرلار ھەرگىز يولۇمدىن قايتۇرالمايدۇ. ئاخىرقى نىشانىم نۇرانە قىرغاق؛ گۈ-زەل ھايات، سەن گۈل، مەن كېپىنەك، ئاداققى ئۈمىدىم باھار بۇلبۇللىرى چاڭ ـ چاڭ سايراۋاتقان گۈلزارلىق چىمەن؛ ھا-يات، سەن چەكسىز ساما، مەن ئەركىن قانات قېقىۋاتقان قۇش، مەنزىلىم چەكسىز، ماڭا غەيرەت ـ شىجائەت، ئىشەنچ، غۇرۇر، ئۈمىد، ئىستەكلەر ھەمراھ، مەن مانا مۇشۇ ھەمراھلىرىمنىڭ قۇتلىشى بىلەن سېنى شان ـ شەرەپ، زەپەر گۈللىرىگە كۆمەي، ھەقىقىي بەختىمنى تاپاي.

ئېھ، ھايات، مەن سېنى مەڭگۈ سۆيىمەن.

2004 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

قىنى قاندۇرۇپ، كۆپلىگەن بىلىملىك، ئىقتىدارلىق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ چىقماقتا.

مەن بىلىمەن. پەقەت ئۈنىڭلىق بىلەنلا ھەممىسىنى موھتاجلىق دەردىدىن قۇتۇلدۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ئاشۇ بالىلارنىڭ سەبىيلەرچە تىكىلگەن ئۈمىدلىك كۆزلىرىدىن «مېنىڭ ئوقۇغۇم بار» «مېنىڭ بالىلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئىشلاردىن بەھرىمەن بولغۇم بار» دەپ ئۈنسىز ھالدا نىدا قىلىۋاتقىنىنىمۇ بىلىمەن.

مەن ئاشۇ ئاچچىق ھەقىقەت ئالدىدا شۇلارنى ئويلايمەن، يېڭى بىر ئەسىردە ئۇلارنىڭ تەشنا بولغىنى باشقا نەرسە ئەمەس.

مەن ئوقۇماقچى بولدۇم. ئەمما ئۇلار قولۇمغا تەلمۈرۈۋاتقاندەك، يولۇمغا تەلپۈنۈۋاتقاندەك قىلىدۇ…

2004 ـ يىلى 14 ـ ماي، ئۈرۈمچى

## دوستۇمغا

(نەسر)

بەھرىنىسا ئادىل

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

قەدىرلىك دوستۇم ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ سېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقىنىڭ ياكى ئائىلىڭگە قايتىپ كەتكىنىڭ ماڭا تېخى نامەلۇم. مەن سېنى تولا ئىزدەپ ھالىمدىن كېتەيلا دەپ قالدىم.

دوستۇم جاھاننىڭ ئىشلىرى ئادەم ئويلىمىغان يەردىن چى-

تۇرۇشى بىلەن چوڭ بولغانمەن.

قىسقىسى، باللار بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق شېرىن ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن بەھرىمەن بولۇپ ياشاپ كەپتىمەن. بۇنىڭدىن ئۆزۈمنى خۇددى بەخت بۆشۈكىدە ئەللەيلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

مېنىڭ يەنە ئۆرلەپ ئوقۇغۇم بار. جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن باللار بىلەن ئوقۇغۇم بار.

بىراق، ئاشۇ كىچىككىنە يېزامدىن مەن بىلەن بىللە چىقالمىغان دوستلىرىمچۇ؟ ماڭا ئوخشاش ئوتتەك ئىستىكى بار، بىراق، خىراجىتىگە چىقىشالماي دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بىچارىلەرچۇ؟ بىر توپ قوي - كالىنىڭ ئارقىسىدا توپا - چاڭغا مىلىنىپ قالغان تالاي - تالاي بىچارىلەرچۇ؟ شۇلارنى ئويلىغىنىمدا گېلىمغا خۇددى بىر نەرسە تۇرۇۋالغاندەك بولۇپ قالىدۇ - دە، كۆز ئالدىمغا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىگەچاقىسىز قېلىپ مايلامچىلىق قىلىۋاتقان، ئالدىمىزغا «ئاكا، ھەدە» دەپ موھتاجلىق قوللىرىنى ياپراقتەك تىترىتىپ سۇنۇۋاتقان، رەھىمسىز، ۋىجدانسىز، قارا نىيەتلەر تەرىپىدىن ھەر خىل يامان ئىشلارغا سېلىنىۋاتقان ۋە ئېلىپ - سېتىلىۋاتقان سەبىي - نارەسىدىلەر كېلىدۇ.

موھتاجلىق دەردىدىن قوللىرىنى سۇنۇپ «ئاكا، ھەدە» دەپ ئۈنسىز نىدا قىلىۋاتقان ئاشۇ باللار دەل بىزنىڭ كەلگۈسىمىز، ئوقۇشسىز قېلىپ كوچىلاردا مايلامچىلىق قىلىۋاتقان ئاشۇ بالا ئىشچىلار مىللەتنىڭ كېلەچىكى.

ئەگەر ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە كېتىۋېرىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ كېلەچىكىنىڭ گۈزەل بولۇشىدىن سۆز ئاچماق ناھايىتى تەسمەرىپەتپەرۋەر، ئاق كۆڭۈل كىشىلىرىمىز ئوقۇشسىز قىلىۋاتقان ئاشۇ باللارغا كۆپ ياردەم قىلىپ ئۇلارنىڭ بىلىم تەشنالى-

لىغان ئىشلارنى تېرىپسەن. ساڭا باشتىلا نەسىھەت قىلغانىدىم-
غۇ. ھامان بىر كۈنى سېنىڭ ئالدىغان «نېسۋەڭ» شۇ بولات-
تى. ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى قويۇپ يەنە ساڭا ئېچىنىدىم. سەن
نېمىشقا ئىشنىڭ يولى مۇنداق ئىدى دەپ ماڭا تېلېفون قىلماي-
سەن؟ مېنى ئىزدىمەيسەن؟ ياكى ماڭا چۈشەنچە بەرمەيسەن؟
سەن ئەزەلدىن ياخشى قىز ئىدىڭغۇ. ئەجەبا ئەڭ پەسكەش،
ئەڭ يامان ئىشنى ماڭا قىلدىڭ. ساڭا ياردەم قىلىپ سېنىڭدىن
كۆرگەن ۋاپا شۇ بولدىمۇ؟

ئايشەم، سەن 2000 يۈەن پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى-
نى بىلمەي يۈرگەن چېغىڭدا مېنىڭ خەقنىڭ ئالدىدا قانچىلىك
دەرىجىدە سارغىيىپ، تاتىرىپ خەقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كې-
تەر ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان
بولغىيدىڭ بەلكىم... ئايشەم، ساڭا بۇ ئاددىي قۇرلارنى يېزىۋات-
قىنىمدا ئاچچىق ۋە نەپرەتتىن تۆكۈلگەن ياشلىرىمنى پەقەتلا
توختىتالمايۋاتىمەن. ئىلگىرى دوستلار ئارىسىدا سەن مېنى
ھەممىدىن بەك چۈشىنەتتىڭ. ماڭا ئامراق ئىدىڭ، بىراق ھا-
زىر چۇ؟ پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. سەن نېمە ئۈچۈن؟ زادى
نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنداق قىلىسەن؟ تاش بولغان بولسىمۇ مېنىڭ
ئاھۇ پەريادلىرىمنى ئاڭلىسا بۇ چاغقىچە سىمابتەك ئېرىپ بولغان
بولاتتى. بىراق ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، سەن بىر... ساڭا
ھازىر ئارتۇق بىر نېمە دېگۈم، زەربە بەرگۈم يوق. بۇلار بەرىبىر
ماڭا پايدىسىز، پەقەت ساڭا ئىككى ئىشنى ئۇقتۇرۇپ قوياي.
بىرى، بۇرۇن مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ جۈرئەتسىز، دۆت، بىچارە
دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، ھازىر دەل ئەكسىچە، ئەڭ بىچارە،
جۈرئەتسىز ئادەم سەن. چۈنكى سېنىڭ كۈچۈڭ ماڭا يەتتى.
لېكىن، سەن ھازىرغىچە ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ يۈرۈيسەن، دېمەك
سەن مېنى يەمچۈك قىلدىڭ. مەن سېنى ئىزدەپ تاپقان تەقدىر-
دىمۇ سەندىن قۇرۇق سەپسەتىدىن باشقا ھېچنېمە چىقمايدۇ.

قامدۇ نېمە؟ خۇددى «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماس» دېگەندەك سېنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭنى، مېنى زار - زار قاقشىتىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. 2000 يۈەن ئاز پۇلمۇ؟ يەنە كېلىپ ئائىلە ئىقتىسادى ناچار بىر قىزغا نىسبەتەن. ئەي! بۇلار ساڭا بەش قولدەك ئايان ئىدىغۇ.

توغرا، سەن ئويلىغان چوڭقۇر ئويلاش ئارقىلىق 2000 يۈەن پۇلنى مەندىن سورىغانىدىڭ. مانا بىر يىلمۇ بولۇپ قالاي دەپتۇ. يا ئۆزۈڭ يوق ياكى پۇل. سەن زادى قانداق قىز بالا؟ قانداق دوست؟

سېنىڭ پۇلنى ئالغان چاغدىكى بىچارە قىياپىتىڭ ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا، ئاشۇ چاغدا سەن ماڭا: — بەھرىنىسا بەك قىيىن ئەھۋالدا قالدىم، مۇئەللىم پۇلنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. سېنىڭ يازغۇچى تونۇشلىرىڭ كۆپ ... 5 - ئايغا قالماي ئەكېلىپ بېرىمەن، دېگەنىدىڭ. دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنى ئاق كۆڭۈل، ساددا دەيدىغان. بىراق، ئۆتۈپ كەتكەن قاپاقۋاش، دۆت قىز ئىكەنمەن. سېنىڭ بۇنداق قىلارىڭنى بىلگەن بولسام، ئىسىت، ئامال قىلالمايمەن دېسەممۇ بولاتتىغۇ. ئۇنىڭلىققا سەن مېنى بوغۇۋېتەتتىڭمۇ. بىراق شۇ كۆڭۈلچەكلىكىم، مەن پۇلنى تېپىپ بەردىم. سەن بۇ پۇلنى كىمدىن ۋە قانچىلىك خىجىللىقتا ئالغىنىمنى سوراپمۇ قويماي «رەھمەت»لىرىڭنى ياغدۇرۇپ مەكتىپىڭگە كېتىپ قالدىڭ.

ۋاقىت بارا - بارا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بىراق سەن ئۈن - تىنسىزلا يوقاپ كەتتىڭ. سېنى نەچچە قېتىم ئىزدەپ مەكتىپىڭگە باردىم. ياتاقداشلىرىڭ ھېلى ئۆي ئىجارە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن دېسە، ھېلى ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنتى دەپ قولاشمىغان گەپلەر بىلەن مېنى قۇرۇق يولغا سالدى ... ئايشەم، سەن مېنى بىلمەيدۇ دەپ قالدىڭمۇ؟ مەن سۈرۈشتۈرسەم ئۇ 2000 يۈەن پۇلنى سەن ئوغۇل دوستۇڭغا بېرىپ تۇرۇپ تۇرغۇد-

# مېنىڭ دادام

(نەسر)

قەدىرلىك ئوقۇرمەن: قەلەم تەۋرىتىدىغىنىم قانداقتۇر ئۇيدۇرما، شۇنداقلا قۇرۇقتىن - قۇرۇق توقۇپ چىققان ئاددىي بىر نەرسە بولماستىن، ئەمەلىيەت داۋامىدىكى ھەقىقىي ئىشلاردۇر.

مەۋجۇدىيەت ئالەمىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئىچىدە ئۆز ئاتا - ئانىسىنى سۆيمەيدىغان، ھۆرمەتلىمەيدىغان، ئاتا - ئانىسىغا كۆيمەيدىغان ئىنسان بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ئاتا - ئانا دېمەك قۇياش دېمەكتۇر. ئۇلار ئىسسىق ھارارىتى ئارقىلىق بىزگە ئىللىقلىق ئاتا قىلىدۇ. مەنمۇ ئاتا - ئانامنى ياخشى كۆرىمەن. پەرزەنت ئوتىدا شام بولۇپ يېنىۋاتقان، پەرزەنت ئۈچۈن تىنماي تىرىشىۋاتقان تۇلپار كەبى ھارماس دادامنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنى چەكسىز ھۆرمەت قىلىمەن. ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىمدىن ئاپىرىن كۈيلىرىمنى ياغدۇرىمەن. ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزلىرىنى ئۆزۈمگە ئۆرنەك قىلىمەن. چۈنكى مېنىڭ دادام ئادەتتىكى دادىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئەگەر دادامنىڭ ئاددىي كەچۈرمىشلىرىگە قىزىقسىڭىز ئۇنداقتا مەن بىلەن مېڭىڭ:

مېنىڭ دادام 60 ياشلاردىكى، ئورۇقتىنا كەلگەن، بېشىدا بىرەر تالمۇ چېچى قالمىغان ھەم بىر پۇتى يوق مېيىپ ئادەم. بىراق، ئۇ نى - نى بېجىرىم ئادەملەر قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ. دادام تولىمۇ ئەقىللىق، چېچەن ئادەم بولۇپ، ئادەتتىمۇ ئىشلارنى بەك تەپسىلىي، ئەستايىدىل، چوڭقۇر ئويلىنىپ ئالاھىدە كاللا ئىشلىتىپ قىلىدۇ. يەنە بىر سەۋەب، دادام توكچى بولغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئاشۇنداق تاقىر باش. لېكىن، ئۇنىڭ تاقىر باش كاللىسى بەزى سېۋەتتەك «چىڭگىل چاچ» كاللىلار-

بىل، مەندە بولسا ھېچبولمىدى دېگەندىمۇ، ئەتەم ئۈچۈن ئى-
شەنچ، ئۈمىدۋار روھ، جۇشقۇن كەيپىيات. شۇنداقلا كەلگۈسۈم
ئۈچۈن ئېنىق بىر نىشان بار. گەرچە سەن مېنى پەسكەشلىك
بىلەن ئالدىغان بولساڭمۇ، لېكىن مەن ساڭا كەڭ قورساقلىق
قىلدىم.

ئىككىنچى ئۇقتۇرۇپ قويىدىغان ئىش: ھېلىقى 2000
يۈەننى مەن ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «تارىم غۇنچىلىرى» تەھرىر
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى × × ئاكىدىن ئالغان. بۇ ئادەم ھېلىمۇ
قورقماي، ماڭا ئىشىنىپ 2000 يۈەننى بېرىپ تۇردى. بىراق،
سەن لەۋزىڭدە تۇرماي مېنى تار يەردە قىستىدىڭ. بۇنداق ئەھ-
ۋالدا مەن خەققە پۇلنى قانداق قايتۇراتتىم؟ بىراق سەن ۋەدىسى-
دە تۇرمايدىغانغا ساقلاپ بولالمايمەن - دە، ئاخىر ئوقۇش پۇلۇم-
نى ئۇنىڭغا تۆلىدىم. ھازىر مەنمۇ ئوقۇش ۋە ياتاق پۇلىنى
تۆلىيەلمىگەنلىك سەۋەبتىن مەكتەپتىن ۋاقىتىنچە چېكىنىش ئال-
دىدا تۇرىمەن. مەن بۇ خەتنى ئىشەنچلىك دوستۇڭ ئارقىلىق
ساڭا يەتكۈزۈپ بەرمەكچى. بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن
ۋىجدانىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئۆرتىنىپ، ئىدىيەڭدە
تەييارلىق كۆرۈپ قويارسەن. چۈنكى، سېنىڭ بۇ قىلمىشلىرىڭ
مېنىڭدە مۇشۇنداق بىر ھەسرەتلىك قۇرلارنى يېزىشقا، نۇرغۇن-
لىغان بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى. ئەگەر سەن بۇ پۇلنى
يەنە ئارقىغا سۆرەۋەرسەڭ مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئامالىم بار. ئۇ چاغدا
مەندىن يامانلاپ قالماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

دوستۇڭ:

بەھرىنىسادىن

2003 - يىلى 19 - نويابىر

رىشچاندۇ، باللىرىغا كۆيۈنىدىغاندۇ. دادامنىڭ ئىشلىرى كۆ-
رۈنۈشكە ۋە ئاڭلىماققا تولىمۇ يۈزەكى بىلىنىدۇ. بىراق، مەن
ئۇچۇن ئېيتقاندا ئالاھىدە پەرقلىق ئىش. مانا يۇرتىمىزدا نۇر-
غۇن بايلار، مىليونېرلار باللىرىنى، بولۇپمۇ قىزلىرىنى ئو-
قۇتمىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە قىز بالا دېگەن خەقنىڭ ئادىمى،
بەربىر ئوقۇتمىسىمۇ ... بولارمىش. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا ئۇ
بايلار پۇللىرىغا چىدىمىغاندى. لېكىن، دادام باي بولمىسىمۇ
بىز ئالتە بالىنى ھەرھالدا تولۇقسىزغىچە بولسىمۇ ئوقۇتتى.
ئاخىرىدا چىشىنى چىشىغا چىشلەپ گەپ - سۆزلەرگە قارشى
ھالدا، جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ مەن بەھرىنىسانى ئارزۇيۇم
بويىچە داڭلىق «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» غا ئوقۇشقا ئەۋەتتى.
مەن دادامنىڭ ھەربىر نەسىھەتلىرىگە ئەقىدە قىلىمەن. شۇڭا،
سىنىپتىمۇ ھەممە باللار بىلەن ئورتاق ئۆتىمەن. ئالىي كىيىم-
لەرنى كىيىپ ئېسىل تاماقلارنى يېمىسەممۇ، يېنىمدا خەجلەيدى-
غان پۇلۇم بولمىسىمۇ، چىرايىمدا خۇش تەبەسسۇم ئو-
زۇلمەيدۇ ...

مېنىڭ دادام جىسمانىي جەھەتتىن راستىنىلا بىر مەجرۇھ،
لېكىن ئۇنىڭ روھى ساغلام، قەلبى پاك. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاچچىقى-
نى ئۆتكۈر تەپەككۇرى، كۈچلۈك قەلىمى ئارقىلىق چى-
قىرىدۇ ...

ئەي بىر قىسىم بېجىرىم ئادەملەر، سىلەر ئۆزۈڭلار ھەققى-
دە ئويدان ئويلىنىپ باقساڭلار بولغۇدەك، سىلەرنىڭ بىر قىس-
مىڭلار روھىڭلارنىڭ قۇلى بولۇپ، ياشايسىلەر، سىلەرنىڭ قو-
لۇڭلاردىن ئادەملەرنى، جەمئىيەتنى بۇزۇش، ناھەقچىلىك، ئى-
ناقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىشتىن باشقا يەنە نېمە كەلسۇن؟
بۇ نەقەدەر روشەن سېلىشتۇرما - ھە!

مېنىڭ دادام ھايات مەنزىلىنى پۇتىغا كىرگەن تىكىنى
ئارقىلىق بېسىپ ئۆتكەن. ھەقىقىي ياشاشنى بىلىدىغان ئادەم.

دىن بەكرەك ئىشلەيدۇ. دادامنىڭ بىر پۇتى يوق دېسەم بۇنىڭغى-
مۇ ئەجەبلەنمەڭ. دادام ئەسلىدە ئادەتتىكى كىشىلەردەك ساق
ئىكەن. 72 ـ يىلى خىزمەت ئۈستىدە توك سىمى ئۇلاۋېتىپ
بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى ستولبىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ كۆيۈپ
يارىلانغان. نەتىجىدە، داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەچكە بىر پۇتىنى
كېسىۋېتىپ، سۈنئىي پۇت سالدۇرغان. بىچارە دادام 15 كىلو
ئېغىرلىقتىكى سۈنئىي پۇتىنى سۆرەپ هايات يولىنى داۋاملاشتۇ-
رۇپ كېلىۋاتىدۇ. هاسا تايىنىشقا هەقلىق تۇرۇپمۇ ئۇنداق قىل-
مىدى ...

تۇرمۇشتىكى ناهەق ئىشلارنى مىسال ئالساق، ئادەمنىڭ
ئىچى زەرداب سۇغا تولىدۇ. مەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كىچىك-
كىنە ئىشلارنىمۇ هەل قىلالماي تەرەپكە قاتىراپ، يۇقىرى-
غا كۇچۇكلىنىپ ياشايدىغانلىقىنى كۆرگەنمەن. دادامنىڭ ئېيت-
تىپ بېرىشىچە ئەينى ۋاقىتتا دادامنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى
هۆكۈمەت كۆتۈرسە ياكى مۇۋاپىق تۆلەم تۆلىسە بولاتتىكەنتۇق.
لېكىن، ئۇنداق قىلماپتۇ. كېيىن بىزمۇ چوڭ بولۇپ، خېلى
ئىشلارنى پەرق قىلالايدىغان بولدۇق. دادامغا مەسلىهەت بەرسەك
دادام ئىلتىماس يېزىشقا ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادامنىڭ
بوينى ناهايىتى قاتتىق. بىزنىڭ «سوۋغاتلىرىمىز» «چىرايلىق
ياغلىما گەپ» لىرىمىز بولمىغاچقا دادامنىڭ داۋالىنىش ئىلتىما-
سىمۇ خەقكە خۇشياقمايدۇ. ئىشلار شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى.
بىزمۇ ئۆلۈپ قالمىدۇق. مېنىڭ دادامغا ئالاهىدە قول قويىدىغان
ۋە قايىل بولىدىغان يېرىم: دادام تۇرمۇشنى ئالدىغا سېلىۋال-
غان، ئاشۇ 500 نەچچە يۈەن پېنسىيە پۇلى بىلەن 10 نەچچە
جاننى باقىدۇ. مېهمان كەلسە چىرايلىق ئۇزىتىدۇ. ئىشقىلىپ
كۆرگەن، بىلگەنلەرنىڭ هەممىسى دادامنى هۆرمەت قىلىدۇ. بۇ
هاياتىمدا دادام توغرۇلۇق سۆزلىسەم، قەلەم قۇۋۋىتىم تولىمۇ
ئاجىزلىق قىلىدۇ. بەلكىم هەممە ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تى-

دا، هايالىق بولۇش ئەڭ ئېسىل پەزىلەت. هايا ئارقىلىق بىر قىزنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. هايا تەڭرى ساڭا ئاتا قىلغان تەبىئىي گۈزەللىكىڭنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ، سېنى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن پەرىشتە تۇسىغە ئېلىپ بارالايدۇ.

ئوماق سىڭلىم، بۈگۈن سېنىڭ 18 ياشقا تولغان كۈنۈڭ، تۇغۇلغان كۈنۈڭ قۇتلۇق بولسۇن! قەلبىڭدە ياشلىق ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەقىل سەزگۈلىرىڭنىڭ ئەتراپىڭدىكى ھەر خىل ناتونۇش شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئارىمىزدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ياشلىق باھارىنى ۋاقىتسىز سولدۇرۇۋاتقان، پۇشايماندا ئەلەملىك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈۋاتقان بەزى قىزلارنى كۆردۈم. ئۇلارغا بەكمۇ ئېچىنىمەن ھەم سېنىڭ شۇنداق قىزلاردىن ئىبرەت ئېلىشىڭنى ئۆتۈنىمەن.

جېنىم سىڭلىم، كەلسە - كەلمەس سورۇنلارغا قەدەم باسمىغىن. شېرىن سۆزلەرگە ئالدانما. كىيىنىشكە دىققەت قىل، قانداقتۇر كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى قىسقا، ھەررەڭ - سەررەڭ كۆڭلەكلەرنى كىيمىگىن. چاچلىرىڭنى ھەم يۈزلىرىڭنى ئالىيېشىل بويىۋېلىپ ئەجنەبىيچە گۈزەللىككە مەستانە بولمىغىن. بىلسەڭ، تەڭرى ئاتا قىلغان شۇ تەبىئىي گۈزەللىكىڭ بىلەنمۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا پەردازلانغان گۈزەللەردىن نەچچە ھەسسە گۈزەلسەن. شۇڭا دەيمەن: گۈزەللىكىڭگە كۆز تەگمىسۇن!!

ئەقىللىق سىڭلىم، ئۆزۈڭنى سۆي، ئۆزۈڭنى قەدىرلە. چۈنكى، ئۆز - ئۆزىنى سۆيمىگەن ۋە قەدىرلىمىگەن كىشى مەڭگۈ باشقىلارنىڭ سۆيۈشىگە ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشەلمەيدۇ. قەلبىڭگە مىللىتىمىزنىڭ ئىشچان، باتۇر، جاسارەتلىك، ئىرادىلىك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ئەقىللىق قىزلىرى نۇزۇگۇم،

قاراڭ، دادام ھېلىھەم بىپايان مۇساپىسىنى ئۇن ـ تىنسىز ھالدا داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

2003 ـ يىلى 19 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

# سىڭلىمغا

(نەسر)

ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

قەدىرلىك سىڭلىم، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولغىن. شۇ تاپتا سەن بەرگى قىياقتەك قاشلىرىڭ، چولپاندەك ئاھۇ كۆزلىرىڭ، قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرىڭ ۋە زىلۋا بويلىرىڭ بىلەن يىگىتلەرنىڭ يۈرەكلىرىگە ئوت سېلىپ، گۈزەللىكتە تاڭ قالدۇرالايسەن. ماڭا سەندەك پەرى كەبى قېرىنداش ئاتا قىلغان تەڭرىگە مىڭ قەترە تەشەككۈر. بىراق، يادىڭدا بولسۇنكى، ئىنسانلارنىڭ تاشقى گۈزەللىكى مەڭگۈلۈك ئەمەس. ئۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەتلىشىپ كىشىلەر نەزىرىدىن ئاستا ـ ئاستا قالىدۇ. بىراق ئەدەپ ـ ئەخلاق، گۈزەل پەزىلەت مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سەندىن كۈتىدىغىنىم ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆزۈڭگە يار قىلغىن، ئۆزگىلەرنى ھۆرمەت قىل، كىچىكلەرنى ئىززەتلە، تىلىڭنى يامان سۆزلەردىن يىراق قىل، دىيانەتلىك بول، دىلىڭنى پاك تۇتقىن، ئۇنىڭدا قانداقتۇر چىرىكلىكنىڭ ئىللەتلىرى يىلتىز تارتىپ قالمىسۇن.

تاتلىق سىڭلىم، ھايالىق بولغىن. بىر قىز ئۈچۈن ئېيتقان-

لەيسەن!
خەير سىگىلىم، ساڭا ئاقيول تىلەيمەن!

2003 ـ يىلى 14 ـ ماي، ئۈرۈمچى

# خەير، يۇلتۇزۇم

(نەسر)

دىلىيار پەرھات

ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

ئۇ ئاسمانغا تىكىلدى. خۇددى يۇلتۇزلارنى، بىپايان كېچە ئاسمىنىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك ئاسمانغا تويماي قارىدى.

سانسىزلىغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا تىكىلمەكتە، كۆز قىسماقتا. ئۇ بولسا ئۆزىنىڭ يۇلتۇزىنى ئىزدىمەكتە. ئاۋۇمىدۇ؟ ياق ئەمەس. ئاۋۇ چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزمىدۇ يا، ياق، ئۇمۇ ئەمەس، ئەمىسە؟! ... ھە! ئۇ تاپتى. ئۇ ئاشۇ سانسىزلىغان يۇلتۇزلار ئىچىدىكى ئەڭ ئاجىز يورۇپ لىپ ـ لاپ قىلىۋاتقان يۇلتۇزنى ئۆزىنىڭ يۇلتۇزى دەپ قارىدى ھەم ئۇنىڭغا پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بولىدىكەن. ئۇ شۇ ئادەمنىڭ كەلگۈسى ئىكەن. يورۇقلۇقىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىز بولۇشى شۇ ئادەمنىڭ كەلگۈسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ئۇ ئويلايتتى. گەرچە ئۇ تاللىغان يۇلتۇز ھەم كىچىك،

ئامانىساخان، تۇمارىس، رىزۋانگۈللەرنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى-
نى مۇجەسسەملىگەن.
چېچەن سىڭلىم، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ھارماي ئۆگەن-
گىن «ياشلىق چېغىڭ — ئالتۇن چېغىڭ» دەپ توغرا ئېيتقان.
ئەتراپىڭدىكى ئۆزگىرىش ياساۋاتقان جەمئىيەت ۋە قىزىقارلىق
تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىۋات-
قان كىچىككىنە يۈرىكىڭنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئارمانلارغا تول-
غانلىقىنى كۆڭلۈم سېزىپ تۇرۇۋاتىدۇ. تىرىشقىن سىڭلىم،
ئۆگەن، گۈزەل ئارزۇ - تىلەكلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا،
ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقىشقا، كەلگۈسىنىڭ
خوجايىنى بولۇشقا تىرىشقىن، ھارماي ئىزدەن.
سىڭلىم، ئۇشبۇ مىنۇتلاردا قەلبىمنىڭ ھاياجانغا تولغانلى-
قىنى سەنمۇ ھېس قىلىپ بولغانسەن. شۇنداق! مەن ھەقىقەتەن-
مۇ ھاياجانلىنىشقا ھەقلىقمەن. چۈنكى، شۇ تاپتا مەن مىللىتىمە-
نىڭ يۈكسەك ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملە-
گەن، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان، كەلگۈسىگە ئۈمىدۋار
قارايدىغان، ئىرادىلىك، جاسارەتلىك، ئەدەپ - ئەخلاق، ھايا-
لىق، ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر «ئۇيغۇر قىزى» نى كۆرۈۋات-
قاندەك بولۇۋاتىمەن...
ئۇماق سىڭلىم، ۋەتەن، خەلق ۋە مىللەت سەندىن زور
ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. كەلگۈسىدە ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە
يەت! مەن سەندىن پەخىرلىنەي، ئاتا - ئانام چېھرىدە شادلىق
كۈلكىسى جىلۋىلەنسۇن، خەلقىم ۋە مىللىتىم چەكسىز سۆيۈ-
نۈش ئىلكىدە سېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرسۇن!
سىڭلىم، كەلگۈسىڭ پارلاق، ئاشۇ ئەگرى - توقايلىققا
تولغان يولۇڭدا جاپا - مۇشەققەتلەر ساڭا خىرىس قىلماقتا.
بىراق، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە ئوت-
تەك قىززىق ئىشتىياق باغلىساڭ ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلە-

ئانا، سەن مېنىڭ ھاياتىم، بارلىقىم، تومۇرۇمدا جۇش ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان قېنىم ئىدىڭ. سەن بولغاچقىلا بۇ دۇنيادا ئۆزۈمنى ئەڭ بەختلىك. شۇنداقلا ئەڭ خۇشال - خۇرام ھېس قىلاتتىم. ئېھ، ئانا سەن پۈتۈن يەرنى يورۇتۇۋاتقان قۇياشتەك مېنىڭ ئۆمۈرلۈك يولۇمنى يورۇتقۇچى مەڭگۈ ئۆچمەس ماياك ئىدىڭ.

ھەممە نەرسە بار چېغىدا ئانچە قەدرى يوق. بىراق، يوقالغاندا باشنى يەرگە ئۇرۇپ زارلانغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەندە، مەن بەكلا كېچىككەنىدىم. سەنسىز بۇ كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى، سەنسىز ھالىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئانا مېنى كەچۈرگىن. سېنىڭ مەن ئۈچۈن ئاققۇزغان تەرلىرىڭنى، ھاياتىڭنىڭ بەدىلىگە مېنى ئارزۇلاپ باققانلىقىڭنى، چەكسىز ئىللىق مېھرىڭ بىلەن قارىغانلىقىڭنى، مەن يىغلىسام يىغلىغانلىقىڭنى، خۇشاللىقىمغا تەڭ جور بولغانلىقىڭنى، باشلىرىمنى كۆيۈمچانلىق بىلەن سىيىلىغانلىقىڭنى، مېنى دەپ يۈزلىرىڭگە قورۇقلار چۈشكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن. ئېھ، ئانا مېنى كەچۈرگىن. ساڭا، قاتتىق گەپلەرنى قىلىپ، كۆڭلۈڭنى رەنجىتكەنلىكىمنى، مەن ئۈچۈن قىلغانلىرىڭنى بىلمەي دىلىڭغا ئازار بېرىپ قويغانلىقىمنى، نەسىھەتىڭگە قۇلاق سالماي قىلغان بەڭۋاشلىقىمنى كەچۈرگىن… ئەمدى ئويلىسام ئۇ بەڭۋاشلىقلارنىڭ نېمە پايدىسى بار ئىكەن.

ئانا مەن سېنى سۆيىمەن. سېنىڭ مېھرىڭگە، ماڭا بولغان كۆيۈمچانلىقىڭغا تەشنامەن. ئانا مەن سېنى ئۇلۇغلايمەن. ھەر تىنىقىمدا سېنى ئەسلەپ ئۈنسىز توۋلايمەن. رەھمىسىز تەقدىرگە، ئىچ - ئىچىمدىن نالە قىلىمەن. تۇرمۇشنىڭ ئېغىر - يېنىكىگە چىدىماي، ئاققان ئازابلىق ياشلىرىمنىڭ تامچە - تامچىلىرىدىن سېنى ئەسلەپ، سېنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، مېنى قاتارغا قوشقانلىقىڭنى چۈشىنىپ يەتمەپتىكەنمەن. سېنىڭ

ھەم ئاجىز يورۇسىمۇ بىراق، ئۇ بىر نەرسىگە چوڭقۇر ئىشىنەت-
تى. ئۇ بولسىمۇ ئاشۇ يۇلتۇز ھامان بىر كۈنى ئەڭ يورۇق
يۇلتۇزغا ئايلىنالايدۇ.

ئۇ يەنىلا كەڭ كەتكەن كىچە ئاسمىنىغا، ئىپتىزلارغا، ئەت-
راپقا تويماي قارىماقتا. ئۇ كۈلدى. قاقاقلاپ كۈلدى. خۇددى
ھىچقاچان بۇنداق ئىچىلىپ كۈلۈپ باقمىغاندەك خۇشال كۈلدى.
ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەۋاتقانلىقىنى ياكى
كەلگۈسى ئۇلۇغۋار غايىلىرى، كەلگۈسى پارلاق ئەتىسى، مۇۋەپ-
پەقىيىتى ئۈچۈن كۈلۈۋاتقانلىقىنى پەرق قىلغىلى بول-
مايتتى ...

ئۇ ئاستا پىچىرلىدى: خەير يۇلتۇزۇم، سەن چوقۇم چول-
پان يۇلتۇز بولالايسەن!

2004 - يىلى 24 - مارت، ئۈرۈمچى

## ئانامنى سۆيىمەن

(نەسر)

روزى ئىبراھىم

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

«ئولتۇرۇپ ئويلىنىمەن، ھەر كۈنى زارلىنىمەن، ھەر
كۈنى ئولتۇرۇپ ئويلىنىپ كېتىمەن. تەڭرىنىڭ چاقچاقلىرىغا
زارلىنىمەن. تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىغا چىدىيالماي ئا-
زابلىنىمەن، ئۆتكەن ھەر كۈنى ئەسلەپ پۇشايمان قى-
لىمەن».

باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى قەدىرلە» دەيتتىڭ. مانا بۇلارنى ئەمدى ئادا قىلىۋاتىمەن. سەن بار چاغلاردا قىلغان بولسام سەن قانچىلىك رازى، خۇشال بولاتتىڭ. ھەر قېتىم ئۆي ئىچىنى تەپسىلىي كۆزەتكەندە ساڭا بولغان سېغىنىشىم تېخىمۇ كۈچىيەتتى. سەن ھەر كۈنى پولنى ئىككى قېتىم سۈرتەتتىڭ، شۇ سۈرتكىنىڭ بىلەن ئەينەكتەك قىلىۋېتەتتىڭ، مەن بەك كەپسىز بولغاچقا تازىلىققا دىققەت قىلماي ھەمىشە بۇزۇپ - چېچىپ يۈرەتتىم. ئەمدى سەن سۈرتكەن شۇ پولنى كۈندە ئىككى قېتىم زېرىكمەي ناھايىتى قىزىقىش ئىلكىدە سۈرتىمەن. سۈرتۈپ بولۇپ، ئەينەكتەك پارقىرىتىۋەتكەن جايلاردىن سېنىڭ مېھرىباندىلىققا تولغان چېھرىڭنى، يۈزۈڭدىكى قاپقارا مېڭىڭنى كۆرەتتىم ھەمدە سېيمايىڭنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن قورقۇپ يەنە سۈرتەتتىم. ئەمدىلىكتە بولسا مەن سېنىڭ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان بىر چىن ئىنسان ئىكەنلىكىڭنى، كۆڭلى - كۆكسىڭنىڭ دېڭىز - ئوكياندەك چەكسىز كەڭلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن سېنى چۈشەنمەپتىكەنمەن. مېنى كەچۈرگىن، مەن سېنى قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن سۆيىمەن.

«ئانىلارنىڭ مېھرى بىر دۇنيا،
ئىنسانىيەت تۈۋرۈكى ئۇلار.
ئانىلارنىڭ قەلبى بىر جەننەت،
ھاياتلىقنىڭ شۆھرىتى ئۇلار».

شۇنداق «ئانا» دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ كۆيۈمچان، ئەڭ ئاق كۆڭۈل چىن ئىنسان. ئىنسانىيەتنى يورۇتقۇچى ئەڭ نۇرلۇق چىراغ. چەكسىز ئىللىقلىقىڭدىن، ئۆچمەس مېھرىڭدىن يەر - جاھاننى يورۇتۇۋاتقان قۇياشمۇ خىجىلدۇر. مانا مۇشۇنداق بولغانلىقىڭ ئۈچۈن مەن سېنى سۆيىمەن. مەن سېنى

قەدرىڭگە يېتىپ نەپسىڭگە ھەمىنەپەس بولسام بوپتىكەن. ئۆتۈپ كەتكەن ئىش زادىلا قايتىلانماس، ئەمدىلىكتە «پۇشايمان ئالدىدىغان قاچا يوق».

سېنىڭ ئالدىڭدا ماڭا بەرگەن بىر تېمىم سۇتۇڭنىڭمۇ قەدرىنى ئادا قىلالمىغانلىقىمغا ئۆكۈنىمەن. سېنىڭ بىباھا قەدرىڭگە يەتمەپتىكەنمەن. مېنى كەچۈرگىن. مەن سېنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن.

يۇلتۇزلار چاقناۋاتقان تىمپتىنچ قاراڭغۇ كېچىدە «ئانا ...» دەپ پۈتۈن ئاۋازىم بىلەن توۋلىغىنىمدا، بىر قىسىم ئاۋازلار قايتىپ كېلىپ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى. ھايات شۇ ئاۋازغا ئوخشاش يەنە بىر قېتىم قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ــ ھە! ئانا، جېنىم ئانا ئۇ چاغدا سېنىڭ ئالدىڭدا ئادا قىلالمىغان بۇرۇچلىرىمنىڭ بەدىلىگە ئۆمۈر بويى ئايىغىڭدا تىزلىنىشقا رازى ئىدىم. سېنى رازى قىلىش ئۈچۈن ھەتتا يۇدۇپ مەككىگىمۇ يەتتە رەت ئاپىرىشقا مەن تەييار. بىراق، سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭنى، ئېسىل خىسلىتىڭنى، ئالىيجاناب روھىڭنى ھېس قىلغان چاغدا ئاللىبۇرۇن كېچىككەنىدىم.

مەن ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ئالدى بىلەن سەن دائىم قىلىدىغان ئىشلارنى، يەنى ئۇستەللەرنىڭ ئۈستىنى سۈرتىمەن، قازان ـ قومۇچلارنى يۇيىمەن. ئۈستەل ئۈستىنى سۈرتۈۋاتقان چېغىمدا، سېنىڭ سۈرتكۈچ ئۈستىدە ئويناۋاتقان ئىشچان قوللىرىڭ، تولا ئىشلەۋېرىپ بەللىرىڭنى تۈتقىنىڭچە تامغا يۆلەنگەن قىياپەتلىرىڭ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. بۇرۇن سەن يۇيىدىغان كىيىملىرىمنى ئۆز قولۇم بىلەن يۇغاندا، خۇددى سېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ: «بالام، ئالدى بىلەن مۇنداق قىلىسەن، ئاندىن ...» دېگەندەك بىلىنىپ پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن كىرىشىپ كېتىمەن.

بۇرۇن سەن: «تازىلىققا دىققەت قىل، تازىلىقنى ئاسرا،

مانا بۇ بىز ئەسىر ھالقىغان دەۋردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە.

ھەممىگە ئايان، ئىنساننىڭ قىسقىغىنا بۇ ھاياتلىق مۇساپىسى تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىدىن ئىبارەت ئۈچ كۈندىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. سانسىزلىغان تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىلەرنىڭ ئۈن - تىۋىشسىز بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈشى بىلەن تەڭ، ئىنساننىڭ چەكلىك ھاياتىمۇ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئاخىرلىشىدۇ. كۆز ئالدىمىزدا بۇ يورۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرگىنىمىزدە، بۇ قىسمەت خۇددى باشقىلارغىلا ئاتالغاندەك، بىز ئۈچۈن تېخى بالدۇردەك ھېس قىلىمىز. ئۆزىمىزنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ تۈگەيدىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرساقمۇ، ئەمما ئۇنى ھەقىقىي كۆڭلىمىزدە ئېتىراپ قىلماي، يەنە «ئەتە» بارغۇ، «ئەتىنىڭ ئەتىسى» بارغۇ دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللى تاپىمىز.

ھايات بىر قىيانلىق دەريا، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھاياتنىڭ چىن مەنىسى بىلەن ياشىغان ئىنسانلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك «پائالىيەت سورۇنى» . ئەنە شۇ قىيان باغرىدا، ئەنە شۇ «پائالىيەت سورۇنى» دا يۈكسەك شىجائەتلىك، قابىل سەركەردىلەر بۈگۈننى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن بويسۇندۇرىدۇ. ئەتىنى تەر تامچىلىرى بىلەن يارىتىدۇ. ئىرادىسىز، قورقۇنچاقلار تۈنۈگۈن ئۈچۈن ھەسرەت - نادامەت چېكىدۇ، ھۇرۇن - تەييارتاپلار ئەتىنى بىر ئىزىدا ئولتۇرۇپ كۈتىدۇ. ئەنە شۇنداق ئوخشىمىغان رەۋىشتە ھاياتلىق كالېندارىمىز بىردىن - بىردىن ۋاراقلىنىپ مەڭگۈلۈك يېپىلىدۇ.

بىزنىڭ سانسىزلىغان بۈگۈنلىرىمىز بولغان ھەم بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، ئۇلار بىزگە تۇيدۇرمايلا ئارقا - ئارقىدىن بىز ئۈچۈن يايغان بىر كۈنلۈك «ھايات پاياندازى» نى يىغىشتۇرۇپلا تۈنۈگۈنگە، ئۆمۈر رىسالىمىزنىڭ ئەسلىمە قۇرلىرىغا ئايلاندى.

ئۇلۇغلايمەن. ساڭا چىن قەلبىمدىن چەكسىز تەشەككۇر ئېيتىمەن.

جېنىم ئانا ماڭا ئىشەنگىن، قەرزىمنى ئالدىڭدا ئادا قىلالمىغان بولساممۇ، مەن چوقۇم قەددىمنى رۇسلاپ سېنىڭ مەندىن كۇتكەن، ماڭا باغلىغان ئۇمىد - ئارزۇلىرىڭنى ئادا قىلىشقا تىرىشىمەن. سېنىڭ مەن ئۇچۇن تارتقان جاپالىرىڭ بەدىلىگە بىر ئۆمۈر زېھنىمنى، يۇرىكىمنى ۋەتەنگە بېغىشلايمەن. ماڭا بەرگەن كۇچ - قۇۋۋىتىڭ بەدىلىگە ۋەتەنگە بىر كىشىلىك تۆھپەمنى قوشۇپ، بارلىقىمنى خەلققە بېغىشلاپ، سېنى مەڭگۇ ياد ئېتىمەن.

## ئەتىنىڭ ئىجادچىسى، تۇنۇگۇننىڭ گۆركارى — بۇگۇن

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

بۇۋىمەريەم مۇھەممەت

ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

ئۆتمۇش، بۇگۇن تەكرارلىنامدۇ؟ مەن تۇنۇگۇن بىلىپ - بىلمەي قىلغان خاتالىقلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇراالايمەنمۇ؟ تۇنۇگۇنكى باسقان خاتا قەدىمىم، قەلبىمدە قالدۇرغان جاراھەت ئىزلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتالايمەنمۇ؟ مەن تۇنۇگۇنگە قارىغاندا تېخىمۇ ياش، تېخىمۇ هاياتىي كۇچكە تولغان بولالايمەنمۇ؟ ئەگەر تۇنۇگۇن هاياتىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۇن بولسا مەن ئۇنى قانداق ئۆتكۇزدۇم؟ ناۋادا بۇگۇن هاياتىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۇن بولسىچۇ؟

رانلىقىمىزنىمۇ ئۇن - تىنىسىزلا يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەنە شۇ چاغلاردا بولسا بىز «ئۆتكەن ھېلىقى بىر كۈنلەردە ...»، «ھېلىقى بىر چاغلاردا ...» دەپ ئۆتمۈشنى ئەسلەش، «ئەتە قانداق بولار ...» دەپ ئەتىگە سېغىنىش ئىلكىدە بۇگۈننى ئۆتكۈزۈشىمىز مۇمكىن.

ئەنە شۇ خىيالىي ئەسلەش ۋە سېغىنىشلارنىڭ بىزگە بىرە-لەيدىغىنى نېمە؟! ئۇلارنىڭ بىزگە بېرىدىغىنى پەقەت سېغىنىش لەززىتى ياكى پۇشايماننىڭ ئاچچىق ھەسرىتىلا، خالاس.

تېخى «ئون گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان» بىز ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىزنىڭ يەنە ساناسىزلىغان بۇگۈنلىرىمىز، ئەتىلىرىمىز بار. ئەمما، ئىنساننىڭ چەكلىك ھاياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ بۇگۈنلەر چەكلىك بۇ-گۈن، ئۇ ئەتىلەرمۇ چەكلىك ئەتە ...

بۇگۈن — بىز ئۈچۈن پۇرسەت ...

بۇگۈن — ئۇ يەنە بىزگە قىلىنغان سوۋغا ...

## «يېقىملىق ناخشا»

(نەسر)

بۇمەريەم ئابلىمىت نەسىمى

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

ناخشا، ئۇ ھىجران ئۈچقۇنىنى يانغىنغا ئايلاندۇرغۇچى، مۇڭلانغان دىللارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرغۇچى، كۆڭۈللەرگە ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى مۇڭلۇق كۈي.

ئۇ شىپائىي زەمزەم. زارلانغان قەلبىڭگە دورا بولغۇچى.

ئەتە بولسا بىزگە بىر «سىرلىق تېپىشماق»، ئۇنىڭ بىزگە قانداق يېڭى - يېڭى جاۋابلارنى، يېڭى - يېڭى سوۋغىلارنى ئېلىپ كېلىشى بىزگە تېخى قاراڭغۇ.

بۈگۈن — بىز ئۈچۈن بىر يېڭى قەدەم. چۈنكى بىزنىڭ يورۇق ئالەمگە «ئېگە» لەپ كۆز ئېچىشىمىزمۇ، مۇرەككەپ، تىلسىملىق، «تۇرمۇش يولى» غا ئالغان تۇنجى قەدىمىمىزمۇ بۈگۈندىن باشلىنىدۇ. ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئىستەكلىرىمىزمۇ، گۈزەل ئەتىمىز ئۈچۈن ئىزدىنىش، كۈرەشلىرىمىزمۇ ... بۈگۈندىن باشلىنىدۇ.

سانسىزلىغان بۈگۈنلىرىمىز ئويۇن - تاماشا ياكى خاپىلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. «خۇشاللىق پەردىسى» بىزگە كۈلۈپ باققىنىدا بىز ئۇ «بۈگۈن» لىرىمىزدىن شادلىنىپ، ئۇنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدۇق. قايغۇ - ئەلەملەر كۆڭلىمىزگە سايە تاشلىغاندا، ئۇ «بۈگۈن» لىرىمىز شۇنچە تەستە، تەستە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئاسان ئۆتۈپ كەتسىمۇ، تەستە ئۆتۈپ كەتسىمۇ بەربىر ئۆتۈپ كەتتى. ئۆزىمىزنى بىر ئىشلارغا ئاجىز ھېسابلىغاندا، جەبىر - مۇشەققەت تاغلىرى ئۈستىمىزگە يىقىلغاندا بىز «ئەتە» گە تەلمۈردۇق. ئۇ ئەتە بىز كۈتكەن «ئىلاھىي قۇدرەت» نى بېرەلمىگەندە يەنە ئەتىگە، يەنە بىر ئەتىگە تەلمۈردۇق ...

بىزنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن تۈنۈگۈنلىرىمىزمۇ بۈگۈن بولغان، بۈگۈن تۈنۈگۈن بولغان كۈنى بىز تەلپۈنگەن، بىزگە «تېپىشماق» تۇيۇلغان «ئەتە» لەرمۇ بۈگۈن بولىدۇ. ئەنە شۇنداق تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىلەرنىڭ رىتىملىق ھالدا بىر - بىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ، بىر - بىرىنى توختىماي قوغلاپ ئۆتۈشى بىزنىڭ غەمسىز، شادىمان، سەبىي بالىلىقىمىزنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى. ئېھتىمال بۇ «رىتىملىق سۈرئەت» يەنە بىزنىڭ ساماۋى ھېسلارغا باي بۇ گۈزەل ياشلىق باھارىمىزنىمۇ، نەۋقىـ

تەييارلانغىن! » دېگەندەك ...

گۈگۈم تېلىقىشلىرى، تاڭ تورغىيىنىڭ ساداسىغا جور بولسۇن دەۋاتقاندەك ...

مۇقەددەس تۇپراقمۇ كۈلۈۋاتىدۇ، ھەربىر ناخشا ئۈنچىلىرى، ئىلىم - پەن باھارىدا پارلاپ تۇرغاندەك ...

يېقىملىق ناخشىلار ياڭرىماقتا. بۇ، ھايات قەسىدىسىنىڭ ياڭراق چۇقانىمىكىن ...

ۋە ياكى زېمىنىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىمىكىن ...

# ئاخىرقى ئۆتۈنۈش

## (نەسر)

### كۈسەنئاي

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

جالاھىدىن، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ئوقۇش بىلەن ئالدىراشمۇ سىز؟ تۇرمۇشىڭىز خاتىرجەم كېتىپ بارامدۇ؟ بىز كۆرۈشمىگىلى يەتتە يىل بوپتۇ. تۇرمۇشۇمدىكى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن پاجىئە تۇپەيلى سىز بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئامالسىز قالدىم. مانا بۈگۈنگىچە كۆرۈشەلمەي تۇرۇپتىمەن. مەندىن ئەھۋال سورىسىڭىز قەدىر ئەھۋال ياخشى تۇرۇۋاتىمەن.

ئوقۇش بىلەن ئالدىراشلا يۈرۈيمەن. جالاھىدىن، قايسى كەسىپ، قايسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىمنى بەك بىلگۈڭىز بارغۇ دەيمەن. مەن ھازىر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتىمەن. مانا، ھايت - ھۇيت دېگۈچە تۆت يىل ئۆتتى. ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن - ھە!

ئۇ شاراب. قەلبلەرنى مەست قىلىپ، خۇش ـ كەيپ قىلى-
غۇچى.

ناخشا — ئۇ پەرۋازدىكى قۇشتەك ئەركىنلىكى بىلەن، ئەل-
لەي كۈيىدەك سېھرىي مۇڭى بىلەن دىللارنى ئېرىتكۈچى.

مۇڭلۇق كۈي، مۇڭلۇك لىرىكا. كۆكتە، زېمىندا، بۇل-
بۇل ئاۋازىغا جور بولۇپ ياڭرىماقتا. گويا ئۇمۇ بۇلبۇلدەك،
مەشۇقىنى ئويغىتىۋاتقاندەك ... ئۇ ھىجران چۆلىدە تەنھا يۈرگۈ-
چىنىڭ ئازغۇن خىيالىمىدۇ؟ ! دىدارلىق پەيتىدىكى سېغىنىش-
نىڭ، يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدىغان يالقۇنلۇق ئەكچىشلىرىمە-
دۇ؟ !

ئەنە، سەبىيلەرمۇ مۇڭلۇق ناخشا ياڭرىتىۋاتىدۇ. قونچىقى-
نى كۈيلەۋاتىدۇ. يالغان بالىسىنى بەزلەۋاتىدۇ. ئويۇنچۇقلىرى-
نى ماختاۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ، مۇڭغا چۆمگەن، پاك، سەبىي روھ-
نىڭ مامۇق باغرىدا ھۇزۇر سۇرۇۋاتقاندەك ...

ئەنە، ئېتىز بويلاپ دېھقان ئاكام «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»
نى ئېيتىۋاتىدۇ. ياشلىقىدىكى تۇنجى ۋىسال ئۇچقۇنلىرى، يۈرى-
كىدە قايتىدىن بىخ سۈرگەندەك ...

بىر ئۇلۇغ ئانا، بالىسىنى پەپلەپ، ئەللەي ناخشىسىنى
ئېيتىۋاتىدۇ. خۇددى مېنىڭ ئانامدەك، ھەممىمىزنىڭ ئانىسى-
دەك ...

ئەزىم دەريالار، شاۋقۇنلۇق دېڭىزلار، قىرغاقلارنى باغقاش
ئېتىپ، «شىلدىر ـ شىلدىر سۇلار» ناخشىسىنى ئېيتىپ،
قىيالارنى سۆيۈۋاتىدۇ. زېمىن، ئەڭ پاك سۆيگۈنى ئۇلارغا ئاتا
قىلغاندەك ...

مەنمۇ ناخشا ئېيتتىم. قۇشلارغا جور بولۇپ، دەريا، كۆل-
لەرگە تەڭكەش بولۇپ.

ۋەھالەنكى، ھەممە، زېمىنغا مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ. تې-
ڭىرقاشنى پاچاقلاپ، «ئېلىم قەسىرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا

مۇدىرى سەل سۇرلۇك، قورقىمەن» دېگىنىڭىزدە، «توۋا دەڭە، قورقىمەن ئەمەس، ھۆرمەتلەيمەن دەڭ» دەيتتىم سىزگە ئۇماق بېقىپ. يازنىڭ تازا ئىسسىق چېغى، كەچ كىرىسىلا ئۆستەڭ بويىدا ۋەدىلەشكەن ئاشىقلاردەك بويۇن سوزۇپ سىزنى كۈتەت- تىم. چۈنكى سىز ئاشۇ يولدىن ئۆتەتتىڭىز. بىر كۈنى بىز پاراڭلىشىۋېرىپ كەچ كىرگەننى سەزمەي ئۆيگە قايتىپ، ئاپام- دىن تازا تىل ئاڭلىغانىدىم. لېكىن، ئاپام تىللىسىمۇ كۆڭلۈمدە شۇنچىلىك خۇشال ئىدىم. چۈنكى، شۇ كۈنى سىز ماڭا، مەن مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان مۇنداق بىر سۆزنى دېگەنىدىڭىز: بەرنا، دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ئۈچ نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ئېتىقاد، ھەقىقەت ۋە مۇھەببەتتىن ئىبارەت. بۇ سۆزلىرىڭىزنى ھازىرغى- چە ئۇنتۇغىنىم يوق. جالاھىدىن، ئۆتكەن چاغلارنى قايتا ئەسلى- گىنىمدە، ئاشۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكى- نى، بۇ مۇھەببەتنى ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىمنى ئويلىمىغانىكەن- مەن. ئاشۇ چاغلاردا ئايرىلىقىمىزدىكى ياش پەرقى تۈپەيلى، سىز مېنىڭ سۆيگۈمنى قوبۇل ئەتمىدىڭىز. ئۆزىڭىزنى ئەتەي ئېلىپ قاچتىڭىز، ئەمەلىيەتتە سىزمۇ مېنى سۆيەتتىڭىز، شۇنداق قى- لىپ پراكتىكا ۋاقتىڭىز توشۇپ، بىز ئايرىلدۇق. مەن شۇنىڭ- دىن كېيىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا بېرىپ سىزنى ئىزدەيمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدىم.

مانا ئالىي مەكتەپكىمۇ كەلدىم. تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. نەچچە ھەپتە ئالدىدا خەۋىرىڭىزنى ئاران بىلدىم. بۇمۇ تەقدىر، نەچچە يىلدىن بېرى بىر مەكتەپتە تۇرۇپمۇ ئۇچرىشىپ قالماپ- تۇق. ھازىر سىز ياپونىيىدە ئوقۇشتا ئىكەنسىز. جالاھىدىن، بىلىمەن تۇرمۇشلۇق بولدىڭىز، بەختلىك ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى سىز. مەن ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپمۇ قالغاندىمەن. يەتتە يىل ئاز ۋاقىتمۇ.

جالاھىدىن ئەمدى مەن بۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تارتقان

جالالىدىن، ئېسىڭىزدىمۇ، بىز ئۇچراشقان ئاشۇ چەت سەھرا،
بىز ئاشۇ يەردە تۇنجى كۆرۈشكەنىدۇق. شۇ ۋاقىتتا مەن سىز-
دىن، دوستلار شۇنچە يىراقتا ئايرىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە بىر -
بىرىنى ئويلىشىپ ئاۋۋالقىدەك ئۆتەلەمدۇ؟ دەپ سورىغانىدىم.
بۇ سوئال 17 ياش چېغىمدىكى بىراۋغا ۋە ئۆزۈمگە قويغان تۇنجى
سوئالىم ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، سىز گۈزەل باشلانغۇچ مەك-
تەپنىڭ پراكتىكىغا كەلگەن ئوقۇتقۇچىسى ئىدىڭىز. مەن كۈندە
سىزگە تاماق توشاتتىم. ئاشۇ يىلى ئىككى ئايلىق يازلىق تەتىل
بەك كۆڭۈللۈك ئۆتكەن. سىز خىيالچان ھالدا ماڭا ئۇزۇندىن
- ئۇزۇن مەنىلىك قاراپ، نېمىلەرنىدۇر سوراۋاتقاندەك تىكى-
لىپ قالاتتىڭىز. جالالىدىن، مومام تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن
خېلى ۋاقىتلار ئۆتتى. شۇ ئارىدا گۈزەل يېزىسىغا بېرىپ باقماپ-
تىمەن. سىز كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆيدە نۇرغۇن ئىشلار يۈز
بېرىپ كەتتى. ئاۋۋالقى كەپسىز، شوخ، ئەركە مەلىكىنىڭ
تۇرمۇشىدا چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ھايات ماڭا ئازابنىڭ
نېمىلىكىنى ھەقىقىي تونۇتتى. سىز بىلىسىز، دادام پېشقەدەم
مائارىپچى، ئۇ خىزمىتىنى جېنىنىڭ بارىچە ئىشلەپ يۇرتتا كۆز-
گە كۆرۈنگەن. ئاشۇ كۈنى ئېسىڭىزدىمۇ؟ بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇ-
رۇش بولغانىدى. مەن دادامنىڭ خىزمەتداشلىرى ھەم ئۈرۈمچى-
دىن كەلگەن مېھمانلار ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ سىزنى تارتقانى-
دىم. ئۇ 17 ياش ۋاقتىم ئىدى. سىز مېنى كىچىك، ھېچنېمى-
نى بىلمەيدىغان بالا ھېسابلاپ، مېنىڭ سۆزلىرىمگە ئېرەن قىل-
مايتتىڭىز. ئاپام سىزنى دائىم سوراپ تۇراتتى. «جالالىدىن
مۇئەللىم كېتىپتىمۇ؟» «دادام بىلىدىغاندۇ، مەن بىلمەيمەن»
دەيتتىم - دە، يۈرىكىم جىغ قىلاتتى. جالالىدىن، سىز «زەي-
نەپ ھەدەم بەك ئاق كۆڭۈل ئايال، ماڭىمۇ ئامراق تېخى،
دادىڭىز بولمىسا كۈندە كىرىپ تاماق يېسەم، سىزنى كۆرۈپ
تۇراتتىم. ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدەك بىلىنىدۇ. شۇ، لېكىن مەكتەپ

خوش پۇرىقى بىلەن مەھلىيالىقىنىڭ ھېكمىتىنى تونۇتقان، ئە-
تىرگۈلگە بۇلبۇلنى، مەشۇقىغا ئۆز مەھبۇبىسىنى ئاشىق قىلغان
مۇھەببەت ئىلاھى ساخاۋەتلىك ئەمەسكەن. مۇھەببەت شەپقىتى-
دىن سىرتتا قېلىش تىرىك ئۆلگەن بىلەن تەڭكەن ...
خەير، سىزگە بەخت تىلەپ بەرنادىن.

# كېچىكىپ ئاتقان قار

(نەسر)

## مۇنەۋۋەر مۇختەر

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

ئېسىمدە قېلىشچە، ئۆتكەن يىلى تۇنجى قاردا ئىشكىم
ئالدىدىن ئۆتكەندىڭ. مەن ساڭا چۆچۈپ قارىغان شۇ دەقىقە،
يەرگە ئېگىشتىڭ. زادى نېمە بولغانلىقىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمەي-
لا، قاياقتىندۇر كەلگەن بىر ئوماق قېيىداشىنىڭ تۇرتكىسىدە،
سەن ئاتقان قارنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ يۈگۈرۈپ كېتىپ قال-
دىم.
ئىككىنچى يىلى تۇنجى قار، قولۇمدا قار پومزەك، ساڭا
قار ئاتماقچى بولۇپ كېتىپ بارىمەن. توساتتىن ئالدىمدىن چە-
قىپ كەلدىڭ. بىراق، قوللىرىم ھاۋادا بىھۇدە لەيلەپ قالغانلى-
قىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، يۈرىكىڭنىڭ ئۇدۇلىدا باشقىلار
ئاتقان قارنىڭ ئىزى تۇراتتى...
سېلىنغان باش، قارلىق دالىدىكى يېگانە دەرەخ، ئەندىكىپ
قېچىش، ساڭا ئاتماقچى بولغان قارنى ئاۋايلاپقىنا يۈرىكىمگە
كۆمدۈم...

ئازابلىرىمنى، قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشاش سەرگۈزەشتىلىرىمنى بۇ ئاددىي خەت ئارقىلىق سىزگە ئېيتىپ بەرمەكچىمەن. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىم. دەل مۇشۇ چاغ مېنىڭ ئازابلىق تۇرمۇش يولۇمنىڭ باشلىنىشى، مېنىڭ ئېڭىمنىڭ ئويغانغان پەيتى بولۇپ قالدى. ئاپام ئۆزىنىڭ خىزمىتى ھەم تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرى بىلەن چارچاپ كېتىپ كۈندە كەچتە بالدۇر ئارام ئالاتتى. بىلىسىز، بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ كېتىدىغانلارمۇ كۆپ. دادامنىڭ ئۆيدە تۇرىدىغان ۋاقتى بەك ئاز، يىغىن، ئولتۇرۇش، ئۇ ئىش بۇ ئىش بىلەن ئالدىراشلا يۈرەتتى. كۆپىنچە ئاپام بىلەن ئىككىمىز ئۆيدە قالاتتۇق. دادام، ئاپام ۋە مەن ئۈچىمىز جەم بولساق ئۆينى چاڭ كەلتۈرۈۋېتەتتۇق. دادام دۇتتارنى چالسا ئاپام ناخشا ئېيتاتتى. مەن ئۇسسۇل ئوينايتتىم. باشقىلارنىڭ ئائىلىمىزگە مەسلىكى كېلەتتى. مەن ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن قانداق ياشاشنى، ھاياتتىكى ئەگرى ـ توقايلىقلارغا قانداق بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىنىۋالدىم. مەن سىزنىڭ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تاكى ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ باققىنىمنى، ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولغىنىمنى بىلمەيمەن.

مەن ئۆزۈمنى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى باياشات تۇرمۇشتىن بىراقلا ئايرىلىپ قالغان ئاشۇ بىر توپ پېرسوناژلاردەك ھېس قىلىمەن. ھازىر مەن كۈن بويى كۈندىلىك خاتىرە يېزىشلار بىلەن كۈننى ئۆتكۈزسەم كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ.

لېكىن بۇ ھاياتتىن ھازىرغىچە ماڭا نېسىپ بولغىنى مۇشۇنداق ئازاب ـ ئارمانلار بولۇۋاتىدۇ. بورانلار ھۇۋۇلايدۇ، چاچلىرىم ئۆز يۈزۈمنى توسۇپ ياشلىرىمنى سۈرتىدۇ.

بورانلار ھۇۋۇلايدۇ، مەن قاقاقلاپ كۈلىمەن. مېنىڭ قورقىدىغىنىم، گۈلشەننى رەڭمۇرەڭ چېچەك بىلەن زىننەتلىگەن،

مۇ؟ ياق، بۇلارغا ئوخشاتسام ساڭا بەك ئادالەتسىزلىك قىلغان بولمامدىمەن. ھە تاپتىم، تاپتىم كۆكتىكى چولپانغا ئوخشىتاي! ئاناردەك مەڭزلىرىڭنىچۇ؟ زۇمرەتكە ئوخشاش ئويـ ماق لەۋلىرىڭنىچۇ تېخى!

ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرچۇ؟ سۆزلىشىڭ شۇنچە شىـ رىن - شېكەر، لەززەتلىك، جانغا ھۇزۇر، دىلغا راھەت! 41 تال ئۆرۈلگەن قاپقارا ئۆرۈمە چاچلىرىڭ، چىمەن دوپپىلىرىڭ نېمانچىۋالا چىرايلىق! ئورغاق كەبى قاشلىرىڭنى، تال - تال كىرپىكلىرىڭنى كۆرگەن ئادەم ئەس - ھوشىنى يوقاتماي قالمايـ دۇ. بىلەمسەن، شۇڭا ھەممە كىشى ساڭا ھەسەت قىلىدۇ. جاھاندا سەندىنمۇ ئۈز ئادەم بولماس! سەن كۆكتاتنى ئېلىپ ئارقاڭغا ياندىڭ. مەن يەنىلا ساڭا ئەگىشىپ مېڭىۋاتىمەن. تۇـ يۇقسىز بىر بالا مەھەللىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتتى. سەن يۈگۈرەپ بېرىپ ئۇنى يۆلىدىڭ، كىيىم - كېچەكلىرىنى قاقتىڭ … مەن ساڭا شۇنداق دېدىم: «ئەي، گۈزەل ئۇيغۇر قىزى، سەن ھەقىقەتەن ئەخلاق، ۋاپا، مېھىر - شەپقەت تەختىدە كامالەت تاپقانسەن!»

سەن خېلى مېڭىپ بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىـ دىڭ ۋە ئۆيگە كىرىپ كەتتىڭ، دەرۋازاڭدىن مارىسام، گىلەم توقۇپ ئولتۇرۇپسەن، بۇنى قانداق تەرىپلەي، تىلىم ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ. بىر جۇپ قولۇڭ گۈل ئەمەسمۇ، گۈل! شۇڭا چېۋەرلىكتە ئاشۇنداق شۆھرەت قازاندىڭ! سەن ئىشىڭنى تۈگىـ تىپ، قولۇڭغا سۇپۇرگىنى ئېلىپ، ھويلا - ئارامنى سۇپۇرـ دۇڭ، مەن ئىچىمدە: «ھارمىدىڭمۇ؟ بىردەم ئارام ئالساڭ بولـ مامدۇ؟» دېدىم. بىراق سەن توختايدىغاندەك ئەمەس، ھەي، ئىشچان ئۇيغۇر قىزى، ئەلنىڭ كۆزى!

كەچ كىرىپ تۈن پەردىسى زېمىننى ياپقاندىلا ئېسىمنى تېپىپ ئۆيگە ماڭدىم. ئىشىككە قىستۇرۇلغان گېزىتنى ئېلىپ

«خەير» دېمەيلا باش بۇرىغىنىمدا، بۇنىڭدىن كېيىنـ
كى ئازابلىق چۈشلىرىمدە قارىسىمان سەھەرنى قايتا كۆرەلمەيدىـ
غانلىقىمغا ئىشەنگەنىدىم.

## مەن سېنىڭ سايەڭ

(نەسر)

### مېھرىگۇل روزى

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئىجتىمائىي پەن سىنىپىدىن، ستۇدېنت

ئەتىگەن ياغقان يامغۇر چۈشكە يېقىن توختىدى، يامغۇر توختىشى بىلەنلا كۆكتات ئالغىلى بازارغا ماڭدىم، ئەتراپ چۈمـ بىلىنى ئېلىنۋەتكەن پەرىزاتتەك گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى، توپاـ چاڭدىن ئازاد بولغان ياپراقلار يېشىل ياقۇتتەك يالتىرايتتى، نېمىدېگەن ساپ هاۋا ـ هە! مەن تەبىئەتنىڭ ئەلچىسى باهار يامغۇرى قالدۇرۇپ كەتكەن ساپ هاۋادىن كۆكسۈمنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىپ مېڭىۋاتماقتىمەن.

تۇيۇقسىز يان كوچىدىن بىر قىز چىقتى. ئۇنى كۆرۈپ پاھ، دەپ توۋلىۋەتكىلى تاس قالدىم ۋە ئىچىمدە ئۇ قىزغا: هەي، ساھىبجامال ئاسمانغا قارا، خۇددى سەن كىيىۋالغان ئەتـ لەس كۆڭلەكتەك ئاجايىپ چىرايلىق ھەسەن ـ ھۈسەن پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئاسمانغا نېمىدېگەن ھۆسن قوشقان ـ هە!

بۇ دۇنيادا ئاجايىپ ئىشلار بولىدىكەن. سەن كۆكتات دۇـ كىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدىڭ، مەنمۇ سېنىڭ ئارقاڭدىن كەلدىم، مەن ساڭا يەنە گەپ قىلىۋاتىمەن. كۆزلىرىڭنى نېمىگە ئوخشاتسام بولار؟ ئاي شولىسىغىمۇ؟ مەھەللىمىزدىكى بولاققىـ

قىيماسلىق ھەم خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن ھېسسىياتىم بىلەن ئۆز يېزامدىن ئايرىلىپ يېڭى بىر مەنزىلگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

مۇساپە ئاخىرلىشىپ ئاخىرقى مەنزىلگىمۇ يېتىپ كەلدىم. ئالدىمدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە. بۇ مەن ئىلگىرى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ مەنزىرە چەت يېزامنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن سەكرىۋەتتىم.

ئانا، مەن كەلدىم، مەن ئاخىر كەلدىم! بېسىپ بولالماس ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمنىڭ ھەيدىشىدە قانچە ۋاقىتلاردىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا كەلدىم.

مەن كەلدىم، سېنىڭ ئاشۇ قۇندۇزدەك قارا چاچلىرىڭنىڭ بىمەھەل ئاقىرىشىغا، غەملىرىمنى ئەسلەشلىرىڭگە سەۋەبكار بولۇپ، دەردلىرىمنى يەلكىلىرىڭگە تاشلاپ قويۇپ كەلدىم.

مەن كەلدىم، گۈزەل ۋە يۈكسەك ئارزۇ ـ غايىلەرنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كۆلۈپ كەلدىم.

مەن كەلدىم. ئەمما كەلدىمۇ، بۇ «غايىۋى» دۇنياغا قاراپ تېڭىرقاپ قالدىم.

ئۆزۈمدىن بىرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇ ـ غايىلەر ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇشقا، ئۆز ئەسلىمنى يوقىتىپ قويۇشقا باشلىدىم.

زېرىكىشلىك، نېمىدېگەن زېرىكىشلىكتۇر بۇ تۇرمۇش.

ئەتراپتىكى شەيئىلەرمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ئۆگىنىش مەيدانىدىن زېرىككىنىشكە ھەم ئۇنىڭدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىشقا باشلىدىم.

مەن قاقشىدىم. ساڭا توختىماي قاقشاپ بەردىم. سېنى بۇ يەردىكى «جاپا» لىرىمنى بىلسۇن دېدىم.

بۇ چاغدا سەن باھارنىڭ ئىللىق ئاپتىپىدەك مېھرىڭ بى-

ئۆيگە كىرادىم. مانا، گېزىتىنىڭ 1 ـ بېتىدە يەنىلا سېنىڭ سۈرىتىڭ، سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ! ئايدەك يۈزۈڭگە بىلىمنى خال ئەتتىڭ، بىلىم دېڭىزىدا ئۈزدۈڭ، بىلىمدىن چېكەڭگە گۈل قىستىڭ، ھەر ۋاقىت خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇلارنىڭ سۈيىدە ئاقتىڭ، غەلىبە شادلىقىغا چۆمدۈڭ، ئىلىم ـ ئېرپان گۈلزارىدا قىزىلگۈل بولۇپ جۇلالىدىڭ. ئەي گۈزەل ئۇيغۇر قىزى، سەن ھەقىقەتەن گۈزەل! ئەخلاق، ۋاپا، مېھىر ـ شەپقەت بابىدا كامال تاپتىڭ! پەن بىلەن پەردازلىنىپ ئاي جامالىڭنى ھەسسىلەپ نۇرلاندۇردۇڭ، چېۋەرلىكنى ئۆزۈڭگە سايە قىلدىڭ.

مەن گەرچە سەندىن ئايرىلىپ ئۆز ئۆيۈمدە تۇرساممۇ، مەن يەنىلا سېنىڭ ئىزىڭدىن مېڭىۋاتىمەن. بۇ مەن ئۈچۈن تۈگىمەس يول، بۇ يولدا مەڭگۈ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيمەن! ساڭا ئېيتسام ئۇيغۇر قىزى: مەن سېنىڭ سايەڭ!

# كەچۈر ئانا

(نەسر)

## ئاسىيە ئابلەت

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

تاڭ سۈزۈلۈپ كائىنات يورۇشقا باشلىدى. مەن گۈزەل ئىستەكلىرىمنىڭ تۈرتكىسىدە مېھرىبان ئانامنىڭ ئىللىق قويىنىدىن ئايرىلىپ پىنھان يېزامنىڭ چىغىر يولىنى بويلاپ كېتىۋاتىمەن. يول بويىدىكى شەبنەم قونغاندەك كۆرۈنگەن قىزىل يۇلغۇنلار ماڭا قايىللىق ئىستىكىدە تەزىم قىلىپ تۇراتتى. ھەممە تىپتىنچ، سۈكۈت ئىچىدە مېنى يولغا سالدى. مەن بىر خىل

مەڭگۈگە جۇدا بولۇپ ياشايدىغاندەك ئاچچىق قورۇلدى.

ئانا ... ئانا ...

## دادا

(نەسر)

### ئامانىنسا ئابدۇغېنى

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

«دادا» بۇ سۆز نېمىدېگەن ئۇلۇغ، نېمىدېگەن مۇقەددەس ھە!

ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى مۇشۇ سۆزنى دەپ كېلىۋاتىمەن. ئادەم بىرەر نەرسىدىن قورققىنىدا ئىختىيارسىزلا «ئاپا» دەپ ئاق سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن مېھرىبان ئانىسىنى چاقىرىدۇ. بىراق، مەن «دادا» دەپ توۋلاپ سالىمەن. چۈنكى دادام مەن ئۈچۈن ھەم دادا، ھەم ئانا. مەن «ئانا» دەپ كۆنمىگەن، «دادا» دېيىشكە، ئاتىلىق سۆيگۈگە يۈرىكىم كۆنۈپ كەتكەن. دادام مېنى تۆت ياش ۋاقتىمدىن باشلاپ بىر قوللۇق بېقىپ چوڭ قىلدى. ئاز بولمىغان جاپالار ئارقىسىدا مېنى، ئاكامنى ۋە ئۇكامنى قاتارغا قوشتى.

قەدىردان دادا، سىزنى مەدھىيىلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىسىمۇ، سىزنى يەنىلا مەدھىيىلەيمەن. مەڭگۇ سىزنى ئۇلۇغلايمەن. دۇنيادىكى بارلىق مېھرىبانلىق، جاسارەت سىزگىلا مۇجەسسەملەنگەن، سىز بىزنى ئانىنىڭ، دادىنىڭ مېھرىدىن ھۇزۇرلاندۇردىڭىز. بىزگە ئەزەلدىن ئانامنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمىدىڭىز. بىزگە بەخت، خۇشاللىق ئاتا قىلدىڭىز، روھىمىزنى سۇلدۇرمىدىڭىز، كەلگۈسىمىزنىڭ پارلاق بولۇشى ئۈ-

لەن، پەقەت جاپاكەش ئانىلاردىلا بولىدىغان، ئانىلارلا بالا ئۆچۈن تۆكىدىغان ئەجىرلىك بىلەن گۈلدەستىلەر تىزىپ، نۇرى ئۆچكەن بىر جۈپ خىرە كۆزلىرىڭدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ باھار سەلكىنىدەك يېقىملىق، يېنىك تىۋىشلىرىڭدا قېشىمغا كەلگىنىڭدە، مەن ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىم بىلەن ساڭا بىپەرۋا قاراپ قويۇپ، شېرىن چۈشلىرىمنىڭ تىلسىم داۋامىغا يەنە ئەگەشتىم، ئانا! ...

سەن ئازابلىق بىر ئۆھ تارتتىڭ - دە، قولۇڭدىكى گۈلدەستىنى، يەنى دەل ئۆز مېھرىڭ ھەم ئەجرىڭ بىلەن سۇغىرىپ ئۆستۈرگەن ئاشۇ غۇنچىلاردىن تىزغان ھېلىقى گۈلدەستىنى ئازاب ياشلىرىڭ بىلەن يۇيۇپ، ئۈمىدسىزلىك تۇمانلىرى ئىچىدە كېتىپ قالدىڭ.

مەن ئۇيقۇدىن سەگەكلىشىپ بايىلا ماڭا گۈلدەستە ئېلىپ كەلگەن ئاق چاچ، پەرىشتە سۈپەتلىك، چاك - چاك يېرىلغان ھەم قاداق دەستىدىن قوۋزاقلاشقان قوللىرىنى ياپراقتەك تىترىتىپ توختىتالمىغان نىمجان تەنىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئېتەكلىرىگە ئازاب ئىچىدە كۆز ياشلىرىمنى سۈرتەي دەپ ئىزلىدىم. بىراق ...

ئانا، مېھرىبان ئانا، كەچۈرەرسەنمۇ؟

چىغىر يولنى بويلاپ يۇلغۇنلۇق يېزامغا قەدەم تاشلىدىم. يول بويى ھېچكىم ئۇچرىمىدى. ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندە، ھەتتا ...

ئالدىمدا بىر يېگانە قەبرە. يۇلغۇن چېچەكلىرىدە ئوتقاشتەك قىزارغان قەبرە؛ مەڭگۈلۈك ئارمانلارغا ئەلەملىك يۈكۈنگەن قەبرە ...

كۆزلىرىمدە ھەسرەت مۇڭلىرى چايقىلىپ، تىنىقلىرىمدا ئەلەملىك قايغۇ قوزغالدى. قەلبىم ئۆرتىنىپ بېسىلمايدىغاندەك ئىدى. مەن قەبرىگە يىقىلدىم. بىراق، يۈرىكىم تەسەللىدىن

ئاقىرىپ، چۈشۈپ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. كېچىلىرى ھالىتىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۈنسىز ياش تۆكىمەن.

جېنىم دادا، سىز نېمىدېگەن جاپاكەش، بىر ئۆمۈر بالا دەپ كېتەرسىزمۇ؟

سىز تەسەللىگە قاراپ ئولتۇرمايسىز. دەردىڭىزنى ئىچىڭىزگە يۇتۇپ، ئەكسىچە بىزگە تەسەللى بېرىسىز، «بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، چىداڭلار، يىغلىماڭلار، تىرىشىپ ئوقۇڭلار ...» دەيسىز، ئەجەبا سىز غەمسىزمۇ؟ جاپايىڭىز يوقمۇ؟...

راست، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، سىزگىمۇ تىنچ، خاتىرجەم كۈنلەر نېسىپ بولار، خۇدايىم ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن. بالىلىق ئىنساپىمىزنى، ۋاپايىمىزنى كۆرۈپ ھاردۇقىڭىز چىققۇچە ئىگەم ئامانلىقىڭىزنى بەرسۇن. دائىم شۇنى تىلەيمەن. دادا، بالىلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىشنى ئويلايمەن. ھېلىقى تەتىل زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. سىز مېنى يولغا سېلىش ئۈچۈن ئۆكىڭىزدىن پۇل سورىغاندا تاغامنىڭ سىزگە ۋارقىراپ كەتكىنىنى ئويلىسام مېنى ھازىرمۇ يىغا تۇتىدۇ. ئۇلارچە بولسا مەن ئوقۇماسلىقىم كېرەك. بىراق، سىز مېنى ھەرگىزمۇ ئوقۇتمايدىغان ئىشنى قىلمايسىز. سىز بىز ئۈچۈن، كەلگۈسىمىز ئۈچۈن، باشقىلار ئالدىدا سارغىيىشقا، بىزنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىمىزنىڭ ياخشى بولۇشىغا ئۆزىڭىزنى بېغىشلاشقا رازى.

قەدىرلىك دادا، سىز نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار ئىنسان ـ ھە! سىز بولمىغان بولسىڭىز مېنىڭ بۈگۈنۈم، ئەتەم، ھەتتا كەلگۈسۈممۇ بولماس ئىدى. مەن سىزدىن پەخىرلىنىمەن، سىزنى مەڭگۈ ئۇلۇغلايمەن. تىرىشىپ ئۆگىنىپ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىڭىزنى ئاقلايمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا، سىزنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىڭىزگە تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرىمەن.

2004 ـ يىلى 17 ـ ماي

چۈن كۈچىڭىزنى، قان - تەر، زېھنىڭىزنى ئايىمىدىڭىز. بەزىراق، بىز سىز ئۈچۈن نېمە قىلىپ بەردۇق؟

ھېلىمۇ ئېسىمدە مېنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا خېلى قولۇم كېلىدىغان ۋاقىتلىرىم ئىدى. سىز بىر كۈنى تاماق قىلىۋاتقاندا قايناق سۇ بىلەن قولىڭىزنى كۆيدۈرۈۋالدىڭىز. مەن سىزگە «دادا مەن قىلاي، سىز ئارام ئېلىڭ» دېسەم، سىز ماڭا «رەھمەت بالام، ھېچقىسى يوق، بىرنەچچە كۈن ئۆتسە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ماڭا كۆڭۈل بۆلمەن دېسىڭىز پەقەت ياخشى ئوقۇپ، يارامىلىق ئادەم بولسىڭىزلا بولدى» دېدىڭىز، بۇ چاغدا مەن ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتىم. تۆت ياش ۋاقتىمدىن تارتىپ بىز ئۈچۈن تاماق ئېتىسىز، شۇنچە يىل ئۆتتى، سىز شۇ تاماق ئېتىش جەريانىدا قانچە قېتىم قوللىرىڭىزنى كۆيدۈرۈۋالغانسىز، كېسىۋالغانسىز، سىزنىڭ شۇ قوللىرىڭىزغا شۇنداق سۆيگۈم كېلىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتلىرىمدا ئەقىلسىزلىكىمدىن بولسا كېرەك، سىزدىن خەجلەشكە پۇل سورىسام «بالام، ئەتە بېرەي» دېسىڭىز، مەن سىزگە ئالىيىپ خۇددى قەستەن بەرمەيۋاتقاندەك يامانلاپ قالاتتىم. ھازىر ئويلىسام شۇ قىلغانلىرىمدىن تولىمۇ نومۇس قىلىمەن. ئۆزۈمنىڭ قىلغىنىغا «مىڭ تۈۋا» دېگۈم كېلىدۇ. بىراق، كېچىككەنلىكىمنى ئويلاپ ئاچچىق ئۆكۈنىمەن.

دادا، گەرچە سىز بىزگە، بىز ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلغانلىقىڭىزنى چاندۇرمايمەن دەپ، بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرماقچى بولسىڭىزمۇ، سىزنىڭ شۇ يېشىڭىزغا ماس كەلمىگەن مۇكچەيگەن قەددىڭىز، ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىڭىز ۋە يۈزىڭىزدىكى يول - يول قورۇقلار سىزنىڭ قانچىلىك جاپا تارتقانلىقىڭىزنى مانا مەن دەپلا بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

مەن ھەر قېتىم تەتىل قىلىپ ئۆيگە قايتقاندا سىزنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك جۇدەپ قالغانلىقىڭىزنى، چاچلىرىڭىزنىڭ

قورۇقلارنى قالدۇردى. ئەمما سەن يەنىلا شۇنچە خۇشال، شۇنچىلىك ئۇمىدۋار. ئىش قويىنىدا ئەقىلغا تولغان بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزۈڭ ماڭا خۇددى كېچىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى چۇۋۇپ قويىدىغان يورۇق يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنىدۇ. ئەمگەكتە پىشقان، توقاشتەك قىزارغان يۈزلىرىڭ يېزىمىزنىڭ قاراۋۇلى يولغۇن چېچىكىدەك كۆرۈنىدۇ.

ھەركىم ئۆز قىزىقىشىدىن خۇشاللىق، تەسەللى تاپىدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ ھالال ئەمگىكىڭ تەرىگە كەلگەن نازۇنېمەتلەردىن، مول ھوسۇل شادلىقىغا خۇشاللىق تاپىسەن. ۋەتەن باغرىغا تۆكۈلگەن ھالال تەرىڭدىن مەغرۇرلىنىسەن، باغلاردىكى شېخىنى كۆتۈرەلمەي مېۋە بەرگەن ھەر خىل مېۋە - چېۋىلەرنى كۆرۈپ روھلىنىسەن. بۇ مېۋىلەردىن قولۇم - قوشنىلار ئېغىز تېگىپ «مېۋىلىرىڭىز كارامەت ئوخشاپتۇ، ھاردۇقىڭىز چىققۇدەك» دېگەن بىر ئېغىز گېپىدىن بارلىق جاپالىرىڭنى ئۇنتۇپ قانائەت تاپىسەن. روھىڭ راھەتلەنگەندەك بولىدۇ.

دادا، سەن بىر ئاددىي ئىنسان، ئەمما قەدىرلىك ئادەم. سەن بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلدىڭ. خۇددى كۆچەتلىرىڭنى پەرۋىش قىلغاندەك پەرۋىش قىلدىڭ. ئادەم بولۇش يولىنى ئۆگەتتىڭ. ئەمگىكىڭ نەتىجىسىدە، بىز تۆت تال گۈل كەلگۈسىمىز ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز. ھەر قېتىم ئۆيگە قايتقاندا ئىللىق قويىنۇڭ ھامان ماڭا ئوچۇق، شۇ ئىللىق، مېھرىلىك باغرىڭدا، جەننەت ھۆزۈرىنى سۈرىمەن.

دادا، سەن پەقەت ئاددىي دادىلا ئەمەس، ۋاپادار ئەر، ئائىلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، مانا ئانام كېسەل بولۇپ قالغىنىغا بەش يىلدىن ئاشتى. شۇنىڭدىن بېرى داۋالىتىۋاتىمىز. لېكىن، سەن بىرەر قېتىممۇ ئانامنى كۆتۈشتىن ۋايساپ باقمىدىڭ، ئۆينىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى يەنىلا سەن قىلدىڭ. گەرچە سەن بىزگە ئەخلاق توغرۇلۇق، كەلگۈسى توغرۇلۇق كۆپ گەپ قىل-

# دادامغا مەدھىيە

(نەسر)

مىنەۋۋەر قارى
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

كائىنات يېشىللىق لىباسىنى كىيىپ، باھار قەدەملىرى-دىن، باھارنىڭ يېقىملىق تىنىقلىرىدىن بېشارەت بەردى. تەبى-ئەت ئويغىنىپ، ئەتراپ گىلەمدەك ياساندى. جان - جانىۋارلار ھاياتلىق مارشى ياڭراتتى. ئاق باش چوقىلار خۇشاللىق ياشلى-رىنى ئاققۇزۇپ، ئانا يۇرت باغرىغا ئەگىز بولۇپ سىڭدى. كەڭرى كەتكەن سالا - سالا ئېتىزلار، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بۇغداي مايسىلىرى جاپاكەش دېھقانلارنى، ئاشۇلار قاتارىدىكى مېھرىبان دادامنى يەنە ئەمگەك قوينىغا چاقىردى.

مېنىڭ دادام بىز ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جاپالىق مېھنەت ئىزلى-رىنى يەنە باشلىدى. بىر يىللىق ئەمگەك قاينىمىنىڭ توسمىسى-نى يەنە ئېچىۋەتتى. ئۇ باھار بىلەن تەڭ ئويغىنىپ، نورۇز شادلىقىغا چۆمۈلۈپ، ئېتىزلارنى مېھنەت ئۇل بولۇپ تولىدىغان ئاشۇ سەھنىنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئاپى-رىن دادا، ئەمگەك ئەرنى ياشارتىدۇ. ئەر يەرنى دەپ، سىلەر شۇنداق تەقدىرداش، شۇنداق سىرداش.

دادا، ئۇزۇن يىللىق ئەمگەك نەتىجىسىدە كەتمىنىڭ ئۇپراپ كىرەكتىن چىقتى. لېكىن، سەن يەنىلا شۇ قەدەر ئىشچان، قاۋۇل، ھالال ئەمگىكىڭدىن ئاققان تەرلەر چېھرىڭدە يول - يول

ئاشۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر، ئۇنتۇلغۇسىز دەقىقىلەر كۆز ئالدىمدا بىر - بىرلەپ نامايان بولۇشقا باشلىدى.

مەن يالغۇز قىز بولغىنىم ئۈچۈن، ئاتا - ئانامنىڭ ئارزۇلۇقى ئىدىم. ئائىلىمىزدە دېگىنىم دېگەن، قىلغىنىم قىلغاندى. ئانام جاپاكەش، تىنىم تاپمايدىغان ئايال ئىدى. ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، تۈگىمەس ئائىلە ئىشلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتەتتى. مەن بولسام ئايىغى چىقماس ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشى، ئورۇنسىز دوست يوقلاش، بازار ئارىلاش ... ئىشقىلىپ، ئۆيدە ئولتۇرمايدىغانلا ئىش بولسىلا ھەممىگە چاپاتتىم. بۇ خىل «زىياپەت» لەردىن ھېرىپ - چارچاپ قايتقاندا بولسا، پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن كۆيۈم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئانام قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلەتتى - دە، قارىداپ تارشىدەك بولۇپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن باش - كۆزلىرىمنى سىيلاپ، تۇرمۇشنىڭ مالامىتى ۋاقىتسىز باھاردىن ئايرىغان قورۇلۇپ، ئازراق سەپكۈن باسقان لەۋلىرى بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپ: «بالام، چارچىدىڭمۇ؟ سەل دەم ئېلىپ تۇرغىن، ھازىرلا تاماق تەييار قىلىمەن» دەپ پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن ئانامنىڭ كۆيۈپ - پىشىپ سۆزلەشلىرىنى «قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۈپۈرگە» قىلىپ چېپىپ يۈرگەن ھالىتىگە ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قوياتتىم - دە، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ «زىياپەت» تىكى ئاجايىپ - غارايىپ كۆرۈنۈشلەر، كىشىنى مەست قىلىدىغان لىرىك مۇزىكا، بىرسى - بىرسىدىن چانىمغۇدەك دەرىجىدە توزدەك ياسانغان دوستلىرىم، ياشلار ئارىسىدا مودا بولۇۋاتقان تولغىما ئۇسسۇل ... قاتارلىقلار ئۈستىدە خىيال قىلىپ، مەغرۇر كۈلۈمسىرەيتتىم.

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئانام بىر مۇدھىش كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئاشۇ كۈنى مەن ئادىمىيلىك دونياسىغا

مىغان بولساڭمۇ، مانا مۇشۇ ھەرىكەتلىرىڭ ئارقىلىق بىزگە ئەمگەكنى سۆيۈش، ئىشچان، مېھرىبان بولۇشتەك ئەخلاق تەر-بىيىسى بەردىڭ.

# كېچىكىپ ئويغانغان چۈش

(نەسر)

گۈلخان تۇردى

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

ئۆزۈم يالغۇز بازار ئارىلاپ ماڭماقتىمەن، بازارنىڭ شاۋ-قۇن - سۈرەنلىرى، سۆزمەن ئاشپەز، ناۋايلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراشلىرى، نەلەرگىدۇر ئالدىراپ، ئۆز ئارا سوقۇ-لۇپ ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ... ھەممە، ھەممىسى دىققى-تىمنى تارتالمىدى. چۈنكى مېنىڭ خىياللىرىم، ئىستەكلىرىم، ئۈمىدلىرىممۇ ئۆزۈمدەكلا تەنھا ئىدى. ۋۇجۇدۇمدىكى يالغۇز-لۇقتا ھېچ نەرسە يېپىنچا بولالمايتتى. ئۈمىدسىز كۆزلىرىم بىلەن نېمىلەرگىدۇر تەلمۈرىمەن. مەن تەشنا بولغان، كۈتكەن نەرسەم كۆز ئالدىمدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك، مېنى ئالەمچە خۇشاللىق، شادلىققا ئىگە قىلىدىغاندەك تۇت ئەتراپىمغا قارايمەن. بىراق ... ئاستا يولۇمنى داۋاملاشتۇرىمەن. جانسىز تېنىمنى، ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ، ئالغا سىل-جىيمەن.

بۈگۈن ئانىلار بايرىمى كۈنى ئىدى. كوچىلاردا دەستە - دەستە گۈللەرنى كۆتۈرۈۋالغان، چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەن-گەن، ئالدىراش يۈرۈۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ نەپسىم بوغۇلدى.

قىلدى، ئانامنىڭ نەپەس ئېلىشى تېزلىشىپ، بارغانسېرى بوغۇ-
لۇپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئانامنىڭ ماڭا تىكىلگەن ئىلتىجالىق
كۆزلىرىگە قاراپ، مېنى قۇچاقلاشقا ئىنتىلگەن باغرىغا ئۆزۈمنى
تاشلاپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم. مېنىڭ مېھرىباذ-
لىق بىلەن ئىسسىق قويىنىغا كىرىشىمگە، ئەركىلىپ تۇرۇپ
سۆيۈشلىرىمگە تەشنا بولغان ئانامنىڭ تىلىكى ئەڭ ئاخىرقى
نەپەسدە ئىجاۋەت بولدى. ئۇ مۇشۇ دەقىقىلەرنى كۆرۈشكە قانچى-
لىك ئىنتىزار بولغاندۇ - ھە! شۇنداق قىلىپ، ئۇ كۆيۈمسىز
دۇنيا، ۋاپاسىز قىزى بىلەن ئۆمۈرلۈك ۋىدالاشتى.

# ئائىلە

(نەسر)

ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل

**فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت**

دوستۇم، سىز ئائىلىنى بىلىسىز، ئەمما، ئائىلىنى يەنىلا
شۇ ئاددىي مەنىدىلا چۈشىنەمسىز؟ سىزنىڭچە ئائىلە قانداق ئۇ-
قۇم؟ سىز ئائىلىنى نوقۇل ھالدىكى تۇغقانلار مۇناسىۋىتىگە
يۆلەنگەن، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر تۈركۈمى دەپلا
قارامسىز؟

دوستۇم، مەن ئەقلىمنى بىلسەم مېھرىبان ئاتا - ئانام ۋە
ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ئەتراپىمدا مېنى ئەركىلىتىپ يۇرەتتىكەن-
تۇق. ئۇلار مەندىن سەبىيلەرگە خاس خۇشاللىق ئىزلىسە، مەن
ئۇلاردىن كۆڭۈل خۇش قىلىدىغان ئويۇنچۇقلارنى ئىزلەيتتىم.
ئەمما، ھازىر ئاشۇ سەبىي چاغلىرىمنى ئويلىسام، ئائىلە دېگەن

قايتىپ كەلگەن، بۇ دۇنياغا قايتا تۆرەلگەندەك بولدۇم. ئۆزۈمگە ئۆمۈرلۈك پۇشايمان، ھەسرەت ـ نادامەتنى مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلغان كۈننىڭ مۇقەددىمىسى ئانامنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىق خەۋىرىنى، مەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك بىر زىياپەتتىن قايتقاندا قوشنىلاردىن ئۇقتۇم. ئۇلارنىڭ ماڭا قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشلىرىنى، ئېچىنىشلىق تۇس ئالغان چىرايلىرىنى، ياشلىق كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇنۇشلىرىغا قاراپ، ۋۇجۇدۇمنى يېنىك تىترەك باستى. دوختۇرخانىغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. ئەندىشىلىك كۆزلىرىمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىتى. يۈرىكىم قانداقتۇر بىر شۇملۇقتىن ئەنسىز سوقاتتى. ئانام ياتقان بۆلۈمنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، كېسەل كارىۋىتى يېنىدا ئولتۇرۇپ، مېنى كىرىشكە ئىشارەت قىلغان دادامنى كۆرمىگەن بولسام كارىۋاتتىكى ئايالنىڭ ئانام ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن بولاتتىم. كىشىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالىدىغان كېسەل، كېسەلنىڭ كىشى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى ئاغرىق ئازابى، ھەددىدىن زىيادە چارچاش، كۈتۈشكە ئەھمىيەت بېرەلمەسلىك سەۋەبىدىن قورايدەك ئورۇقلاپ، چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەن ئانام ھەدەپ ئىسمىمنى چاقىراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر جانسىز، زەئىپ ئىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۈنسىز ياش تۆكەتتىم. ئانام تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دادام ئىككىمىزنىڭ قولىنى دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم پەسىيىپ تۇرغان كۆكرەك قەپىسى ئۈستىگە قويدى ـ دە، ئۈمىد، ئىلتىجالىق كۆزلىرى بىلەن ئاۋۋال ماڭا، ئاندىن دادامغا قارىدى، ئانامنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن دادام بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغان نەپىسىنى تەستە يۇتتى ـ دە، ياشلىق كۆزلىرىنى ئانامغا تىككەن ھالدا ئۈنسىز باش لىڭشىتتى. ئانام شۇنىڭدىلا خاتىرجەم بولغاندەك، كۆزلىرىدە كىچىككىنە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پارلىدى. ئاندىن ماڭا قاراپ «مېنى سۆيۈپ قوي» دېگەندەك ئىشارەت

مۇستەھكەم ئۇل تېشىنى قۇرۇپ چىققان ئەمەسمۇ! سىز مانا مۇشۇ نەچچە ئون بېسىلماس ئىستەك ئىگىلىرى توپلاشقان ئىللىق ئائىلىدە نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپقان، خۇشاللىقتىن دوستلىرىڭىز بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولغان، خۇددى ماڭا ئوخشاش!

ئەنە، ئەتراپىڭىزدا سىزگە كۆز تىكىپ تۇرغان مېھرىبان ئۇستاز. ئۇ ھەرقاچان سىز بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە! تەرلەپ - پىشىپ بىلىم بەرمەكتە.

مەنمۇ ئاشۇ كۆيۈمچان ئۇستازنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغان يۇمران كۆچەتلىرىنىڭ بىرى. ئەمدىلىكتە مەن مېۋە بېرىپ ئۇستازىم مەندىن كۈتكەن ئالىي مەكتەپ نىشانىغا يەتتىم. مەن بۇ ئىللىق ماكاندا ئىللىق نەپەس ئالماقتىمەن! مەن بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئۆز ئائىلەمنىڭ خۇشاللىقى ۋە مۇھەببىتىنى ھېس قىلماقتىمەن! ئەتراپىمدا مېھرىبان، كۆيۈمچان ئۇستازلىرىم مېنىڭ ۋە ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن كۆچەتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن پەرۋانىدەك كېچىنى - كېچىگە ئۇلاپ كەلگۈسىمىز ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشماقتا.

يېزامدا ھاردىم - تالدىم دېمەي ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان ئاتا-ئانام بىلەن سائەت - سائەتلەپ كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆز غۇنچىلىرى ئۈچۈن ئۇسسۇزلۇق يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان مېھرىبان ئۇستازلىرىمنى، قىيىنچىلىقتا يولۇقۇپ قالغىنىمدا قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرمايدىغان كۆيۈمچان، پىداكار دوستلىرىم بىلەن ئاكا - ئاچا، ئىنى - سىڭىللىرىمنى، ئاشۇ گۈزەل سەھرادا ھاياتلىق مۇساپىسى ئۈچۈن مورىسىدىن ئاچچىق ئىس چىقىرىپ تۇرغان ئىللىق ئائىلەم بىلەن ئىلىم - پەن ساھەسىدە نەچچە مىڭلىغان ئالىي مەكتەپلەر بىلەن رىقابەتكە چۈشكەن، ماڭا ئادەم بولۇشنى، كەلگۈسى جەمئىيەتتىكى ئورنۇمنى تېپىشقا داغدام

بۇ ئۇقۇم توغرىسىدا تولىمۇ ساددا، تولىمۇ گۆدەكلەرچە ئويدا بولغانلىقىمدىن قىزىرىمەن. مەن چوڭ بولدۇم، ئاستا - ئاستا «ئائىلە» دەيدىغان چۈشەنچىنىڭ ئۆزۈم بىلەن تەڭلا كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئەنە، مېنىڭ گۆدەكلىك چاغلىرىم، ئويۇن - تاقلاشلار ئىچىدە غۇبارسىز ئۆتكۈزگەن چاغلىرىم تۈگەپ، مەكتەپ يېشىغىمۇ يەتتىم. مەكتەپ سېخىي قوينىنى ئېچىپ، ماڭا ئىللىق كۈلۈپ قارىدى. مەن ئاشۇ گۈزەل، ئىللىق دۇنيادا مېھرىبان ئۇستاز، سەبىي دوستلىرىم بىلەن تۇنجى قەدەمدە ئۇچراشتىم. مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ ئاشۇ گۈزەل باغدىكى كۆيۈمچان ئۇستازلىرىم ۋە شوخ، تېتىك ساۋاقداشلىرىمدىن قانداقتۇر ئۆزۈم بىلىپ بولالمايدىغان بىر خىل تەشنالىق ئىچىدە ئاتا - ئانامنىڭ «تېخى ئەتىگەن بالام، ئالدىرىماي چېيىڭنى ئىچىپ ماڭساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن» دەپ تۇتۇشلىرىغا قارىماي مەكتەپكە چېپىشلىرىمنى، دەرس ۋاقتىدىكى ئوقۇتقۇچۇم ئېيتىپ بەرگەن قىزىقارلىق ھېكايە، چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كېتىشلىرىمنى، دەرستىن چۈشۈپلا قىزىپ كېتىدىغان قىزىقارلىق ئويۇنلارنى، بولۇپمۇ تېپىشماق ئويۇنلىرىنى ئويلىسام كۈلگۈم كېلىدۇ. دوستۇم، بەلكىم سىزمۇ بۇ كۆرۈنۈشلەرنى قەلب خاتىرىڭىزدىن ۋاراقلاپ، شېرىن خىيالغا چۆمۈپ گۆدەكلىك، ئوماق مەزگىللىرىڭىزگە قايتقۇڭىز كېلىدىغاندۇ!

قېنى ئەمدى سىز مەن بىلەن بىرگە ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىڭىزنىڭ گۈزەل بەتلىرىنى ئاختۇرۇپ بېقىڭ، بەلكىم سىز بۇ ئائىلىدە تېخىمۇ ئىللىقلىقنى ۋە گۈزەللىكنى ھېس قىلىپ يېتىدىغانسىز. ئەنە سىز بىلەن تەڭتۇش بولغان ساۋاقداشلىرىڭىز، دوستلىرىڭىز، ياتاقداشلىرىڭىز، پىكىرداشلىرىڭىز سىز بىلەن ھەرقاچان بىرگە. سىز مانا مۇشۇ كىچىككىنە ئۆي ئىچىدە دوستلىرىڭىز بىلەن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قەلب قەسىرىڭىزنىڭ

# ئۇستاز خالىق نىيازنى ئەسلەيمىز

## (ئەدەبىي خاتىرە)

نىجات سوپى، ئالىمجان يۇسۇپ
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتلىرى

2004 ـ يىلى 18 ـ يانۋار، بىز ئۈچۈن گويا ئاسماندا بىردىنلا چاقماقلار چېقىپ، ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلىگەندەك شۇم كۈن بولدى. بۇ كۈنى بىزنىڭ مېھرىبان باغۋەنىمىز، سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز، تىرىشچان تىلشۇناس، داڭلىق مائارىپچى خالىق نىياز ئاقسۇ شەھىرىگە بېرىپ ئانىسىنى يوقلاش ئۈچۈن ئاپتو-بۇسقا چىقىپ، ئاپتوبۇس قوزغىلىش ئالدىدا، تۇيۇقسىز قوزغال-غان يوشۇرۇن خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلى بىلەن 58 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇ ھازىرلا ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئۇزۇت-بىمەھەل قايتقان ئاسپې-ھەل ۋاپات بولدى. ئۇ ھازىرلا ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئۇزۇ-تىپ، خالىق ئاكىمىزنىڭ «سوغۇقتا تۇرماي بالدۇرراق قايتىڭلار» دېگەن زورى بىلەن ئەمدىلا ئۆيگە كېلىپ تۇرغان ئايالى مۇھەببەت قاسىم مۇئەللىم، ئەمدىلا ياتاققا قايتقان ئاسپې-رانتى ئالىمجانلار بۇ تۇيۇقسىز كەلگەن ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېتىپ قېلىشتى. يالغۇز ئۇلارلا ئەمەس، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلىكى كىشى — ئۇنىڭ مىل-لىي، خەنزۇ خىزمەتداشلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ھەممىسى تې-ڭىرقىدى. پۈتۈن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسى تېڭىرقاپ قالدى. ئاھ، نېمىدېگەن دەھشەت! ھېلىلا ساق ـ سالامەت، خۇشخۇي پېتى قالغان ئادەم راستىنلا بىردەمدىلا بۇ دۇنيا بىلەن

يول ئېچىپ بېرىۋاتقان ئىككىنچى چوڭ ئائىلەم ئانا مەكتىپىم، گۈزەل ئۇنىۋېرسىتېتىمنى سېغىنىشتۇرغۇم كېلىدۇ.

مانا بۇ ئىللىق ماكان بىزنىڭ ئائىلىمىز بىلەن ئوخشاش، ئۇ بىزگە ئۆچمەس خاتىرە، تۈگىمەس تەسىرات ئۇنتۇلغۇسىز دەقىقىلەرنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ بىزگە يېڭىلمەس كۈچ، قەيسەر ئىرادە، مۇكەممەل قاراش ئاتا قىلالايدۇ. شۇڭا مەن بۇ ئىللىق ئائىلەمدىن پەخىرلىنىمەن، سۆيۈنىمەن.

لەر ئىنستىتۇتىنىڭ تەييارلىق بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىنغان. 1965 ـ يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچى ناھىيىسى شۇيشىگو يېزىسىدىكى خەنزۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىگە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنىپ، 1981 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەمدە مۇشۇ ساھە بويىچە شىنجاڭدىكى تۇنجى ئەۋلاد ئاز سانلىق مىللەت ماگىستىرلىرىدىن بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن تارتىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

1991 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 ـ يىلى دوتسېنتلىق، 2001 ـ يىلى پروفېسسورلۇق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

خالىق نىياز ئاكىنىڭ كېيىنكى 20 يىل جەريانىدا ئىشلىگەن ئىلمىي ئەمگەكلىرى ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي تىلشۇناسلىق، جەمئىيەت تىلشۇناسلىقى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تىلىنى ئىككىنچى تىل سۈپىتىدە ئوقۇتۇش قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى ئاپتورلۇقىدىكى «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى» ، «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش» ، «ھەپتىدە بىر جۈملە سۆز» ، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن كونسۇلتاتسىيە» ، «ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس» ، «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان ھەمدە كۆپىنچىسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى قىلىپ تاللانغاندى. بۇنىڭدىن سىرت ئۇ ئۆزى يالغۇز ياكى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىل-

خوشلىشىپ كەتكەنمىدۇ؟! بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. مەرھۇمنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسىدىكى ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى كەچ بولۇشىغا قارىماي بىردەمدىلا يىراق - يېقىندىن كەلگەن ئۇنىڭ خىـزمـەتداشلىرى، ئـۇرۇق - تـۇغقـانلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى قاپلاپ كەتتى. ھەممەيلەن يىغا - زارە قىلىشاتتى. ئاھ ئۇرۇشاتتى، مۇھەببەت مۇئەللىمىنىڭ «ئەمدى مەن سىزسىز قانداق ياشايمەن، ئەمدى سىزسىز بۇ تۇرمۇشنىڭ نېمە قىممىتى قالدى...» دەپ زار - زار يىغلاشلىرى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ھەممىدىن بەك ئېزەتتى. گەرچە بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمى بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ياشىيالماسلىقى مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئەنە شۇنداق ئەڭ يېقىن كىشىڭىزدىن ئايرىلغان ئەڭ ئېغىر پەيتلەردە سىزمۇ ھاياتتىن بىردىنلا ۋاز كېچىپ كېتىسىز، ئۇنىڭ بىلەن بىللىلا كەتكۈڭىز كېلىدۇ، ئۇنىڭسىز ياشاشنى ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. ئادەتتە ئۆزىنى بېسىۋالالايدىغان، دائىم خۇشال يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن مۇھەببەت خانىم ئەنە شۇنداق تۇيۇقسىز كەلگەن ئېغىر جۇدالىق ئالدىدا ھەقىقەتەن ئۆزىنى تۇتالمىدى، توختىماي تولا يىغلاپ ئاخىر ھوشىدىن كەتتى...

ئۇلار نېمىدېگەن ئىناق، بىر - بىرىگە نېمىدېگەن كۆيۈمچان، نېمىدېگەن ئامراق، مۇھەببەتلىك ئەر - ئاياللار ئىدى - ھە؟! يالغۇز تۇرمۇشتىلا، بالىلارنى تەربىيىلەشتىلا ئەمەس، بەلكى ئوقۇتۇش خىزمىتى، ئىلمىي تەتقىقاتلار داۋامىدىمۇ دائىم بىللە ئىشلەيدىغان، بىر - بىرىگە يۆلەك بولىدىغان بۇ بىر جۈپ گەۋدە ئەمدى راستتىنلا بۇرۇنقىدەك بىرگە بولالماسمۇ؟! تەقدىر نېمىدېگەن رەھىمسىز - ھە؟!...

خالىق نىياز ئاكا 1946 - يىلى 9 - ئايدا ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قاراتال يېزىسىدا تۇغۇلغانىدى. 1963 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مەركىزىي مىللەت-

لىۇق ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى باھالاش ھەيئىتى مۇتەخەس-
سىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

خالىق ئاكا خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان ئوقۇتقۇچى، كەسىپ-
چانلىقى كۈچلۈك ئىلمىي خادىم، يۇقىرى بىلىم قاتلىمىغا ئىگە
يېتىشكەن زىيالىي بولسا، تۇرمۇشتا كىشىلىك ئەخلاق - پەزىلە-
تى يۇقىرى ۋاپادار پەرزەنت، مەسئۇلىياتچان ئەر، كۆيۈمچان
ئاتا ئىدى. ئۇ ئانىسىغا، ئۇكىلىرىغا كۆيۈنەتتى، ئىقتىسادىي
جەھەتتىن دائىم ئۇلارغا ياردەم بېرىپ پەرزەنتلىك، ئاكىلىق
بۇرچىنى ئادا قىلاتتى. ئۇ مۇھەببەت ئاپپاي بىلەن بىرگە ئىككى
بالىسىنى ئوبدان تەربىيىلەپ، ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇپ يارام-
لىق قىلىپ قاتارغا قوشتى. ئۇ يولنى يىراق دېمەي ھەر يىلى
دېگۇدەك، ھەتتا بەزى يىللىرى ئىككى، ئۈچ قېتىم، بەزىدە
ئائىلى بىلەن، بەزىدە ئۆزى يالغۇز ھالدا ئاقسۇدىكى ئانىسىنى
كۆرگىلى باراتتى. تېخى ئۆتكەن يىلى يازدىلا ئائىلى بىلەن بېرىپ
ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم يەنە سوغۇققا
قارىماي ئانىسىنى كۆرگىلى يولغا چىقىپ، ماشىنا قوزغىلىش-
تىن بەش مىنۇت بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۆز ئانىسىلا
ئەمەس قېيىنانىسىغىمۇ ناھايىتى كۆيۈنەتتى. بوش ۋاقتى بولسى-
لا چوڭ ئۆيگە بېرىپ ئۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتى، ھالىغا يېتەتتى.
ئۇ بارلىق ئىلمىي خىزمەتلەردە دېگۇدەك ئائىلى مۇھەببەت قاسىم
ھەدە بىلەن ئىنچىل ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە ئىشلەپ كەلگەن-
دى. ھەربىر پارچە ئىلمىي ئەمگەكتە دېگۇدەك كىشىلەر ئۇلار-
نىڭ ئىسمىنىڭ بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇ ئائىلىغا ناھايى-
تى كۆيۈنەتتى، مۇئامىلىدە دائىم ناھايىتى قىزغىن ئىدى. ئۇلار
ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرگە بىللە باراتتى، كېچىلەپ بىرلىكتە ماتې-
رىياللارنى رەتلەيتتى، كىتابلارنى بىرلىكتە يازاتتى. تېخى
2003 - يىلى يازلىق تەتىلدە ئۇلار (بىرلىكتە خوتەن، قەشقەر،
ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا تىل تەكشۈرۈشكە چۈشۈپ نۇرغۇن ئىل-

مىي ژۇرناللاردا 30 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغاندى. يۇقىرىقى ئەمگەكلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ نۆۋەتلىك پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە مۇنەۋۋەر تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا تۈرلۈك دەرىجىدىكى مۇكاپاتلارغا ھەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسلىك، ئىلمىي تەتقىقات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن.

خالىق نىياز ئاكا 1994 ـ يىلىدىن باشلاپ دۆلەت ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى فوندىنىڭ ياردىمىدە «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قوش تىللىق ئوقۇتۇش ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە بىر قىسىم دەرسلەرنى خەنزۇچە ئوقۇتۇش تەجرىبىسى ھەققىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ لېكسىكىسى ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتناشقان.

ئۇ 1992 ـ يىلىدىن تارتىپ ماگىستىر ئاسپىرانتلىرى يېتەكچىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بويىچە ئۈچ قارار، ماگىستىر ئاسپىرانتلارنى يېتەكلىگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەنە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ۋە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتۈپ كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش جەھەتتىكى ئەمگەكلىرى بىلەن 2000 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە دەرس سۆزلەش مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

خالىق نىياز ئاكا ھايات چېغىدا جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو مىللەتلەر تىللىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق ئوقۇتۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايون-

خەلقىنىڭ قەلبىگە مەرىپەت ئۇرۇقىنى چېچىشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى دەپ قارايتتى. ئۇ 2000 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ قاتارلىق جايلىرىغا چۈشۈپ، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىدىكى 600 دىن ئارتۇق كادىرغا ساپا مائارىپى توغرىسىدا لېكسىيە بەرگەنىدى. خالىق ئاكا لېكسىيىدە ئۆزىنىڭ كەڭ دائىرىلىك بىلىمى ئارقىلىق مائارىپ تەرەققىياتى ھەققىدە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يېڭى ئۇچۇرلارنى ئۇلارغا يەتكۈزگەن. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مائارىپنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق سۆزلەپ تىڭشىغۇچىلارنىڭ قايىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن ھەم ناھايىتى يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى.

خالىق مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا خۇددى ئۆز بالىلىرىغا كۆيۈنگەندەك مېھرىبانلىق بىلەن كۆيۈنەتتى. 2002 - يىلى يازدا ئۇ مۇزەپپەر، بېلىقىز قاتارلىق ئاسپىرانتلىرى بىلەن يەكەن ناھىيىسىنىڭ قاراسۇ يېزىسىغا تىل تەكشۈرۈشكە چۈشكەن چاغدا ئوقۇغۇچىلىرىغا باشتىن - ئاخىر خۇددى ئۆز ئاتىسىدەك مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ياخشى خەۋەر ئالغان. بىر قېتىم ئۇلار يول ئۈستىدە كەلكۈنگە دۇچ كەلگەندە خالىق مۇئەللىم ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلىرىنى خەتەردىن قۇتقۇزۇۋالغان. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، دېھقانلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن سىرداشقان، بىر تەرەپتىن، يەرلىك كىشىلەرنىڭ نۇتقىدىكى يەرلىك تىل ئامىللىرىنى خاتىرىلەپ رەتلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مائارىپ تەرەققىياتىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، يەرلىكنىڭ زامانىۋى پەن-

مىي تەتقىقاتلاردا بولغانىدى. ئۇ كىشىلىك پەزىلەتتە ھەقىقەتەن يېتىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر — ئۇنىڭ ئانىسى، قېيىنانىسى، ئايالى، قېرىنداشلىرى، پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى، خىزمەتداشلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسلىدە قانچىلىك ئاق كۆڭۈل، ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىشتى، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇشتى، ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلەشتى، لېكىن تەقدىر ئەمدى ئۇلارنى قايتا ئۇچراشتۇرمايتتى …

خالىق ئاكىنىڭ مىجەزى ئېغىر - بېسىق بولۇپ، ئاسان چېچىلمايتتى. مەسىلىلەرگە چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆز كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئىلمىي تەتقىقات جەھەتلەردە يېڭىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يېڭى تېمىلار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ماھىر ئىدى. ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي قاتتىق ئىشلەيتتى. مەيلى مەكتەپتە بولسۇن، مەيلى تۆۋەنگە تەكشۈرۈشكە چۈشكەنلەردە بولسۇن، ھەرقايسى قاتلامدىكى كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتى، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا كىبىر كۆرسىتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئوقۇتۇش باشقارمىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ تۇرغان مەزگىلدىمۇ ناھايىتى كىچىك پېئىللىق بىلەن ئىشلىگەنىدى، باشقىلارغا مەنسىپى، خىزمىتىنى ھەرگىز كۆز - كۆز قىلمايتتى. فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يېڭى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىزغىن قوللاپ، رەھبەرلىك قانداق خىزمەتنى تاپشۇرسا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنداپ كەلدى. فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى.

خالىق ئاكا شىنجاڭنىڭ قايسىلا جايىغا بارمىسۇن، ئۆز

ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى مەڭگۇ توختاپ قالمايدۇ، بىز ئۇنى تېخىمۇ كۈچلۈك نۇرلاندۇرىمىز!

# تىل بوستانىغا سىرغىغان چەشمە

(ئەدەبىي خاتىرە)

قەلبىنۇر قاھار، زەينەپگۈل نىياز
ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

مەرھۇم ئالىم ئابدۇقادىر داموللا: «جانان ئوتىدا كۆيۈش ھەربىر ئەركەك قىلالايدىغان ئىش، بىراق ئەل - يۇرت ئوتىدا كۆيۈش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ» دەپ ئېيتقانىكەن، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ نەچچە ئىرالىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە، ئۆز قوۋمىنىڭ بەخت - ئىقبالى ئۈچۈن ھەقىقىي مەنىدە باش قاتۇرالىغان، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشالىغان كىشىلەر نامىنى، تارىخ ئاسمىنىدا ئۆچمەس يۇلتۇز سۈپىتىدە جۇلا قىلغۇزۇپ كەلدى.

ئىنسانلار يارىلىپ تىل پەيدا بولغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە قايسىبىر مىللەت بولمىسۇن، ئۆزىگە تەۋە بولغان تىل ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى جارى قىلغۇزغان بولغاچقا، تىل تەتقىقاتى نۇرغۇن ئىجتىمائىي، تەبىئىي پەنلەرگە گىرەلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بىر «ئېزىتقۇ ئۆڭكۈر» دەپ قارىلىپ كەلگەن.

ئىنسان ھاياتى چەكسىز ئارمانلارغا تولغان چەكلىك مۇساپە، مانا مۇشۇ چەكلىك، ئەمما قىممەتلىك مۇساپە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى يارىتىش ۋە ئىختىرا قىلىش تارىخىدىن ئىبارەت. ئىنسا-

تەتقىقات ئۇچۇرلىرىغا بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى قاندۇرغان.
شۇ قېتىمقى تىل تەكشۈرۈش ئاياغلىشىش ئالدىدا ئۇلار قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىغا چىقىپ ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىينىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغان چاغدىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبى-دىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ئۇ كۈنى خالىق مۇئەللىم مەھمۇد قەشقە-رىينىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۆزىنىڭ بۇ ئۇستاز ئالدىدىكى ۋەدىسىنى ئىپادىلىگەن، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بىر-بىرلەپ ئۆز ۋەدىلىرىنى بېرىشكەن. خالىق مۇئەللىم ئۆز ۋەدى-سىنى بېرىۋېتىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئىختىيارسىز يىغلاپ تاش-لىغان، ئوقۇغۇچىلارمۇ يىغلاشقان. باشقا زىيارەتچىلەر ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقان. بىرەيلەن ئۇلاردىن:
— سىلەر نېمىشقا يىغلايسىلەر؟ — دەپ سورىغاندا، خالىق مۇئەللىم ئۇلارغا:
— بىز بۈۋىمىز مەھمۇد قەشقەرىدەك قەيسەرانە روھ بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ ئۇنىڭ روھىغا يۈز كېلەلىگۈدەك ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن، بىز ئۇ ياشىغان دەۋرگە قارىغاندا ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكىدەك دەۋردە تۇرۇپمۇ يەنە ھېچقانچە ئىش قىلالمىدۇق. مەن ئاشۇ بىكار ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمگە ئەپسۇسلىنىپ يىغلاۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇنىڭدىن خالىق مۇئەل-لىمنىڭ قانچىلىك كەمتەر، مەسئۇلىيەتچان ئىلىم ئىگىسى ئى-كەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن.
خالىق ئاكا، خاتىرجەم يېتىڭ، روھىڭىز ھەرگىز قورۇن-مىسۇن! بىز سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا چوقۇم ۋارىسلىق قىلى-مىز، سىز باشلىغان، داۋاملاشتۇرغان، لېكىن تېخى قىلىپ كېتەلمىگەن ئىشلارنى شاگىرتلىرىڭىز چوقۇم داۋاملاشتۇرىدۇ،

دادىسى داۋۇتئاخۇن ۋە بوۋىسى ئەخمەتئاخۇنلار ئىلىمگە ھېرىس-
مەن كىشىلەر بولغاچقا، كىچىككىنە تۇردىنى ئاق - قارىنى
پەرق ئەتكۇدەك بولغاندىلا ئۇنى دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى.
ئۇ سەككىز ياشقىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋەردى. بوۋىسىنىڭ
تەشەببۇسى بىلەن توققۇز ياشقا كىرگەندە يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇ-
دى. تۇردى بوۋىسىغا ئىنتايىن ئامراق ئىدى. بوۋىسىدىن كېچە-
كۇندۇز بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماي يۇرەتتى. ئەخمەت بوۋايمۇ نەۋرى-
سىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. دادىسى داۋۇتئاخۇن ۋە بوۋاي
بوش ۋاقىت تاپسىلا بالىلىرىغا تارىخىي ئىشلار، ئۇيغۇر كلاس-
سىك ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەر، دۇنيادىكى مىللەت ۋە تىللار،
ئاتاقلىق ئەربابلارنىڭ كەچۇرمىشلىرى ۋە ئەۋلادلارغا قالدۇرغان
ئەدەبىي مىراسلىرى توغرىسىدا جىق گەپلەرنى دەپ بېرەتتى.
مەكتەپ ۋە ئائىلە مۇھىتىدىكى تەربىيە ۋە يېتەكلەشلەر سەۋەبى،
گۆدەك تۇردىنىڭ غۇبارسىز قەلبىدە، ئىلىمگە بولغان كۇچلۇك
ئىشتىياق ئوتىنى تۇتاشتۇردى. ئەمما، ئەمدىلا ئىلىم بوسۇغى-
سىغا قەدەم قويۇپ، قەلبىگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۇككەن تۇردى-
نىڭ ناتىۋان يۇرىكىگە كاج تەقدىر زەھەرسىز قولىنى سو-
زۇپ ئارقا - ئارقىدىن بوۋىسى، ئانىسىنى ئېلىپ كەتتى، يىل
ئۆتمەيلا دادىسى داۋۇتئاخۇنمۇ قارا كۆڭۇللەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە
ئۇچراپ ۋاقىتسىز كەتتى. تەقدىرنىڭ تەتۇر قايىنمى كىچىككىنە
تۇردى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى سىڭلىسىنى قارا يېتىم قىلىپ
قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ نارەسىدىلەر يىراق - يېقىن تۇغ-
قان، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ
چوڭ بولدى.
ئاتا - ئانا مېھرىگە تولغان ئىلگىرىكى بەختلىك ئائىلە،
تىنچ تۇرمۇش بىردىنلا يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۇ چېتىگە بېرىۋې-
لىپ، ھاياتلىق مۇساپىسىگە ئاياغ بېسىش ئالدىدا تۇرغان 15
ياشلىق تۇردىنىڭ زىممىسىگە ئىككى سىڭلىسىنى بېقىش ۋەزىپە-

نيەت ئۆز قالاقلىقىدىن ھالقىپ، مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، دۇنيا سىرلىرىنى ئېچىش، قوۋم - مىللەتلەر ئارىسىدىكى تىل - تەتقىقات جەھەتتىكى ئىزدىنىشنى قىلچىلىك توختىتىپ قويغىنى يوق. ئۆزىنىڭ چەكلىك ھاياتىنى چەكسىز ئارمانلار بىلەن يۇغۇرغان، مەنىۋى گۈزەللىككە ئىنتىلگەن غايىلىك ئىنسانلار ئىلىم - پەن جەھەتتىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى بىر خىل مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ دەپ بىلىدۇ.

شۇڭا ئۇلار خەلققە بەخت يارىتىش، ۋەتەن - مىللەت ئۇچۇن تۆھپە قوشۇش، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئاز - تولا مىراس قالدۇرۇش مەقسىتىدە كۆڭلىگە پۈككەن گۈزەل ئارمانلارغا يېتىش يولىدىكى چەكلىك ئۆمۈر مۇساپىسىدە تەۋرەنمەس ئەقىدە ۋە ئىرادە بىلەن چىدام - غەيرەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، مۆۋەپپەقىيەت چوققىسىغا باتۇرلارچە يامىشىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، بىزنىڭ تىل - تەتقىقاتىمىز ئەزەلدىن تامچە سۇغا قانمايۋاتقان چۆل ئىدى. بۇ بوشلۇق ئۈستىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خۇددى كېچە ئاسمىنىدا چاقنىغان چولپان يۇلتۇزدەك كۆزنى چاقنىتىدىغان، كىشىنى قايىل قىلالايدىغان ئاتاقلىق ئەدىب - ئالىملىرىمىز، تىلشۇناس - تەتقىقاتچىلىرىمىز بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. داڭلىق تىلشۇناس، پروفېسسور، تۆھپىكار باغۋەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يارامىلىق ئوقۇتقۇچى مەرھۇم تۇردى ئەھمەت ئەنە شۇ بوشلۇقتا چاقنىغان مەردپەت ئاسمىنىدىكى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۆچمەس يۇلتۇز. خەلقىمىز قەلبىدىكى ئابىدە.

مەرھۇم ئۇستاز تۇردى ئەھمەت ئەپەندى 1928 - يىلى شىنجاڭ قاراشەھەر ناھىيىسىدە ئوتتۇراھال تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى داۋۇتئاخۇن ئاتا قاسساپلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئاپىسى ئايىمخان ئائىلە ئايالى ئىدى.

كۆلتېتى تۈركىي تىللار تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. 1981 - يىلى دوتسېنت، 1988 - يىلى پروفېسسور- لۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

قەلبىمىزگە مەڭگۈ ئابىدە بولۇپ ئورناپ كەتكەن ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ بېرىش، تارىخ سەھنىسىدە تۆھپىكار سۈپىتىدە ئالقىشلىنىشىنى قەل- بىگە پۈكۈپ، ۋۇجۇدىغا ئەل - مىللەت تۇيغۇسىنى مۇجەس- سەملىگەن ئاشۇ يالقۇنلۇق يۈرىكىنى، كەلگۈسى ئىزباسارلارغا بولغان مۇھەببەت ۋە ئۈمىد - ئىستەك بىلەن يۇغۇرغان تۆردى ئەھمەت ئەۋلادلار ئۈچۈن تېخىمۇ پارلاق ئەتىنى، گۈزەل كېلە- چەكنى يارىتىپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بې- سابلاپ، ئۆزىنى بىر ئۆمۈر ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى تىل تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىدى. مانا مۇشۇ خىل روھ بىلەن گىرەلەشكەن تۆردى ئەھمەتنىڭ ھاياتلىق سەپىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ مۇھىم، ئاساسلىق ئىلمىي ئەمگەك- لىرى ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ساھەسى- دە ئالاھىدە ئورۇندا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ھارماس - تالماس تۆھپىكار باغۋەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالىي مائارىپ سېپىدە 40 يىلدىن كۆپرەك جاپالىق ئىشلەپ، تۈركىي مىللەت- لەر تىل - ئەدەبىيات ئىلمى قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى، ئوقۇت- قۇچىلارنى تەربىيىلەش، دوكتور - ئاسپىرانت يېتىشتۈرۈش، دەرسلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى قوش- تى. ئۇ ھاياتلىق سەپىرىدە ئۆزىنىڭ قانچىلىغان ئىزلارنى قالدۇ- رۇپ كەتكىنىنى، باشقىلارنىڭ ئۆزى قالدۇرغان ئىزىدىن پايدى- لىنىپ، ئۆز مەنزىلىگە يەتكەندىكى خۇشاللىق ئۈمىدلىرىنى، ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلدىكى ئالەمچە خۇشاللىقلىرىنى بىلمەيتتى. پەقەت ۋە پەقەت ئىز قالدۇرۇشنى، ئىلىم دېڭىزىنىڭ بىر تامچە

سى يۇكلەندى. ئەمما، كىچىككىنە تۇردىنىڭ قەلبى ئىلىم ـ
پەنگە چەكسىز ھېرىسمەن بولغاچقا، رەھىمسىز تەقدىر ئېلىپ
كەلگەن قىسمەتلەر ئۇنىڭ ئىلىمگە بولغان قىزغىنلىقىنى، تى-
رىشچانلىقىنى بىر ئازمۇ بوشاشتۇرالمىدى. ئۇ شىنجاڭ ئۆلكى-
لىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىگە قات-
تىق تەلەپ قويۇپ ئۆگەندى.

دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك كا-
دىرلار مەكتىپىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات بۆلۈمىدە ئوقۇپ،
1957 ـ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردى.

كۆڭلىگە گۈزەل ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۈككەن تۇردى ئەھ-
مەت ئۆز بىلىمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزى-
نىڭ تىل ـ تەتقىقات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە
داۋاملىق تەتقىقات ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردى.

1957 ـ يىلى تەشكىل تۇردى ئەھمەتنىڭ كەسپىتىكى
تىرىشچانلىقى ۋە شىجائىتىگە قايىل بولۇپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخ-
شى پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى مەركىزىي مىللەتلەر
ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈركىي تىللار كەسپى-
گە ئاسپىرانتلىق ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ بۇنداق ياخشى پۇرسەت
ۋە گۈزەل ئوقۇش شارائىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى، بىر مى-
نۇتنىمۇ قەدىرلەپ، باش كۆتۈرمەي ماتېرىيال كۆردى، توپلى-
دى، ئۆز ئارزۇسى، غايە ـ نىشانىغا يېتىش يولىدا ھەرقانداق
قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

1959 ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ،
كېيىنكى تەتقىقات ۋە غايىلىرىگە ئۇل سېلىپ كەلگەن تۇردى
ئەھمەت شۇ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ تىل ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ
پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش
ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا كۆپ
يىل ماگىستىر، ئاسپىرانت يېتەكچىسى، جۇڭگو تىللىرى فا-

گىلەش، كوررېكتورلۇق، تەرجىمە نەزەرىيىسى، يېزىق ئىسلاھاتى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ يېتەكلىشىدە بولىدىغانلىقىنى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئويناپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇمكىنقەدەر تېز ئازاد بولۇشىغا چوڭ تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى، پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى يۈكسەلدۈرۈشكە رولىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە زور ئىكەنلىكىنى سىستېمىلىق ھالدا يېشىپ بەردى ھەم يەنە تىلشۇناسلىقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، مىللەتشۇناسلىق، لوگىكا، جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، پەلسەپە، تارىخ، فىزىئولوگىيە ۋە فىزىكا ئىلمى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى ئىلمىيلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇنداقلا ئەۋلادلارغا تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى، تىلشۇناسلىقنىڭ يېڭى تارماقلىرى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى، تىلشۇناسلىقنىڭ مەخسۇس ھالدا دۇنيادىكى 2000 خىلدىن ئارتۇق تىلنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەسۋىرلەش، تىللارنىڭ تارىخىنى ئىچكىرىلەپ ئېنىقلاش، ئىنسانىيەت تىلىنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان، نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلغان مۇستەقىل بىر پەن ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

تەلەپچان ئۇستاز تۇردى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ بىرى بولغان «چاغاتاي تىلى» ھەققىدىكى كىتابىنى نەشرگە تەييارلاۋاتقاندا، تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئۈستىدە مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى.

بىز مەرھۇم تۇردى ئەپەندىنىڭ «چاغاتاي تىلى»غا مۇناسىۋەتلىك ئىككى توپلامدىن تۈزۈلگەن ئورىگىنال قەغەزلىرىنى رەتلەپ چىقتۇق.

سۈيى بولۇشنى، قاغجىرىغان چۆلدىكى شىپالىق يامغۇر بولۇشنى، خىلۋەتتە چاڭقىغان دىللارنى قاندۇرغۇچى نامسىز بۇلاق بولۇشنىلا ئويلايتتى.

ئۇنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدە قانچىلىغان مۇشەققەتلەر ئۇنى كۈتمىدى؟ قانچىلىغان تاغ - داۋانلار ئۇنى توسسىمۇ ئۇ ئېگىلمەي - سۇنماي ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن ھارماي - تالماي، تەۋرەنمەي ئىزدەندى، تەر ئاققۇزدى، كۈرەش قىلدى ...

تۇردى ئەھمەت ئىزدىنىش روھىغا باي پەرۋىشكار باغۋەن، ئۇ ھارماي - تالماي ئىزدىنىش ئارقىلىق تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس، ماگىستىر - ئاسپىرانتلارغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون نەچچە خىل دەرس ئۆتۈپ، دەرسلىكلىرىنى ئۆزى تۈزۈپ چىقتى. 1980 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە تۈركىي تىل - ئەدەبىيات كەسپى بويىچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي تىلى، تۈركىي تىللار سېلىشتۇرما تەتقىقاتى قاتارلىق يۆنىلىشلەر بويىچە بەش قارار ئاسپىرانت قوبۇل قىلىپ، 27 نەپەر ماگىستىر - ئاسپىرانت تەربىيىلەپ چىقتى.

ئۇنىڭ ئالىي مائارىپ ساھەسىدىكى تۆھپىسى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن 1992 - يىلى 10 - ئايدىن تارتىپ گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغۇچى مۇتەخەسسىس دەپ باھالاندى. تۆھپىكار باغۋەن تۇردى ئەپەندى ئۆزىنىڭ تىل تەتقىقات تۆھپىلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئاساس سېلىپ بەردى، شۇنداقلا يېڭى بىر تۈركۈم تىلشۇناسلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇ ئەۋلادلارغا ئىنتايىن مول، كەڭ دائىرىلىك بىلىملەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئۇ مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ئەمگەكلىرىنىڭ بىرىدە، تىلشۇناسلىقنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي رولى، تىلغا ئائىت نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر، مەسىلەن: ئەدەبىي تىل نورمىسىنى بەل-

يىلەرنى قوشتى.

تۇردى ئەپەندى ئۆز ئىلىم تەسىرى ۋە ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن 1989 ـ يىلى چىڭخەي خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. «بۈگۈنكى دەۋر جۇڭگودىكى مىللىي تىلشۇناسلار» دېگەن نوپۇزلۇق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدىن چىققان مەشھۇر تىلشۇناسلار قاتارىدا تونۇشتۇرۇلدى.

ئۇنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرى «ئۇيغۇر تىلى» (ئىككى قىسىم) دېگەن ئەسىرى ۋە «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى» قاتارلىق بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ھازىرغىچە «ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى» (1957 ـ يىلى، ئىككى قىسىم)، «ئۇيغۇر تىلى» (1981 ـ يىلى، ئىككى قىسىم)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن) (1984 ـ يىلى نەشرى) ۋە «تۈركىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن، 1998 ـ يىلى نەشرى) دېگەن تۆت پارچە ئەسىرى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇلار ئىچىدە «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئەسىرى دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسپداشلىرىنىڭ، داڭلىق تىلشۇناسلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلىدا مەخسۇس سەرلەۋھىلىك ماقالە بىلەن تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئەسىرى شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرتۇتاش دەرسلىكى سۈپىتىدە قايتا ـ قايتا نەشر قىلىندى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1992 ـ يىلىدىكى مۇنەۋۋەر دەرسلىكلەرنى باھالىشىدا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن

ئورگىنال قەغىزىدە تۈركىي تىللار دىۋانى، تارىخى رەشىدى، شەب دىۋانى، مەھبۇبۇل قۇلۇپ، مىڭ بىر كېچە رومانى، تارىخىي ئەمىنىيە، مەشرەپ دىۋانى، مەھزۇن غەزەللىرى قاتارلىق ئەسەرلەرنى ۋە زەلىلى، گۇمنام، سەككاكى، لۇتفى، فىرقىتى، نۆبىتى، نەۋائى I ، II ، III ، IV ، V ، VI قىسىم، رەبغۇزى، ئەتائى، موللا موسا سايرامى، موللا موسا تېمۇرى، موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى، موللا بىلال نازىمى، مەۋلانە يەركەندى رەھىمى، موللا بىلال بىننى يۇسۇپ دىۋانى، ئىبنى يۇسۇپ ئەردى فەرزەند خوتەن، شائىر موللا نىيازنىڭ «تۆت ئىمام زەبىھۇللا» داستانى، تەجەللى، ھۆسەيىن سەبۇرى، مۇھەممەت سادىق كاشغەرى، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبنىڭ «كىتابىي غەرب» تىن پارچە قاتارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق نادىر، كلاسسىك ئەسەرلەرنى ياراتقان ئالىم ـ ئۆلىما، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت مېھنىتىنى چاغاتاي تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ، تېكىست، سۆزلۈك، مەشىقتىن تەركىب تاپقان كىتابچە قىلىپ، ئەۋلادلارغا يول باشلايدىغان ئىز قالدۇرماقچىدى. ئەمما، رەھىمسىز تەقدىر ئۇنىڭ بىلەن قېرىشتى.

يولداش تۇردى ئەھمەت 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە بىر تەرەپتىن، ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قېرىنداش مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ۋە چاغاتاي تىلىنى ئۆگەندى. ئىزدەنگەنسېرى، ئۆگەنگەنسېرى ئۇ ئۆزىدە بىلىمگە، تىلشۇناسلىق كەسپىگە بولغان قىزىقىشتىكى كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ بارغانسېرى يېتىلىۋاتقانلىقىنى، بىر خىل غايە، ئېتىقادنىڭ ئۇنى ئالغا ئىنتىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى قىسمىدا ئىزچىل ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە بىرقەدەر سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ساھەسى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھ-

# مەرىپەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز

(دوكلات ئەدەبىياتى)

ئوسمانجان ياسىن ، قۇربانجان ئابدۇقادىر

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، مەرھۇم ئۇستاز رەۋەيدۇللا ھەمدۇللانى ئەسلەپ

1997 - يىلى 25 - دېكابىر چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئاسمان - زېمىن قايغۇلۇق تۇسكە كىرىپ، ئۆز قوينىدا ۋاقىتسىز ئۆچكەن بىر چولپان يۇلتۇز ئۈچۈن ماتەم تۇتتى.

خەلق توپى بۇ چولپان يۇلتۇزنى، يەنى شۇ دەۋردىكى «يولباشچى»سىنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىراپ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان جايغا سەلدەك ئېقىشتى.

ھەممە خەلق توپلاندى، بىرلىرى قاتتىق ھۆركىرەيتتى. بىرلىرى ئېسەدەيتتى، بىرلىرى بولسا ئۆز قايغۇسىنى باسالماي قوشاق قېتىپ يىغلايتتى ...

ھەممىنى ئەنە شۇنداق ئېغىر مۇسىبەتتە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ زات ئۆز ھاياتىدا تالاي ياخشىلىقلارنى قىلغان، مىللىتى، خەلقى، ۋەتىنى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان مەرىپەت بېغىدىكى كۆيۈمچان باغۋەن — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ئىدى.

1924 - يىلى دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ مۇھىم

بېرىلىپ ئىشلەش بىلەن بىرگە، جوڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جوڭگو قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

تۇردى ئەھمەت ئەپەندى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھاياتىدا، ئىلغار زىيالىيلىرىمىزدا بولۇشقا تېگىشلىك روھ ۋە جاسارەتنى ئۆزىگە يار قىلىپ، دەۋر ۋە خەلقىنىڭ ئۈمىدى ۋە ئارزۇسى، ئىشەنچىسىنى جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئاقلىدى. پارتىيە ۋە خەلقىنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرىغا قەتئىي سادىق بولۇپ، بۇ ساھەدە بارلىق يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئۇ يۇقىرى قاتلام ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىملىقىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپلىگەن ۋاقىت ۋە زېھنىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىدى. ئۇ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان ۋە تەلەپچان، ئىستىلدا دۇرۇس بولۇپ، كەسىپداشلىرىغا، ئوقۇغۇچىلىرىغا، تونۇش - بىلىش، قولۇم - قوشنىلىرىغا تولىمۇ خۇشخۇي ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا بەكلا ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق سىيماسى ھەقىقىي ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

گەرچە بىز بۇ مېھنەتكەش ۋە تۆھپىكار ئۇستازدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىلىرى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئەسلىمەي ۋە مەڭگۈ ياد ئەتمەي تۇرالمايمىز!

2004 - يىلى 8 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئەمدىلا سەككىز ـ توققۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان رەۋەيدۇللا
ھەر كۈنى ئەتىگىنى بايلارنىڭ قويىنى باققىلى چىقىپ كېتەتتى.
يالاڭ ئاياغ، نەچچە يېرىگە ياماق چۈشۈپ، تىزلىرى كۆرۈنۈپ
قالغان ئىشتاننى كىيىپ جاڭگالغا ماڭغان باللىرىنى كۆرگەندە
ھەمدۇللا ئاكىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى. ھەر قېتىم بىر
قىسىم باللارنىڭ مەكتەپكە ماڭغىنىنى كۆرگەندە باشقىچە بولۇپ
قالىدىغان ئوغلى رەۋەيدۇللاغا قارىغىنىدا، نېمىگىدۇر ئاچچىقلى-
نىپ، كىملەرگىدۇر نەپرەتلىك تىللارنى ياغدۇرۇپ تاشلايتتى.
كېيىنچە بايلارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ، يۇڭ ھەم قوي
ئېلىپ سېتىپ، پايدىنىڭ بەشتىن بىرىگە ئىگە بولۇپ، ئاز ـ
تولا تۇرمۇشى ياخشىلانغان ھەمدۇللا ئاكا 12 ياشلىق ئوغلى
رەۋەيدۇللانى باشلانغۇچ مەكتەپكە بەردى. ئەمما، ئۇ مەكتەپتە
ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ئانىسى تۇگەپ كەتكەچكە ئامالسىز مەك-
تەپتىن توختىدى ۋە بايلارنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرى-
دە قاقتى ـ سوقتى بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

تۇغۇلۇپ ئۈچ يېشىدىلا سەپەرنىڭ جاپالىرىدىن باشلانغان
ھاياتىنىڭ رەھىمسىز، مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنىڭ قويىنىدا ھەر
قايسى تەرەپتىن تاۋلىنىپ چوڭ بولغان 16 ياشلىق رەۋەيدۇللا
1940 ـ يىلى بىر يىل سائەتجان دېگەن ئۆزبېك بايىنىڭكىدە مالاي
بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن، 40 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ
گېزىتى ئىدارىسى ئاچقان مۇخبىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا
ئوقۇشقا كىردى. ئۇ 42 ـ يىلى بۇ كۇرستىكى ئوقۇشنى تامام-
لاپ، شۇ يىلىلا شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە
تەقسىم قىلىندى ۋە 49 ـ يىلىغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ
شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق نەشرىيات
ئورۇنلىرىدا ئىشلىدى. ئۇ بۇ جەريانلاردا بىر تەرەپتىن، ئۆز
خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاقتىنى
چىڭ تۇتۇپ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان موڭ-

تۇغۇنى، خەلقىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان تۇرپاندا باش باھار. تەبىئەت قوينىدىكى مەۋجۇداتلار ئىللىق قۇياش نۇرىدا ئويغىنىشقا جور بولۇپ، باش باھارنىڭ ئىللىق شامىلى كىشىگە يېڭىچە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. بۇ يېڭى باھاردا تۇرپان يارىيېزا خوجىيەن كەنت (پالازلار مەھەللىسى) ھەمدۇللا مەتزاھىتنىڭ ئۆيىدە 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بىر بوۋاق ئىگەلەپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى.

1928 - يىلى يازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەتراپقا تۈن پەردىسى يېيىلغان، كىشىلەر ئۆيلىرىگە تارقاپ، مەھەللىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەنىدى. مەتزاھىت ئاكا، بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرە ۋە باشقا قولغا چىققۇدەك نەرسىلىرىنى ئېلىپ بىر ئېشەك ھارۋىسى بىلەن زامان - زامانلاردىن بېرى ئاتا - بوۋىلىرى تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن بۇ يۇرتنى تاشلاپ ئۈنتىنسىز ھالدا ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، ھارۋىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان رەۋەيدۇللا كېيىنكى ھاياتىدا «بوۋام مەتزاھىت ئاغا - ئىنە بىر نەچچەيلەننىڭ بىر نەچچە مولا يېرى بولغانىكەن. ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلات بىلەن تۇرمۇشنى قامداش مۇمكىن بولمىغاچقا، پومېشچىكلاردىن جازانىغا پۇل ئېلىپ، نۇرغۇن قەرزدار بولۇپ كېتىپ، ئاخىر بالىلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەنىكەن» دەپ يازىدۇ.

ئۇلار شۇ ماڭغانچە ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى ساڭفاڭگۇ دېگەن يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. دەسلەپتە رەۋەيدۇللانىڭ دادىسى ھەمدۇللا ئاكا ئۈرۈمچىگە ئېشەك بىلەن ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىش، بايلارنىڭ قوينىنى بېقىش، پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا، ئانىسى بايلارنىڭ مويكىلىرىدا يۇڭ پارلاش، كۆكتاتلىقلاردا ئوت ئوتاش بىلەن ئۆز ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداپ كەلدى.

1953 - يىلى 12 - ئايدا ئۇرۇشنىڭ غەلىبە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن بۇ خەلق ئوغلانى 1954 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى. 1957 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ تىل ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا بۇ مەكتەپكە يۆتكەپ كېلىندى ۋە مۇشۇ يىلدىن باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ تىل ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئاخىر بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكەپ كېلىندى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق ھەم تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ دەسلەپ ئالدىنقى سەپتە ھەقىقىي بىر خەلق ئوغلانىغا خاس قەيسەر، باتۇر جەڭچىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىگەن بولسا، 1954 - يىلى ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىغا قەدەم قويۇپلا ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق، چوڭقۇر بىلىمى، ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئاستىدا ياخشى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىدى. ئۆزىگە نىسبەتەن قاتتىق تەلەپ قويۇش، قەيسەرلىك، ئەستايىدىللىق ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا شان - شەرەپ كەلتۇردى. قەلبىدە بۇ ئۇلۇغ ئۇستازغا نىسبەتەن مۇھەببەت ئوتى يالقۇنجايدىغان، ئۇنى تونۇيدىغان، ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلەر مائارىپ بېغىدا تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن بۇ جاپاكەش باغۋەنىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىنى ئەسلىمەي قالمايدۇ.

1957 - يىلى يېڭى قۇرۇلغان تىل ئىنستىتۇتىغا كادىرلار مەكتىپىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرەلەيدىغان شەرەپلىك بىر خىزمەت ئورنىغا ئېرىشكىنىدىن خۇشاللىنىپ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشكە چۈشۈپ كەتتى.

شۇ يىلى تۇنجى تۈركۈم قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا

غۇل تىلى، تۇرك تىلى، پارس تىلى، ئەرەب تىلى، خەنزۇ تىلى
قاتارلىق تىللارنى ياخشى ئۆگىنىپ، كېيىنكى تەتقىقاتىغا پۇختا
ئاساس سالدى.

كىچىكىدىنلا جاپا ـ مۇشەققەت ئوچىقىدا تاۋلىنىپ، كۆڭ-
لىگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۈككەن، كېيىنكى هاياتىدا مىللىتى-
گە، خەلقىگە، پارتىيىگە مائارىپ ساھەسىدىكى تۆھپىلىرى بە-
لەن بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشقان بۇ جاپاكەش ئۇستاز
پەقەت تۇرمۇش ۋە تەتقىقات ساھەسىدىلا ئۆز قىممىتىنى يارىتىپ
قالماستىن، ئەينى يىللاردا ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېر-
ناتسىئونالىزملىق روھىنى نامايان قىلىپ جاھانگىرلىككە قارشى
قوزغالغان چاۋشيەن ئۇرۇش مەيدانلىرىدىمۇ ئىزلىرىنى قالدۇر-
غان.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا
پارتلىغان «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بې-
رىش» ئۇرۇشىدا ئالدىنقى سەپ بىر تۇركچە تەرجىمانغا جىددىي
ئېھتىياجلىق بولدى ۋە بۇ شەرەپلىك خىزمەتكە پارتىيە ـ ھۆكۈ-
مەت رەۋەيدۇللانى تاللىدى. قەلبىدە ۋەتەن، خەلق سۆيگۈسى
يالقۇنجاپ تۇرغان بۇ نەۋقىران يىگىت مەردانىلىك بىلەن ئالدىن-
قى سەپكە ئاتلاندى. ئۇ 1951 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1953 ـ
يىلى 12 ـ ئايغىچە بولغان ئىككى يىلدىن ئارتۇق جەرياندا جۇڭگو
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش پىدائىي-
لار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى
يۈكسەك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى.

ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا رەھىمسىز تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناق-
لىرى ئاستىدا پىسخىكىسىدا شەكىللەنگەن قەيسەرلىك، بوشاش-
ماسلىقتىن ئىبارەت روھى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدىمۇ
ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى ۋە نەچچە قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ
بىرقانچە مېدالغا ئېرىشتى.

جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئىزچىل تۈردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ جەريانلاردا ئۇ ئۆز دىققىتىنى داۋاملىق تۈردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى تەرەپتىكى تەتقىقاتىغا قاراتقاندىن سىرت، يەنە ئۇيغۇر مائارىپىدا تېخىچە چوڭ بىر بوشلۇق بولۇپ تۇرۇۋاتقان «ئىستىلىستىكا ئىلمى» ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىشنى باشلىۋەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» غا خاس ئوقۇتقۇچىلىق روھىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئۇ ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىنتايىن كۆيۈمچان باغۋەن ئىدى. ئەمدىلا 40 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ كۆيۈمچان باغۋەن ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچى بولسا، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا خۇددى ئۇلارنىڭ ئاتىسى ياكى ئاكىسىدەكلا ئۇلارنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى.

ئۇ ئەتىگەن ـ كەچلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشاتتى ۋە پىكىر ئالماشتۇراتتى. قىيىنچىلىقلار بولسا بىرلىكتە ھەل قىلاتتى...

بۇ مەرىپەت باھارىنىڭ ھاۋاسىدىن ئىلھاملىنىپ قەلىمىنى قولىغا ئالغان پەخىرلىك ئۇستاز ئۆزىنىڭ قويۇق دەپتىرىدىكى جاۋاھىراتلاردىن «پەخىرىمىز ۋە بۇرچىمىز ، دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك، نىڭ تىلى توغرىسىدا بەزى تەسىراتلىرىم»، «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر»، «تىل ۋە تەرجىمە» ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەم ئىسىملىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» قاتارلىق ئەمگەك مېۋىلىرىنى تۇنجى قەدەمدە سوۋغا سۈپىتىدە خەلقىگە تۇتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەرىپەت دۇنياسىدىكى ھەقىقىي بىر يولباشچى سەركە ئىكەنلىكىدەك سالاھىيىتىنى قايتا نامايان قىلدى.

تىل دەرسى ئۆتۈشنى نەسرۇللا يولبولدى ۋە رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا قاتارلىقلار ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

1958 ـ يىلى 9 ـ ئايدا رەۋەيدۇللا مۇئەللىم بىلەن نەسرۇللا مۇئەللىم بىرلىشىپ تۈزۈپ چىققان، بىر يىللىق جاپالىق ئەمگەكنىڭ مېۋىسى بولغان «ئانتونىم» (قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتى)، «ئومونىم» (كۆپ مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتى)، «سىمونىم» (ئوخشاش مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتى) قاتارلىق ئۈچ لۇغەت بۇ جاپاكەش باغۋەنلەرنىڭ قولىدا شىفىگرافتا بېسىپ چىقىلىپ، تۇنجى تۈركۇمدىكى ئوقۇغۇچىلار قولىغا تارقىتىپ بېرىلدى. شۇ مىنۇتتا ئالەمچە خۇشاللىقتا چۆمگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق، مەمنۇنىيەتلىك جىلۋىسى نامايان بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى خۇشاللىقىدا سەكرىسە، بەزىسى قولىدىكى لۇغەتنى سۆيۈپ كېتەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ چېھرىدىكى خۇشاللىقلارنى كۆرگەن بۇ باغۋەنلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ يېنىك ـ يېنىك كۈلۈشتى ـ دە، ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەملەردەك ھېس قىلىشتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى، مائارىپ سېپىدە ماتېرىيال كەمچىل بولۇۋاتقان، دەرسلىك سىستېمىلاشمىغان مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ تىنىمسىز تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئەمگىكى، بوشاشماس ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە تۈزۈپ چىققان يۇقىرىقى بىر يۈرۈش لۇغەتلەر «ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى» دىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. قەلبىدە يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىلىم ئىشقى يالقۇنجاۋاتقان بۇ باغۋەن ئۆزىنىڭ بۇ تۇنجى مېۋىسىدىن ئىلھاملانسا، خۇشاللانسا خۇشاللاندىكى، ھەرگىزمۇ مەغرۇرلىنىپ قالمىدى. بەلكى تېخىمۇ چوڭ ئۈمىدلەر ئىلكىدە مائارىپ سېپىدىكى ئەجىر ـ مېھنەت دۇنياسىغا كىرىشىپ كەتتى. 1962 ـ يىلى شىنجاڭ تىل ئىنستىتۇتى بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىرلەشتۈرۈلۈپ شىنى-

دەرسلىك ئىدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئۈچ يىل تىرىشىپ «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى» دېگەن كىتابنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توزۇپ چىقتى.

ئۇ سىنىپتا دەرس سۆزلىسە ئۆزىنىڭ تىل تەتقىقاتچىلىقىغا خاس ھالدا سۆز ـ جۈملىلەرنى شۇنچىلىك راۋان ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەيتتىكى، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تۇيمىغان ھالدا دەرس مەزمۇنىغا كىرىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتودىمۇ ئالاھىدە ياخشى ئىدى. دەرس سۆزلىگەندە قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، سىنىپتا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ سۆزلەيتتى. ئالغان مىساللىرىمۇ شۇنچىلىك جانلىق ۋە ئەمەلىي ئىدى. ئادەتتە ئوقۇغۇچىلارغا ماقالە تاپشۇرۇقى بەرگەندە پەش، چېكىتلەرگىچە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ئۇ ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا دائىم «ئادەم ھەربىر قىلغان ئىشىدا چوقۇم ئەستايىدىل بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ۋارىسلىرى تىل ئىشلەتكەندە ۋە ماقالە يازغاندا ئۇنىڭ ھەربىر قائىدە ـ مىزانلىرىغا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارىشىمىز كېرەك» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن خۇددى يېقىن سىرداش دوستتەك مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردە ئوقۇغۇچىلار بىلەن قانچىلىك ئىچىكىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ئىشەنچىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى بىر ئابزاستىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆرۈۋالايمىز.

ئەينى ۋاقىتتا دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى تېخى ئومۇميۈزلۈك تەڭشەلمىگەن ۋاقىت بولغاچقا ئادەتتە 70 ـ 80 يۈەندىن ئاشمايتتى. ئازغىنا پۇل بىلەن بىر ئائىلىدىكى ئالتە جاننىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ھەقىقەتەن تەس بولغان كۈنلەردە رەۋەيدۇللا مۇئەللىمنىڭ ئايالى شاھزادىخان ئاچا ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى ۋە دوختۇر ئۇنىڭغا شېكەر يېيىشنى

ھاياتلىق ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا ئورتاق بولغان نېسىۋە، ئەمما ھاياتلىقنى مەنە تۇپرىقىدا گۈل كەبى ئېچىلدۇرۇش پەقەت پاك ۋىجدان، ھالال نىيەتكە ئىگە تىرىشچان ئىجتىھات ئىگىلىرىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ ھەربىر مىنۇتىمۇ شۇنچىلىك قىممەتلىك ۋە شۇنچىلىك گۈزەل تۇيۇلىدۇ. بۈيۈك غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن، بوشاشماس ئىرادە، يۈكسەك تىرىشچانلىق ۋە ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە بۇ ئۇلۇغ ئۇستاز ئۆزىنىڭ بۇ خىل خىسلەتلىرى بىلەن پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ ھەربىر قەدەم تىنىقلىرىغىچە بۈيۈك مەنىلەر تامغىسىنى باستى.

مانا بۇ ئۇنىڭ خىزمەت قىلىش روھى ۋە ھەرقانداق بىر كىشى ئۆلگە قىلىشقا ئەرزىگۈدەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئىدى. بۇ ھەقتە ئۇستازنىڭ ئۇزۇن يىللىق خىزمەتدىشى، مەكتىپىمىزنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى نەسرۇللا يولبولدى مۇنداق دەيدۇ:

«خىزمەتداشلار مەرھۇمنىڭ تەرىپىنى قىلىشقان ۋاقتىمىزدا ئەڭ قايىل بولىدىغىنىمىز يەنىلا ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى ۋە چىدامچانلىقى، بىز بىر ـ بىرىمىزگە ئەينى ۋاقىتتىكى ‹بىر رەۋەيدۇللا بۈگۈن ئون نەچچە بولدى›، دېيىشىپ قويىمىز. چۈنكى، شۇ چاغلاردا مەكتەپتىكى يەتتە ـ سەككىز ياتاق بىناسىنى ئۇ ئۆزى يالغۇز باشقۇراتتى. ئەلۋەتتە ئۇ ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ئىشلىگەندىن سىرت، يەنە بور ـ توزانلىق سىنىپلاردىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىنى قالدۇرغانىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكىنى ئۆتۈش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى دەرسلىكىنىمۇ ئۆتۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ دەرسلىك شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا تەسىس قىلىنغان تۇنجى

يېرىم كېچىلەردە ئۇنىڭ ئاشۇ كۈتۈپخانىسىدا تاماملىناتتى.

ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك پائالىيەت سورۇنى پۈتۈنلەي مەكتەپ بىلەن ئاشۇ ئاددىي بىر ئېغىز كۈتۈپخانىسى بولاتتى. ئازراق ۋاقىت تاپسىلا كۈتۈپخانىسىغا كىرىۋېلىپ گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرەتتى ۋە خاتا ئىشلىتىلگەن سۆز - ئاتالغۇلارنى تېپىپ چىقىپ ماقالىلەرنى يېزىپ، ئانا تىلىنىڭ ساپلىقى ۋە مۇكەممەللىكى ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشاتتى. ئۇ ئانا تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتى، ئەڭ مۇھىمى ئانا تىلىمىزنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر زېھنىنى سەرپ قىلدى. يۇقىرىقىدەك بىر قىسىم «ئىنچىكە خاتالىقلار» نى كۆز قىسىپ ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئانا تىلىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان «چالا ساۋاتلار» ۋە ئەتراپىدىكى بىر قىسىم كەسىپداشلىرى ئارىسىدا «چوماقچى» دېگەن ئاتاققا قالدى. ئەمما ئۆز ئانا تىلىنى، مىللىتىنى، خەلقىنى سۆيگەندەك سۆيىدىغان، ئانا تىلىنىڭ ساپلىقىنى، مىللەتنىڭ ساپلىقى ۋە مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ بىرى دەپ ھېسابلايدىغان بۇ مەسئۇلىيەتچان ئۇستاز ئۇ خىل ئۆسەك سۆزلەرگە پىسەنت قىلماي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ بىزگە، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يۈكسەك بىر نەمۇنە تىكلەپ بەردى. بۇ ھەقتە مەرھۇم ئۇستازنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدىن پېنسىيىگە چىققان ئىسمايىل ئەزىمەت ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «رەۋەيدۇللا مۇئەللىم ئۆز دەۋرىدە تىل تەتقىقاتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان، بارلىق كۈچىنى تىلىنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تىلشۇناسلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا قاراتقان. ئۇ پارس تىلى، موڭغۇل تىلى، تۈرك تىلى قاتارلىق تىللارنى بىلگەچكە، بولۇپمۇ تۈرك تىلى ۋە پارس تىلىغا پىششىق بولغاچقا، دائىملا ئاشۇ تىللاردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت سۆزلەرنى تېپىپ چى-

بۇيرۇدى. ئەينى ۋاقىتتا ھەممە نەرسىنى بىلەتكە ئالىدىغان بول-غاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇمچىدىن شىكەر ئىزدەش خېلىلا قىيىن ئىش بولغانلىقتىن، رەۋەيدۇللا مۇئەللىم بۇ مەسىلىدە خېلىلا تىت - تىت بولدى. ھەر دائىم دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئوقۇغۇچىلىرى يېنىغا كىرىپ پات - پات پاراڭلىشىپ تۇرىدىغان رەۋەيدۇللا مۇئەللىم بىر كۈنى ناھايىتى روھى چۈشكەن ھالدا سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئوقۇتقۇچىسىنى ھېچقاچان بۇ ھالدا كۆرۈپ باقمىغان ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئورنۇۋېلىشتى ۋە ئەھۋال سوراشتى. ئۆز باللىرىدەك ئىچىكىشىپ كەتكەن بۇ باللارغا ئۆزىنىڭ تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى شېرىن قۇربان مۇئەللىم مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال تاش-قورغاندىكى ئاكامغا خەت يازدىم ۋە بىر ئايدىن كېيىن تاشقورغان-دىن كەلگەن سودىگەر ئارقىلىق ئاكام ئەۋەتكەن ئىككى كىلو شېكەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ مۇئەللىمگە بەردىم.»

ئۇ ئەنە شۇنداق چىقىشقاق، راستچىل، سەممىي ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىمۇ ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ: «ئۇ ناھايىتى چىداملىق ئىدى. ئورۇندۇقتا چىڭ ئولتۇرالايتتى. بوش ۋاقىتلاردا باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئۇلارغا يول كۆرسى-تەتتى» دەيدۇ.

ئۇ يۇقىرىقىدەك يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە ئالىيجاناب روھقا ئىگە ئوقۇتقۇچى بولغاندىن سىرت، يەنە چوڭ-قۇر تەپەككۇر ۋە مول بىلىمگە ئىگە، مول ھوسۇللۇق تەتقىقات-چى، شۇنداقلا يەنە كۆيۈمچان ئاتا.

ئائىلىدە ئۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ ئاددىي سەرەمجان-لاشتۇرۇلغان «كۇتۇپخانا» سىغا كىرىۋېلىپ ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. كۆپىنچە ھاللاردا كۈندۈزى مەكتەپتە ئىشلەپ تۈگىتەلمىگەن بىر قىسىم ئىشلارنىمۇ ئادەتتە

ئىسىپ كەتكەن ئۇستازنىڭ تۇرقىنى كۆرگەن مۇخبىرلار ئۇنى ئازراق ياساندۇرۇپ، پەردازلاپ ئاندىن سۈرەتكە تارتماقچى بولدى. ئەمما، بۇ ئۇستازنىڭ ئۆيىدە نەدىمۇ زىيالىيلارغا خاس قىرلانغان كاستۇم - بۇرۇلكا، گالستۇك دېگەندەك كىيىملەر بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى شېرىن قۇربان ۋە مۇخبىرلار «مۇئەللىم ئۆزىڭىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىز ئۇچۇنمۇ ئاز - تولا باش قاتۇرۇپ قويۇڭ» دېگەندە، مۇئەللىم كۈلۈپ قويىدى ۋە «ۋاي ئۇكىلار، مېنىڭ بۇ قاملاشمىغان تەقى - تۇرقۇم ئۇچۇن باش قاتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەمسىلەر، مىڭ ياسانسامۇ مانا مۇشۇنداق كۆرۈمسىز ئادەممەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن دۇردانىلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ۋەزنىنى ھەربىر ئىنساننىڭ پاك قەلب تارازىسىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە بىلەن ئۆلچەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. بىز پەقەت ئۇنىڭ ئەنە شۇ دۇردانىلىرىنىڭ ئازغىنا بىر قىسمىنى ساناپ بېرەلەيمىز. ئۇ ئۆز ھاياتىدا «تىل ۋە تەرجىمە» (تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى 1984 - يىلى 5 - سان)، «ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن ‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ تىلىغا بىر نەزەر» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1989 - يىلى 1- سان)، «بەزى يەر - جاي نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە» (1990) «لۇغەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1995 - يىلى 3- سان)، «ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1985 - يىلى 4 - سان)، «ئۇيغۇر تىلى لېكسولوگىيىسىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1986 - يىلى 2 - سان)، «پەخرىمىز ۋە بۇرچىمىز ‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك› نىڭ تىلى توغرىسىدا بەزى تەسىراتلى-

قىپ، هازىرقى زاماندا ئىشلىتىۋاتقان بىر قىسىم سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باراتتى. شۇڭا ئۇ كۆپىنچە هاللاردا تىلدىكى خاتالىقلارنى ئاسانلا بايقىۋالاتتى.

دەرۋەقە، ئۇنى جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەر «رەۋەيدۇللا قۇسۇرچى» دەپ ئاتايتتى. ئەمما شۇنى ئويلىشىپ بېقىش كېرەككى، بۇگۈنكى دەۋردە تىلدىكى بۇزۇلۇش ناهايىتى ئەدەپ كەتتى. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئاشۇنداق يېتىشكەن «قۇسۇرچى»لارنىڭ كەم بولغانلىقى ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بىز بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار، يەنى ئەينى ۋاقىتتا رەۋەيدۇللا مۇئەللىمنىڭ قولىدا تەربىيە ئالغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە تا هازىرغىچە تىل ئىشلىتىشتە خاتالىق ئۆتكۈزىدىغانلار يوق. بۇ رەۋەيدۇللا مۇئەللىمنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان چوڭ تۆهپىسى…»

يۇقىرىقىدەك قۇسۇرچىلىق ئۇنۋانىغا ئىگە قىلىنغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئۇنى هەرقاچان ئورۇندۇقتا مىختەك قادىلىپ ئولتۇرۇپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندەيتتى. ئۇ ئادەتتە ئىشخانىسىغا كىرىۋالسا، ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتنىڭ بولغانلىقىنى سەزمەي ماتېرىيال كۆرەتتى ۋە تەتقىق قىلاتتى. ئۇ هەتتا شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ دىگۈدەك ئىشخانىدا ئولتۇراتتى. سەپداشلىرى ئۇنىڭغا «رەۋەيدۇللا بۇ پېتى ئولتۇرىۋېرىپ ئۆلۈپ قالما يەنە، ئاز - تولا ئارام ئال» دېگەندە، ئۇ: «قانداق قىلغۇلۇق، قىسقىغىنا هاياتتا مۇشۇنداق ئىشلىۋالمىسام، ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن ئىشلەشكە پۇرسەت تاپالماي قالىمەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

1987 - يىلى شېرىن قۇربان رەۋەيدۇللا هەمدۇللانى تونۇشتۇرۇپ شىنجاڭ گېزىتىگە بىر پارچە ماقالە يازدى. ماقالىنىڭ بېشىغا رەۋەيدۇللا مۇئەللىمنىڭ سۈرىتىنى بېسىش توغرا كېلىپ گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرى رەۋەيدۇللا مۇئەللىمنى سۈرەتكە تارتقىلى كەلدى. ئاددىي - ساددا تۇرمۇشىنىڭ قوينىغا سى-

دېگەن ئىلمىي ماقالىسى بىلەن مەملىكەتلىك ئىستىلىستىكا جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا، 1985 ـ يىلى «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›، ۋە ئۇيغۇرلار» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ نەشردىن چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە ئىملا لۇغىتى»نى ئىشلەشتىن ئىبارەت ئەمگەك سىجىللىقى زور بولغان ئىلمىي ئەمگەكلەرگە قاتنىشىپ مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئىككى قېتىم تۈرك تىلى كۇرس ئېچىپ 100 دەك ئادەمنى تەربىيىلەپ چىقتى.

ھەربىر ئىنساننىڭ ئاغزىدىن «ھايات قىممەتلىك» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. ئەمما، ھايات نېمە ئۈچۈن قىممەتلىك؟ ئەجەبا ئۇنىڭ جانلىقلارغا بىرلا قېتىم نېسىپ بولۇشى ئۇنىڭ قىممەتلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق دەپ قاراش بىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن قوبۇل قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھايات بىر قېتىم كەلگەنلىكى ئۈچۈن قىممەتلىك ئەمەس.

1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بۇ بۈيۈك ئۇستاز ئۆزىنىڭ ئېسىل روھى ئالدىدا تىزلانغان مەۋجۇداتلارنى ھىجراندا قالدۇرۇپ، يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا يورۇق ئالەم بىلەن خوشلىشىپ، مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى.

ئۇ بۇ چاغدا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى» دېگەن كىتاب ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتاتتى. ئەپسۇسكى، ھاياتى يار بەرمەي، ئاخىرقى ئۆمرىدە كېيىنكىلەر ئۈچۈن «مىراس» قالدۇرماقچى بولغان بۇ ئەمگەك مېۋىسى تولۇق پىششىقا ئۇلگۈرمەيلا، بۇ مۇقەددەس دەرەخ يىلتىزىدىن قۇرۇپ كەتتى. گەرچە كىتابنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى پۈتۈپ بولغان بولسىمۇ، ئۇستاز-

رىم» (1980) ، «تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا» (تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى 1984 - يىلى 5 - سان) ، «تۇراقلىق بىرىكمىلەر توغرىسىدا» (1994) ، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر ئىسىملىرى توغرىسىدا قىسمەن مۇلاھىزە» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1982 - يىلى 4 - سان) ، «تۈركىي تىللار دىۋانى، ۋە ئېتنوگرافىيە» (1987) ، «ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەرمىلەر» (1993) ، «يەر - جاي ناملىرى تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1997 - يىلى 2 - سان) ، «سىزچە قايسى توغرا» (تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى 1985 - يىلى 5 - سان) ، «باشباشتاقلىققا يول قويمايلى» (تىل ۋە تەرجىمە 1983- يىلى 3 - سان) ، «ناتوغرا ئىشلىتىلىۋاتقان بىرقانچە سۆز توغرىسىدا» (تىل ۋە تەرجىمە 1993 - يىلى 6 - سان) ، «ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەسىرى توغرىسىدا» (تىل ۋە تەرجىمە 1987 - يىلى 12 - سان) ، «باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەر توغرىسىدا» (تىل ۋە تەرجىمە 1989 - يىلى 6 - سان) ، «رادىئو تېلېۋىزىيە تىلى توغرىسىدا بىر - ئىككى ئېغىز پىكىر» (تىل ۋە تەرجىمە 1996- يىلى 5 - سان) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە «ئىستىلىستىكىدىن ساۋات» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى 6 - ئاي نەشرى) ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر سۆزلۈكى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984) ، «تۈرك تىلى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996) قاتارلىق كىتابلىرى بىلەن ئىلىم ساھەسىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1982- يىلى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى بىلەن تۈركىي تىللار تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا، 1983 - يىلى «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تىل ماھارىتى توغرىسىدا»

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى توغرىسىدا

ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، دوتسېنت

ھەرقانداق مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە نۇرغۇن ئەدىبلەر، يازغۇچىلار، شائىرلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدىغان، شۇ دەۋر، شۇ جەمئىيەتنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنى، رېئاللىققا نىسبەتەن مۇھەببەت - نەپرىتىنى، جەڭگىۋار روھىنى ئىپادىلەيدىغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كېتىدۇ. مەلۇم بىر دەۋر ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىدىغان ئەسەرلەر ئىچىدە ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە نامايەندىلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئاشۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسىنى سىزىپ ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇنداق ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە شائىرلاردىن بىرى. ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شېئىرىيەت ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان ئىنقىلابىي جەڭچى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، قانخور مىللىتارىستلارنىڭ زۇلمى

نىڭ كېتىپ قېلىشى بىلەن تەڭ جامائەتچىلىك بۇ كىتاب بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى.

ئۇ ۋاپات بولغاندا جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىستىلىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىلمىي جەمئىيىتى غەربىي شىمال شۆبىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت تىللىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئاكتىپ پائالىيەتچىسى ۋە نوپۇزلۇق ئەربابى ئىدى.

مەن ۋە مېنىڭ زامانداشلىرىم بۇرۇندىنلا رەۋەيدۇللا مۇئەللىم ھەققىدە شېرىن خىياللارنى سۈرگەنىدۇق. پۇرسەت بولسا ئۇنىڭ كېچە - كۈندۈز ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان، مىللەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتكەن ئاشۇ بىر جۈپ قولىنى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن تۇتۇۋېلىشنى، دىدارىنى بىر كۆرۈۋېلىشنى، ئۇنىڭغا ھۆرمەت نەزىرىمىز بىلەن بىر قارىۋېلىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتۇق. ئەپسۇس، ئىنساننىڭ ھاياتىنى قانچىلىك دەيسىز؟ كىممۇ ئۆز ھاياتىنى ئۇزارتالىسۇن؟

بىز كەلگەندە بىزنىڭ كۆرگىنىمىز ئۇ ماڭغان يوللار، قالدۇرۇپ كەتكەن «ئىزلار»، ئۇ كىرىپ دەرس سۆزلىگەن سىنىپلار بولدى. گەرچە بىز ئۇنى بىۋاسىتە كۆرمىگەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلىرىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ بىلەن ھېلىھەم بىللە بولۇۋاتقاندەك، ھەر كۈنى ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىمىز. ئۇ كىشىلەر قەلبىدە تېخىچە ھايات، بىزنىڭ قەلبىمىزدىمۇ ھېلىھەم مەڭگۈ ھايات!

گىنىۋېلىپ، كۆپ تەرەپلىمە ماتېرىيال كۆرۈش ۋە كۆپ تەرەپلىمە يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىش شارائىتىنى ھازىرلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيىتى بويىچە ئەتراپلىق بىلىمگە، ئىلغار ئىدىيىلەرگە، مۇستەھكەم ئىشەنچ بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە بىلىم ئەھلىگە ئايلاندى.

ئۇ، نادانلىق، بىلىمسىزلىكنى خەلقىنىڭ ئويغىنىشى ۋە تەشكىللىنىشىگە توسقۇن بولۇۋاتقان توسالغۇ دەپ قاراپ، ئىشنى ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش يولى بىلەن باشلىماقچى بولدى. 1913 - يىلى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز ئۆيىدە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، ئىلىم تارقىتىش يولىغا قەدەم قويدى. ئەپسۇسكى، بۇ مەكتەپ ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلدى.

شائىر بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماستىن، بەلكى خەلق ئىچىدە تەشۋىق ئېلىپ باردى، خەلقنى ئىلغارلىققا جەلپ قىلىشنى ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى دەپ قارىدى. ئۇ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قويۇق مەرىپەتپەرۋەرلىكنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بىر قاتار شېئىرلارنى يازدى.

شائىر ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا قالاقلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى رەھىمسىز پاش قىلدى. ناتوغرا تۇرمۇش ئادەتلەر بىلەن يامان ئەخلاق، ناچار ئىللەتلەرنى كەسكىن تەنقىد قىلدى. غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان كىشىلەرنى ئويغىنىشقا، تۇرمۇشنى يېڭىلاشقا، ئىلىم ئۆگىنىشتىن ئىبارەت تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئۇلۇغ كۈرەشكە چاقىردى.

شائىر 1921 - يىلى يازغان «ئۇيغۇرۇم» دېگەن شېئىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىنقىلابىي دېموكراتىك خاھىشقا ئىگە روشەن مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ:

ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىشتەك ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتە ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، خەلققە ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. قوراللىق ئىنقىلابقا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، زۇلۇمنىڭ مەنبەسى بولغان نادانلىق، قالاقلىق، مۇتەئەسسىپلىك، فېئودال دىنىي خۇراپاتلىق ۋە جاھالەتچىلىكنىڭ زىيانلىرىنى خەلققە چۈشەندۈردى، تونۇتتى.

1911 - يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگو تارىخىدىكى 2000 يىلدىن ئۇشۇق ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال خانلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھاياتىدا ماھىيەتلىك بىرەر ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرەلمىگەن ۋە فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى ئېزىش ۋە دەپسەندە قىلىشىنىڭ سىنىپىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسىنى تەۋرىتەلمىگەنىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ۋاقىتلاردا بالىلىق دەۋرىنى ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ياشلىق دەۋرىگە قەدەم باسقاندا، دادىسى بىلەن كۆپ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەرگە بېرىپ، سوۋېت سوتسىيالىستىك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ سوۋېت خەلقىغە ئېلىپ كەلگەن بەختىيار يېڭى ھاياتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. رۇس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىلغار ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشتى. شائىر كۆرگەن ئىلغار ئىجتىمائىي تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىسى ئۇنىڭدا خەلق ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن بولغان دېموكراتىك ئىدىيىنى پەيدا قىلدى، ئۇنى ئىنقىلاب يولىغا ئېلىپ ماڭدى ۋە شائىرنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە، ئىلىم - مەرىپەت يولىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ بىلىم ئىگىلەش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي 20 يېشىدىلا ئەرەبچە، پارسچە، موڭغۇلچە، رۇسچە، خەنزۇچە تىل - يېزىقلارنى ئۆ-

مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ئاساسى سەۋەپتىندە ئەيىبلىگەن.

روشەنكى، بۇ شېئىر تۇرمۇش پاكىتلىرىنىڭ جانلىق ۋە ئومۇمىيلىقى، ھەجۋىي تۇسىنىڭ قويۇقلۇقى، تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن نادانلىق، قاراڭغۇلۇقنىڭ ساتىرىك ئەيىبنامىسى ھەم ئويغىنىش، ئازادلىق، ئەركىنلىكنىڭ جەڭگىۋار شوئارى سۈپىتىدە ھەر ۋاقىت جاراڭلايدۇ.

شائىرنىڭ ئىلغار مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ 1920 - يىلى يازغان «ئىستىمەس» دېگەن شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

شائىر بۇ شېئىرىدا، ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يېڭىچە ئۇسلۇب، ئۆزگىچە بىر خىل ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن ئىپادە قىلغان. ئۇ ئۆز پىكرىنى ئاساسەن نادانلىقتىن قۇتۇلۇش، ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەشتىن ئىبارەت مەزمۇن چىگرىسىدىن ھالقىپ، شۇ جەمئىيەتنىڭ رېئال ئەھۋالىنى، خەلقنىڭ كونكرېت تۇرمۇش ھالەتلىرىگە باغلاپ تۇرۇپ بايان قىلغان:

مەن خىتاب قىلسام ۋەتەنگە ئىزدىنىشنى ئىستىمەس،
ئەل ئېغىر ياتقۇدا بولدى ھەم بىلىشنى ئىستىمەس.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرلۇك بىخۇدلۇق ئەھۋالىنى ھەمدە ئەلنىڭ ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا يانجىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن بىلىم ئىگىلەش، ئىزدىنىش، كۈرەش قىلىش روھىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ يەنە:

يەپ زەھەر بولدى كېسەل ئەھۋالىدا كۆپتۇر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقسىمۇ داۋالىنىشنى ئىستىمەس،

ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۇزەر سۇدا،
مېنىشكە تاپالماي ئېشەك پىيادە قالغىنىمىز باردۇ.
گۇركىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل «نېمە بۇ ئەي خۇدايىم» دەپ،
ئەقلىنى ئىشلەتمەي ھاڭ ـ تاڭ قېتىپ قالغىنىمىز باردۇ، دەپ

يازدى.

شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، مىللەتنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش غايىلىرىنى كۈيلىگەندىن باشقا، ئالغا بېسىش يولىدا توسالغۇ بولۇۋاتقان ھەر خىل يامان ئىللەتلەرنىمۇ يۈرەكلىك پاش قىلىپ، خەلق ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان چېقىمچىلىق، خۇشامەتچىلىك، قۇۋلۇق ـ شۇملۇق، ئىلىم ـ پەنگە مۇھەببەت باغلىماسلىقتەك ناچار ئىللەتلەردىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ:

مۇنەججىم ھەم ئىنژېنېر ـ ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇر سەللە، نەپسى بالا، موللا ـ سۇلتانىمىز باردۇ،

دەپ خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ، ساختىپەزلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قازى ـ سۇلتانلارنى پاش قىلىدۇ.

شائىر بۇ شېئىرىدا باشتىن ـ ئاخىر زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىش، ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىش، ۋەتەننى، مىللەتنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىلەرنى سىڭدۈرگەن. ئۇ مىللەتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەرەققىي تېپىلىشى خەلقنىڭ ئەركىن ـ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك ئىدىيىلەرنى كۈچلۈك يۇمۇرىستىك سۆزلەر بىلەن قاتتىق قامچىلىغان. ئەزگۈچى سىنىپلار تەرىپىدىن ۋە دىنىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن خەلقنىڭ ئىدىيىسىگە، خەلق تۇرمۇشىغا سىڭدۈرگەن يامان، بولمىغۇر، ئەخلاقسىز ھادىسىلەرنى بارلىق

ئويغىنىپ كەتتى جاھان مەغرىپ ـ مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۇت ئۇيقۇدا چۇش كۆرۈپ ياتارمەن.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

بىر پۇراپ ئۆلسەم نە ئارمانىم بېغىم باھارىم گۈلىنى،
ھەر سەھەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن.

دېگەن مىسرالىرى بىلەن ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى، كەلگۈ-
سىگە بولغان ئالىي ئارزۇ ـ تىلەكلەرنى نامايان قىلدى.
ئۇ يەنە بۇ شېئىرىدا:

باشقىلار، كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسالى يالاڭ ئاياغ دەسسەپ تىكەن ماڭارمەن.
ئىلىم ـ پەندىن يوق خەۋەر باستى غەپلەت خەۋپ ـ خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتەر قانداق چىداپ تۇرارمەن؟

دېگەن مىسرالىرى بىلەن بىلىم ـ مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا
جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئالغا كەتكەن دۆلەتلەرنى نادانلىق،
ئېزىلىش دەستىدە خارلىنىپ ھالى قالمىغان، خەلقىمىزنىڭ
ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، زور پەرقلەرنى كۆرسى-
تىش ئارقىلىق خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشكە ئۈندىدى.
شائىرنىڭ 1926 ـ يىلى يازغان «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» نام-
لىق شېئىرىمۇ مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىغا باي ئەسەردۇر. بۇ-
نىڭغا شائىرنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك، ھېسسىياتلىق، ئوبرازلىق
پىكىرلىرى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئوپتىمىستىك روھقا ئىگە.
شائىر بۇ شېئىرىدا تۇرلۇك بەدىئىي ۋاسىتىلەر، سىمۋول،
رىتورىك سوئال، ئوخشىتىش، ھەجۋىي قىلىش، سۈپەتلەش

مىللىتىم تارتقان ئازابىغا كۆكۈل قانداق چىدار،
ئەل غېرىب ئىگرايدۇ، ئەمما تەۋرىنىشنى ئىزدىمەس؛

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۇچىشاش يولىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

باشقىلار كۆكتە، دېڭىزدا ئۈزدى شوخ پەرۋاز قىلىپ،
بىزگە كەلسە بىر قوتۇر ئېشەك مېنىشنى ئىستىمەس.

دېگەن مىسرالىرى بىلەن تەرەققىيات يولىدا غەيرەت ـ شىجائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

شائىر بۇ شېئىردا ئاكتىپ رېئالىزم بىلەن ئاكتىپ رومانتىزمنى زىچ بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت، ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن، دۆلەتنى نامرات، قالاق قىياپىتىنى، خەلقنىڭ نادان، ئىلىم ـ پەندىن مەھرۇم بولۇشىنى، نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنى:

ئەي پەلەك دەشتىگىدىن ئىنتىھا بىزارمەن،
ئىزدىدىم كۆپ تاپمىدىم بىر دەردىمە ھېچ دارىمەن.
ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس كونا كېسەلنىڭ دەردىدە،
گاھ ئۆلۈپ، گاھ تىرىلىپ كۆپتىن ـ كۆپ ئاۋارىمەن.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق بايان قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتلۇق قەلبىدە يالقۇن بولۇپ يانغان مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىنى يېگىلىققا، ئىلغارلىققا ئىنتىلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىستەك، تەرەققىيپەرۋەر دېموكراتىك ئىدىيىسىنى:

ئۇ دادىسى بىلەن كۆپ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەرگە، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي تارىخىي ۋەقەلەرنى كۆرگەن. سوۋېت سوتسىيالىستىك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن بەختىيار تۇرمۇشنى، بۇ ھۆرلۈك بەختىيار تۇرمۇشنىڭ پەقەت ئەلەم بىلەن قەلەمنى بىرلەشتۈرگەنلىكتىن، خەلقنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش بىلەن قولغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن.

بىز بۇنىڭدىن شائىرنىڭ يالغۇز ئىجادىيەت ئارقىلىقلا خەلقنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسىنى كۆتۈرۈپ، ھۆرىيەتلىككە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى، قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىدەك مەرىپەتچىلىكتىن قوراللىق ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشتەك ئىلغار ئىدىيىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. شۇنداقلا ئۇنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭمۇ ئەينى ۋاقىتقا نىسبەتەن خەلقنى ئويغىتىش، خەلقنى كۈرەشكە چاقىرىش، خەلقنى نادانلىقتىن، دىنىي بويۇنتۇرۇقتىن قۇتقۇزۇش جەھەتلەردە كۈچلۈك رولى بولغانلىقى ئۈچۈن، زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمىز.

بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى مىللىي مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەر شائىر، ئىنقىلابچى بولۇپ، ئۇ ئۆز ھاياتىنى ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشكە تەقدىم قىلغان، پاك، ۋىجدانلىق جوڭخوا مىللىتىنىڭ باتۇر جەڭچىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر مەشھۇر شەخستۇر.

قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، شې-
ئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئوبرازلىق قىلىپ ئىچىپ بەر-
گەن. شېئىردا تەسۋىرلەنگەن بۇلۇت — مۇدھىش كونا جەمئى-
يەتتە خەلقنىڭ ئاھۇزارىغا سەۋەبچى بولغان چىرىك فېئوداللىق
تۈزۈمگە سىمۋول قىلىنغان بولسا، قۇياش مىگىلىغان، ئۇن
مىگىلىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ كەلگۈسى بەختىيار تۇرمۇشىغا،
ۋەتەننىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە سىمۋول قىلىنغان. شائىر شېئى-
رىدا ئوبرازلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىجتىمائىي رېئال-
لىقتىن تاللىۋالغان ماھىيەتلىك تۇرمۇش دېتاللىرىنى ئەپچىل
هالدا ئۇمۇملاشتۇرۇپ، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپا-
دىلەش بىلەن، ئۇنىڭغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچى كۈچلەر-
نى:

قۇياشقا دالدا قىلماقلىق ئەقىلسىزلىق دەلىلىدۇر،
سېنىڭ بۇ يوقىقا بۆز خالتاڭ بىگىزلەرنى يوشۇرغايمۇ؟

دەپ مازاق قىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنى ئىلىم - پەننى ئۆگىنىشكە
ئىلهاملاندۇرۇپ:

ئوقۇتماي باللارنى ئوينىتىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق.
ئىسىت! بۇ باللار ئاخىر يېرىم نانغا سېتىلغايمۇ؟
ئوقۇغۇچىلار! ئوقۇتۇڭلار هاۋا هەم ئەۋزائىنى بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا هازىرلىق بۇ مىللەت يوقالغايمۇ؟

دەپ، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنى دالالەت قىلدى.
شائىرنىڭ يۇقىرىقى شېئىرلىرىدىن باشقا يەنە مەرىپەتپەر-
ۋەرلىك ئىدىيىنى گەۋدە قىلغان «هار»، «ئويغان»، «چىراغ»
قاتارلىق شېئىرلىرىمۇ بار.

بىلەن بىرگە مۇبارەك ناملىرىنى مەزكۇر تارىخ بېتىگە پۈتمەكتى-مىز.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مول ئىجادىيەت ئەمگەكلىرى، ئۆتكۈر پىكىرلىك، چوڭقۇر مەزمۇن، يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئەسەر-ماقالىلىرى، شېئىر - غەزەللىرى، مۇھىمى ئەۋلاد سائادىتىنى كۆزلەيدىغان مائارىپ ئىدىيىسى، بۇ يولدىكى ئېگىلمەس - سۇن-ماس قەيسەر ئىرادىسى بىلەن بىزنىڭ بۈگۈنىمىزنى يارىتىپ بەرگەن، ئەقىل كۆزىمىزنى ئېچىپ زېھىن بۇلىقىمىزنى ئۇلغايت-قان ئىسمى جىسمىغا لايىق تۆھپىكار باغۋەنلەردۇر. ئۇلارنى قانچە تەرىپلىسەك ئەرزىيدۇ.

شۇنداق بىر ئىنسان بار.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس قەيسەرانە ئىرادىسى، هارماس تىرىشچانلىقى بىلەن بىر ئۆمۈر ئىجتىهات - مېهنەت قىلىپ هايات ئېتىنىزىدىن مول هوسۇل ئالغان، 40 يىلغا يېقىن ۋاقىتنى مائارىپ سېپىدە قان - تەر ئاققۇزۇپ ئىزدىنىشكە سەرپ قىلغان، ئەدەبىيات تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ساهەسىدىكى مول ئەمگەك مېۋىلىرى، «ئەدەبىيات نەزە-رىيىسى ئاساسلىرى»، «ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش»، «كىنو سەن-ئىتى هەققىدە» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى ۋە زور بىر تۈركۈم ئىلمىي ماقالە - لېكسىيىلىرى بىلەن جامائەتچىلىك ئارىسىدا زور هۆرمەتكە نائىل بولغان، پىشقان ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەرجىمان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدە-بىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، پېشقەدەم مائارىپچى، تۆهپىكار باغۋەن مەرهۇم ئۇستازىمىز ئابلەت ئۆمەر ئەپەندى-دۇر.

1936 - يىلى 12 - ئاي. قەشقەر شەهرى ئاپئاق قاردىن لىباس كىيگەن، قۇياش نۇرى كۈمۈش قارلار ئۈستىدە ئويناپ كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ يالتىراپ تۇراتتى. ئۆستەڭ بويى مەهەل-

# كۆمۈلمەس ئىزلىرىڭ ئۇستاز

(دوكلات ئەدەبىياتى)


**مۇھەممەت ئىمىن**

**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ستۇدېنت**


ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى مەنە بىلەن بۈيۈكتۇر. يۈكسەك ئىرادە، ھالال نىيەت، ساپ ئەقىدە مۇجەسسەملەنگەن قەلب ئىگىلىرى ئۆز مېھنەت مېۋىلىرىنى خەلقىگە يۈرەك سوۋغىسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلسا، خەلق بۇ پەرزەنتىنى سۆيۈپ قوينىغا ئالىدۇ. ئوتلۇق، پاكىز تىلەكلەرنى تىلەيدۇ، شەپقەتلەر ياغدۇرىدۇ. دېمەك، ئىنسان ئۆز ئۆمۈر مۇساپىسىدە ئەسلىگۈدەك ئىز قالدۇرۇپ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى جاكارلىغانىكەن، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇلارنىڭ شانلىق ئىزلىرىنى تۇتىيا بىلىپ قەدىرلەش بىلەن بىللە، نامىنى تارىخ بېتىگە چىرايلىق يېزىشنى زادى ئۇنتۇمايدۇ.

زامانىمىزدىكى بۈيۈك ئىلىم ـ مەرىپەت بۆشۈكى، ئانا مەكتەپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 80 يىللىق مۇبارەك تويىنى كۈتۈۋېلىۋاتقان خاسىيەتلىك قۇتلۇق دەملەردە بىز ئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىي قۇۋۋىتى، يۈرەك قېنىنى خەلقنى نادانلىق، جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش، ئەۋلادلارنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا مېڭىپ، بىر ئۆمۈر بور توزانلىق مۇنبەر ئالدىدا جاراڭلىق نۇتقى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى زىلزىلىگە سېلىپ، ئۇنىۋېرسىتېتىمىزنىڭ پارلاق بۈگۈنىنى ياراتقان ئەنە شۇ بۈيۈك ۋۇجۇد ئىگىلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى ئەسكە ئېلىش

تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، بىلىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ئىزدەندى. ئۇنىڭ بىلىمگە تويۇنماس ئىستىكى ئۇنى ئىلىم دېڭىزىنىڭ قەترىلىرىگە توختاۋسىز شۇڭغۇتتى. مۇشۇ ئارمانلار بىلەن 1953 - يىلى 11 - ئايدا بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلدى. ئەدەبىيات كەسپىدە بەش يىل ئوقۇش جەريانىدا ئۇ ئالدى بىلەن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى پىششىق ئۆگىنىپ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتتى ھەمدە كەسپتە ئىزدىنىپ خەنزۇ ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. ماركسىزم كلاسسىكلىرى، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل داڭلىق يازغۇچى، شائىرلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىگە، ئەدەبىيات تارىخىغا ۋە ئېستېتىكىغا دائىر مەشھۇر ئەسەرلىرى، مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. بېيجىڭدا ئۇزۇن ۋاقىت مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن ئابلەت ئۆمەر مول بىلىم ۋە يۇقىرى ئوقۇتۇش مېتودىغا ئىگە بولدى.

ئابلەت ئۆمەر 1958 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەۋلادلارغا بىر چىنە سۇ بېرىشى ئۈچۈن ئۆزىدە بىر چېلەك سۇ بولۇشى كېرەك، بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئابلەت ئۆمەر ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە، يەنى ئۆزى ئارزۇلىغان دەرس مۇنبىرى ئالدىغا ئۆتۈپ جاراڭلىق، قايىل قىلارلىق نۇتقى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا مول بىلىم بېرىپ، خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردەك ئالقىشى ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

بۇ جەرياندا ئابلەت ئۆمەر ھەقىقىي بىر ئىزدەنگۈچىگە خاس ئۆتكۈر كۆزى بىلەن ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ كەمچىل بولۇۋاتقانلىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇر ئۈمىد قىلغاندەك تەلمۈرگەن كۆزلىرى ۋە ئۆزىدىن تىنىم-

لىسىدىن تاڭ سەھەردە ئاڭلانغان ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ، بوۋاقنىڭ ئىڭەلەپ يىغلىغان ئاۋازى قوشۇلۇپ مېھىر ـ مۇھەببەتكە تەشنا ئىككى قەلبنىڭ مۇھەببەت مېۋىسى بولغان بۇ يېڭى جان ئىگىسى قەلبلەرنى سۆيۈندۈرۈپ ئاپىرىدە بولدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىد شامىنى ياندۇرۇشقا مىڭلارچە ئۈمىد باغلىغان ئاتا ـ ئانا بۇ يۈرەك پارىسىگە «ئابلەت» دەپ ئىسىم قويدى.

قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ بۆشۈكى بولغان قەشقەردە ئىشچان ـ ئەمگەكچان ھەم سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئابلەت ئۆمەرنىڭ قەلبىدە كىچىكىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا كۈچلۈك مۇھەببەت ـ ھەۋەس ئويغاندى. ئەدەبىيات دەرسى ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دەرس ئىدى. ئۇنىڭ تۇنجى قەدىمى شېئىرىي ئىجادىيەتتىن باشلاندى. تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئۇنىڭ «مەن پىئونېر»، «جەڭچى ئاكامغا»، «جاھانگىرغا مىڭ نەپرەت» ناملىق شېئىرلىرى «جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. كېيىن «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى»، «تارىم» ژۇرناللىرىدا «كىچىك ئەپەندى»، «تۆت زىيانداشنىڭ ئاقىۋىتى» قاتارلىق شېئىرلىرى، «شىنجاڭ گېزىتى» دە «جۇڭسۇن جان تالاشماقتا» قاتارلىق فېلىيەتونلىرى ئېلان قىلىندى.

1948 ـ يىلى ئابلەت ئۆمەر قەشقەر قوناق بازىرى باشلانغۇچ مەكتىپىنى 1952 ـ يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئابلەت ئۆمەر بۇ چاغلاردا زېھنىي كۈچى تازا ئۇرغۇپ تۇرغان نەۋقىران ياش بولۇپ، ئازغىنا بىلىمگە قانائەت قىلمايدىغان، جاپا ـ مۇشەققەت ئالدىدا ئېگىلمەس ـ سۇنماس چىدام ـ غەيرەتنى ئۆزىگە يار قىلغان، ئىلىمگە ھېرىسمەن تىرىشچان يىگىت ئىدى. ئۇ ئۆزىنى

ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئۇزلۇكسىز بې-يىتتى ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ باردى.

«ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» دەرسلىكى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يۇقىرى باھاغا ئېرە-شىپ، پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدە زور زىلزىلە قوزغىدى. بولۇپ-مۇ ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭدىن بەكرەك خۇشاللاندى.

ئۇستاز ئابلەت ئۆمەرنىڭ بۇ تۆھپىسى ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۇ يادلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپ قېتىم «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئوقۇتۇش پروگراممىسى» ۋە «ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» نى تۈزدى. ماركسىزم كلاسسىكلىرى، مەشھۇر ئالىملار، نەزەرىيىچى - تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بايانلىرى. جۇڭگو - چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر يازغۇچى-سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىل-لەت يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر-لىرىنى ئۆگەندى ھەم تەتقىق قىلدى. ماركسىزم كلاسسىكلىرى-نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى ۋە «ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ، ئالىي مەك-تەپلەرنىڭ بۇ ساھەدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىيالى كەمچىل بولۇش-تەك بوشلۇقنى تولدۇردى.

نەتىجە ھامان ئىزدەنگۈچىگە مەنسۇپ.

ئابلەت ئۆمەرنىڭ جاپالىق ئەجرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى، ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بىرقانچە كىتابلىرى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلى-كى ۋە تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» (ئىك-كى قىسىم) 1983 - يىلى ئالىي مەكتەپلەر بىرتۇتاش قوللىنىل-

سىز سوراۋاتقان سوئاللىرىدىن بىر ھەقىقەتنى كۆرگەندەك بول-
دى. ئۇ بولسىمۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنىڭ كەمچىل-
لىكى ئىدى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات كەسپىگە نىسبەتەن نەزەرىيىۋى
يېتەكچى ماتېرىياللارنىڭ تولۇق بولماسلىقى راستتىنلا چوڭ
بوشلۇق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئابلەت ئۆمەر كۆپ
ئويلاندى. «توغرا، ئۇيغۇرچە دەرسلىك ماتېرىيالى تۈزۈش كې-
رەك! »

ئابلەت ئۆمەرنىڭ بىر يوكى ئەمدى ئىككى بولدى. ئۇ ئۆز
دەرسىنى ئۆتۈپ، دەرس تەييارلاش ۋە باشقا ئىلمىي تەتقىقات
ئىشلىرىنى ئۆز يولىدا داۋام قىلىشتىن سىرت، يەنە نۇرغۇن
ۋاقىت سەرپ قىلىپ شىنجاڭنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە، ئالىي
مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان
ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەرسلىكىنى تۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇ
مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئورۇنداش يولىدا تەر تۆكۈپ كۆپ جاپا چې-
كىپ ئىزدەندى، نۇرغۇن ماتېرىيال كۆردى. ئۇيغۇر تىلىدىكى
ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەرسلىكىنى تۈزۈش تۇنجى قېتىملىق
ئىش. ئوقۇتۇشتا دەرسلىك مۇھىم ئاساس. دەرسلىك قۇرۇلۇ-
شى ئەتراپلىق مۇكەممەل بولمىسا كۆزلىگەن ئاساسىي ۋە نەزەرى-
يىۋى بىلىمگە ئېرىشىش نىشانىغا يەتكىلى بولمايتتى. ئابلەت
ئۆمەر بۇلارنى ئويلاپ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقى-
نى ھېس قىلدى. ئۇ ئەمدى ئاۋۋال يازغان قولىيازما ئورىگىناللى-
رىنى تېخىمۇ پىششىقلاپ تولۇقلاش بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئەدەبى-
يات ـ سەنئىتىنىڭ قانۇنىيىتى، ئالاھىدىلىكى ۋە ھازىرقى ئەھ-
ۋالى ئۈستىدە كەڭ دائىرىدە جاپالىق ئىزدىنىپ ئوقۇتۇش ۋەزى-
پىسىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەمەلىي پىلان تۈزدى ۋە ئالىي مەكتەپ
ئوقۇغۇچىلىرى ۋە كەڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئاساسلىق
قوللانمىسى بولغان «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» نى 12 قېتىم ئۆز-
گەرتىپ تۈزۈپ، ئۇنى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ

سەنئەت ھەققىدە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە 250 پارچىدىن ئارتۇق
ماقالە يازدى.

ئۇنىڭ ئۇيغۇر ـ خەنزۇ يېزىقلىرىدا يېزىلغان بۇ ئەسەرلە-
رى ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى گېزىت ـ
ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا
ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى»،
«ئۇيغۇر مۇقامى ۋە ئۇيغۇر تىياتىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
ئەدەبىي ئوبزورچىلىق مەسىلىسى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبى-
ياتى ۋە رېئالىزم روھـى»، «چىنـلىق، ياخشىلـىق، گـۈ-
زەللىك»، «قۇتادغۇبىلىك داستانى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «كىنو
سەنئىتى توغرىسىدا لېكسىيىلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئوقۇر-
مەنلەر ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. «كۆرەشچان يىللار-
نىڭ زەپەر مارشى»، «بېغىمىز تېخىمۇ باراقسان بولسۇن» نام-
لىق ئوبزورلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى
باھالاشتا 1 ـ ۋە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ شۆھرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئوقۇتۇش بىلەن ئىلمىي تەتقىقات ئىلىم ـ پەننى يۈكسەلدۈ-
رۈشنىڭ ئىككى قانىتى. ئابلەت ئۆمەر بۇ ئىككى سەنئەتنى زىچ
بىرلەشتۈرۈپ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ 1982 ـ يىلى
گۇاڭجۇدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنىدا
سۆزلىگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» سەر-
لەۋھىلىك ماقالىسى، 1984 ـ يىلى يەنبىيەندە ئېچىلغان مەملى-
كەتلىك پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلە-
گەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى» سەر-
لەۋھىلىك ماقالىسى، 1989 ـ يىلى قەشقەردە ئېچىلغان مەملى-
كەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «قۇتاغۇبى-
لىك ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى»، 1992 ـ يىلى بېيجىڭدا
ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارالىق قۇتادغۇبىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يى-

غان دەرسلىك سۇپىتىدە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر بىلىملەر» ناملىق كىتابى 1984 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن: «ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش» ناملىق كىتابى 1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن: «كىنو سەنئىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى 1986 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان، دوتسېنت تۇرسۇن قۇربان، دوتسېنت سالى خۇدابەردىلەر بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ناملىق كىتابى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» (بىرىنچى تومىنى ئۆزى يالغۇز تۈزگەن، ئىككىنچى تومىنى تۈزۈشكە باش بولغان) ناملىق ئەسىرى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنغان ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

خەلقنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى شەرەپ، ياش كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىشنى بەخت ھېسابلىغان بۇ تىرىشچان باغۋەن ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ماگىستىر ـ ئاسپىرانتلارغا «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، «ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر مەخسۇس تېمىلىق لېكسىيىلەر»، «زامانىمىزدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىملىرى»، «چەت ئەل ئەدەبىياتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىمۇ قانات ئاققۇزۇپ يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ، ئەدەبىيات ـ

كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە هازىرقى زامان ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئوبزورچىلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ «تۆھپىكار ئوبزورچى» دەپ مەدھىيىلەندى.

— ئۇ ھەقىقىي ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ بىر پىشقان ناتىق ئىدى. دەرسنى قىزغىن، جانلىق، قايىل قىلارلىق سۆزلەيتتى. تىلغا باي، سۆز - جۈملىلىرى شۇنچىلىك راۋان ئىدىكى، ئىككى سائەتلىك دەرسىدە بىرەر سۆزنىمۇ تەكرارلىمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ دەرسىنى بەكلا قىزىقىپ ۋە ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتۇق. كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىمۇ ئۇ شۇنچىلىك كەمتەر، خۇش پېئىل بولۇپ، كىشىلەردە ياخشى تەسىر قالدۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۆز پەرزەنتىدەك مۇئامىلە قىلاتتى. بىر ئۆمۈر مۇنبەر ئالدىدا دەرس سۆزلەپ ئاز بولمىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردى. بۈگۈنكى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا سىز دەرسىنى ئاڭلاۋاتقان ھەربىر ئوقۇتقۇچى دەل ئۇنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن ئۇمىدلىك شاگىرت. جۈملىدىن مەنمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ «ئەدەبىيات نەزەرىيە تەتقىقاتى»غا قوشقان زور تۆھپىسىدىن باشقا، ئۇستا ناتىقلىقى بىلەن پۈتۈن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدا يادلانماقتا. ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر تۆھپىكار باغۋەن دېسەك بولىدۇ.

ئالىم، پروفېسسور، پېشقەدەم ئۇستاز ئابدۇكېرىم راخمان ئابلەت ئۆمەر ھەققىدە يۇقىرىقى تەرىپلەرنى بېرىپ ئۆتتى.

ئابلەت ئۆمەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 40 يىلغا يېقىن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، ئەدەبىيات كافېدراسىنىڭ مۇدىرى ھەمدە ئۇنىۋېرسىتېت ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

ئەپسۇس، ئىنساننىڭ ئۆمرى قانچىلىك ئىدى؟

ئىنسان چۈشكۈنلۈك ۋە غەپلەت تۇمانلىرىدا ئېزىقماي مېھنەت تەرى بىلەن ئۇمىد شامىنى توختىماي پەرلەپ، ئۆز مەۋجۇت-

غىنى» دا ئوقۇغان: «‹قۇتادغۇبىلىك›، دىكى ئەدەبىيات ـ سەن-
ئەت قاراشلىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالىلىرى يىغىن ئىشتىراك-
چىلىرى تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلاندى.

ئابلەت ئۆمەر ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدە مول مەھسۇلاتلىق
ئىقتىدارلىق تەرجىمان بولۇپ ساۋيۇنىڭ «گۈلدۈرماما» چېن
چىتۇڭنىڭ «مىڭلىغان تاغ ـ دەريالار» ناملىق درامىلىرىنى،
«قىزىل چىراغ»، «ۋېيخۇشەننى پەم بىلەن ئېلىش» (خەلىم
سالىخ بىلەن بىللە)، «ئېكۋاتور جەڭ دۇمبىقى»، «كۆرەش
يولى» قاتارلىق تىياتىرلارنى، «چەت ئەل مەشھۇر ئە-
دىبلىرى»، «چەت ئەل ئەدىبلىرى ھەققىدە ھېكايىلەر» (بىرىن-
چى، ئىككىنچى كىتاب)، «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، «ئوتتۇرا
مەكتەپلەر تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى»، «لۇشۈن فېلىيەتونلى-
رى» قاتارلىقلارنى؛ «ۋۇسۇڭ» (ئىمىن تۇرسۇن بىلەن بىللە)
«چاۋگەي»، «مۇرادىغا يېتىش» قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلى-
رىنى؛ ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، گو مورو، ماۋ دۇن، جۇ
ياڭ، شىيا يەنلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر ماقالىلىرىنى؛
«سەنئەت ئىلمىي نەزەرىيىسى» (ئەخمەت ئىمىن بىلەن بىللە)
قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلدى.

بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىڭ تۇتقان
رولى ناھايىتى چوڭ. ئابلەت ئۆمەر ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىڭ
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدا بىرقەدەر ئاجىز ھالقا ئىكەنلى-
كى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن
ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى جانلاندۇرۇشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەن-
لىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ بۇ جەھەتتە جاپالىق ئىزدەندى.

ئابلەت ئۆمەر ئۆزىنىڭ چوڭقۇر، ئەتراپلىق، كۈچلۈك
مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە قان ـ تەر مېھنىتى يۇغۇرۇلغان مول
ئەدەبىي ئوبزورلىرى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي ئوب-
زورچىلىقىدا بىۋاستە ھەم ۋاستىلىك رول ئوينىدى. شۇنداقلا

دائىر ئەسەرلىرى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك لۇ-شۈن تەتقىقات جەمئىيىتى ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۇيغۇر كلاس-سىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەمئىيىتى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت «دۇنيادىكى مەشھۇر جۇڭگو مەدەنىيەت ئەربابلىرى قامۇسى»، «جۇڭگو ئەدىب - سەنئەتكار-لىرى قامۇسى» قاتارلىق نوپۇزلۇق قامۇسلاردا تونۇشتۇرۇلغان-دى.

ئۇستاز، خەلق سىزنى ئەسلەيدۇ. سىزنىڭ ئىزىڭىزنى بې-سىپ كېلىۋاتقانلار ئەجرىڭىزنى گۆھەر بىلىپ بۇ ئىزىڭىزدىن تېخىمۇ رەڭدار ۋە كۆركەم گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدۇ.

2004 - يىلى 4 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى

لۇقنى نامايان قىلغانىكەن، مانا بۇنى چەكلىك ئۆمۈرنى چەكسىز مەنىگە ئىگە قىلىش دېيىش كېرەك ...

2000 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى. ئۈرۈمچى شەھىرى كۈز يامغۇرىدا يۇيۇنغان، دەل - دەرەخلەرنىڭ سارغۇچ، قىزغۇچ يوپۇرماقلىرى گويا شېخىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك ھاۋادا لەيلەپ ئاستا - ئاستا يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى. يوپۇرماقلار يەردىكى ساناقسىز يوپۇرماقلارغا قوشۇلۇپ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتاتتى. دەل مۇشۇ دەمدە بىزمۇ بىر قەدىردان كىشىمىزدىن، خەلقىمىز ئۆزىنىڭ تۆھپىكار ئوغلىدىن ئايرىلدى ...

بۇ كۈن رايونىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى، ئانا مەكتەپ — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شۇنداقلا پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن قايغۇلۇق بىر كۈن بولدى. بۈگۈن قەلبلەرنىڭ ھۆرمەت تۆرىگە مەڭگۈلۈك نائىل بولغان تۆھپىكار باغۋەن ئۇستازىمىز ئابلەت ئۆمەردىن ئايرىلدۇق.

مەرھۇم ئابلەت ئۆمەرنىڭ ھاياتى ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا بېغىشلانغان ھايات ئىدى. ئۇ بۇ مۇقەددەس ئىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغانىدى:

«مەن بىر ئوقۇتقۇچى، مەن بۇ كەسىپكە ئۆزۈمنى ئاتىغان. مائارىپ بىلەن ئەدەبىيات قوشكېزەك بولۇپ ھەر ئىككىسى مىللەتنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان كۈۋرۈك. شۇڭا، بۇ ئىشنى ئۆمۈر بويى ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەپسۇسكى ئىشلىگەنلىرىم ئارزۇ قىلغانلىرىمدىن ئاز، تولىمۇ ئاز ...» دەيتتى ئۇ دائىم.

ئابلەت ئۆمەر ھايات چېغىدا جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە

رشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئاياللار ئىچىدىنمۇ مىللىي ئازادلىق ـ ئەركىنلىك كۈرەش يولىدا، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە رولىنى ئۆستۈرۈش يولىدا قان كېچىپ كۈرەش قىلغان مەشھۇر ئاياللار تارىختا ئاز بولمىدى. شۇنداقلا، تارىختىكى مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار مۇشۇ جەھەتتە ئاجايىپ، دېموكراتىك ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شەيخ مۇھەممەد ئەبرۇھ ئىبنى ھەسەن خەيرۇللاھ، مىسىرلىق ئادۋوكات، سوتچى ھەم ئەدىب قاسىم بەگ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدە ئاياللار ئازاد-لىقىنى تەشەببۇس قىلغۇچى زاتلاردۇر.

بۈگۈنكى كۈندە ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى توغرىسىدا قانۇن بەلگىلىمىلەر تۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاياللار ھوقۇقى دېگەن بۇ سۆز ھەر خىل ئاخبارات ۋاستىلىرىدە پات ـ پات كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ قالدى. ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىك قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن ئەر ـ ئاياللارغا نىسبەتەن پايدىلىق تەرەپلەرنى ئېلىپ كەلدى. يەنى ئاياللارنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھوقۇقتا باراۋەر بولۇپ، مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان بولدى.

ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى تەرىپى بول-غاندەك بۇ يېڭى پىكىر ئېقىمى تېخىمۇ نۇرغۇن شۇبھىلىك سو-ئاللارغا ھامىلدار بولدى. يەنى جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى بىر ئاياللار ئەرلەر بىلەن ھەممە جەھەتتە باراۋەر بولىمىز دەپ ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان، ئەرنى ئەردەك كۆرمەيدىغان، خالىغان يەردە يۈرىدىغان، ھەتتا جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بو-لۇپ، جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرىغا ئايلىنىپ كېتىپ بارىدىغان ئەھۋاللار بارلىققا كېلىۋاتىدۇ.

تۆۋەندە ئەر ـ ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى، بۇنى ھەقىقىي مەنىدىن ھېس قىلالماسلىقنىڭ ۋە توغرا قوبۇل قىلالماسلىقنىڭ ئاياللارغا، جەمئىيەتكە نېمىلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە

# ئەر ـ ئايالللار باراۋەرلىكى

## (مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئىمىگۈل ھوشۇر
فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتىتىدىن، ستۇدېنت

**ئەر ـ ئايالللارنىڭ باراۋەرلىكى ئايالللارغا نېمە ئېلىپ كەلدى؟**

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئايالللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆستى. بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئەر ـ ئايالللار باراۋەرلىكى ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق كۈچەپ تەشەببۇس قىلىنغاچقا، نۇرغۇن ئىجابىي نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. ھالبۇكى، بۇنىڭ كەينىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان سەلبىي تەرەپلەرمۇ بارا ـ بارا ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى.

تارىخ بېتىنى ۋاراقلىساق، ئازادلىققىچە بولغان نۇرغۇن ئەسىرلەردە، بولۇپمۇ نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىق تۈزۈم، فېئودالىق ئەخلاق ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئايالللارنىڭ ئورنى بەكلا تۆۋەن ئىدى. ئايالللارنىڭ جەمئىيەتتە ھېچقانداق رولى يوق دەپ قارىلاتتى، ئايالللار ئىنتايىن پەس كۆرۈلەتتى. ئۇلار تارىختا خورلانغان، ئازابلانغان بولۇپ، چىدىغۇسىز كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقۇپ تۇراتتى. ئۇلار ھۆرلۈككە، ئازادلىققا ئىنتىلەتتىيۇ، يول تاپالمايتتى. مانا مۇشۇنداق پەيتتە نۇرغۇنلىغان زاتلىرىمىز ئايالللارنىڭ باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن زور تى-

دېمەك.

بۇ خىل زىددىيەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ ئاياللار ھەم ئىجتىمائىي خىزمەت، ھەم ئائىلە ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئېلىپ ئادەتلەنگەن ھەم كۆنگەن. ئاياللارنىڭ گۈزەل-لىكى، مېھرىبانلىقى، چىداملىقلىقى، «بىر قولىدا بۆشۈكنى، يەنە بىر قولىدا ئالەمنى تەۋرىتىشى» شۇنىڭدىن.

2. ئەرلىك خاراكتېرى ئاجىزلىشىۋاتىدۇ، دەپ قارايمەن ئۇيغۇرلار بۇرۇندىن ئەرلەرنىڭ ئورنى يۇقىرى مىللەت دەپ قارالغان. يىگىت خەلقىنىڭ تۇۋرۇكى دەپ قەدىمدىن تارتىپ ئۇلاردا بىر خىل كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكىللەنگەن. مەردلىك، باتۇرلۇق، گېپى گەپ بولۇش ئەڭ ئەقەللىي پەزىلەت ھېسابلىناتتى. «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن» ماقالىلى-رىدە ئەرلىك قەسەم، ئەقىدىنىڭ بۈيۈكلۈكى، بۇزۇلماسلىقى ئىخچام بېشارەتلەنگەن.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر شۇنداق چىرايلىق سېلىنغان بىر ئۆي-نىڭ تۇۋرۇكى ئۆرۈلۈپ چۈشسە، ئۇ ئۆينىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەر ئەنە شۇ تۇۋرۇككە ئوخشاي-دۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دېگەن:

ئەر شۇكى جىمىگە قۇدرەتلىك بولۇپ،
قىلالىسا ئىشنى ئۆزىدىن چىڭ تۇتۇپ.
ئۇندىنمۇ مەردانىرەك يىگىت سول ئىرۇر،
مىڭ ئارزۇ ئۆزى ئالسا نەپسىن توسۇپ.

ئەر بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى ئائىلىنىڭ ئاتىسى بولۇش سۈ-پىتى بىلەن شۇ مىللەت، شۇ ئائىلىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈ-

قاراشلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. ئاياللار ئايالدەك، ئەرلەر ئەردەك بولالمايۋاتىدۇ، دەپ قارايمەن.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئەر، ئەركەك، ئۇ ئاتا بولغۇچى. بىر ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، ئايال زاتىنىڭ يۆلەنچۈكى، پەرزەنتىنىڭ ھامىيسى. ئۇ ئائىلە باشلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. ھەتتا بالىنىڭ ئىسمى كەينىگە ئاتىنىڭ ئىسمىنىڭ ئېلىنىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئىپادىلەيدۇ.

دەرھەقىقەت، تاماق ئېتىش، كىر - قات يۇيۇش، ئۆي تازىلاش قاتارلىق ئائىلە ئىشلىرى ئەلمىساقتىن تارتىپ ئاياللار قىلىپ كېلىۋاتقان ئىش. بۇ ئاياللارنىڭ ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئائىلىدە قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە بەزى ئاياللىرىمىز ئەر - ئاياللار باراۋەر، بۇلارنىڭمۇ ھوقۇقى بولۇشى كېرەك دەپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان بولدى. بۇ يۈكنى ئەرلىرىمىز ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا باشلىدى. ئەر - ئاياللارنىڭ ئورنى ئالماشقىلى تۇردى. ئاياللار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئەرلەر قىلىدىغان، ئەرلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئاياللار قىلىدىغان بولدى.

ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى، دېگەنلىك ھەرگىزمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئائىلە ئىشلىرىدا بەسلىشىش ئەمەس. ئەگەر ئاياللار خىزمەتتىن سىرت، يەنە ئۆزىنىڭ ئازراق ۋاقتىنى ئائىلە ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ئەرلەرنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا مەدەت بەرسە ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك بولاتتى.

شۇنىڭغا كۆز يۇمالمايمىزكى، كەسكىن رىقابەت ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ يۈكى ھەقىقەتەن ئېغىر. بىراق، ئايال دېمەك دۇنيا دېمەك، ئايال دېمەك مىللەتنىڭ ئانىسى

گۆسىدىكى جىنايەتكە ئۇل سېلىشتۇر. بەزى ئاياللىرىمىز ئۆزد-
نى مۇشۇ جىنايەت يولىغا باشلاۋاتىدۇ. كىشىلەردىكى ئىن-
ساپ - دىيانەت، خەير - ساخاۋەت، جاسارەت، مۇھەببەت قاتار-
لىق مەنىۋى كۆرۈنۈشلەر دەل بالىلارنىڭ خاراكتېرىگە ئۆچمەس
ئىزلارنى قالدۇرىدىغان مەكتەپتۇر. دەل مۇشۇ خىل خاراكتېرنى
يېتىلدۈرۈش ئاتا - ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى. چۈنكى، ئاتا - ئانا
پەرزەنت ئۈچۈن تۇنجى ئوقۇتقۇچى. بىراق، يېڭى ئەسىردىكى،
يېڭى دەۋردىكى بەزى ئانىلىرىمىزچۇ؟ بالىلىرى ۋە ئۆي ئىشلى-
رى بىلەن كارى بولماي، نۇرغۇن ۋاقتىنى تۈگىمەس قاتار چاي،
تېتىقسىز كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزۈۋېتىپ بارىدۇ.

پەرزەنت — ئاتا - ئانىنىڭ قايتا دۇنياغا كەلگەن ئوبرازى،
مىللەتنىڭ كېلەچىكى، ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى بىر تارىخ بوغۇمى،
جاھان تارىخىنىڭ داۋامى. ئەنە شۇ كۆڭۈل ئېچىش قاينىمىغا
چۆكۈپ كەتكەن ئانىلىرىمىز كەلگۈسى ئىزباسارلىرىمىزدىن بول-
غان بالىلارغا يامان تەسىر بېرىۋاتىدۇ. بىر ئائىلىدە ئەگەر
ئانىنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى دۇرۇس بولمىسا، ئانىنىڭ سۆز -
ھەرىكىتى مەدەنىي بولمىسا، بالىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا يارام-
لىق ئادەم بولالىشى تولىمۇ قىيىن ياكى بۇ ھەقتە سۆز ئاچقىلى
بولمايدۇ. چۈنكى، پەرزەنت بالىلىق دەۋرىدىكى ئۆسۈپ يېتىلى-
شىدە ئانىنىڭ بىۋاسىتە ھەم ۋاسىتىلىك بېرىدىغان تەربىيىسى
تەسىرى زور بولىدۇ. ئاشۇ سەۋەبتىن بالىلار ھازىر ئاتا - ئانىسى-
دىن نېمىنى ئۆگىنىشنى بىلەلمەيۋاتىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا تەۋە بولغان بىر قىسىم
زىيالىي ئاياللار بولسا، كەسكىن رىقابەتتە ئۆزىنى پۈتۈنلەي
ئاتىۋەتكەنلىكتىن، بالىلارنى يېتەرلىك مېھرىدىن بەھرىمەن قى-
لالمايۋاتىدۇ.

4. ئائىلىدە دادىنىڭ ئورنى تۆۋەنلەۋاتىدۇ، دەپ قارايمەن.
ئاياللارنىڭ باشباشتاقلىق قىلىشى ھېچقانداق ئەيىب ھېساب-

چۈن ھەرىكەت قىلىشى، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى، ئۆزىنى شۇ ئىش ئۈچۈن ئاتىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەرلىك خاراكتېرىنى ساقلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك.

ھازىرقى جەمئىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن ئەرلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. بىرەر ئىشنى يۇلۇپ بىر باشقا ئاچىقالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى قەلەم ـ دەپتەر تونۇر بېشى، ئوچاق ئالدىدا كۆلگە ئايلاندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى نېگىزلىك سەۋەبلەرنىڭ بىرىسى يەنىلا بىز سۆزلەۋاتقان تېمىغا باغلىنىدۇ. نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ رەھىمسىز، پەرۋاسىز، بىر ئۆمۈر گومۇشلۇقتا ياشايدىغان، بىرەر ئىشنىمۇ باشقا ئاچىقالمايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇئەييەن دەرىجىدە جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشىنىڭ بۇزۇلغانلىقى، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ھالىتىدىكى ئەنئەنىۋى مىللىي خاسلىقنى ساقلاپ قالالماسلىقى، ھەقىقىي ئاياللىق خىسلەتكە، قىز ـ ئاياللىق ئىپپەت ھەم پەزىلەتكە باي ئاياللارغا جەمئىيەت تويۇنمىغانلىقتىن ياكى كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سالغانلىقتىن بولۇۋاتىدۇ. دۇنيا يارىلىشىدىلا ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەكتە بولۇپ ياشايدىغان ھالەتتە كۆز ئاچقان. ھازىرقى زۆرۈرىيەتسىز ئۇستۇنلۇك تالىشىش، بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىش، تولۇق ئىشەنچ بولماسلىق ناھايىتى تەبىئىيلا بىر تەرەپ خاراكتېرىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە تەڭپۇڭسىز، قانۇنىيەتسىز تەرەققىيات شەكلى.

3. بالىلار ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قايسى تەرەپتىن ھېس قىلىشنى بىلەلمەي قېلىۋاتىدۇ، دەپ قارايمەن.

«ئانا بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرەتسە، بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ». بالىلارنى مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇش كەل-

ئاياللارنىڭ توغرا ئاساستا ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇش ـ بول۔ماسلىقى، مىللەتنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە بېرىپ تاقىشىدۇ. ئاياللار پەقەت تولۇق ئاياللىق ئوبرازىنى تىكلەپ، ئاياللىق زو۔رورىيەت ۋە بۇرچلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىقلا، جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ، ئۆز ئېرىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەي۔دۇ.

ئاياللار — مۇتەككۇرلارنىڭ روھىي ۋە مەنىۋى ئانىسى. گەرچە ئاياللار ئۆزلىرى بىۋاسىتە كىتاب يازمىسىمۇ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلمىسىمۇ، ئەرلەرنى كىتاب يېزىشقا، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىشكە دەۋەت قىلالايدۇ ۋە مەدەت بېرەلەي۔دۇ. ھەرقانداق ئۇتۇق قازانغان بىر ئەرنىڭ ئارقىسىدا ئۇنىڭغا مەدەتكار ئايال بولىدۇ.

گەپنىڭ تۈگەللىسى: مەنىۋى مۇكەممەللىك پەزىلەت دەر۔جىسىگە يەتكەن ھەربىر ھۆرمەتكە سازاۋەر قىز ـ ئاياللىرىمىزلا ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ ئەگرى ـ توقاي، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ئاشۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى خانىم ـ قىزلىرى۔مىز ياخشىراق ئويلىنىشىپ بېقىشىمىز كېرەك. يېڭى دەۋردە يېڭىچە بۇرچ ۋە پارلاق ئىستىقبال بىزنى تەشنالىق، تەقەززالىق بىلەن چاقىرماقتا...

2004 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى

لانمايدىغان بولۇپ قالدى.

تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەرلەرگە ۋاپادار، كۆيۈمچان بولۇش، ئۆز پەرزەنتلىرىگە ھەقىقىي ئانىلىق مېھىر يەتكۈزۈش بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان — ئانا سۈپىتىدە ياشاپ كەلگەندى ۋە نۇرغۇن ئوت يۈرەك ئوغلانلار دەل مۇشۇ ئانىلاردىن تۇغۇلغانىدى. جەمئىيىتىمىزدە بۇ خىل ئۇلۇغلۇقنى ساقلاپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئاياللىرىمىز بار، بىراق، بەزى ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكنى بۇرمىلىۋەتكەن، ئاياللىرىمىزدا بۇ خىل خاراكتېرنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئاياللار ئائىلىدە خوجايىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئەرلەرنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ. ئاشۇ تۈگمەس قاتار چاي، سورۇنلاردىن يېرىم كېچىلەردە كېلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. قانداقتۇر، ھەرقانداق ئىش قىلىش بىزنىڭ ئەركىنلىكىمىز، نېمە ئىش قىلساق ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. كىمكى ئىشىمىزغا ئارىلاشسا ھوقۇقىمىزغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ، دېگەن پەتۋانى چىقىرىۋېلىپ ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەۋاتىدۇ.

تارىختا ئەخلاق - پەزىلەتلىك، شىجائەتلىك، ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئىشلىيەلەيدىغان ۋە ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىنى تەرغىب قىلىدىغان ئۇلۇغ ئاياللىرىمىز كۆپ ئۆتكەن. مەسىلەن، ئايخان، تۇمارىس، ئىپارخان، نۇزۇگۇم، ئامانىسساخان قاتارلىقلار. ئەجەبا ھازىرغا كەلگەندە بىزدىنمۇ شۇنداق گۈزەل تارىخ ياراتقۇچىلىرى چىقماسمۇ؟ ئەلۋەتتە چىقىدۇ. مەسىلەن، ماھىنۇر قاسىمدەك ئانىلىرىمىز خېلىلا كۆپ.

ئەرلەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە مەنىۋى كۈچى پەقەت ئاياللارنىڭ ئەخلاق پاكلىقى ۋە زېھنىي تەربىيىلىنىشى ئىچىدىلا ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەت ۋە مەدەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

دېمەك، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ئىنتايىن مۇھىم.

نىش، ئەلەملىك تېپىرلاشلارغا تولغان مۇسىبەت تۇيغۇسى قاپلىغان، ھەممىنىڭ كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن. بۇ كۈنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېتۈك ئالىمى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۆھپىكار باغۋىنى، مول ھوسۇللۇق پروفېسسورى، تالانتلىق ئەدىب مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىق، ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى. سورۇن ئەھلى سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان مەرھۇمنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىگە قاراپ ئۈنسىز ئېسەدىمەكتە. چۈنكى، ئاۋام خەلق بىر ئۆمۈر ئۆزى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئىزدەنگەن، ياشلىق باھارىنى، زېھنىي قۇۋۋىتىنى، ئۆمۈر ھېكمەتلىرىنى ئۆز خەلقىگە بېغىشلىغان مەرپەتپەرۋەر ئوغلانى ئۈچۈن ئىنتىزارلىق ۋە ئۆكۈنۈش ياشلىرىنى تۆكمەي تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە. قەلبىم نېمىلەرگىدۇر ئىنتىلەتتى. كۆزلىرىم رەت - رەت بولۇپ ئولتۇرغان كىشىلەر توپىدىن ئۇنىڭ تونۇش چىرايىنى ئىزدەيتتى. نەلەرگىدۇر تىكىلەتتى. كۆزلىرىم مېنى ئالداۋاتىدۇ، مانا يۈرىكىم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ. بىر ئۆمۈر ھاياتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە روھىيىتىگە بېغىشلىغان بۇ «ئاددىي ئىنسان» نىڭ كۆز يۇمغىنىغا توپتوغرا 10 يىل بوپتۇ. ھېلى ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى بادام دوپپا كىيگەن ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە خاس تۇرقى كۆز ئالدىمغا كەلسە، جاپالىق يىللاردىكى ئىش ئۈستىدە ئولتۇرغان خىيالچان تۇرقى ئايان بولاتتى. ھېلى تارىم ۋادىسىدا پىيادە كېتىۋاتقان قامەتلىك ھالىتى كۆز ئالدىمغا كەلسە، ھېلى كېسەل كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ «ئىزگۈلۈك مەلىكىسى» نى يېزىۋاتقان قىياپىتى زاھىر بولاتتى. نەملەشكەن كۆزلىرىمنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىماقچى بولدۇم. لېكىن، قېلىن بىر قەۋەت ياش پەردىسى داۋالغۇپ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدىم. خىيال قۇشۇم يىراق ئۆتمۈشكە قاراپ پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى ...

# قۇياشقا تۇتاشقان يوللار

## (دوكلات ئەدەبىياتى)

قەمبەرنىسا ئەبەيدۇللا، بۇۋى مەريەم مۇھەممەت
ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

قايتىدىن كۇلدى باھار، شادلىق سۆيۈپ يايراپ كۆڭۈل،
ھەر يۈرەكنىڭ خەندانىدا سايرايدۇ بىر بۇلبۇل گويا.
ئالدىمىزدا چوڭ چېلىش، چۇشتۇق سەپەرگە ئاتلىنىپ،
جىلۋە قىلغاچ ئەتىمىز پەرھادقا شېرىندەك يانا.

شېئىر ئېخى ئاخىرلاشماستىنلا زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. كۆپچىلىك ھاياجىنىنى ۋە سېغىنىش ھېسسىياتىنى پەقەت ۋە پەقەت قىزغىن چاۋاك ئارقىلىقلا ئىپادىلىيەلەيتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا دەستە ـ دەستە گۈللەرنى سوۋغا قىلىشقا، تەبرىكلەپ تون كىيگۈزۈشكە، چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قۇچاقلاشقا مۇمكىن بولمايتتى. ئارقىدىنلا دەريانىڭ شىددەتلىك دولقۇنلاشلىرىنى ئەسلىتىدىغان ئاۋازلار بېسىقىپ، ئورنىنى چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەن ئېغىر تىنىقلار ئىگىلىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆركەم پائالىيەت زالى ھەر ساھەدىكى ئالىم، پروفېسسور، مۇتەخەسسىسلەر، يازغۇچى ـ شائىرلار، ئاخبارات خادىملىرى، بىلىملىك زاتلار ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولغان. جىمجىت زال، مەيۈس قاراشلار، كىرپىكلەرگە ئېسىلىپ قالغان تامچىلار ... ھەربىر قەلبنى كۈچلۈك ھاياجان، ئوتلۇق سېغىن-

شىڭ شىسەيىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، ئۇ-
نىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى قانخور جاللاتنىڭ رەزىل
سىياسىتى، پەتىۋالىرى ئارقىسىدا بىگۇناھ قارىلىنىپ، زىياد-
كەشلىككە ئۇچرىغان، ئەتىكى گۈزەل تاڭنى كۈتۈۋېلىش ئۇچۇن
مەردانە يول ئاچقان مۆھتەرەم يول باشچىلىرىمىز قاتارىدا ناھەق
قولغا ئېلىنىدى. ئۇ يالغۇز ئانىسى بىلەن دەسلەپ «خوتەن مەس-
چىتى» يېنىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، كېيىن بۇلاقبېشى مە-
ھەللىسىدىكى ھازىرقى 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇدى. قەي-
سەر ئايال، مېھرىبان ئانا ھەمرا خانىم ئاشۇ قىيىنچىلىق كۈن-
لەردە تىككۈچىلىك قىلىپ ئائىلىسىنى قامدىدى. ئابدۇشۇكۇر
كىچىكىدىن تارتىپلا ئاددىي - ساددا خەلقچىل بالا بولۇپ ئۆس-
تى. ھەتتا ئانىسى ھەمراخانىم ئۇنىڭغا ھېيتتا يېڭى كىيىم
ئېلىپ بەرگەندە «دوستلىرىم ھېيتلىق كىيىم كىيمىگەن تۇر-
سا، مەن يېڭى كىيسەم، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولما-
دۇ» دەپ كىيگىلى ئۇنىمىغان.

1944 - يىلى مۇھەممەتئىمىن ئاكا خاتا قويۇپ بېرىلگەن-
دىن كېيىن ئۇلار بارلىق ئۆي بىساتىنى سېتىپ بىر ئات ھارۋى-
سىنى كىرا قىلىپ كېچىلەپ ئانا يۇرتى قەشقەرگە قاراپ يول
ئالدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى - قەشقەر يولى يۇرت ئارىلاپ
ماڭىدىغان ئاۋات يول بولغاچقا بۇ قېتىمقى سەپەردە گۆدەك
ئابدۇشۇكۇر ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىي ئىجتىمائىي ھاياتى «قەدى-
مىي يىپەك يولى مەدەنىيىتى» نى قۇچاقلاپ ياتقان تارىم ۋادىسى-
نىڭ بىپايان چۆل بوستانلىقلىرى، ئاشۇ بوستانلىقلارنى بەرپا
قىلغان مېھنەتكەش جۇپ - جۇپ قوللارنىڭ مىللىي ئىگىلىكى،
ئىجتىمائىي تۇرمۇشى مىللىي مەدەنىيىتى ۋە روھىي دۇنياسىنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ۋە كۆزىتىپ سەپەر تەسىراتلىرى ئاسا-
سىدا خاتىرە قالدۇردى. ئەمما، ئەمدىلا ئانا يۇرتىنىڭ مۇقەددەس

ئىنساننىڭ «ئىڭە» لەپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشى ئۇنىڭ يېڭى ھاياتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، ئاخىرقى قېتىم كۆز يۇمۇشى ئۇنىڭ ھاياتلىق سەھنىسىدىن خوشلاشقىنىمۇ؟ ياق! ئۆلۈمنىڭ ئېلىپ كېتىدىغىنى پەقەتلا تەن، ئۇ جىسىمدۇر خالاس. روھ ھامان ئۇنىڭ قەدەم ئىزلىرى قالغان بۇ تۇپراقتا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. ھايات ئۇ ھاياتنىڭ چىن مەنىسى. ھاياتقا بولغان چىن ئەقىدىسى بىلەن ياشىغان مەردانە كىشىلەر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك پائالىيەت سورۇنى. ئىرادىلىك كىشىلەرلا ئەنە شۇ قىيان باغرىدا تۇرمۇشنىڭ شىددەتلىك قايناملىرىدىن مەردانە ئۈزۈپ گۈزەل ئەتىنى يارىتىدۇ.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1933 - يىلى 28 - سېنتەبىر ئاتۇش شەھىرىنىڭ مەشھەدكە يېقىن باغئېرىق كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئاكا «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» نىڭ ئالدى - كەينىدە قاراقول، تاشكەنتلەردە ئوقۇغان. ئانىسى ھەمراخانىم يېڭى زامان تەربىيىسىنى ئالغان ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. مانا مۇشۇنداق بىر ئائىلە ئۇنىڭ قەلبىدە گۆدەك چېغىدىلا تىز پۈكمەس ئىرادە، ئىلىم - مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى بىخلاندۇردى. 1935 - يىلى ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن ئابدۇشۈكۈر ئەينى ۋاقىتتا قۇترىغان تەتۈر قۇيۇنلارنىڭ قانلىق كۈرەشلىرى ئارقىسىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئەزىز تۇپراقتىن ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىقتىكى ھايات مۇساپىسىنى باشلايدۇ. ئۇلار دەسلەپ ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىقىپ غۇلجا، چۆچەك شەھەرلىرىدە بىر مەزگىل ياشىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1940 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدى. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ جاللات

ۋەتىلىپ پەلسەپە پەنلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ ئاشۇ يىللاردا شىنجاڭدىن چىققان تۇنجى ئۇيغۇر ئاسپىرانت ئىدى. ئۇ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا خەنزۇ تىلى ئاساسى ياخشى بولغاچقا خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلاش، ئۇلار بىلەن ئەركىن پىكىر ئالماشتۇرۇش، خەنزۇچە كىتاب - ماتېرىياللارنى كۆرۈش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئادەتتىكى ئىش ئىدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ ئۆزىنىڭ يۇكسەك تىرىشچانلىقى بىلەن خەنزۇ ساۋاقداشلىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە يېتەكچى مۇئەللىمى جاڭ شۇەن ئەپەندى ئۇنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنى باھالىغاندا رەسمىي ئىمتىھان ئالمايلا ئۇنىڭغا ئەڭ يۇقىرى نومۇر قويۇپ قويغان. ئۇ بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئىلھاملىنىپ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش جەريانىدا ماركسىزمچە پەلسەپە ۋە كلاسسىك پەلسەپىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇر پەلسەپە سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس ھازىرلىدى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملىغاندىن كېيىن، ئانا مەكتىپى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا كېلىپ ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، يۇكسەك ئىرادە، تەۋرەنمەس ئىزدىنىش روھى بىلەن ئىشلىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان دەسلەپكى يىللاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە تارىخى، جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى، ئۆسۈملۈكلەر فىزىئولوگىيەسى، ئۆسۈملۈكلەر پاتالوگىيىسى، تىلشۇناسلىق قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى. ئۇ يەنە ماركسىزم كافېدراسىدا سىياسەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ تارىخىي ماتېرىيالىزم، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى، ماركسىزم ئاساسلىرى، پەلسەپە قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈش بىلەن بىرگە يەنە يۇقىرىقى دەرسلەرنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى كەمچىل بولغانلىقتىن، كېچىنى كۈندۈزگە

تۇپرىقىغا قەدەم قويغان، ئون يىللىق يۇرت جۇدالىقىدا ئېزىلگەن
قەلبلەرگە يەنىلا خاتىرجەملىك نېسىپ بولمىدى. ئۇلار قەشقەر-
گە كەلگەن كۇنىنىڭ ئەتىسىلا دادىسى قانخور جاللاتنىڭ غالچىلى-
رى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. ئازابلىق كۇنلەر يەنە باشلاندى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ مۇدەر-
رىسى دوك قارى هاجىمدىن دىنىي تەربىيە ئالدى. 1950 -
يىلىغىچە نەزەرباغدىكى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ
سىنىپىدا تۆت يىل ئوقۇدى.
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان چېغى-
دىلا ئىلغار ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا 1949 - يىلى
قەشقەر شەھىرىدە كۆتۈرۈلگەن زۇلۇمغا قارشى ياشلار ھەرىكىتى-
گە قاتناشتى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئۆگىنىشكە، بىلىم ئىگى-
لەشكە ھېرىسمەن بولۇپ، ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى، زېھ-
نىي قابىلىيىتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئىزچىل تۇردە ياخشى
ئوقۇپ ساۋاقداشلىرى ۋە ئۇستازلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر ھۆرمەت
ۋە ئالقىشقا سازاۋەر بولغان. 1950 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ
بويىچە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى ۋەكىلى سۇپىتىدە غەربىي
شىمال ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ بېيجىڭ، شاڭخەي،
تيەنجىن قاتارلىق شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بول-
دى. شۇ يىلى كۇزدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىئوخىمىيە
فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى. ئۆگىنىش نەتىجىسى باش-
تىن - ئاخىر ياخشى بولغاچقا، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن
مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. نەتىجە ھامان
ئۇلۇغۋار غايىنى كۆزلەپ، ئىلىم تۇلپارىغا مىنىپ، ئۇزلۇكسىز
ئىزدەنگۇچىلەرگە مەنسۇپتۇر.
ئۇ 1953 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە شىئەن غەربىي
شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتلىق بۆلۇمىگە ئوقۇشقا ئە-

قاراشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىلىرى بايان قىلىنغان بۇ ئىلمىي ماقالىسى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «قۇتادغۇبىلىك ۋە تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ تونۇلدى.

1973 - يىلى ئالىم دۇنيادىكى يېگانە سىردىشى ئانىسىنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ چەكسىز ئازاب ئىچىگە غەرق بولدى. مانا مۇشۇنداق ئازابلىق كۈنلەردە ئۇنىڭ تۇنجى سۆيگۈنى، مېھرىبان ئايالى رەنا خانىم يولدىشى تۆپەيلى كېلىۋاتقان ھەر خىل بېسىملار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ۋاپادارلىقنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا ئۆزى تاللىغان كەسپى، لاچىن كەبى پەرۋاز قىلىدىغان ئۇسسۇل سەھنىسىدىن ئايرىلىپ، ئۆز كەسپىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بىر تەرەپتىن، پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىگەچ مەرھۇمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئەسەر يېزىش، توپلاش، رەتلەش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەملەشتى. مەرھۇم تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئايالىغا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەي: «رەنا، سىز كۆپ جاپا چەكتىڭىز، مەن سىزگە قەرزدار» دېدى.

ئازاب كىشىگە بىلىم ئۆگەتكۈچى ئۇستاز ئىكەن. تراگېدىيە بولمىغان تۇرمۇش نەقەدەر ئاددىي ھەم مەنىسىز بولىدۇ - ھە! ئادەمگە ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىنكى دىدار كۆرۈشۈش، تەشنالىقتىن كېيىنكى ئۇسسۇزلۇق، ئازاب دېڭىزىدىن سۇزۇۋالغان خۇشاللىق تامچىسىلا ھەقىقىي بەختنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىكەن. ياشاپ كەت، سۇبھى دەمدىكى ئازابلار! چۈنكى سەن خۇشاللىقنىڭ تاڭ ئالدىدىكى كۆز يېشى ئەمەسمۇ؟!

كېچە ھەرقانچە ئۇزۇن ھەم قاراڭغۇ بولسىمۇ ھامان تاڭ ئاتىدىكەن. 1979 - يىلى ئالىمنىڭ ھاياتىدىكى 2 - تۇغۇلۇش

ئۇلاپ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ باستۇردى. بۇ چاغدا ئۇ
ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن بولۇپ «ياش ماركس» دەپ ئاتالدى.
ۋەزىپە ئېغىر، دەرس مىقدارى كۆپ بولسىمۇ، قىلچە چارچاش
ھېس قىلماي، ئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىي كۈچىنى ياش ئەۋلادلار-
غا، بور تـوزانلىق دەرس مۇنبىرىگە بېغىشلىدى. «1944 ـ
1949 ـ يىللاردىكى خەلق ئىنقىلابى» دېگەن كىتابنى يېزىپ
تاماملىغان (مىجىت قاسىم، مۇزەپپەر ئەزىزىلەر بىلەن بىرلى-
شىپ يازغان)، ئەمما شۇ يىللاردا جۇڭگو مىقياسىدا ئېلىپ
بېرىلغان «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» نىڭ تەسىرىدە بۇ قىممە-
تلىك تارىخىي مىراسلار بېسىلىپ قالغان ھەمدە ئۇ «ئوڭغا
مايىل» دەپ قارىلانغان. خەلقىئالەم ئالدىدا سازايى قىلىنغان،
ھەتتا سۆيگەن قىزى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى سەنئەت فاكۇلتېتى
ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى رەنا مەخسۇتمۇ بۇ تۆھمەتتىن خالىي
بولالمىغان.

1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا كۆچۈپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ
بىللە ئېلىپ كېتىش مەقسىتىدە بارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ
بولغاندا، ئۇ: «مەن قەيەردە يېقىلغان بولسام، شۇ يەردە دەس
تۇرىمەن. خەلقىم هامان مېنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ماڭا قارا
قىسمەتنى بەرگەن تەقدىر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ماڭا شان ـ شەرەپ-
نىمۇ بېرەلەيدۇ» دېگەن ھەمدە ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى ھەم-
مىدىن ئېشىپ چۈشۈپ كېتىشكە قوشۇلمىغان.

ئالىمنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە قويغان تۇنجى قەدىمى
«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى»
دېگەن ماقالىسىدىن باشلانغان. 23 ياشلىق مۇئەللىپنىڭ مەدەنى-
يەت تارىخىمىزدىكى مۆتىۋەر ئەدىبلىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ
بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ياشىغان دەۋرى توغرىسىدىكى كۆز-

كەڭ دائىرىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە ئىدى. ئۇ پەقەت مەخسۇس كۇرس ۋە ئاساسىي كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئاسپىرانت، دوتسېنتلارغىمۇ دەرس بېرەتتى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق پائالىيىتى يالغۇز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى تەكلىپ بويىچە قەشقەر، ئاتۇش، قاراماي، تۇرپان، قۇمۇل، بېيجىڭ، كۇنمىڭ، خەينەنداۋ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى ۋە ئىلمىي دوكلات بەردى، ھەتتا ياپونىيىنىڭ توكيو، كيوتو شەھەرلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.

ئېگىز قاشتىن تۇغۇلغان روھ سەگەك بولىدۇ. ئالىم ھايات چېغىدا ۋاقىتنى تولىمۇ قەدىرلەيتتى. مەرھۇمنىڭ ئايالى رەنا خانىم مۇنداق دېدى: «توي قىلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم سىرتقا چىققان چېغىمدا مەن بازار ئايلانغۇچە ئۇ كۇتۇپخانىغا كىرىپ كىتاب ئوقۇغاچ مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بازار ئەمەس بەلكى كۇتۇپخانىغا بىللە بارىدىغان بولدۇم». شۇنداق كىتاب ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىردىنبىر سىردىشى، ئۇستازى ھەم يېقىن دوستى.

«كىتاب ئۆز ئاشىقىغا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر بەخش ئېتىدۇ. كىتاب مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرياسى ۋە مەنىۋى قىياپەت مەكتىپى، كىتاب — لوقمان ھېكىم، كىتاب — رۇستەم پالۋان. كىتاب — بەخت قۇشى ئەنقا، بۇ ئاددىي تەسۋىر ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت. كىتاب ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۆلمەس روھى، ئۇلۇغ تارىخىي سىيمالارنىڭ ھەقىقەت يالقۇنلىرىنى تىرىكلىك دەرگاھىدا مەڭگۈ يېلىنجىتىپ تۇرىدىغان مۇقەددەس ئوچاق. ئەگەر كىتاب بولمىغان بولسا دۇنيانى مىڭلىغان قۇياشمۇ جاھالەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى». مانا بۇ ئالىمنىڭ كىتاب

بولدى. باهار قوياشىنىڭ ئىللىق ئاپتىپى زېمىندا ئۇششۇك تەگ-
كەن ياپراقلارغا قايتىدىن ھاياتلىق بېغىشلىدى. ئۇنىڭ خەلق
ئۈچۈن ئۆرتەنگەن قەلبى مۇھەببەتتىن قايتا تۆرەلدى. ئوقۇتۇش
مۇنبىرىدىن 20 يىل ئايرىۋېتىلگەن بۇ ئالىم 45 ياشقا تولغاندا
ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە قايتا چىقىپ دەرس ئۆتۈش، ئىلمىي تەتقى-
قات، بەدىئىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىش
بەختىگە مۇيەسسەر بولدى. جامائەت ئەربابى ئەخمەتجان قاسىمى
ئېيتقاندەك: «ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى، بار-
لىق كەسىپ ئەھلىلىرى، جۈملىدىن دىل تارىمىزنى تىترەتكەن
يازغۇچى - شائىرلارمۇ، ساغلام ھاياتنىڭ كاپالەتچىسى ئاق
خالاتلىق پەرىشتىلەرمۇ، روھىيەت ئىشىكىنى چەككەن پەيلاسوپ
مۇتەپەككۇرلارمۇ، ئىلىم - پەن تىلسىملىرىنى يەشكۈچى ئالىم-
لارمۇ، تارىخنىڭ سادىق خاتىرىلىگۈچى ھەقىقەت تېۋىشلىرىنىڭ
ئادىل جاكارچىسى مۇخبىرلارمۇ، سىياسىيون، قوماندان، دۆ-
لەت ئەربابلىرىمۇ ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر». ئو-
قۇتقۇچى — قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتقۇچى، زىمىستانغا نەۋباھار
ئېلىپ كەلگۈچى، ئىجادىيەتنىڭ ئەلچىسى. دەرس مۇنبىرى ئۇ-
نىڭ سەلتەنەت سۇپىسى، ئۇنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقى ئۈمىد
بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇرغان جۇپ - جۇپ كۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ
قولىغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى.

دەرۋەقە شۇنداق. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئوقۇتۇش-
نىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى
بىلەن سانسىزلىغان دىللارغا مەرىپەت نۇرىنى چاچقانىدى. دەرس
مۇنبىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس تۆر ھەم ماھارەت كۆرسىتىش
سەھنىسى. ئۇ بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ھازىرلاشقا تې-
گىشلىك ئەڭ زۆرۈر بىلىملەرنى ئىگىلىگەندىن تاشقىرى مەيلى
تەبىئىي پەن ياكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە ئائىت بولسۇن،

تولىمۇ ئەپسۇس! كونىلارنىڭ «ياخشىغا كۆن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېگىنى راست بولسا كېرەك. مەرھۇم ئالىمىمىز، مەردپەتپەرۋەر ئوغلانىمىز، مىننەتسىز تەتقىقاتچىمىز، ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان ئاجايىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ئوغلانىمىز مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە جىمجىملا كېتىپ قالدى. مەرىپەت ئاسمىنىدىكى بىر نۇرلۇق يۇلتۇز ۋاقىتسىز ئۆچتى. ئەجەل دېگەن شۇنداق بولامدىغاندۇ، «شاھنىڭ تاجىسىغا، گادايىنىڭ نالىسىگە قارىماي ئېلىپ كېتىدىكەن». 1996 - يىلى 27 - فېۋرال ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 5 تىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچى شەھەرلىك «دوستلۇق دوختۇرخانىسى» جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە بۇ گىگانت ئالىمىمىز زىققا كېسىلى قوزغىلىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي «ئۆزىنى چۈشەنمىگەن» بۇ دۇنيادىن ئەبەدىيلىك خوشلاشتى. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 62 ياشتا ئىدىغۇ؟ ئەزرائىلنىڭ كۆزى يوقمىدۇ؟

بىر ئوتلۇق يۈرەك سوقۇشتىن توختىدى. بىز بىر ئاتاقلىق ئالىمىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ھارماس تەتقىقاتچىمىزدىن، مول ھوسۇللۇق ئەدىبتىن، ئۆتكۈر پىكىرلىك پەيلاسوپتىن، بىز ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلىگەن پىداكار ئوغلاندىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئۇ شۇنچىلىك ئۈن - تىنسىز ھەم ئاستاغىنا كەتتى؛ بارلىق ئازابلىرىنى، ئىچكى سەرسانچىلىقلىرىنى تەنھا قەلبىگە يۈكلەپ كەتتى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ قۇرىماس بۇلاقتەك نۇرانە تەپەككۇرىنى، تېخى يېزىشقا ئۈلگۈرمىگەن قەلب سۆزلىرىنى، يېشىلمىگەن سىرلىرىنى، مىللەت ئۈچۈن يانغان، كۆيۈپ پۇچىلانغان ئوتلۇق يۈرىكىنى ئېلىپ جىمجىتلا كەتتى. لېكىن، ئۇ بىزگە بىر ئۆمۈر ئىزدىنىشىمىز ئۈچۈن تېپىلماس ئىجادكارلىق روھىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ھەققىدىكى كۆزقارىشى ۋە باھاسى ئىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى كىتاب - ژۇرنال ۋاراقلاش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ قىزىقىش دائىرىسى مول بولۇپ ئالىي مەكتەپتە بىئولوگىيە، خىمىيە پەنلىرىگە دائىر بىلىملەرنى ئوقۇغان بولسىمۇ، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تېخى ئېچىلمىغان سىرلىرىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە قارىتىپ پەلسەپە، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، مەدەنىيەت، تارىخ، ئەدەبىيات، ئېتىكا، ئېستېتىكا، سەنئەت، دىن، تىل، مىللەت، فولكلور، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى ۋە بۇ ھەقتە ئىزدەندى. ھەتتا تېبابەتچىلىك ئىلمىنىمۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلمىدى. ئۇ تېخى شېئىرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ «يازغان شېئىرلىرىمنىڭ $\frac{1}{10}$ ى ئېلان قىلىندى، ...» دېگەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت كىتاب ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى رۇس تىلىدا يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر كىتابلار قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان بولغاچقا ئۇ بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن بۇ تىل-يېزىقلارنى پىششىق ئۆگەندى. ئۇ ئەنە شۇنداق پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادىسى، ئاقىلانە تەپەككۇرى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن سانسىزلىغان كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، بېرىلىپ ئۆگىنىپ ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇردى. كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تەپەككۇر دېڭىزىدا مەردانە ئۈزۈپ، دېڭىز ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان. جۇلالىسىنى يوقاتقان جاۋاھىرلارنى، باشقىلار بايقىيالمىغان پەلسەپە جەۋھەرلىرىنى، ئەدەبىيات - سەنئەت دۇردانىلىرىنى قىرغاقتا سۈزۈپ چىقىپ ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتتى.

تارىخ سەھنىسىدە چاقنىشى ...

1993 - يىلى مەرھۇم ئالىم جاپالىق ھاياتىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك جۈپتى، باشتىن - ئاخىر جاپا - مۇشەققەتتە بىرگە بولغان ھۆرمەتلىك خانىمى، مېھرىبان ئايالى رەنا مەخسۇتقا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئىككىسىنىڭ ئاپتورلۇق ھەققىنى ئىشلىتىپ ۋە خالىسانە ياردەم پۇلى توپلاپ «رەنا مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئىلھاملاندۇرۇش مۇكاپات فوندى جەمئىيىتى» قۇرماقچى بولغان. بۇ فوندى جەمئىيەتنىڭ مەقسىتى: «قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيەت يولىنىڭ قايتا ئېچىلىش، شەرق - غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ قايتا ئۇچرىشىشى بىلەن باشلانغان يېڭى تارىخي ئىرادە. تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك يەرلىك مىللەت ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان خەلقلەرنىڭ مىللىي مائارىپى، تېبابەتچىلىكى، پەن - مەدەنىيەت ھالىتىنى راۋاجلىنىۋاتقان ۋە راۋاجلانغان مىللەتلەر بىلەن تەڭ راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش» تىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتىكى بىتاقەت چۈشەنچە، تەخىرسىز تۇيغۇ، پىداكار روھ ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ئۇشبۇ مۇكاپات فوندىنى قۇرۇشقا نىيەت بېغىشلىغان. ئەسلىدە بۇ فوندى جەمئىيەت خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇن يىللاپ مىللىي مائارىپ، تېبابەتچىلىك، پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ھالال ئەجىر سىڭدۈرگەن ئالاھىدە تۆھپىكارلارنى تاللاپ بېكىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنى مۇكاپاتلاپ ئىلھاملاندۇرۇپ پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتچانلىقىنى ئويغىتىش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغان. مەنىۋى ئاڭنى، مەنىۋى روھنى ئويغىتىش، ئىلھاملاندۇرۇش ھەرىكىتى ئىدى. ئەپسۇس، نامرات تۇپراقتا ئۆسكەن بۇ ئىزگۈ گۈلى ئەمدى ئېچىلاي دەپ تۇرۇشىغا مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئارمانغا

توغۇلۇش، ياشاش ئۇ ھەممىگە ئورتاق،
ۋە لېكىن قىممىتى ئوخشىماس بىراق.
زەپ گۈزەل بۇ ھايات مېغىزىنى چاقسالڭ،
بولۇپ پەن ـ بىلىمگە شەيدانە پىراق.

ھاياتنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن سوۋغىسى ئوخشىمايدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆز قەدىمى. ئۆز قەلىمى بىلەن ھاياتلىق خاتىرىسىنى يازىدۇ. بەزىلەرنىڭ، ھاياتلىق خاتىرىسى ئاپئاق، ئۇنىڭغا دەۋرنىڭ ئەھمىيەتسىز، ھەسرەت تامغىلىرى ئورۇلغان بولسا، يەنە بەزىلەرنىڭ، ھاياتلىق خاتىرىسى خۇش پۇراق گۈللەرگە، ساپ ھەم سەمىمىي ئەسلىمىلەرگە، شانلىق ئىزلارغا تولغان بولىدۇ. ئۇ ئۇچقۇر قەلىمىنى ۋىجدان سىياھىغا چىلاپ گۈزەللىك ۋە سەمىمىيەت بىلەن يوغۇرۇلغان ھاياتلىق خاتىرىسىنىڭ ھەربىر بېتىنى تەپەككۇر ئۇنچىلىرى، ھەقىقەت تېۋىشلىرى، رەڭگارەڭ نەقىش ۋە گۈزەل سىزىقچىلار بىلەن بېزىدى. خەلقىمىزنىڭ روھىيەت دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ نازۇك دىل تېۋىشلىرىغا قولاق سېلىپ باشقىلار تاپالمىغان ئۇنچىلەرنى، جاۋاھىرلارنى سۈزۈپ چىقىپ، چىنلىق بىلەن قوپۇرۇلغان «روھىيەت ھەيكىلى»نى تىكلىدى.

ئۇنىڭ ھاياتى چىن ھايات. جەڭگىۋارلىققا تولغان شانلىق ھايات. توختىماس قەدەملەر بىلەن بېسىلغان ئۇلۇغۋار ھايات. ئۇنىڭ يۈرىكى، ئىنسانىيەتكە بولغان چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەتتىن تۈرەلگەن، كۆڭۈلسىز قىسمەتلەردىن پۇچىلانغان يۈرەك؛ يورۇقلۇققا تەلپۈنۈپ، ئەل بەختىنى تىلىگەن. ئەل ئۈچۈن كۆيگەن ئاتەش يۈرەك. ئۇنىڭ ھاياتى ھەقىقىي بىر تالانت ئىگىسىنىڭ ھاياتى، تۆھپىكار باغۋەننىڭ ھاياتى، بىر ئۆلمەس روھنىڭ

ناھەق رىيازەت مېنىڭ مۇشۇ ئۆمۈر مۇھىتىمدا ئېرىشەلىشىم مۇمكىن بولغان ۋە مېنى قەھۋەخانىغا ئەمەس، تەپەككۇر خىلۋەت-گاھىغا باشلاپ بارىدىغان نوبېل مۇكاپاتىم ۋە ئوسكار مۇكاپاتىم بولدى! ». «مېنىڭچە يېپەك يولى خارابلاشقانلىق، بېكىنمە ئىگىلىك، گادايلىق ۋە نادانلىق تۈپەيلى ھاسىل بولغان مەنىۋى ئىللەت خەلقىمىزدىكى پۈتكۈل ئاجىزلىق، ئوڭۇشسىزلىق ۋە كېلىشمەسلىكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. قېلىن تارىخىي چۆكمە ھاسىل قىلغان مېنىڭ، سېنىڭ، ئۇنىڭ، ھەتتا ئاتا - ئانام، يېتەكچىم، قەلەمكەش ئۇستازىم، ساھىبجامال دىلبىرىمنىڭ روھىيىتىدىن ئۇلارنىڭ ئۇماق پەرزەنتلىرىنىڭ روھىيىتىگە «مايلىق قۇرت» دەك ئۆمىلەپ ئۆتۈپ تۇرغان بۇ ئىللەتنى كۆر-مەسلىك ماھىيەتتە ئۆز خەلقىگە قىلىنغان ۋاپاسىزلىق ئەمەسمۇ؟ ! ». بىز بۇ قۇرلاردىن ئەل سۆيگەن ئوغلانىنىڭ نەۋبا-ھارغا بولغان ئىنتىلىشلىرىنى، ئازابلىق تېپىرلاشلىرىنى، قەلب سادالىرىنى ۋە قىقاس - چۇقانلىرىنى ئاڭلىيالايمىز. تۆھ-مەت قۇربانىغا ئايلانغان ئاپئاق خەستە يۈرىكىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ روھىيەت قۇرۇلمىمىزدىكى سۇزۇك ئەينەك ئىدى. بىز ئۇ-نىڭدىن ئۆزىمىزنى كۆرەتتۇق. مەنىۋى يېتىشسىزلىكىمىزنى سېزەلەيتتۇق. ئۇ ئەينەكتە بەخت - سائادەتنىڭ، نۇسرىتى كاما-لەتنىڭ، يالقۇنلۇق ھاياتنىڭ ئۈمىد شولىلىرى ئەكس ئېتەتتى.

قېنى، ماددىي قىزغىنلىق ئىچىدە مەست بولۇپ خۇدىنى يوقاتقان، پۇل دېسە مەندە بار دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ سورۇننى بىر ئالىدىغان بايۋەچچە ئاكىلار، ئىلىم تۇلپارىغا مىنىپ بەيگىگە چۈشكەن چەۋەندازلار، بىزدە بىر ئۆمۈر پىنھان ياشاش بەدىلىگە بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى ھېس قىلدۇرغان، مىللىي ئېڭىمىز-نى ئويغاتقان. بىزگە سائادەت يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن مەر-ھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئاكىمىزنىڭ بىمە-

ئايلىنىپ قالدى.

مەرھۇمنىڭ ئايالى رەنا مەخسۇت بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىزدە، رەنا خانىم ئۇنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ۋاقتىنى جېنىدىن ئەزىز بىلەتتى. باشقىلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرى ئايىغى چىقماس ئولتۇرۇشلاردا، تۇي بەزمىلىرىدە، ھەشەمەتلىك، توي ـ تۆكۈنلەردە ئۆتسە ئۇنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە ئادەتتىكى كۈنلىرى ئوخشاشلا ئاددىي قىرائەتخانىسىدا، گۈگۈگا چىراغ نۇرى ئاستىدا، دۆۋە ـ دۆۋە كىتاب ماتېرىياللىرى ئارىسىدا ئۆتتى، ھەتتا مېھماندارچىلىقتا بېرىشنى، باشقىلار بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشنىمۇ ۋاقىت ئىسراپچىلىقى دەپ بىلەتتى».

ئوبزورچى يالقۇن روزى ئېيتقاندەك: «20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ ئالىمى ئىدى ... بۇ ئادەمنىڭ ئېگىز ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىن 50 يىل ئالغا كەتكەن». شۇنداق، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئىلىم يولىدا ئىزدىنىپ تەپەككۇر دېڭىزىغا شۇڭغۇغان غەۋۋاس، ئۇ مىللىتىمىزنىڭ شۆھرىتىنى دۇنياغا تاراتقان، ئۇزاق يىللار مابەينىدە بىپايان قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمكى يىپەك يولىنى ئېچىپ بەرگەن يولباشچى ئىدى. ئۇ خەلقىمىزنىڭ روھىيەت ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ ۋۇجۇدىمىزنى يۆگىمەچ ئوتتەك چىرماپ، قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن مەنىۋى قاتاللىق، روھىي چۈشكۈنلۈك، ئىزىلەڭگۈ، ھۇرۇنلۇق، يۇرتۋازلىق، شەخسىيەتچىلىك، نادانلىق، شۆھرەتپەرەسلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئەينەك ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇيغۇر روھىيەت ئىزدىنىشلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «تەرسا رەشكى ھەسەت بىلەن

# ئەسلىمە نەقىشلىرىدىن ئارمان قېنىشلىرىغا

(نەسىر)

ئەنەيتۇللا قۇربان
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، دوتسېنت

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 77 - يىللىق 4 - سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكىنىڭ 20 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن.

ئىنسان ئىستەك غىدىقلىشى بىلەن ئەسلىمىنىڭ تاتلىق پەپىلىشى ئارىلىقىدا ياشايدۇ. قىرانلىق پەسىللىرىدە يەنىلا ئىستەك قىيالىرىغا يامىشىپ، ئارزۇ قىرغاقلىرىنى، ئارمان قېنىشلىرىنى ئىستەپ ماڭغۇسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. ئەسلىمە بوستانىغا يۆگىلىپ، ھاياتنىڭ جاراھەتلەنگەن پارچىلىرىغا، قەلبىنىڭ چاڭقىغان قاتلاملىرىغا، كۆزلەرنىڭ بېسىلمىغان خۇمارلىقىغا مەلھەم ياققۇسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. قۇمدەك توزۇغان ھاياتتىنمۇ قىيادەك كۆچمەس ئەسلىمە قالىدىكەن ھاياتتا؛ لاي سۇدەك ئۆتكەن كۈنلەردىنمۇ خرۇستالدەك سۈزۈك ئەستەرلىك يۈرەكلەرگە ئۆچمەس بولۇپ سىغدىلىدىكەن ھاياتتا؛ غۇبارسىز قىلىقلىنىدىغان بالىلىقتىنمۇ، ئوتتەك كۆيۈپ كۆلىدىغان ياشلىقتىنمۇ، ھاياتنىڭ قىيام پەسلى — قىرانلىقتىنمۇ ئوخشاشلا شۇنداق ئەسلىمە قالىدىكەن ھاياتتا؛ ئورتاق ئارزۇ - ئىستەكتە تۇپلىنىدىغان، ئورتاق تۇيغۇدا تۇيۇمسىز تېۋىنىدىغان، بىر يىل-

ھەل ئەجەل تۇپەيلى توختاپ قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى
داۋاملاشتۇرىدىغان ۋە جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۇرىدىغان ئەزد-
مەت بارمۇ؟

ئۇ كەلمەسكە كەتتى. ئۇ بىزگە يىراق ئۇپۇققا تۇتاشقان
پارلاق يولنى كۆرسىتىپ بېرىپ كەتتى. بۇ يول بىزنىڭ مەزمۇت
قەدىمىمىزنى كۈتمەكتە. قەلبى ئويغاق مۆھتەرەم ئاتىلىرىمىز
مەرھۇمنىڭ ھەيكىلىنى ئۇنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى قالغان، مىڭ-
لاپ - مىليونلاپ ئەجدادلار ۋارىسلىرىنى يېتىشتۇرۇپ چىقىۋات-
قان بۇ «مەدەنىيەت بۆشۈكى» نىڭ ھەيۋەتلىك قورۇسىغا تىك-
لەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. توغرا، ئۇنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەش
كېرەك. مۇھىمى ئۇنىڭ روھىي ھەيكىلىنى مۇشكۇل، شەرەپ-
لىك تارىخىي ۋەزىپىنى يۈدۈپ، ئۇلۇغۋار غايىنى قۇچاقلاپ
مەردانە ھالدا ئىلىم يولىغا ئاتلانغان جەڭگىۋار قىز - ئوغۇللار-
نىڭ قەلبىگە تىكلەش، ئۆزلۈكىنى ئاستا - ئاستا تونۇپ يېتىۋات-
قان جاپاكەش خەلقىنىڭ قەلبىگە تىكلەش.

ئىز ماڭغۇچىلارغا، يول ئاچقۇچىلارغا مەنسۇپ. قېنى
دوستلار، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ئۇشبۇ پارلاق يولغا ئۈمىد ۋە
غەلىبىدىن پاياندار سالايلى! ئەجدادلار روھى خاتىرجەم بولسۇن!

بىر نۆۋەت قېنىۋېلىش ئۈچۈن كەلدۇق؛ بىز بۇ يەرگە يىگىرمە يىل مۇقەددەم ئۆتكەن ئاشۇ تەڭداشسىز گۈزەل پەسلىمىزگە قايتىش ئۈچۈن كەلدۇق؛ بىز بۇ يەرگە، ئاشۇ گۈزەل ئالبومنى قايتا ۋاراقلاش ئۈچۈن، ھەر بەتتىكى تونۇش كۆرۈنۈشلەرنى، قەلبلەرنى قاندۇرۇپ كولدۇرىدىغان ئىشلارنى، يۈرەكلەرنى تىنىمسىز سېغىندۇرغان چىرايلارنى تويماي - تويماي كۆرۈش ئۈچۈن كەلدۇق؛ بىز بۇ يەرگە يۈرەكلەردىن يۈرەكلەرگە سىرغىش ئۈچۈن، سىڭىش ئۈچۈن كەلدۇق، قەلبلەرنى قەلبلەرگە چىگىش ئۈچۈن كەلدۇق. كۆزلەردىن كۆزلەرگە ئاشۇنداق ئوتلۇق بېقىش ئۈچۈن، يالقۇن بولۇپ يېنىش ئۈچۈن كەلدۇق، بىز بۇ يەرگە 20 يىللىق مېھنەت ئىزلىرىمىزدىن تەمەچلەنگەن سوۋغىلارنى راسلاپ كەلدۇق. ساۋاقداشلىق مېھرىمىزدە، ئەمگىكىمىزدە يۇغۇرۇلغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ مەنىلىك تۆھپىلىرىمىزنى مەكتەپكە، ئۇستازلارغا دەستە - دەستە گۈل قىلىپ تۇتاي دەپ كەلدۇق.

ئاشۇنداق ئۇخلىماس يۈرەكلەر بىزنى جەم قىلدى، ئاشۇنداق بېسىلماس تىلەك ھەم قانماس ئىستەكلەر بىزنى دىدارلاشتۇردى.

ساۋاقداشلىق ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل مەزگىل؛ مەڭگۈ باھار پەسلىدىن سولاشمايدىغان خازانسىز مەزگىل؛ بىر تىزىق مارجاندەك ئىجىل - ئىناق مەزگىل؛ بىر يىلتىزدىن كۆكلىگەن مەزگىل؛ بىر ئاھاڭغا تۇۋلىغان، بىر مەنزىلنى كۆزلىگەن مەزگىل؛ ئىستەكلەرگە قانغان، ئارزۇ - ئارمان ئۈچۈن دەۋران قۇچقان مەزگىل ...

ھەر كىمدە ساۋاقداشلىق ئەسلىمىلىرى بولىدۇ. ھەر كىمنىڭ ساۋاقداشلىق خاتىرىلىرى ئۆزگىچە ئەھمىيەتلىك يېزىلغان بولىدۇ. بىزنىڭمۇ 20 يىل مۇقەددەم ئۆتكەن ساۋاقداشلىق ھاياتىمىز ئەنە شۇنداق ئۆزگىچە گۈزەل ئۆتكەن چاغلار ئىدى.

تىزدىن كۆكلەيدىغان، بىر بۇلاقتىن ئۇسسۇزلىنىدىغان بىر بەرگىدىن رەڭ تۈزەيدىغان ساۋاقداشلىقتىن تېخىمۇ شۇنداق ھاياتتا ...

ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل پەسلى، شېرىن مەنىلىرى مۇشۇ مەزگىلدە؛ ھاياتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ھەم ئەڭ ئارمانلىق پارچىلىرى مۇشۇ دەملەردە. قەلبلەر قېتىغا ئۆچمەس سۈرەت بولۇپ سىزىلىدىغان ھايات مۇشۇ، يۈرەكلەرگە بېسىلماس سېغىنىش ئوتىنى ياقىدىغان ھايات مۇشۇ، قۇرۇماس ياش بولۇپ لىغىلداپ قالىدىغان ھايات مۇشۇ، تۈگىمەس ناخشا بولۇپ ئېيتىلىدىغان ھايات مۇشۇ ...

بىز ئۈرۈمچىنىڭ ئالتۇن پەسلىدە، خوشلاشقىلى 20 يىل بولغان ئانا ماكاندا قايتا ئۇچراشتۇق. ئۆزىمىز ساھىبخانا بولغان، ئۆزىمىز مېھمان بولغان سورۇندا ئۇتلۇق دىدارلاشتۇق، بىز ئانا مەكتەپ باغاشىدا قايتا جەم بولغان مۇشۇ قىممەتلىك مەزگىلگە، يۈرەكلەر شېرىن ئەسلىمىلەرگە چىلىنىپ قېنىپ كۆلىدىغان مۇشۇ گۈزەل دەقىقىلەرگە ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ سەبىي، ئەڭ تاتلىق، ئەڭ ئەھمىيەتلىك پارچىسى بولغان بەش يىللىق ساۋاقداشلىق ئەسلىمىلىرىمىزنى ۋە مەكتەپكە كەلتۈرگەن شان ـ شەرەپلىرىمىزنى قوتلۇقلاش سوۋغىمىز قىلىپ كەلدۇق. بىز بۇ يەرگە ئورتاق كۆكلەتكەن، گۈللەندۈرگەن يىلتىزىمىزنى ئىزدەپ كەلدۇق. بىز بۇ يەرگە ھەر دىلغا قەدىناسلىق تۇيغۇلىرىنى سىڭدۈرۈۋەتكەن كونا جايلارنى ياد ئېتىپ كەلدۇق؛ ئىزلىرىمىز نەقىشلەنگەن يوللاردا، پەلەمپەيلەردە مېڭىۋېلىش ئۈچۈن، يۈرەكنى سەگىتىدىغان دوقمۇش پاراڭلىرىنى يەنە دېيىشىۋېلىش ئۈچۈن، ياتاقلاردا خالىغان ئاھاڭغا ئۆزىمىز ئىجاد قىلغان تېكىستلەرنى يەنە ـ يەنە ئېيتىشىۋېلىش ئۈچۈن، بىز تېخى ئولتۇرۇپ قېنىپ بولالمىغان ئورۇندۇقلاردا قايتا ئولتۇرۇپ، ئۇستاز مېھرىگە، مەكتەپ مۇھەببىتىگە يەنە

سىڭدۈق، ساۋاقداشلىق يۈرەكلەرگە يۆلەكداش بولۇپ ئۆتتۇق مۇشۇ چاغدا.

ئاشۇ گۈزەل ئەسلىمىلەر يۈرىكىمدە ساۋاقداش؛ ئاشۇ ئۈنتۇلماس ئىزلار قەلب قاتلاملىرىمىزغا سىڭىشىپ كەتكەن، كۆز يۇمساقلا كۆز ياشلاردا لىغىرلايدۇ، ئاشۇ مەنزىرىلەر؛ كىرپىكلەرگە چىرمىشىپ، مەڭزلەردىن ئاچچىق - چۈچۈك دومىلايدۇ، ئاشۇ خاتىرىلەر؛ قېنى ئېيتقىنا، ساۋاقداش! بىزنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ھايات پەسلىمىز شۇ بەش يىلدا ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟

ساۋاقداش دېسە، سەن نېمىنى ئويلايسەن، ساۋاقداش! مەن ھەربىرىڭلارنى ئويلايمەن. ھەربىرىڭلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان ئەسلىمىلەرنى ئىختىيارسىز ۋاراقلايمەن.

سىنىپ مەسئۇلىمىز مەتتىمىن مۇئەللىمنىڭ ۋىجدان بىلەن سۆزلىگەن نەسىھەت - تەربىيىلىرىنى ئويلايمەن، ئۇستازلارنىڭ مىننەتسىز مېھنىتىدە يىلتىزىمىزغا ئۇل بولۇپ، بەجانىدىل، بەدەلسىز كۆمۈلۈشلەرنى، ئىستىقبال يولىمىزغا شام بولۇپ كۆيۈشلىرىنى ئويلايمەن؛ چىراغنى ئۆچۈرۈپ، سىنىپتىن قوغلىغۇچە ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن چاغلىرىمىزنى ئويلايمەن. سىنىپتىكى قىزغىن بەس - مۇنازىرىلەرنى، مەيداندىكى مۇسابىقە - ئېلىشىشلارنى، شېئىر ئوقۇپ، ناخشا توۋلاپ مەيداننى چاڭ كەلتۈرگەن چاغلىرىمىزنى ئويلايمەن؛ كۇتۇپخانىدىكى ئورۇن تالىشىپ چېپىشقان چاغلارنى، ھەتتا تاماقنىمۇ كۇتۇپخانىغا ئەكىرىۋېلىپ، ۋاقىت بىلەن بەس تالاشقان چاغلارنى، ئەمگەك مەيدانىدا دېھقان پەرزەنتىگە خاس ھالال تەر تۆككەن چاغلارنى ئەسلەيمەن…

ساۋاقداشلىق دېسە مەن شۇلارنى ئويلايمەن، ساۋاقداش! مەكتەپكە تۇنجى قەدەم قويۇپلا، ئاشخانىدىكى چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنىڭ يېرتىلىشى، ئىلھامىنىڭ شۇ ئىش توغرۇلۇق ئۆزىنى

بەش يىل بىر قازاننىڭ تامىقىنى تالىشىپ يەپ، ئىرپان چەشمىسىنى تەڭ ئوتلاپ، بارنى بىر - بىرىمىزدىن ئايىماي، يوقتا قاقشىماي، ئۇستاز ئىزىدىن ۋىجدان مەلھىمىگە مىلانغاندۇق 20 يىل مۇقەددەم؛ بەش يىل بىر سىنىپنى ئائىلە بىلىپ، قېرىنداشتىن قەدىردان بولۇپ، ئىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇغاندۇق، ئىستىقبال ئۇلىنى ئەنە شۇنداق قۇرغاندۇق، 20 يىل مۇقەددەم. بىز شۇ چاغدا تارام - تاراملاردىن جىرا ياساپ كۆل بولغاندۇق. بىز شۇ چاغدا، ھەممىمىز ئۆزگىچە چەشمە بولۇپ دولقۇن ياسىغاندۇق، بىز شۇ چاغدا؛ ھەر كۈنىمىزنى توزدەك ياسىغاندۇق، بىز شۇ چاغدا، ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقىنى ھايات مەنىلىرى بىلەن بېزىگەندۇق. بىز شۇ چاغدا، بىز شۇ چاغدا...

بەش يىل مېھرىمىزنى، ئەجرىمىزنى، ئەھدىمىز ۋە ئەقىدىمىزنى بېرىپ ياسىغان ئۇۋىدىن، ئانا مەكتەپ قوينىدا، ئۇستازلارنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىدە پۈتكەن ئۇۋىدىن، ھەممىمىزگە قەدىناس بولۇپ قالغان ئۇۋىدىن قانات قېقىپ ئۇچقاندۇق، 20 يىل مۇقەددەم. ئادەم مېھىر - مۇھەببەت، چىن دوستلۇق ھەم ساۋاقداشلىقنىڭ نېمىلىكىنى شۇ چاغدا ئەڭ چىن مەنىدە چۈشىنىدىكەن. ئايرىلىش قانۇنىيەت بولسىمۇ، بىراق يەنە يۈرەك چىدىمايدىكەن، تىل خوش دېيىشكە بارمايدىكەن، قوللار چىڭ گىرەلەشكەن، ھىجراندا ياپراقتەك تىترىگەن تەنلەر مەھكەم قۇچاقلاشقان، ئاق يوللار تىلەپ، بەختلەر تىلەپ كۆزلەر بىر - بىرىگە ئوتلۇق تەلپۈنگەن، يۈرەكلەر قىيماي ئەگەشكەن ھالدا ئايرىلغاندۇق، 20 يىل مۇقەددەم، بۇ 20 يىلنى ئەسلەش، سېغىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزدۇق ھەممىمىز؛ ساۋاقداشلىق سېغىنىشقا تالاي - تالاي چىلاشتۇق، مۇشۇ چاغدا؛ ساۋاقداش مېھىر - مۇھەببىتىگە تالاي - تالاي ئۇلاشتۇق مۇشۇ چاغدا، ساۋاقداشلىق ئىستىكىمىزدە يۈرەكلەردىن يۈرەكلەرگە سىرغىپ

بار؛ بۇنىڭ ئىچىدە تۇرارجاننىڭ ئاقسۆڭەكلەرچە تۇرمۇشى،
تۆلۆباينىڭ شېكېسپېرچە جاپالىق ھاياتى، قاپارنىڭ پۇشكىنچە
دۇئېللىرى بار؛ بۇنىڭ ئىچىدە، مۇھەممەتجاننىڭ مۇنازىرىسى،
قىزىرىشلىرى، قىزىق ئىشلىرى بار. دىلنۇرنىڭ ساددىلىق بى-
لەن تەنتەكلىك ئارىلىقىدا مېڭىشلىرى قاپارنىڭ چۆگۈندىكى
گۆش ئەنزىسىگە پېتىپ قېلىشى، گۈلزىبانىڭ قارا قۇيۇن لە-
كۈيدەك پەيلى، ئەمما ساددا، تۈز خاراكتېرى بار. مارالبايىنىڭ
«چ» بىلەن «ش» ئارىلىقىدا گاڭگىرىشى، مېھرىبانىنىڭ ئاپتاپ-
تەك ئېچىلىپ كۈلۈشلىرى بار؛ بۇنىڭ ئىچىدە، مۇقەددەسنىڭ
قىزىق ھەم قىزغىن نۇتۇقلىرى، باراتنىڭ ۋىجدان بىلەن غوتۇل-
دىشى، توختى پاشانىڭ يۈگۈرۈشلىرى، ئابدۇسالامنىڭ گۇمانىي
قاراشلىرى، ئەيساخاننىڭ پەيلاسوپلارچە خىياللىرى، پاتە-
گۈلنىڭ ساددا ـ گەپلىرى بار؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئاتىكەمنىڭ
چولپان كۆزلىرى، مۇڭلۇق چىرايى، يۇسۇپنىڭ تارتىنىپ قى-
زىرىپ ئۇسسۇل ئوينىشلىرى بار؛ بۇنىڭ ئىچىدە مەھمۇد قادىر-
نىڭ خوڭخۇ بويىنى پات ـ پات چۆرگىلەشلىرى، ئەركىن ئەبەي-
دۇللانىڭ كۆزىتىشلىرى، ۋاھاپ بىلەن كېلىشىۋېلىپ، دەرسكە
چىقماي ياتاقتا يېتىشلىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە خىش توشۇپ
قوپارغان يالاڭ تاملار بار، تەرلەپ ئىشلەپ قومارغان توڭلار بار.
بۇنىڭ ئىچىدە يېمىش سالغان سومكىنىڭ ھېكايىتى، ئىچىۋېلىپ
سۇ بىلەن تولدۇرۇپ قويغان مۇسەللەسنىڭ رىۋايىتى بار؛ بۇنىڭ
ئىچىدە يەنە ئىككىمىز، پەقەت ئىككىمىز بىلىشىدىغان شېرىن
سۆھبەتلەر، ئايدىڭدا، ئاي دالدىلاپ ئاپئاق قارغا ئىز قالدۇرۇش-
لار بار، مانا بۇ بىزدىكى ساۋاقداشلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى،
ئۆزگىچە گۈزەل كۆرۈنۈشى.

بىز مۇشۇنداق ھاياتنىڭ ئىجادچىسى، ھەقدارىسى. 36 يۈ-
رەك بىر تومۇردا بەش يىل سوقتى. 36 قەلب قۇياشتەك كۆ-
يۈپ، ئارزۇ پاياندازىغا ئاپتاپ سەپتى. 36 جۈپ ئاياغدىن تۆكۈل-

تەكشۈرۈشتىن قەيسەرلىك بىلەن باش تارتىشى، ئەخمەت ئەسەيدۇللانىڭ «توخۇ گۆشىنى گۆش دېمەڭ، داشۆسىگىنى بوش دېمەڭ» دېگەن تۇنجى ھەم ئاخىرقى قوشىقىنى، ئاۋۇت ساۋۇتنىڭ «سىلەر يازىسىلەر جېيەنتۇنى، بىزلەر يەيمىز مانتۇنى» دېگەن قوشىقىنى ئەسلەيمەن. ساۋاقداشلىق دېسە ئەخمەت قادىرنىڭ ئەتىگەندىكى ناشتىسىز ئىلھاملىرىنى، ۋاھاپنىڭ كۇندە ئۈچ ۋاخ تاماقتەك ھەمراھ يوقلىمىلىرىنى، ئابدۇللانىڭ ئۆزگىچە قاراشلىرى، ئۆزگىچە مېڭىشلىرى، ئىشكىلەرنى ئۆزگىچە ئېچىشلىرىنى ئويلايمەن. ئۇنىڭ «ياستۇق ئىلھاملىرى» نى ئويلايمەن.

ساۋاقداشلىق دېسە بىز ئوغرىلىقچە ئوينىغان تاڭسىلار، ئىلھام ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتتە تۆلۆباي بىلەن ئىمىر ئېيتقان ئۇلگىلىك تىياتىر ناخشىلىرى، ئۇلانباي تاللىقىدىكى ئەمگەكتە تاماقنى بۇلاپ ـ تالاپ ئېلىپ يېيىشلەر، ئىشتىن قارا ماشىنىدا قايتىپ، ماشىنا سەكرەپ ماڭغاندا كۆتۈرۈلگەن قىزلارنىڭ قىقاس ـ چۇقانلىرى، يىلتىز كولىغان چاغدا سىياسىي يېتەكچىنىڭ تۇرسۇن يۇسۇپنى ئورۇنسىز تەنقىدلىشى، ئەركىن ھوشۇرنىڭ بىر تەنقىد بىلەن بەش يىل جىمىپ كېتىشى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ساۋاقداشلىقتا ئاجايىپ ـ ئاجايىپ ئىشلار مۇجەسسەملەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇۋايىتنىڭ مەخسۇس ئىش بېجىرىشى بار. «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» چە مېڭىشلىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە بىز باشقۇرغان «مايسا» ناملىق تام گېزىتى، ئاۋۇت ساۋۇتنىڭ قارا دوسكىلاردا ئېلان قىلىنغان تۇنجى شېئىرلىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە، بېلىقىزنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىشى، سەييارەنىڭ ئۆزىدەكلا گۈزەل لىرىكىلىرى بار؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇقادىرنىڭ ئاجايىپ قىزىق «كىنو ئېلانلىرى»، ئوسمان ئىسمايىلنىڭ ئەقلىنى غىدىقلايدىغان ئاجايىپ ھېكمەتلىرى، تېلىقىپ كۇلدۇرىدىغان بىمەنە چاقچاقلىرى

قەسەمياد بار، يۆلەك بار ساۋاقداشلىقتا؛ كۆز يېشىدەك غۇبارسىزلىق بار ساۋاقداشلىقتا ...

شۇنداق ساۋاقداش، سەن ساۋاقداش پەرزىنى ئۆتەپ بولالمايسەن بۇ دۇنيادا! ساۋاقداشلىق قەرزىنى تۆلەپ بولالمايسەن بۇ دۇنيادا. ئۇنىڭ سېغىنىشىغا قېنىپ بولالمايسەن، سەۋەنلىكىدە تېنىپ بولالمايسەن، نامىنى يادلاپ، يېنىپ تۇرالمايسەن، تەشنالىقتا تېۋىنغان دىلنى بېسىپ بولالمايسەن ساۋاقداشلىقتا. شۇڭا دەيمەن ساۋاقداشلىق ناخشىلىرىنى كىملەر ئېيتىپ تۈگىتەلىگەن؟! ساۋاقداشلار سېغىنىشىغا كىملەر قېنىپ «ئۇھ» دېيەلىگەن؟! ساۋاقداشلىق مۇھەببىتىنى كىم غىدىقلاپ كۆچۈرەلىگەن؟! ساۋاقداشلىق داستانلىرىنى كىم تاماملاپ پۈتتۈرەلىگەن؟! ساۋاقداشنى دەپ كۆيگەن يۈرەكنى كىم سوۋۇتۇپ ئۆچۈرەلىگەن؟!

شۇڭا، ساۋاقداش بىر - بىرىنىڭ يۈرىكىدە ياشايدۇ، بىر - بىرىنىڭ يىلتىزىدا كۆكلەيدۇ، بىر - بىرىنىڭ خىيالىدا گۈللەيدۇ، بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىدە سۆزلەيدۇ؛ بىر - بىرىنىڭ چۈشلىرىدە ئويغىنىپ، كۆز يېشىدا يۇيۇنۇپ، كۈلكىلەرگە گىرە سېلىپ ئوينايدۇ. قۇياشقا ئەگىشىپ كۈلىدىغان گۈللەردەك؛ يۇلتۇزلارغا شام يېقىپ، كۆيىدىغان تۇنلەردەك ...

بۇ 36 بۇلاق، قورۇماس بۇلاق، بۇ 36 پارچە ئوت سوۋۇماس ئوت ـ هارارەت. بۇ 36 ئاپتاپ چىراي، ئىلىمدىن يورۇق ئالغان، نۇر ئالغان؛ بۇ ئەڭ سەبىي، ئەڭ سەممىمىي يۈرەك، ئەڭ ئوتلۇق، ئەڭ گۈزەل تىلەك؛ بۇ قەلبلەردىن قەلبلەرگە يول. يۈرەكلەردىن يۈرەكلەرگە تۇتىشىدىغان پەلەمپەي؛ بۇ دوستلۇق مېھرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، خازانسىز بوستانغا يېيىلغان يىلتىز. بۇ ئەسلىمىلەرنى ئارىلاپ باشلىنىدىغان خىياللارغا، ئارزۇلارغا ئۈمىدلىك تۇتىشىدىغان يول. بىر ـ بىرىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن تاج بولۇپ قادالغانلار بار، چاقنىغانلار بار، بىر ـ بىرىنىڭ ئۆلىغا يىلتىز بولۇپ كۆمۈلگەنلەر بار، مۇشۇ يەردە؛ بىر ـ بىرىنىڭ سەپىرى ئۈچۈن پاينداز بولۇپ يېيىلغانلار بار، مۇشۇ يەردە... شۇنداق، بىر ئاھاڭغا مىسرا بولۇپ، كۈي بولۇپ قوشۇلغان بىز، ساۋاقداش بولۇپ، بىر ئېقىنغا تامچە بولۇپ قېتىلغان بىز، ساۋاقداش بولۇپ، بىر تىزىققا مارجان بولۇپ تىزىلغان بىز، ساۋاقداش بولۇپ، بىر ئىستەكتە شام بولۇپ، مەشئەل بولۇپ يېقىلغان بىز، ساۋاقداش بولۇپ.

ساۋاقداش! ساۋاقداشلىق ئەسلىمىسى شۇنچىلىك شېرىن، ساۋاقداشلىق سېغىنىشى شۇنچىلىك ئوتلۇق، ساۋاقداشلىق مېھىر ـ مۇھەببىتى شۇنچىلىك چوڭقۇر. خۇددى يىلتىزلاردەك چىرمىشىپ كەتكەن. توزۇماس، خازان بولماس، گۈلىستان پەسلى ئۈچۈن. خۇددى تامچىلاردەك سىڭىشىپ كەتكەن، ئېقىنلاردەك مىنگىشىپ كەتكەن، ئۇخلىماس، سوغۇلماس، دەريالار ئۈچۈن؛ گويا شامدەك چاراسلاپ تۇتىشىپ كەتكەن، سوۋۇمايدىغان، كۈلىگە كۆمۈلمەيدىغان يالقۇندەك يۈرەكلەر ئۈچۈن، ئاشۇنداق قۇياشتەك قەلبلەر ئۈچۈن، قەلبلەر ئۈچۈن... ئۇستاز ئەجرىدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت بار، تېتىم بار ساۋاقداشلىقتا؛ ئانا مېھرىدەك مۇھەببەت بار، سۆيگۈ بار ساۋاقداشلىقتا؛ ئانا سۈتىدەك هاللىق بار، پاكلىق بار، ساۋاقداشلىقتا؛ ئاتا سۆزىدەك

نىمىنىڭ نېمە پايدىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دېگەن ئوغۇل بالىغۇ دەپ ئۆزۈمگە مەدەت بەردىم ـ دە، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ، نومۇر سۈرۈشتۈرۈش لىنىيىسىگە ئۇردۇم. ئاھ! بۇ كاساپەت لىنىيە ئۇرسىلا ئۇلاندى:

— ئومۇمىي نومۇر 367، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، بۇ نومۇر مېنىڭمۇ ياكى بىرەر كۇنۇپكىنى خاتا بېسىپ سالدىممۇ؟ چۈنكى مەن ئۇنچە كۆپ نومۇر ئالىمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم، ئاپام مېنىڭ تۇرۇپلا قالغىنىمنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ:

— قانچە نومۇر ئاپسەن؟ — دەپ سورىدى.

مەن بىر خىل مەغرۇرلۇق تۇيغۇسى ئىچىدە:

— 367 ئاپتىمەن، — دېۋىدىم، ئۆي ئىچى خۇددى گۆرىستاندەك جىمىپ كەتتى، بۇ خىل جىمجىتلىقتا ھەتتا سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ چىكىلدىشىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. تۇيۇقسىز يۈزۈمگە تەگكەن بىر شاپىلاقتىن يۈزلىرىم ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى. كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، قوللىرىم بوشىشىپ تېلېفون تۇرۇپكىسى يەرگە تاراققىدە چۈشۈپ كەتتى. ئېسىمگە كېلىپ قارىسام، ئاپام مېنى ھە دەپ تىللاۋېتىپتۇ:

— مەن سېنى قانداق باققان ـ ھە؟ باشقىلارنىڭ بالىلىرى يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كىيمىگەننى كىيدۈرۈپ، تىرىشىپ ئوقۇغىن، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمە دېسەم ئاڭلىمايسەن، مانا ئەمدى خوپ بولدىمۇ؟ چەككە يېتەلمەپسەن، ئەمدى كەلگۈسىدە قانداق قىلىسەن؟ دۆڭكۆۋرۈكتە مايلامچىلىق قىلامسەن؟ ... — ئاپام بارغانسېرى يۇقىرى ئاۋازدا تىللاشقا باشلىدى ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇددى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك لەسسىدە بوشىشىپ كەتتىم. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆيدە خان، سىرتتا بەگ بولۇپ يۈرگەن ئادەم، ئەمدىلىكتە ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئاپامدىن تەستەك يېگەننى ئاز دەپ، يەنە

# ئىمتىھاندىن كېيىن

(ھېكايە)

## ئوغۇزباتۇر ئەنۋەر

**فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت**

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىمۇ بېرىپ بولدۇم، لېكىن ئىمتىھاننى دېگەندەك ياخشى بېرەلمىگەچكە كۆڭلۈم سەل غەش ئىدى. ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئىمتىھاننى ئانداق ياخشى بەردۇق، مانداق ياخشى بەردۇق ··· نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈپ كېتىمىز، دېگەنلىرىنى ئاڭلىساملا، بىر قىسىملا بولۇپ قالاتتىم. ھېلىمۇ ياخشى، ئۆيدە ئاپام ئەتىۋارلاپ، ئۇرۇق - تۇغقانلار كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرغاچقا، كۆڭلۈم ھەر ھالدا توق ئىدى.

ئاخىر ئىمتىھان نومۇرىنى ئېنىقلايدىغان كۈنلەرمۇ يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغىلا ئاپام ھاياجانلىنىپ:

— بالام، ئاڭلىسام بۈگۈن نومۇر ئېنىقلاش لىنىيىسى ئېچىلىپتۇ. چېپىڭنى تېزرەك ئىچىپ بىر سۈرۈشتە قىلىپ باق، — دەپ بىر قەغەزنى تەڭلىۋىدى يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى، نەچچە كۈندىن بۇيان خېلىلا غەمسىز بولۇپ قالغانىدىم. مانا ئەمدى، ئۆگىنىشتە تىرىشقان ياكى تىرىشمىغانلىقىم ئاشكارىلىنىدىغان بولدى.

ئەتىگەنلىك تاماقنى ئاندا - مۇندا يەپلا، تەقدىرىمنى بەلگىلەيدىغان تېلېفونىمىزنىڭ يېنىغا باردىم. جىددىيلىشىپ ئاران تۇرسام، ئاپاممۇ ئەگىشىپلا كەلمەسمۇ، سۇر بېسىپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. ئەمما، ئەمدى بولغاندا جىددىيلەشكى-

# هاجى خېنىم

(ھېكايە)

## بەھرىنىسا ئادىل

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

ئاچام مىشىلدىغىنىچە ئاخىر كۆڭلىدىكى سۆزىنى ئاپامغا ئېيتتى:

— جېنىم ئاپا ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمىسىلە، پۇلنى چاندۇر-ماي ئۆزۈم چىقىراي، قېيىنانامنى چاقىرىۋالسىلا. ھەممە ئادەم بىر قاتار ھەرەمدىن كەلگەن دەپ ئۆيلىرىگە چاقىرىۋالدى. بى-راق، سىلى قۇدىسى تۇرۇپ جىم يۇرسىلە، مەن كېلىن بولغان-دىكىن مېنى گەپ ئارىسىدا چېقىۋالىدىكەن. يەنە ...

ئاپام جاۋاب قايتۇرغۇچە مەن قوشۇق سالدىم:

— ۋاي، تولا ئىمانىمنى ئۇچۇرماڭ. ھاجى بولسا ئۆزىگە، چىرايلىق ئەھۋال سوراپ «سالام» غا بېرىپ كەلسەك، يەنە نېمە تۇگمەيدىغان چاقىرىۋېلىشكەن ئەمدى، خەققە قەرزىمىز يوق بىزنىڭ. ئۇ ئىشلاردىن باشقا ئىشلار ئازمۇ بۇ ئۆيدە؟ «ھاجى خېنىم». بولۇپ كەلگەن ئادەم بولغاندىكىن گەپ بىلەن چېقىۋال-ماس ياكى ئۇ ئايال يىلان يىللىقمۇ ئادەم چاقىدىغان، — مەن ئاچامغا مەسخىرە ئارىلاش قاراپ قويدۇم. ئاچام ئاپامدىن سادا چىقمىغاچقا، يەنە يىغلىغىلى تۇردى. بۇ نۆۋەت راستتىنلا خۇيۇم تۇتتى:

— ۋاي - ۋۇي، يولدىشىڭىز ئەجەب مەست كېلىپ دادامنى پاراكەندە قىلسا، دادامنىڭ غۇرۇرىغا تەگسە، دادام ئۇچۇن گەپ

بىر مۇنچە سىيسىق گەپلەرنىمۇ ئاڭلىغۇالدىم.
«قانداق قىلاي ئەمدى، ھالىم مۇشۇكەن» دەپ دېسەم تې-خى، شۇ ئىلاشقا ياتاق ئۆيۈمگە گەپمۇ قىلماستىن بېشىمنى ساڭ-گىلاتقىنىمچە كىرىپ كەتتىم. ئاپام مېنى بىرھازا تىللىغاندىن كېيىن، ھاردى بولغاي جىمىپ قالدى.
بىراق مەن، ئىچ - ئىچىمدىن ئۆكۈنۈپ كېتىۋاتاتتىم. ئۆزۈمنى قارغايتتىم، ئىمتىھاندىن بۇرۇن ساۋاقداشلىرىم ئۆ-گەنسە، غادىيىپ ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماستىن ئوينىغانلىرىم-نى ئويلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلاتتىم. مېنى ئويۇنغا قىزىقتۇر-غان دوستلىرىمنى چەيلەپ يانجىۋەتكۈم كېلەتتى. بىرھازادىن كېيىن «367 نومۇر ... 367 ... نومۇر ...» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدىم.
تۇيۇقسىز پېشانەمگە تەگكەن سوغۇق نەرسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام ئاپامنىڭ قولىدا لۆڭگە تۇرۇپتۇ، ئۇ ئويغانغىنىمنى كۆرۈپ:
— بالام! سېنى قارا بېسىپتۇ، كېچىچە توختىماي 367 نومۇر، ئەمەت سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، سەمەت توخۇ ... دېگەندەك گەپلەرنى دەپ جۆيلۈپلا چىقتىڭ، قارىسام ھېچ ئويغى-نىدىغاندەك تۇرمايسەن. شۇڭلاشقا پېشانەڭگە ھۆل لۆڭگە قويۇپ قويغانتىم، — دېدى.
ئۇھ! خۇداغا شۈكۈر، بايىقى ئىشلار چۈش ئىكەن ئەمەس-مۇ، تاس قاپتىمەن ئەتىگەندە قوپۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى دەپ، تازا خۇشال تۇرغىنىمدا ئاپام:
— بالام، بۈگۈن نومۇر سۈرۈشتە قىلىش لىنىيىسى ئېچى-لىپتۇ، چىپىڭنى تېزرەك ئىچىپ بىر سۈرۈشتە قىلىپ باق، — دېمەسمۇ، يۈرىكىم يەنە قارتلا قىلىپ قالدى ...

ئەيمىنىپ بىر ـ ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئولتۇردۇق. «نېمانداق ئۆزۈن ئوقۇلىدىغان ناماز ئۇ ئاپا. بولدىلا كېتەيلى، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى» دەپ ئاپامنى ئالدىراتتىم.

ئاپامنىڭمۇ ئىچى سىقىلىپ كەتتىمۇ، بىز كېلىنلەرگە ئۆز-رە ئېيتىپ قايتتۇق. ئۆيگە بارغۇچە، ئاپام: «تولا بۇ قۇدىلار-نىڭ نېمە قىلغىنى، هاجى بولۇپ كەلدىم دەپ كېتىر ئې-لىپ كەلدىمۇ نېمە؟ هەرەمگە بارغانلارغۇ گۇناهتىن يىراق بولۇپ كەلدۇق دەپ يېڭىۋاشتىن ئادەم بولىدىغان، ئەجەبمۇ كۆڭلۈمگە كەلدى» دېدى. مېنىڭغۇ ئۇ «هاجىم» توغرۇلۇق گەپ قىلغۇم بار ئىدى. بىراق، ئاپامغا يەل بەرمەي دەپ جىم ماڭدىم. لېكىن، كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئۇ ئىشلار ئاز كەل-گەندەك ئارىلىقتا هەپتە ئۆتۈپ ئاچامنىڭ قەدىرلىك يولدىشى خېلىلا مەست هالدا بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ دادامنى هاقارەتلەپ چىقىپ كەتتى. بىچارە دادامنىڭ تۇنجى قېتىم كۆزىگە ياش ئالغانلىقىنى شۇ كۈنى كۆرگەنىدىم. ئەر كىشى دېگەن ئالدىراپ يىغلايدىغان ئىنسانمىدى؟ ئاكىلىرىم ئىشتىن ناهايىتى كەچ كې-لىدىغان بولغاچقا ئۇ «هايۋان» بىزنى مەست كېلىپ ئاۋارە قىلىشتى. نەچچە قېتىم ئاچامنى ئاجراشتۇرۇۋالىمىز دەپ تەييار بولغاندا ئۇ خەقنىڭ يالۋۇرۇپ هالى قالمىغانىدى. بۇنداق ئىشلار تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقىنى يوق.

«هاجى خېنىم» ئوغلىنىڭ ئىشلىرىنى ئانچە ئېغىرمۇ ئې-لىپ كەتمەيدۇ. نى ـ نى ئېغىر سىناقلارغا، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگەن دادامنىڭ شۇ كۈنى ئۇ «هايۋان» نىڭ گەپلە-رىگە چىدىماي:

— مۇشۇ توكۇر پۇتۇم بولغاچقا ئانىسىمۇ، بالىسىمۇ بىزنى بوزەك قىلىدۇ... — دەپ كۆزىگە ياش ئالغىنىنى مەڭگۇ ئۇنتۇ-يالمايمەن. شۇ كۈنى ئاچاممۇ بىزنىڭ ئۆيدە بار ئىدى. يا ئېرىگە گەپ قىلالمىدى، يا دادامغا خاپا بولماڭ دېيەلمىدى، بۇ گەپلەر

قىلىپ يىغلىيالمايسىز، توۋا، بۈگۈن قېيىنانام، قېيىنانام! دەپلا بولالماي قاپسىزغۇ؟ تولا ئاپامغا تەھدىت سېلىپ، يىغلاپ قورقۇتمەن دېمەڭ. ئۇنداق ئادەمنى كۆزگە ئىلمىغان، ئادەم قاتارىدا كۆرمىگەن «ھاجى» ئانىڭىزنى چاقىرىۋالىدىغانغا چولىمىز تەگمەيدۇ، — گېپىمنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا ئاپام ماڭا قاراپ:

— سەن كىچىك بولغاندىكىن چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما، — دېدى ئالىيىپ. ئىككىلەن باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. مېنىڭمۇ ئاچامغا قوپال تېگىش نىيىتىم يوق. بىچارە ئاچام 18 يېشىدا «ھاجى خېنىم» نىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا باشلىغان. ئاچامنىڭ يولدىشى ئۆزىدىن 10 ياش چوڭ. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خادىمى، ئۇ ئادەم كۈن بويى ھاراققا چىلىنىپلا يۈرىدۇ. «ھاجى خېنىم» ئىلگىرى ئۇستا موللا خېنىم ئىدى. ھازىر ھەرەمگە بېرىپ «ھاجى خېنىم» بولدى. قوپالراق تىل بىلەن ئېيتقاندا ئاچام ئۇ ئۆينىڭ كېلىنى ئەمەس 10 يىللىق چاكىرى. ئۇ ئۆيدە ئەركىنلىك يوق. «ھاجى خېنىم» نىڭ كىچىك بىر ئىشلارغا خۇيى تۇتۇپ قالىدۇ، قۇدىلاردىن ئۇنى - بۇنى تەمە قىلىپ يۈرىدۇ. شۇڭا، بايام ئاچامنىڭ ياۋاشلىقىغا چىدىماي شۇنداق دېگەنىدىم. دېمىسىمۇ قىز باققان گۇناھمۇ ئەمدى؟! ئاچامنى بىز «ھاجى خېنىم» غا قۇل قىلىپ ساتمىغان.

ئاچامغا ئاچچىقلىشىمنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئالدىنقى ئايدا ئاچامنىڭ قېيىنانىسى ھەرەمدىن قايتىپ كەلدى. خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاپام بىلەن ئىككىمىز شۇ كۈنىلا داستىخان قىلىپ «سالام» غا بارغانىدۇق. ئۇ «ھاجى خېنىم» بىز بىلەن خۇددى تونۇگۈن كۆرۈشكەندەكلا تۆرگە چىقىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ ئولتۇردى. ئارقىدىن بىرقانچە ئايال مېھمانلار كەلدى. «ھاجى خېنىم» ئۇلارنىڭ باش - ئايىغىغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن چاينامازغا چىقىپ ئولتۇردى. بىز «ھاجى خېنىم» نىڭ قېشىدا

# كۆزى يۇمۇلماس بۇلاق

مەرھۇم ئۇستاز مەھەممەتئىمىن خۇدابەردىنى ئەسلەپ
(ئەدەبىي خاتىرە)

مىرزىگۇل خۇدابەردى
ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، لېكتور

مۇنەۋۋەر مۇختەر
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

پايانسىز چۆللۈكتە بىر قەدىمىي كارۋان ھارغىن سوزۇلۇپ كەلمەكتە. ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە باشلىغان ئۇمىدنىڭ ئاخىرقى شولىلىرىدا تىترەپ تۇرغان مىسكىن مەۋجۇدلۇق يىراقتىن قانداقتۇر بىر يېشىللىقنى ئىلغا قىلغاندەك قايتىدىن جانلاندى.

مەنزىل بارا - بارا يېقىنلاشماقتا. دېگەندەك، مۆجىزىلەرگە باي بۇ تىلسىم ماكانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا چۈشسىمان بىر توغراقلىق لەيلەپ تۇراتتى. ئۇلار كىچىك كۆلچەكتىن تالىشىپ تۇرۇپ سۇ ئىچىشتى، تۆگىلەرنى ئارام ئالغۇزۇپ، ئۆزلىرى تويۇنۇشۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بولۇشتى...

ئۇلار كۆلچەكتىكى سۇنىڭ شۇ قەدەر ساپلىقىغا ھەيران قالدىيۇ، ئەمما بۇ راھەتبەخش ماكاننى كىمنىڭ ئاپىرىدە قىلغانلىقنى ئۇستىدە ھېچ ئويلاشمىدى، ئويلاشقىمۇ ئۇلگۇرەلمىدى، ئەستە قالغىنى پەقەت سۇ، يېشىللىق، سايە...

شۇ تەرىقىدە سانسىز كارۋان بۇ جايدا چالا كۆيگەن قۇرۇق شاخلارنى قالدۇرۇپ ئۆتتى. كۆل سۈيى ھېلىھەم شۇنداق جۇلالىق، توغراقلىق يەنىلا پىنھانغا مۆكۈنگەن بۇلاققا تايىنىپ، ئۆز

ئېغىزىنىڭ يېلى ئىدىغۇ! ؟
ئەجەبا بۈگۈن ئاچام «ھاجى خېنىم» نىڭ «ھاۋالىسى» بىلەن بىزگە يىغلاپ بېرىۋاتامدۇ يا؟ خىيالىمنى ئاچامنىڭ تېلېفوندا كىملەر بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازى بۆلىۋەتتى.
— ھەئە، بۈگۈنما؟ ئىككى كېلىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى دېدىلىما؟ ماقۇل «ھاجىم ئانا» ھازىرلا ماڭدىم، — ئاچام تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قويىۋېتىپ:
— بۈگۈن ھاجىملار چېيى بار ئىكەن. مەن مېھمان ئۇزىتالمىسام بولمايدىكەن ... — دەپلا كېتىپ قالدى. ئاپام ئىككىمىز قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدۇق. بولۇپمۇ، مېنىڭ قورسىقىم بەكلا كۆپتى. ئاچام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كۆزۈمگە «ھاجى خېنىمنىڭ» كىبىرلىك چىرايى كۆرۈنۈپ تېنىم دەرھال شۈركۈندى ...

بۇلاق يۈزىدىكى ئۇتنى قايرىۋەتتۇق. ياشلىق كۆزلىرىمىزدە ئەكس ئەتكىنى پەقەت ۋىجدان بىلەن پۈتۈلگەن بىر ھايات! شۇنداق، بۇ ھايات ئۇستاز مۇھەممەتئىمىن خۇدا بەردىنىڭ سەممىمىي، دىيانەتلىك ھاياتى. بۇ نۇرغۇن ئادەملەرگە نېسىپ بولمايدىغان ئەنە شۇنداق ئۆزگىچە ھايات.

بىز بۇ ئۇستاز ھەققىدە بەك كۆپ بىۋاستە تەسىراتلارغا ئىگە بولمىساقمۇ، ئەمما شۇنداق بىر پۇرسەت بۇ زات ھەققىدە قايتا بىر ئويلىنىش، ئىزدىنىش شارائىتى يارىتىپ بەردى. بۇنىڭدىن ئەللىك يىل مۇقەددەم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ، تالانت ئىگىلىرىگە ئۆز ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان بۇ ھۆرمەت ئىگىسىنىڭ ئەگرى - توقاي ھايات مۇساپىسى ئۈن - تىنىسىز بەدەل تۆلەپ، يىلتىزدەك ياشىغان بۇ ئۇستاز ھەققىدە بىزنى قايتا ئويغا سالماي قالمايدۇ.

خۇددى يىلتىز ھەققىدىكى ئەسكە ئېلىشلار كۆپ بولمىغاندەك بۇ ئۇستاز ھەققىدىكى يازما ماتېرىياللارمۇ كۆپ ئەمەس، ئەمما قەلبىمىزدىكى بىر ئوت بىزنى ئىمكانىمىز يەتكۈچە گۈلخان يېقىشقا چاقىرماقتا.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىشتىراكچىسى، پېشقەدەم مائارىپچى، دوتسېنت مۇھەممەتئىمىن 1917 - يىلى 15 - مايدا ئۈرۈمچىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، 1925 - يىلىدىن 1935 - يىلىغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، چۆچەك، كۇچا قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە دارىلفۇنۇنلاردا ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، باشقىلارغا سەممىي مۇئامىلە قىلىشى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

ھاياتنى كۈچىنى داۋام قىلدۇرماقتا. دېمەك، ھاياتلىق دېگەن شۇ. قوشۇلۇش، ئايرىلىش، كۈتۈش ـ ئۈزۈلۈش بولۇپ تۇرىدۇ. گەپ ھەربىر قوشۇلۇش ياكى ئايرىلىشنىڭ بىر گۈزەل تارىخ يارىتالىغان، يارىتالمىغانلىقىدا.

بىز ئۆيلىنىپ قالدۇق. بىر ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكى ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىغا ئاچىقالىغان نەرسىلىرى، قول بىلەن تۇتقۇدەك نەتىجىلىرى بىلەنلا ئۆلچەنسە، بۇنى ھەقىقىي، ئادىل باھا دېگىلى بولمايدۇ. ئادىمىيلىك بىراۋنىڭ ئۆز قوۋمىغا بارلىقىنى ئاتاش روھىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، تۇرمۇشتا باشقىلارنىڭ ھال ـ دەردىگە يېتىش ـ يەتمەسلىكى بىلەن ئۆلچەنسە، ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ئادىمىيلىكتۇر. گەرچە ھازىر ئامېرىكىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىق نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرىدە بىر ئادەمنى باھالاشتا جەريان بىلەن ھېسابلاشماي، پەقەت نەتىجىلا قوغلىشىش بىر ئېقىمغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، ھەربىر ئۇتۇق ئىگىسىنىڭ باسقان ئىزىدا ھامان كىمدۇر بىرىنىڭ ئۇنى يۆلىگەن، قولىدىن تارتقان. چاتقاللارنى كېسىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يول ئاچقان ئىدى، ئەمما ئۇلۇغ كەچمىشى كۆمۈلگەن بولىدۇ.

ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي، بۆرىچىنىڭ خىتابىغا ئەگىشىش — ئەڭ يۈكسەك مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك گەۋدىلىنىشى. ئەجەبا باشقىلارنىڭ ئىستىقبالىغا پاياندار بولۇپ يېيىلىپ، بىخ سۈرۈپ، مېۋە بولۇش ئۈچۈن يىلتىز بولۇپ كۆمۈلۈش يۈكسەك ئادىمىيلىكنىڭ جۇملىسىدىن ئەمەسمۇ؟!

مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمىزدا خىيالىمىزدا توغراقلىقتا يوشۇرۇنغان ھېلىقى بۇلاق قايتا نامايان بولدى. ئەنە، ئۈستىنى بىر قەۋەت ئوت ـ چۆپ قاپلىۋاپتۇ. ئۇنتۇلغان بىر چۈش كۆلچەك لېۋىدە ھەم بويۇن قىسىپ قاپتۇ. قەلبىمىزدە نامەلۇم بىر تىترەك بىزنى ئۇندىمەكتە...

قان. بۇ يەردە ئۇ ئاساسلىقى مائارىپ، تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىنتىپاقنىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتىشسىزلىكىنى تولۇقلاشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان. 1951 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) يۆتكىلىپ، 1953 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

دېمەك، ئۇستازىمىز مۇھەممەتئىمىن تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە بىر ياقتىن، ياشلارنى تەربىيىلىسە، يەنە بىر ياقتىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن. يەنە بىر ياقتىن بولسا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىنى رەتلەش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ۋەتەن ۋە مىللەتكە بولغان تەلپۇنۇشىنى ئىپادىلىگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ موللانىياز خوتەنىنىڭ «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» ۋە موللا ئەخمەت نىيازنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلىغان.

ئۇستاز مۇھەممەتئىمىن ئۆز ئىشلىرىدا ئەۋلاد تەربىيىلەشنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن سولماس پېداگوگ. ئۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ھازىرقى ئۇيغۇر ئالىي مائارىپىدىكى ئابدۇكېرىم راخمان، نەسرۇللا يولبولدى، ئەنسەردىن مۇسا، نۇرمۇھەممەت زامان، بوغدا ئابدۇللا، تۇرسۇن قۇربان، مەمتىمىن، ئەخمەتبېك قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىستىبدات ئىگىلىرىنىڭ قايسىبىرى ئۇنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدىن بەھرە ئالمىغان، قايسىبىرى قۇياش نۇرىدەك مىننەتسىز، پاك مېھرىدىن ئەمىن تاپمىغان ... شۇ تاپتا ئۇلار بۇ ئۇستازىنى ھەر ئەسلىگىنىدە ئۇنىڭغا بولغان قايىللىق ھۆرمەت، ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىنى بىلدۈرمەي تۇرالمايدۇ.

بەلكىم زامانىمىزدىكى يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ مۆھتەرەم

بىلىمگە بولغان تەشنا - ئىشتىياق، مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە ھالسىرىغان خەلقىنىڭ ھەسرەتلىك نىداسى بۇ ياش ۋۇجۇدىغا ئۆزىنى چوقۇم بىلىم بىلەن كۈچلەندۈرۈشتەك ھايات يولىنى كۆرسەتكەچكە، ئۇ 1935 - يىلى 11 - ئايدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان ئىككى يىلغا يېقىن ئۆگىنىش ھەم تەتقىق قىلىش جەريانىدا، جاھانگىرلىكنىڭ ماھىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىپ يېتىپ، 1937 - يىلى 7 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىدە «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش» تەشكىلاتىغا قاتناشقان، شۇ يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچى 1 - گىمنازىيىدە ئوقۇتقۇچى بولغان ھەم شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلاردا قوشۇمچە دەرس ئۆتۈپ، ئۆز ئىلغار قاراشلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا تارقاتقان ھەمدە يەنە سابىق مائارىپ نازارىتىنىڭ دەرسلىك تەييارلاش ھەيئىتىدە خىزمەت قىلغان.

مۇھەممەتئىمىن مۇئەللىم بىلىمىنىڭ موللۇقى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئۈرۈمچى زىيالىيلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغاچقا، ئىلغار كۈچلەرنى بىر - بىرلەپ تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغان جاللات شىڭ شىسەي ئۇنى ھەم نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. 1940 - يىلى 6 - ئايدا قولغا ئېلىنىپ، بەش يىللىق قان - ياشلىق تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ غورۇر ئىگىسى شۇ دەۋر رېئاللىقى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە كەلگەن بولۇپ، ئىرادىسى تېخىمۇ قەتئىيلەشكەن. بىراق، تۈرمىدىكى قىيىن - قىستاق، ئېغىر ئەمگەك تۈپەيلى مەزگىلسىز زەخىملەنگەن سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇنداق ئاسان بولمىغان. شۇڭلاشقا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن 1945 - يىلىدىن 1947 - يىلىغىچە ئۆيدە داۋالىنىپ، ئاندىن ئۈچ ۋىلايەتكە كەتكەن ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىتتىپاقىغا قاتناش-

ئوقۇتىدىغان، ئۇتۇۋالغۇچى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە پۇل تېپىپ، ئۇتتۇرۇپ قويغۇچىنى ئوقۇتىدىغان بوپتۇ. ئاقىۋەت ئىنىسى ئۇتۇۋاپتۇ. ئاكىسى جاپاغا چىداپ، ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىپ ئىنىسىنى ئوقۇتۇپتۇ. ئىنىسى ئاخىر داڭلىق رەسسام بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. بىراق، بۇ چاغدا ئاكىسى ئوقاي دېسىمۇ قولى ئاللىقاچان كاردىن چىققانىكەن. ئاكىسىنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈپ ئىنىسى ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ھەم مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە دۇنياۋى مەشھۇر رەسىم — «قول»نى سىزىپ چىقىپتۇ.

بۇ قارىماققا ئاددىي بىر ھېكايە، بىراق ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن ھەقىقەت ئۆزگەرمەستۇر.

بەلكىم ھازىر شۆھرەت سەھنىسىدە چاقنىغانلار ئەنە شۇنداق كۆيۈپ ئۆچكەن نامسىز يالقۇننىڭ جۇلاسىدۇر ....

بىز مەرھۇم ئۇستازنى بىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەردىن ئۇ-قۇشىمىزچە، مۇھەممەتئىمىن مۇئەللىم تۇرمۇشتا ئاددىي - ساد-دا، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، قىلچىمۇ شەخسىي نام - مەنپەئەت-كە بېرىلمىگەن. خۇشامەتگۇيلۇق، شەخسىيەتچىلىكتىن، ھوقۇ-قىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتىن قەتئىي يىراق بولۇپ، پۇتكۈل ھاياتىدا راھەت - پاراغەتكە بېرىلمىگەن، تۇر-مۇشتا ئالاھىدە بولۇشتىن ساقلانغان، مانا بۇلار ھېلىھەم زاماند-مىز كىشىلىرىمىزدىن، رەھبەرلىرىمىزدىن كۈتۈۋاتقان ئەڭ ئې-سىل پەزىلەت ئەمەسمۇ؟

باشقىلارنىڭ قەلبىدە ئۆز ئوبرازىنى تىكلىمەك ئاسان ئە-مەس، ھۆرمەت تەختىگە ئېرىشىش تېخىمۇ تەس. پېشقەدەم ئۇس-تازلىرىمىزنىڭ ھېلىھەم مۇھەممەتئىمىن خۇدابەردى دېگەن نام-نى شۇ قەدەر ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىشى ئۇنىڭ ئاددىي ئەمما شەرەپلىك ھاياتىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە، ئەلۋەت-تە.

ئۇستازنىڭ قانداق ئۇلۇغ نەتىجىلىرى، قانداق داڭلىق ماقالە ـ ئەسەرلىرى باردۇر؟ دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بىزنىڭ بۇ پاسىبان ئۇستازىمىزنىڭ ئۇستەلگە تاشلىغۇدەك ئۇنچە كۆپ يازما ماتېرىياللىرى بولمىغان بىلەن ئەينى دەۋردە ئۇ تەربىيىلىگەن ھەربىر كىشىنىڭ روياپقا چىقارغان ماقالە ـ ئەسەرلىرىنىڭ قايسىبىرىدە ئۇنىڭ يېتەكلىشى، كۈچ ـ ماغدۇرى قالمىغان دەيسىز ! ؟

يۈكسەك ئادىمىيلىكنىڭ مۇشەققەتلىك داۋانلىرىدا، باشقىلار ئۈچۈن، ئەۋلادلار ئۈچۈن زەررىچە شەخسىيەتتىن خالىي بولۇپ، ئۇن ـ تىنسىز، ھېچ مىننەتسىز ئەجىر قىلىش يوللىرىنىڭ قايسىبىرىدە ئۇنىڭ تەمكىن، سالماق قەدەم ئىزلىرى قالمىغان دەيسىز؟ دېمەك مۇھەممەتئىمىن مۇئەللىم ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى بىر شام، پۈتۈن ۋۇجۇدى، پۈتۈن ئىشتىياقىنى ئەۋلادلار ئۈچۈن، ئۇلارنى ياراملىق تەربىيىلەش ئۈچۈن سەرپ ئېتىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر تال جىسمىغىچە كۆيۈپ تۈگىگەن ئۇنتۇلماس بىر شام.

تەپەككۇرۇم يەنە ئېغىر ھالسىراشقا باشلىدى. ئەجەبا مۇھەممەتئىمىن مۇئەللىم ئەۋلادلار ئۈچۈن، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدىغان ئۇستازلار ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك چاغلىرىنى سەرپ ئېتىۋاتقان چاغلىرىدا كۆڭلىدە باشقىچە بىر سادا، يەنى ئۆز ـ ئۆزىگە «توختا، ئۆزۈڭ ئۈچۈنمۇ قولۇڭغا قەلەم ئېلىپ، كۆپلەپ ماقالە ـ ئەسەرلەر قالدۇر» دەپ خىتاب قىلمىغانمىدۇر؟ بۇ چاغدا بالىلىقىمدا ئوقۇغان مۇنداق بىر ھېكايە ئېسىمگە كەلدى:

ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، ئۇلار رەسىم سىزىشقا بەكمۇ قىزىقىدىكەن، بىراق نامرات بولغاچقا رەسساملىق مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇيالماپتۇ، ئاخىر ئۇلار پۈتۈشۈپ، ئۇتتۇشماق ئويناپتۇ، كىم ئۇتتۇرۇپ قويسا ئىشلەپ پۇل تېپىپ، ئۇتتۇۋالغۇچىنى

# كەلگۈسىدە ئانا بولغۇچىلار ...

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

**مەرھابا نۇرمۇھەممەت ئۆزنۇر**

**فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت**

ئانا دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مېھرىبان ئىنسان. شۇڭا
ۋەتىنىمىزنى ئانىغا ئوخشىتىمىز. ئوقۇتقۇچىمىزنى «ئىككىنچى ئا-
نام» دەپ تەرىپلەيمىز. قىسقىسى، بارچە ئۇلۇغلۇقنى ئانىغا
مۇجەسسەملەپ تۇرۇپ سۆزلەيمىز.

شۇنداق، ئانا دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان. ئۇ بىزنى ئۆز
جىسمىدا توققۇز ئاي كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ھايات ـ ماماتلىق جەڭنى
بېشىدىن كەچۈرۈپ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىدۇ. ئانىنى مەدھىيە-
لەش ــ مەڭگۈ ئۆلمەس تېما. ئانىنىڭ تەربىيىسى بالىنىڭ بىر
ئۆمۈرلۈك تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بىز دائىم
«ئانا ــ دۇنيانىڭ ئانىسى» دەيمىز.

بۈگۈنكى قىزلار ــ ئەتىدىكى ئانىلاردۇر. يەنى بىز دەۋاتقان
دۇنيانىڭ ئانىلىرىدۇر. تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئەدەبى-
يات دەرسى ئوقۇتقۇچىمدىن ياپونىيىدە قىزلارنى تەربىيىلەشكە
ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىغانلىقىنى، مەخسۇس «قىزلار مەكتى-
پى» بارلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن-
كى ۋەزىپىسىنىڭ قانداقتۇر ئىدارە ـ ئورگانلاردا خىزمەت قى-
لىش ئەمەس، بەلكى بالا تەربىيىلەش ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانى-
دىم. ئاشۇ چاغدا مەن بۇ سۆزلەرگە ئانچە پىسەنت قىلمىغانىكەن-
مەن. مانا ئەمدى ئالىي مەكتەپ قويىنىغا كىرىپ، نۇرغۇن

بۇنىڭدىن 10 يىل مۇقەددەم 1994 ـ يىلىدىكى مارت-نىڭ 20 ـ كۈنى رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى بۇ يورۇق دۇنيادىن ئېلىپ كەتتى. يەنى ئۇ داۋالاش ئۇنۇم بەرمەي 77 يېشىدا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ شانلىق ھاياتى بىزگە ئىنساندەك ياشاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئەندىزىسىنى قالدۇرۇپ كەت-تى.

توغراقلىقتىكى خىلۋەت بولاق، تۈن ۋە كۈن ئالدىراش ئالمىشىپ، پەسىللەر بىر ـ بىرىگە ئورۇن بېرىشىپ تۇرسىمۇ، ئاشۇ ھېچكىم نەزىرىنى سالمايدىغان شۇ خىلۋەتتىكى بولاق ئۆز مەۋجۇتلۇقىدىن ھاياتلىق شەربەتلىرى تامدۇرماقتا.

توساتتىن يىراقتىن يېڭى بىر كارۋاننىڭ قارىسى كۆرۈندى ... ئۈزۈلمەس كارۋانلار، سوغۇلماس بولاقلار، مەڭگۈ ساقىماس يورۇق يۇلتۇزلار ...

كەن. نۇرغۇنلىغان قىز ستۇدېنتلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەۋەتكەن بىر ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتىنى، تۆت كۈندىلا بۇزۇپ ـ چېچىپ، يوق قىلىۋېتىشى ئۇلارنىڭ روھىنىڭ نامراتلىشىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!

«قورقۇنچلۇق» دېگەن سۆز يادىمغا كېلىشى بىلەنلا بىر نەچچە كۈن ئاۋۋال قىزلار ھاجەتخانىسىدا ئۇچراتقان بىر قورقۇنچلۇق ئەھۋال ئېسىمگە كېلىپ، مېنى ئىختىيارسىز سۈر باستى.

ئۇ كۈنى ئوقۇش بىنايىمىزدىكى قىزلار ھاجەتخانىسىغا كىرىشىمگىلا بۇرنۇمغا ئىنتايىن قاڭسىق بىر پۇراق پۇرىدى. «بۇ نېمە ئىشتۇ؟» دەپ ئىچكىرىرەك كىردىم. بىر قىز ئىشكىنىمۇ ياپماي بەھۇزۇر ھالدا تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ قانداق تاماكىكىنتاڭ. مەن ھېچقاچان بۇنداق قاڭسىق پۇراقنى پۇراپ باقمىغانىدىم. ئۇ قىزغا قارىدىم. قىز ماڭا شۇنچىلىك زەھەرلىك بىلەن ئالايدىكى، ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قېلىپ، ئارقامغا يېنىپلا چىقىپ كەتتىم.

ئاجايىپ يىرگىنچ ۋە ۋەھىمىدىن تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. مانا بۇ قىزلار يېقىن كەلگۈسىدىكى ئانىلار ئىدى. ئەجەبا بۇ قىزنىڭ ئانىسى قىزنىڭ مۇشۇ تۇرقىنى كۆرسە، مۇشۇ قىلىۋاتقانلىرىنى ئاڭلىسا نېمىلەرنى ئويلا ـ ھە! ئانا ئۆزى ئاپىرىدە قىلغان بۇ «ئانا» دىن رازى بولارمۇ؟ بىز تەرىپلەۋاتقان ئۇلۇغ، مېھرىبان ئانىلار، دۇنيانىڭ ئانىلىرى مۇشۇنداق بولۇپ كەتسە كەلگۈسىمىزدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولارمۇ؟

مىللەتنى سۆيۈش، مىللەت ئالدىدا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ياشاش ئەقەللىي ئادىمىيلىك ئۆلچىمىدۇر. قىزلار كەلگۈسىدىكى ئانىلاردۇر. قىزلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن ئىبارەت.

لېكىن بۇ ھەقتە ئويلىنىۋاتقان، ئويلىنىپ باققان كىشىلەر زادى قانچىلىكتۇ؟ ...

نەرسىلەرنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن قىز-لارنى كۆردۈم، كۆزەتتىم، چۈشەندىم. شۇنىڭدىلا ئوقۇغۇچىنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىگە يېتىشكە باشلىدىم.

مانا، مەكتەپ ئىچىدىلا قىزلارنىڭ ئوغۇللارغا ئېسىلىشىپ مېڭىشلىرى، بىمەنە قىلىقلىرى، كۈلۈشلىرى ...

مانا قىزلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سەت گەپلەر، بىر-بىرىنى تىللاشلىرى ...

مانا، ئاجايىپ «مەدەنىي، مودا» كىيىنىشلەر، مېڭىشلار ...

يېقىندا بىرنەچچە قىزنىڭ مەكتەپ يولىدا كېتىۋېتىپ قىلىشىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. «مەن كەلگۈسىدە قىزىم بولۇپ قالسا تۆت ياشقا كىرگەندىلا ئۇنىڭ چاچلىرىنى بۇدۇر قىلدۇرۇپ، قىپقىزىل بوياپ، قورچاقتەك ياسىۋېتىمەن. خەق-لەرنىڭ مەستلىكى كېلىپ، كىمنىڭ قىزىدۇ، دەپ كېتىشىدۇ» دېدى ساپسېرىق چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بىر قىز شوخ ئاۋازدا. پاھ، كۆرۈڭ تېخى، ئۆزىدىكى ياسانچۇقلۇق، مەمەدانلىق كېسىلىنى داۋالىماقتا يوق، بالىسىغىمۇ ئىرسىيەت قىلىپ قالدۇرماقچىكەن - دە ...

خىيالىم ئاخىرلاشماستىنلا يەنە بىرى سۆزلىدى: «ۋاي، قويۇڭلار ئاداشلار، نېمە بالا بىلەن قالدىڭلار، قاچانقى گەپلەر ئۇ. مەن بەك چارچاپ كەتتىم. ئاخشام دىبادا بىر كېچە كۆز يۇمماي چىقتۇق. تۆت سائەت بېشىمنى پارتىغا قويۇپ ئۇخلىغان بولساممۇ يەنىلا روھسىز تۇرىمەن. سىلەر ھارمىدىڭلارما؟ كى-رىپ ئارام ئالايلىچۇ».

خىيال بىلەن قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمىدىم. بىر چاغ-دا قارىسام ئۇلار يوق. قارىغاندا چارچىغان قىزلار ئارام ئالغىلى كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

پاتىگۈل يۇنۇس: «ئاياللارنىڭ روھى نامراتلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ بىھۇدە، ئورۇنسىز، پىلانسىز خەجلەيدىغان پۇللىرى-نىڭ سانى شۇنچە كۆپىيىدۇ» دەپ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقاند-

بۈگۈن «تۈركىيە دونار تېز تاماقخانىسى» دا ئاخىر بۇ ئارزۇيۇم رېئاللىققا ئايلاندى. پەرىزىمنىڭ ئەكسىچە چىقىشقاق كەلگەن فۇرقەت باھادىر زىيارىتىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بۇ ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ 12 ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا نېگىرلارنىڭ مۇزىكىلىرىغا ئىشتىياق باغلاپ كەلگەنىكەن، ئاپىسى ناخشىچىكەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئاتا - ئانىسى كەسىپ ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى سەنئەتكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياق بارغانسېرى لاۋۇلدىدى، سۇسلاشمىدى. 1999 - يىل ئاخىرىدا، فۇرقەت ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى، شۇنداقلا ئىككى نەپەر Hip—Hop ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىق ئالتە كىشى شىنجاڭدىكى تۇنجى Hip—Hop ئۇسسۇل ئەترىتى «ماروژنى» نى بارلىققا كەلتۈردى. «ماروژنى» قۇرۇلۇپ، ئۇزاققا بارمايلا نامى چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە Hip—Hop ئۇسسۇلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئۇنتۇلغۇسىز ئىزنالارنى قالدۇردى.

2001 - يىل ئاخىرىدا، ئالقىشقا سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان «ماروژنى» ئەترىتىدىكى فۇرقەت ۋە ئۈچ نەپەر ئەزا ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوقۇغۇچىسى ئېلشات، رۇستەملەر بىرلىشىپ DSP ئۇسسۇل ئەترىتىنى قۇردى. بۇنىڭدىكى D بولسا ئىنگلىزچە Dance (ئۇسسۇل)، S بولسا ئىنگلىزچە Soel (روھ)، P بولسا ئىنگلىزچە Passion (جۇشقۇن ھېسسىيات) دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. DSP ئۇسسۇل ئەترىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، نۇرغۇنلىغان Hip—Hop ھەۋەسكارلىرىغا، سىستېمىلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. ئەترەت قۇرۇلۇپ، ئوخشىمىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيىلىنىش كۇرسلىرى، ئېل-

# ئارىمىزدا چاقنىغانلار

## (دوكلات ئەدەبىياتى)

### پەرهات مۇھەممەت

#### ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

— كېيىنكى نومۇرىمىزدا «ماروژنى» ئۇسسۇل ئەترىتى ···

رىياسەتچىنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا زال ئىچى قىقاس -چۇقان، چاۋاك سادالىرى بىلەن چاك كەلدى. بىرقانچىمىز ئالىي مەكتەپكە ئەمدىلا قوبۇل قىلىنغان «يېڭى مېھمان» لاردىن بولغاچقا، دەماللىققا نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئاڭقىرالمىدۇق. قۇلاقنى يارغۇدەك قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، سەھنىگە بىرنەچچەيلەن چىقىپ كەلدى. بۇلارنىڭ تۇرقىدىن ئۇسسۇلچىلارنىڭكىدەك قىياپەت تېپىلمايتتى. كىيىۋالغان كىيىملىرىچۇ تېخى، بەزىلىرىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشى تىزىغا تېگەيلا دەپ تۇرسا، بەزىلىرى كېلىشتۈرۈپ ياغلىقمۇ چىگىۋېلىشقانىدى.

توۋا، بۇ خەقنىڭ ئۇنچىۋالا ئالقىشقا ئېرىشكۈچىلىك قانچىلىك كارامىتى باردۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدۇ كىشى.

مانا مۇزىكىمۇ باشلىنىپ كەتتى. ئەسلىدە تاماشىبىنلار بىكاردىنلا ئۇنچىۋالا كۆچەپ چاۋاك چالماپتىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ سەھنىدىكى ئاجايىپ جۇشقۇن، تېتىك، ياشلارغىلا خاس بولغان ئۆزگىچە ھەرىكەتلىرى ھەممەيلەننى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ مەندە بۇ ئۇسسۇل ئەترىتىدىكىلەرنى زىيارەت قىلىش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى. مانا

تەك ئېلىپ باردىغان ئائىلە ئىلمى دېسەكمۇ بولىدۇ.
بىز يېرىپ بولغۇچە، ئەزالار ۋە ئۆگەنگۈچى ھەۋەسكارلار ئالىلىبۇرۇن يىغىلىپ بولغانىكەن. فۇرقەت يوغان سومكىنى مۇ-رىسىدىن ئېلىپلا، دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى. كۆزلىرىمگە ئىشەن-مەيلا قالغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە پاراڭلاشقاندىكى تۇرقىدىن ھازىر ئەسەرمۇ يوق ئىدى. Hip—Hop ئۇسسۇلى دەۋر ئالاھىدى-لىكى بويىچە newschool ۋە oldschool دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. oldschool ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن باشلانغان. ئۇ Hip—Hop تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ۋە ئۇلچىمى، مۇزىكا رىتمى تېز، ھەرىكەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بو-لۇپ، قايناق ھېسسىياتقا تولغان بولىدۇ. newschool بولسا 90 - يىللاردا شەكىللەنگەن، ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى چېكى يوق (nolimit)، مۇزىكا رىتمى لەرزان، ھەرىكەتنىڭ قىيىن-لىق دەرىجىسى، رىتىمىمۇ oldschool غا قارىغاندا ئاستىراق ۋە ئوڭاي. DSP ئەسلىدە newschool ئۇسلۇبىدا ئۇسسۇل ئويناۋا-تاتتى. بىراق، ئەزالارنىڭ تېخنىكىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن oldschool غا يۈزلەندى. بۇ ھەقتە فۇرقەت مۇنداق دېدى:
— بىز ئۆزۈن مۇددەتلىك ئويلىنىش ئارقىلىق مۇشۇنداق قارارغا كەلدۇق. ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ئەزالارنىڭ ھەرىكەت رىتىمىغا ماسلىشىش جەھەتلەردىن خېلى تىرىشچانلىقلارنى كۆر-سەتتى.
مەشىق جەريانىدا ئۇلار پۇت، قوللىرىنى قايرىۋېلىشتەك تۇرلۇك ئازابلارغا دۇچ كەلدى. ھېرىش - چارچاشقا بەرداشلىق بېرىپ، جاپالىق مەشىق قىلىشتىن ئاخىر نەتىجە چىقتى. ئەت-رەت ئەزالىرىدىن تۈرغۇن 2003 - يىلى 12 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ Hip—Hop ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى.
شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن مەكتىپىمىز بىر-

گىرى لـ كېيىن بولۇپ ئېچىلىپ، نۇرغۇن ھەۋەسكار بۇ جايدا ئۇسسۇل ئۆگەندى.

DSP ئۇسسۇل ئەترىتىنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى ۋە ئۇسسۇل ماھىرى فۇرقەت سۆھبەت داۋامىدا مۇنداق دېدى:

«ئەترىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇسسۇل ھەۋەسكارلىرىمىز بارغانسېرى كۆپەيدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەشىق ئورنىنىڭ كىچىكلىكى، مۇقىم بولماسلىقىدەك مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇئەييەن كۆلەمگە ۋە ئىقتىسادىي، ئادەم كۈچىگە ئىگە ستۇدىيىگە سېلىشتۇرغاندا، بىر ئەترەتنىڭ Hip—Hop مەدەنىيىتىنى سىلجىتىشى ئانچە ئوڭايغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا 2003 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 12 تۈمەن مەبلەغ بىلەن گۇاڭ-يۈەن ئولتۇراق رايونىدا DSP ئۇسسۇل ستۇدىيىمىزنى قۇردۇق».

— تولا سوئال سوراۋېرىپ، سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇممۇ، نېمە؟

— ياقەي، كەچتە دەرس ئۆتكىلى باراتتىم، ۋاقتىڭىز بولسا سىزمۇ بىللە بېرىپ ئانچە ـ مۇنچە ئۆگىنىپ كەلمەمسىز؟ — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ، بۇ گەپ ماڭا ياغدەك ياقتى. ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇدۇل تامدىكى خىلمۇخىل رەڭلەردىن ھاسىل بولغان تام رەسىمىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

— مۇنداقمۇ ھۈنەرلىرىڭىز باركەن ـ دە تېخى!

— نەدىكىنى، بۇ رەسىملەرنى ستۇدىيىمىزدىكى رۇستەم سىزغان. بۇ يەردە تام رەسىمنىڭ گېپى چىقىپ قالدى. سىزگە ئېيتسام Hip—Hop مەدەنىيىتىنىڭ تۆت ئېلېمېنتى بولۇپ، ① مۇزىكا ② ناخشىچى ③ ئۇسسۇلچى ④ تام رەسىمى. بۇ تۆت ئېلېمېنت گەرچە ئوخشىمىغان تۆت خىل شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇلار بىرلەشكەندىلا ئاندىن مۇكەممەل Hip—Hop مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا DSP ئۇسسۇلنى ئاساس قىلىپ، قالغان ئېلېمېنتلارنى

ساپ Hip—Hop ئۇسسۇلى بولسىمۇ، ئاخىرى ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇل ساما بىلەن تۈگىدى. مانا بۇ ئۆزگىچىلىك، خاسلىق دېگەن تەجرىبىلەر توپلىنىش ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ.

— خەۋىرىڭىزدە باردۇ، — ئۇ يەنە سۆزلەشكە كىرىشتى، — 2003 - يىلى 10 - ئايدا شاڭخەيگە باردىم. بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن، ئۇ يەردىكى ياپونلۇق، ئامېرىكىلىق ۋە فرانسىيىلىكلەردىن ئۇسسۇل ئۆگەنسەم، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇزىكىنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىدىغان سىستېمىنى ئىگىلىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن، ستۇدىيىمىزدىكى ئەزالارنى يىلدا بىردىن - ئىككىگىچە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرمەكچى. يەنە شۇ تونۇش، ئانا مەكتەپ ھىمدى تەپچىپ تۇرىدىغان كونا سەھنە، مەن فورقەتنىڭ سەھنىگە چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردۇم. ئاخىر تاماشىبىنلارنىڭ يۈرىكىنى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە سالىدىغان ھاياجانلىق مىنۇتلار يېتىپ كەلدى. ئۇلار سەھنىگە چىقىشتىن ئاۋۋال قوللىرىنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇشۇپ، باشلىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىشىپ، يۇمىلاق چەمبەر ھاسىل قىلىشتى ۋە تولىمۇ قىسقا ۋە زور ئىشەنچ بىلەن: «DSP» دەپ توۋلىدى - دە، سەھنىگە مېڭىشتى. مەن ئىلگىرى فورقەتتىن، ئۇلارنىڭ ئانا مەكتىپى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا سەنئەت كېچىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئاڭلىسا، ھەپتىلەپ تەييارلىق قىلىپ، ئەڭ ئېسىل نومۇرلىرىنى ئۆز ساۋاقداشلىرىغا تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى، چۈنكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياڭرىغان چاۋاك ئاۋازى ئۇلارغا باشقا ھەرقانداق ئېسىل سەھنىلەردىكىدىن بەكرەك ياڭراق ئاڭلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا ئېسىل نومۇرنى كۆرۈشكە كېچىكىپ قالماي دەپ ئارقا سەھنىدىن پەسكە يۈگۈردۈم. تاماشىبىنلارنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئالقىش سادالىرى كۇلۇبنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى.

لىشىپ ئىشلىگەن «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەشرەپ» تە Hip — Hop ئۇسسۇلى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئۇسسۇل ئەڭ ئۇنىۋېرسال ۋاستە ۋە ئۇسۇل بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدىكى كۆرۈرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇلدى. ئەلۋەتتە ئۇلار يەنە ئۆزىنى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت تەرەپدارى دەۋېلىپ بارلىق يېڭى شەيئىلەرگە قارشى تۇرىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تاپا - تەنىسىگە، قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىمايمۇ قالمىدى.

ھەرقانداق يېڭى شەيئىنىڭ مىللەت، ئىرق ئايرىمىسىنى بۇسۇپ ئۆتۈپ، مەلۇم مىللەتكە سىڭىپ كىرىشىگە مەلۇم باسقۇچ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە. Hip — Hop ئۇسسۇلى 80 - يىللاردىلا شىنجاڭغا كىرگەن بولۇپ، 80 - يىللارنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا «چاقماق ئۇسسۇلى» شەكلىدە، شۇ دەۋردىكى ياشلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. لېكىن، ئۇ چاغلاردا ھازىر بىز تىلغا ئېلىۋاتقان DSP دېگەندەك رەسمىي تەشكىلىي سىستېمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغاچقا، بىرقەدەر تارقاق ۋە ئەركىن شەكىلدە ئىدى. مانا ئەمدى DSP بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇنى «ئۆز ئۈستىگە ئالدى» دېگەندىن كۆرە، بەلكى دەۋر بۇلارغا ئەنە شۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى يۈكلىدى، دېسەك توغرا بولىدۇ.

ئارىمىزدا دۇنيا سەنئەت خەزىنىسىدە ئۈچەمەس يۇلتۇزدەك چاقناۋاتقان «12 مۇقام» بىلەن پەخىرلىنەلەيدىغان بىرەرىمىزمۇ يوقتۇ دەيمەن. شۇنداق، ھازىرقى دەۋرمۇ دەل سىزدىن باشقىلاردا يوق بولغان ئۆزگىچىلىكىڭىز، خاسلىقىڭىز بىلەن پەخىرلىنىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار خاسلىقنى قانداق ئىپادىلىدى؟

«مەشرەپ» تە ئوينىغان ئۇسسۇلى كۆپچىلىكنىڭ ھېلىھەم يادىدا بولسا كېرەك. ئۇسسۇلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئۇلار شۇنچىلىك پەم ئىشلەتتى. ئۇسسۇلنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى

# ھەم ئازابلىق، ھەم خۇشاللىق تۇيغۇلار

(چاتما نەسر)

ھەمدۇللا ھوردىللا

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

## 1

قېنى سەن، خۇشاللىق سەھنىسىگە ئازاب تاجىنى كىيىپ چىقىۋالغان خۇشاللىق نوچىسى؟ ھايات مۇساپەمدە ماڭا ھەمراھ بولۇۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىقچە بولغان خۇشاللىقىندىمۇ ئەكېتىۋاتقان ئازابلىق دەقىقىلەردە، خۇددى يۈرىكىمنى تىرىك سوغۇرۇۋالغان قانخور جاللاتلاردەك قەبىھلىك بىلەن ئېلىپ قاچتىڭ. ئەي ئىنسان! قېنى بىز تەلپۈنگەن، يۈرەكلەرنى چاڭقىتقان مېھىر - شەپقەت، چىن ئەقىدە، ئىنساننىڭ جەننەتتەك كۆڭلى!؟

قۇياش ئىللىق نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇرسىمۇ زېمىن تېنىگە،نېمە ئۈچۈندۇر ئىزغىرىن شامال يۈزۈمگە نەشتەردەك ئۇرۇلغاندەك بىلىنمەكتە ...

زامان تەرەققىياتىنىڭ بىھوشلۇقلىرى سەۋەبلىك قاغىلارمۇ بۇلبۇلدەك يېقىملىق سايرايدىغان بولۇۋالدى، بەلكى بۇ تۇيغۇمىدۇ؟! ياكى ئادەملەر ئۆزلىرى سەزمەي يېتتۈرۈپ قويغان مۇقەددەس روھىيەت پەرىشتىسىمىدۇ؟

بەزى ناكەسلەر ئەڭ ئاخىرقى تەبەسسۇمىگە قاپلىۋالغان

# خىيالىي تۇيغۇلار

(نەسر)

## گۇلخان تۇردى

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

چۈش قاراڭغۇلۇقىدا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرمەكتىمەن. كۆز ئالدىمدا خىرە تۇمان پەردىسى يېيىلىپ ياتماقتا. قەدەملىرىم ھالسىرىماقتا، نەپەس ئېلىشىم تېزلەشمەكتە…

گىرىمسەن بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەن تۇمان ئاستا - ئاستا قويۇقلىشىپ، كۆزۈمگە چەكسىز قاراڭغۇلۇق تىقىلدى … تۇيۇقسىز بىر يۇلتۇز پاللىدە يورۇپ، ئاستا - ئاستا خىرەلەشتى. شۇندا خىيال پەردىسىگە ئورالغان بىر مىسكىن چىراي كۆرۈندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تولىمۇ ئويچان ۋە تىنىق ئىدى. تىنىق كۆزلەر چوڭقۇرلۇقىدىن قانداقتۇر مەنىلەر، سىرلار تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى، ياق! ياق! ئۇ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇنچە ئېچىنىشلىق، شۇنچە پىغانلىق، شۇنچە ھەسرەتلىك ئىدى …

تەگسىز چوڭقۇرلۇقلارغا كۆمۈلگەن زەئىپ ئۈمىد ئۈنسىز نالە قىلماقتا …

سەزگۈلىرىم چاڭقىماقتا، تەشنالىقىم ئېشىپ بارماقتا ئىدى. سەزگۈمدىكى چۇقانلار ئەسەبىيلەشمەكتە، كونترول قىلغۇسىز دەرىجىدە ئۆزلۈكىنى يوقاتماقتا ئىدى … بىردىنلا پۈتۈن كائىناتنى زىلزىلىگە سالغۇدەك غايەت زور سىگنالدىن ھەممە چۆچۈدى، ئەپسۇس، شۇئان كۆزلەر يۇمۇلۇپ، قولاقلار يوپۇرۇلدى …

ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان خىرە نۇر، ئۇپۇق باغرىدا غەمكىن بويۇن قىسماقتا …

سىزىپ، بۇ دۇنيادا ئۆگەنگەن قويمىچىلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەزرائىل بىلەن سودىلاشماقچى بولىدۇ، ئۇلار ئاللىبۇ-رۇن كېچىككەن. ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدا ھېچكىم سۈلھى - سالاچىلىق قىلالمايدۇ. بۇ ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدى-غان مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت، ئەنە شۇ بىر ئوچۇم كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا قانداق ياشاپ، ئۆلۈم بوسۇغىسىدا ئۆزى ئۈچۈن ئاقلىغۇچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگۈلەر پىنھانلىرىغا تاشلاش بىھۇدە ئاۋارىچىلىك.

ئۆلۈم ئەلچىسى شەمشىرىنى بىلەپ روھنى تەن قەپىسىدىن ئېلىپ چىقىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان دەقىقىلەردە ئۇلار ئۆلۈم، دوزاخ ئاتالغۇلىرىدىن قورقۇپ قۇياش كۆيدۈرگەن تاشلاردەك قاپقارا تەلەت بولۇپ كېتىدۇ ياكى ئۆلۈم، دوزاخقا غەزەپ - نەپرەت بىلەن تىكىلمەكچى بولۇشىدۇ، خۇددى قاسساپنىڭ ئالدى-دىكى ئۆچكىدەك ئەنسىزلىك بىلەن تېپىرلايدۇ. ئۆلۈم ئالدىدا مەيلى شاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن ھېچكىم ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، ياۋۇزلۇق، تەخسىكەشلىك، قۇۋلۇق قىلالالماي-دۇ. ئۆلۈم ئۆزىگە ئۆزى ئەڭ ئادىل ئادۇوكات، سان - ساناقسىز بايلىقلار ئۇلارنىڭ قان يېشى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئۆلۈم بوسۇغى-سىدىن قايتىپ كېلىشىگە ياردەم قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆ-لۈمدىن قورقۇشۇپ بۇ دۇنيادىن ھەسرەت بىلەن كېتىپ قېلىشى-دۇ. ئەجەبا بۇ ئادالەتسىزلىكمۇ؟

بۇ ناكەسلەر يا باشقىلارنى ئالدايدۇ، يا ئۆز ھېسسىيات - سەزگۈلىرىنى ئالدايدۇ. بۇلار ياخشىلىق ئىچىگە زەھەرلىك ئۇ-رۇقلارنى چېچىپ، مەقسىتىگە يەتكەندە قاقاقلىشىپ كۈلۈشىدۇ.

## 2

خۇشاللىقىم سېنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مۇقەددەس ئەقىدەم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارماقچىمەن. سېنى سېغىنغاندا كۆز

ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆلۈمدەك مۇز تەلەت كېچىلەردە، قەبىھلەشكەن پىنھانلاردا ھايۋانىيلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدىدىن قېزىپ چىقىشىپ ئىنسان تەبىئىتى دېگەن زامانىۋى ئاتالغۇ بىلەن ھاياتلىق ئالىمىگە يېڭى تۇس قېتىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئاھ، زېمىندەك ئېغىر غېرىبلىق، ئادەمدەك مۇرەككەپ ھاياتلىق ئالىمى، سەن مېنى يېڭى ھاياتلىق يولىغا باشلايسەن، چۈش بۇزۇلغان تاڭ ئاتماس كېچىلەردە مەنمۇ ئانا زېمىن بىلەن بىللە قاباھەت چۈشلىرىنى خۇددى ئوڭۇمدىكىدەك چۈشەنمەكتەمەن.

ئەنە ئارمانلىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ تېزلىشىۋاتقان قايناق ھايات رىتىمى ماڭا تەكلىماكاندەك ئېغىر غېرىبلىق، ئالۋاستى شەھىرىدەك قۇۋۇلۇق، جەننەتتەك خۇشاللىققا يانداش ئاچچىق ئازابمۇ ھەدىيە قىلماقتا.

مەۋجۇدىيەت ئالىمىدە نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلىۋاتقان، يا ئۆلۈشكە، يا تىرىلىشكە ئىنتىلىۋاتقانلارنى خىيالىمىنىڭ روشەن ئەينىكىدە تۇرۇپ كۆرمەكتىمەن. خۇددى ئۆلۈش بىلەن تىرىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى بوشلۇق ئەزەلدىن ئالمىشىپ قالغاندەك.

بەزى تەنلەر ئاللىبۇرۇن ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي ئۆلگەن، ئۆلۈۋالغان بولسىمۇ، جان ئالغۇچى ئالىدىغان ئامانىتىنى ئېلىشقا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقتىن ئۆلۈم قايغۇسى ياكى خۇشاللىقىنى زەئىپلىك، چۈشكۈنلۈك، ھورۇنلۇق بىلەن ھەسرەت ـ نادامەت تۇمانلىرى ئارىسىدىن تارتىپ چىقىرالماي پالاقلاپ يۈرۈشمەكتە، مەنچۇ؟

ھايات قۇياش نۇرىدەك جەلپكار، تولۇن ئايدەك سېھىرلىك، يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلىشىدەك ئۈمىدلىك كېلىدۇ. كىملەردۇر ئۆلۈم بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغاندىلا ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى

قىلماقتا. تەن زادىلا ئۆزى ھېس قىلىپ يەتمىگەن بىر خىل زور جاسارەت بىلەن ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ تۇرماقتا.

يىراقتىن ئىنتايىن يېقىمسىز بىر سىمفونىيە ياڭرىماقتا. ئاسمان ئۆزىنىڭ سۈزۈكلۈكى بىلەن خۇنۇك تۇمانلارنى سۈرگۈن قىلىپ، خىيالىمدا ئىنسانىنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىدەك مۇڭلۇق بىر سىمفونىيىنى ياڭراتماقتا. بۇلار ئۇنتۇلغان نەي ئاۋازىمۇ؟ ياكى ئازابلانغان كەچمىشمۇ؟

خۇشاللىقىم ساڭا ياراتقان ئىگەمدىن چەكسىز بەختىنىڭ يار بولۇشىنى تىلەيمەن. ۋۇجۇدۇڭ قەلبىڭنىڭ مەڭگۇ پاك تۇرۇشى-نى ئۈمىد قىلىمەن. بەلكىم سەن بارلىق يۈكسەكلىكلەرنى ئۆز ۋۇجۇدۇڭدا مۇجەسسەملەشتۈرگەنسەن، بۇ ھەرگىزمۇ خاتا سەز-گۇ بولماس. مەن پەقەت ھاياتىمغا مۇشۇنداق بىر خۇشاللىقنىڭ شولىسىنىڭ سىڭىپ كىرگەنلىكىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىدا بولۇشقا مۇناسىپتۇرمەن. ئۇ مەن ئۈچۈن خۇددى ئۆز ھاياتىمدەك قىممەتلىك بولغۇسى. ئەسلا پۇشايمان قاچىسىنى ئازاب ياشلىرى بىلەن تولدۇرۇشنى راۋا كۆرمەسمەن. روھ ئاللىبۇرۇن يۈكسەكلىكنى يىراق - يىراقتىن ئۈمىد نەزىرىدە كۆرۈپ يەتكەن، خۇش قال مېنىڭ تۇتىيادەك ئەزىز بولغان خۇشاللىقىم. سەن مەڭگۇ مېنىڭ ھايات مۇساپەمدە ئەبەدىيلىك نۇرىنى چاچقۇچىدۇرسەن. بۇ دۇنيادا ئازاب دېگەن ساماندەك تولا، بىراق ئازابلىنىشقا تېگىشلىك ئازاب زادى قانچىلىك؟ ئازاب تۇيغۇسىغا ئىگە بولمىغان ئادەم بولسا بۇ ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا كەلگەنلىك ئىسپاتنامىسى يىتكەن دەپ ھۆكۈم قىلساق خاتالاشمايمىز. مەن خۇشاللىق ئامانىتىنى ئۆز ۋۇجۇدۇمدا ساق-لاپ كېلىۋاتقان، لېكىن، خۇشاللىقنىڭ دۇشمەنلىرى، ھېسسى-ياتنىڭ ئىزگولۇكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى مەندىن تارتىۋالدى، دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازاب بار دېسە ئىشەنمەسلىكنىڭ مۇم-كىن.

ياشلىرىم توپانغا ئايلىنىدۇ. ئۇ غايەت زور كەلكۈنگە ئايلىنىپ، بارلىق ئازابلارنى غەرق قىلىپ سېنى نوھ كېمىسىگە چىقارماقچى بولىدۇ، نوھ كېمىسىگە چىققىنى خۇشاللىق ھەمراھلىرى ئازاب-نىڭ دۈشمەنلىرى. لېكىن، خۇشاللىق ئىچىدىن ئازاب كۆچەت-لىرىنىڭ بىخ سۈرۈشى نېمىدىن؟!

سېنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە 18 مىڭ ئالەمدىكى بارلىق ئىزگۈلۈكلەر ئەتراپىمغا جەم بولغاندەك ھېس قىلىمەن. سەن مەندىن يىراقلىغاندا ئالەم قاراڭغۇلۇقلىرى ماڭا زىندان ياساۋاتقاندەك، ئازاب پەرىشتىلىرى گۆر كولاۋاتقاندەك بولۇپ كېتىمەن. ئەجەبا بۇ خۇشاللىق ھىجرانلىرىمۇ؟ خۇشاللىقىم ساڭا ئاشىقى بىقارارمەن، ئازاب بىلەن ماڭا جازا يۈرۈش قىلماق-چى بولغانلىقىڭنى جاھاننامە ئەينىكىدە كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئېيت! سەن زادى روھىمنى جازالىماقچىمۇ ياكى جىسمىمنى؟ نېمىشقا ئۇلۇغ دوستلۇقنى ئازاب دۈشمەنلىرىگە سوۋغا قىلىۋېتى-سەن؟ ئەجەبا مەن سەندىن شۇنى كۈتكەنمىدىم؟ قېنى ئۇلۇغ - ئۇلۇغ ئارزۇلار؟ ئەجەبا ئۇنى ئۆز قولىمىز بىلەن گۆرگە دەپنە قىلىۋېتەمدۇق؟ ئويلان خۇشاللىقىم ئۆلۈشكە رازى بولارمەنكى، ھەرگىز دۈشمىنىڭ بولمايمەن، نېمىشقا سېنىڭ دوستۇڭ بولالا-لمايمەن؟ نېمىنىڭ دۈشمەنلىكى ئۇ بىر ھەقىقەت! سەن مۇشۇ ھەقىقەتنىمۇ ئىنكار قىلماقچىمۇ؟ سېنىڭ سەزگۈلىرىڭ بۇنى سېزىشى كېرەك.

ئاھ، مېنىڭ مەڭگۈلۈك خۇشاللىقىم، مېنى قاتتىق جازالاشنى خوپ كۆرۈپسەن. لېكىن، سەن مېنى قىلچىمۇ ئاياپ قويمىدىڭ. ئۆزۈڭنى مېنىڭ ئورنۇمغا ئازراقمۇ قويۇپ باقمى-دىڭ. ماڭا پۇرسەت بەرمىدىڭ، مەنمۇ پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈشتىن مۇستەسنا بولالمىدىم، سەن شۇ سەۋەبلىك مېنى بىر ئۆمۈر جازالاشنى لايىق تاپقانسەنمۇ؟ خۇشاللىقلىرىمنى ئازاب لەشكەرلىرى تارمار

ئۇ جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېگىش، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانى.

شاۋقۇن - سۈرەنسىز ئۆتكەن ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟! سەن ئاناڭنىڭ قورسىقىدىن بۇ دۇنياغا يىغلىغان پېتى كۆز ئاچقانمىدىڭ؟ سەن زادى نېمىگە يىغلىغان؟ نېمە سېنى يىغلاتقان بولغىيتتى؟ ھايات مۇشەققىتىدىن قورقۇپ يىغلىغانمىدىڭ؟ قورقما ئىنسان ھاياتىنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغىن، ئۇ سېنىڭ مۇكەممەللىشىشىڭ ئۈچۈن بېرىلگەن ئەڭ ئالىي سوۋغا.

سەن دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ ھاياتنىڭ پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان سىرلىق داشقازىنىدا پىششىپ تاۋلىنىسەن، بۇ يەردە بەزىلەر كۆيۈپ تۈگىشىدۇ، بەزىلەر ماسلىشىۋېلىپ يېگىنچە بىر ياشاش يولىنى تاللىۋالىدۇ. بەزىلەر تاۋلىنىپ يىراقتىكى ئۈپۈق سىزىقىدىن ئۆز مەنزىلىنى كۆرمەكچى بولۇشىدۇ. مەنمۇ ئادەمىيلىك، ئىنسانلىق ئىسپاتىمنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتقان مۇشكۈللەر ئىچىدە ئۆزۈپ يۈرگۈچى ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ھاياتنىڭ قازىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر سەنئەت ھەم رەڭمۇرەڭ تۇس ئالغان ھەر خىل تەشۋىشى، ئۈمىد - ئارزۇلارغا تويۇنغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن.

## 4

ئىنسان كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ بېقىش كېرەك. ئۆز روھىيىتى بىلەن ئۆزىنى سوتلاپ بېقىپ، ئۆزىگە ئادىل باھا بېرىپ، قەلبىنىڭ قىقاس - چۇقانلىرىنى تىڭشاپ بېقىپ، ئۆزىگە قانچىلىك ياشاپتىمەن، ھاياتىمنىڭ كۆپ قىسمىنى نېمە مۇددىئا بىلەن ئۆتكۈزۈپتىمەن دېگەن ئەقەللىي سوئالنى قويۇپ باقسۇن.

بىر ئادەم ئېتىقاد، مىللەتكە تەۋە شەخس بولۇش سۈپىتى

# 3

ھايات بىر جەڭگاھ، بۇ جەڭگاھتا مەرد بىلەن نامەرد، باتۇر بىلەن قورقۇنچاق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، يۈكسەكلىك بىلەن پەسلىك، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك بىرلىكتە جەڭ قىلىدۇ، مەلۇم بىر گۇرۇھ ئادەم سېنى ئۆزىنىڭ ھايات قاينىمىغا باشلاپ كىرەلمىسە، خۇشاللىقىڭنى كۆرەلمەي قالسا، ساڭا ئۆز ئىللەتلىرىنى يۇقتۇرۇپ ساڭا تەسىر كۆرسىتەلمىسە، ساڭا باشقىچە غەرەزدە بولىدىكەن. ئۆزۈمگە خاس ئادىمىيلىك سەزگۈسىگە ئىگە بولغاچقا ھەر ۋاقىت قارشىلىققا دۇچ كېلەتتىم، چۈنكى مەن جاھىللارچە قارشىلىق روھى بىلەن ئۆز خاسلىقىمنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشقا تىرىشاتتىم.

قارشىلىق روھىم ھەر دائىم ئادەمدەك ياشاشنى، خەلقنىڭ كۈلكىسىنى كۈلۈپ، يىغىسىنى بىللە يىغلاپ، ھاياتلىق ئۈچۈن يېڭى يول ئىچىشقا دەۋەت قىلاتتى، ئۇ ھەر دائىم مېنى سوتلاپ، ئۆلگەن سەزگۈلىرىمنى ئويغىتىشقا تىرىشاتتى.

ئىككى - تۆت سەر ئىچىۋېلىپ ھايۋانىي تەبىئىتىنى ئاشكارىلايدىغان، چالا مەست بولۇپ كۆرەڭلەيدىغان نوچىلار يىغىلىشىپ، ھاياسىزلىقلىرىنى بازارغا سېلىپ، ئەخلاق، ئېتىقاد جۇملىسىدىن ئىبغىز ئىچىشقا نومۇس قىلىدىغان پىنھان سورۇنلاردىن خالىي بولۇش — مەن ئۈچۈن ئادىمىيلىك بۇرچى ئىدى، بۇ توغرىمۇ؟ مەن ئۇلار ئۈچۈن بىنورمال، ئۇلار مەن ئۈچۈن بىنورمال ... روھىيەت ئارىلىقىمىز ئىككى قۇتۇپنىڭ ئارىلىقىدەك يىراق.

ئادەمنىڭ ھايات مۇساپىسى ئاجايىپ زور بوران - چاپقۇنلارغا يولۇقىدۇ، بۇنداق بوران - چاپقۇنغا ئۇچرىمىغان ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسى زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ھايات مۇساپىسىدە ھەرگىز داغدام يول مەۋجۇت ئەمەس.

ئىزگۇ ئىشلاردا ئۆزىنى رازى قىلالىغۇدەك كۇچلۇك باھانە - سەۋەب تېپىپ چىقىپ ئۆزلىرىنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، بۇ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

## 5

ئاداققى دوستلۇق، مېھىر - مۇھەببەت، قايغۇ - خۇشاللىق زادى قانداق ھېسسىيات؟ بۇلار ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈلۈك باغلىنىش مۇناسىۋىتى بارمۇ؟ سەن زادى كىمنىڭ سەنىمىگە دەسسەپ، كىملەرنى زار - زار قاقشىتىپ، كىملەرنى كۇلدۇرۇۋاتىسەن؟ كىم ئۇچۇن، نېمىنى دەپ كىمنىڭ دۇمبىقىنى چالىسەن!

ئىنسان سەزگۈسى بۇ جىددىي ھايات رىتىمىدا ئۆز سەزگۈسىنى يوقىتىۋاتامدۇ؟ ياكى بۇ خىيالىي تۇيغۇمىدۇ؟

نېمە ئۇچۇن بىر نىشان، بىر مەقسەت ئۇچۇن بىرلىشىدىغان ھەقىقىي دوستنى تېپىش دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك قىيىن، لېكىن ئىچىپ - چېكىش، بۇزۇپ - چېچىش سورۇنلىرىدا بىرلىشىدىغان ھەمتاۋاق دوستلار ساماندەك تولا؟ ئەجەبا بۇ ئازغان تۇيغۇمىدۇ؟

ھاياتنىڭ ئەسلىي مەنىسى زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟

ئازابلىنىش تۇيغۇسىغا ئىگە بولمىغان يۇرەكتىن ھەقىقەت بىخلىرى ئۈنۈپ چىقالامدۇ؟ نېمىشقا ئەتەڭنى ئەقىل نۇرى بىلەن كۆرمەيسەن، بۇگۇنۇڭ ئۇچۇن قايغۇرمايسەن، كەلگۈسۈڭ ئۇچۇن باش قاتۇرمايسەن؟

سەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتۇڭ ۋە ئاشۇ نامرات، ئاق كۆڭۈل خەلقىڭگە ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببەت بولمىسا سەن ھەرگىز ئازابتىن ھۇزۇرلىنالمايسەن، ھايات بىر مۇزىكا ئەسۋابى، سەن ئۇنى ۋايىغا يەتكۇزۇپ چېلىشىڭ كېرەك.

بىلەن شۇلار ئالدىدىكى ئىشەنچ، مەسئۇلىيىتى، ساداقىتى، بۇرچ ۋە ۋاپاسى قانداق بولىدۇ؟

جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر ئائىلىگە بولغان ۋىجدانەن مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتى قانداق بولىدۇ؟

«كۆتۈمدە ئىشتان يوق ئېتىم مارجان بوۋى»، «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىلىپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دەپ، تۆت سەر ئىچىۋېلىپ ئاكاڭ قارىغاي دۇنيادا بىر دەپ ۋالاقشىپ ھايۋانلار بىلەن نەسەپ تالىشامسەن؟!

كاللاڭ قىزىپ «غۇرۇر»، «ۋىجدان»، «مىللەت» دېگەن نازۇك ھەم تۇتىيادەك پاك ئىبارىلەرنى سېسىق ئېغىزىڭ بىلەن بۇلغاپ، پەسلىك بىلەن ئۇلار توغرىسىدا گەپ ساتامسەن؟!

ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپ، شەرمى ھايا زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ بىز ھايانى، ئەخلاق ـ پەزىلەتنى تاشلىۋەتتۇقمۇ ياكى ئۇلار بىزنى تاشلىۋەتتىمۇ؟ ئاتا ـ ئانىلار «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەن ھېكمەتنى، پەرزەنتلەر بۇ ئالەمنىڭ ئۆتنە ئالەم ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى سوغۇق قانلىق بىلەن پىشانىسىنى ئوبدان سىلىۋېتىپ تۇرۇپ ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. ئائىلە — مىللەتنىڭ ئۇل تېشى، ئائىلىنىڭ ئىستىقبالى ئەڭ ئاخىردا مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا بېرىپ تاقىلىدىغان زور مەسىلە. شۇڭا، «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دەپ ئىشنى ئائىلىنى تۈزەشتىن باشلاش كېرەك. ئائىلىنىڭ بەخت ـ سائادىتى، گۈللەپ روناق تېپىشى ئۈچۈن ھەربىر ئائىلە ئەزاسى ئۆزىنىڭ قان ـ تەرى، مېھىر ـ مۇھەببىتى، بارلىقىنى بېغىشلىشى زۆرۈر.

بىر ۋاقىتلارغا بارغاندا بەك كېچىككەنلىكىمىزنى، باسقان ئىزلىرىمىزنىڭ كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ پېشانىمىزگە شاپىلاق سالغان ۋاقتىمىزدا بەك كېچىكىپ كەتكەن بولىمىز، ئادەملەر ئەزەلدىن ئۆزى قىلىشتىن باش تارتىۋاتقان نۇرغۇنلىغان

مېنىڭ پۈتكۈل ھايات سەپىرىم يەلكىمە مەن ئۈچۈن مەڭ- ھۈملۈق تونىنى يېپىنچاقلىۋالغان ئازاب بىلەن خۇشاللىق پاسى- لىدا تۈرۈۋالغان پەرىزات بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ بىر ئۇلۇغ ئارزۇ، خورلانغان ئەقىدە، ئۇ بىر يۈكسەكلىك، ئۇ ئەركىنلىكنىڭ سىمۋولى، بىر قوۋمنىڭ بەختى ئۈچۈن يۈرىكىنى مەشئەل قىلغان دانكو، ئىنسانىيەتكە ئوت ئوغرىلاپ بەرگەن پىرومىتس، ئۇ قەلب قەسرىمنىڭ مەڭگۈلۈك ئەزىز مېھمىنى، مەن ئۈچۈن تۇتىيا. خىرۇستالتەك سۈزۈك، قىنقىنوستەك ساداقەت ئىگىسى.

ئاھ! دېڭىزدەك چوڭقۇر، تاغلاردەك يۈكسەك، سۇلاردەك شاۋقۇنلۇق ئازاب، ئۆز دولقۇنلىرىڭغا خۇشاللىق كېمەمنى رە- ھىمسىزلەرچە يۇتقۇزۇۋېتىشكە ئۇرۇندۇڭ، ئۇنى مەندىن، مەن ئويلاپ يەتمىگەن دەرىجىدە يىراقلاشتۇرۇۋەتتىڭ. ئۇ مېنى بىر ئۆمۈر قىيىنىغۇسى، ۋىجدان، ھىجران ئازابى تارتقۇزغۇسى، ئۇ مېنىڭ ئەقىل قورغانلىرىنى ھېسسىيات لەشكەرلىرى بىلەن خا- نىۋەيران قىلغانلىقىمنىڭ ئەڭ خالىس جازاسىمۇ؟ مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جازالىنىشىم زۆرۈرمىدى؟ ماڭا ئىزگۈلۈك بىلەن قىلىنغان چىن دوستانە ياردىمى پۈرسەت يوقمىدۇ؟ لېكىن مەن خۇشاللىقىم ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئارزۇلىرىم ئۈچۈن ئازاب لەش- كەرلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىشىم، يېپيېڭى بىر ھاياتلىق يولى تېپىشىم كېرەك، بۇ بىر ئۇلۇغ روھ.

ئادەمدە ئاۋۋال قەلب ئۆلەمدۇ ياكى تەنمۇ؟ ئۆلگەن قەلبنى ساقلاپ قالغان تەن بولغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن، بۇ بىر بىبەدەل پاجىئە، ئۆلگەن قەلبنى ھېچقانداق شىپا دورىلار ئارقى- لىق ساقايتىش مۇمكىن ئەمەس. تەن ئۆلۈمى بىلەن قەلب ئۆلىمىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ نېمە ئۈچۈن ئادەملەر بىر - بىرىنى چۈشىنىشكە شۇنچە تەشنا بولۇشىدىيۇ، لېكىن ھەقىقىي ئىنسان ماھىيىتى، ئېھتىياجى، ئارمانلار يۈكلەنگەن قەلب تىۋىشىنى سېزەلمەي بۇ دۇنيادىن شەپىسىزلا كېتىپ قېلى-

## 6

تالاي سوئاللار ھەر دائىم مېنى ئالغا ئۈندەيدۇ. ئادىمىي-
لىكنىڭ تىنىق كوچىسىغا باشلاپ كىرىدۇ، يۈرىكىمگە ئارمان
شەربەتلىرىنى سىرغىتىپ تۇرىدۇ.

كىچىككىنە يۈرىكىمنىڭ مۇشۇنچىلىك سەزگۈگە ئىگە بول-
غانلىقىدىن خۇشاللىق ھېس قىلماقتىمەن. ياراتقان ئىگەمنىڭ
ماڭا سېزىدىغان يۈرەك ئاتا قىلىپ ھاياتلىق مەنزىلىمگە ئۈمىد
نۇرلىرىنى بەلگە قىلىپ بەرگەنلىكىدىن زوقلىنىمەن.

ئاھ، ئالمىدەك يۈرىكىم ئىچىدىكى ئالەمچە غەزەپ، بېسىل-
ماس ئىستەك، تىنجىماس تىترەك، كىچىككىنە جىسمىم، ئۇس-
تۈڭگە پۈكلەنگىنى بىر قوۋمىنىڭ يۈكسەك ئارمانى، قەلبىم گويا
پارتلاش ئالدىدا تۇرغان يانار تاغ، ئۇ گويا ماگمىدەك دەۋرەپ
تۇرىدۇ. قەلبىم مۇشۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن تەن قەپىسىگە قامال-
غان، ئۇ پارتلىسا جىسمىم تۈگىشىدۇ.

ئۇ گويا قەپەس ئىچىگە بەند قىلىنغان ئەركىن پەرۋاز ئىگە-
سى، يۈگەنسىز تۇلپار كۆز يەتمەس مەنزىلگە، ئۇپۇق سىزىقىغا
قاراپ توختاۋسىز چاپماقتا. تۇياق تىۋىشى ئۇپۇققا سىڭمەكتە.

سەپىرىم ئاجايىپ مۇشكۈل ۋە جاپالىق، سەپىرىمدە يېگانە-
لىك ئارالىرىدا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگىنىمدە بۇ
قىسمەتنى پېشانەڭگە كىم پۈككەن دەپ سورىما، مەن ئۈچۈن
قايغۇرۇپ ئاھ ئۇرما! سېنىڭ ياردەملىرىڭنى كۈتۈپ باقمىغان،
ئاھىڭ ئۈستىدىن مەردانىلەرچە دەسسەپ ئۆتۈپ سەپىرىمنى دا-
ۋاملاشتۇرارمەن.

مېنى دەھشەت بىلەن قىينىماقچى بولدۇڭ، ئاشۇ كىچىك-
كىنە خۇشاللىق ماڭا پانىيدا يېڭى ئۈمىد بېغىشلاپ، ئازابقا
تولغان قەلب قەسرىمگە، ئۆمۈر مەنزىلىمگە ھاياتلىق مەشئىلى-
نى ياقاتتى، ئاشۇ خۇشاللىقىمسىز ھاياتىمنىڭ ھەقىقىي مەنىسى
تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا خۇنۇك تۇمانلار ئارىسىدىكى مەنە-
سىزلىك قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەندەك بولاتتى.

# ئەپچىل چارە

## (ھېكايە)

### رەيھانگۈل قاۋۇل

— فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى كاتىباتلىق سىنىپىدىن، ستۇدېنت

مۇراتنىڭ بۈگۈن خىزمەتكە پەقەتلا بارغۇسى يوق، ئۇنى بىر خىل بىئاراملىق چىرمىۋالغانىدى. لېكىن، ئامال يوق، ئۇ خىزمەتكە چوقۇم بېرىشى، ھەتتا سەكراتتا يېتىپ ئۆلەرمەن بولۇپ قالسىمۇ، خىزمەتكە كېچىكمەي دەل ۋاقتىدا بېرىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، بۈگۈن ئىدارىگە يېڭى باشلىق كېلىدۇ. ئۇ بولسا شۇ كەلمەكچى بولغان يېڭى باشلىقنىڭ كاتىپى — دە.

شۇڭا مۇرات خالىمىسىمۇ، ئادەتتىكىدىن بىر سائەت بۇرۇن يولغا چىقتى. ئۇ ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ، خۇددى بىرسى بويىنىدىن سۆرەپ ماڭغاندەك سولاش كېتىپ باراتتى. ھەم پات - پات «ھەي» دەپ ئېغىر دەرد تارتقان كىشىدەك ئىچ-ئىچىدىن خورسىنىپ قوياتتى. كالللىسىدا بولسا خىزمەتكە چىققان قىسقىغىنا ۋاقىت مونتاژدەك ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇ خىزمەتكە چىققىلى ئون يىل بولۇپ قالدى. ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالاپ كەتمەي يۈرگەن كۈنلەردە، ئۇنىڭ تويۇقسىز ئامىتى كېلىپ، ئۆز يۇرتىدا خېلى ئىناۋەتلىك بار بىر ئىدارىدە ئىدارە باشلىقىنىڭ كاتىپى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىمۇ تىرىشچان، كەمتەر، ئاق كۆڭۈل يىگىت بولغاچقا، مەيلى باشلىق بىلەن بولسۇن

شىدۇ؟

ئارمانلار ئۈستىگە يۆكلەنگەن ئازاب زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ماڭا خۇشاللىق ئورنىغا ئازاب ھەدىيە قىلغىنى زادى كىم؟ نېمە؟ ئۇ روھىيەت سەزگۈسى، ئىجادىيەت يۇلتۇزى، ئارمانلار تىلسىمى، مەن ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ خۇشاللىق تەختىنى تارتىۋېلىشنى قەستەن قىلمىغان. لېكىن ...

ئەي ئىزگۇ نىيەت خۇشاللىقىم، ئوتتۇرغا غايەت زور ھالاك پەيدا بولغاندا، ئۈمىد ئىلتىجاسى بىلەن ساڭا باققاندۇرمەن، ئەجەبا مېنى مەسخىرىگە تۇتۇپ ئاجىز ۋاپاسىزلار قاتارىغا قوشۇۋېتىشنى راۋا كۆردۇڭمۇ؟ بۇ ماڭا بولغان ئادىللىقمۇ؟ ئېيتقىن ئىزگۇ نىيەت خۇشاللىقىم، ساڭا نېمە يامانلىقنى راۋا كۆرگەندىمەن؟!

ئازاب تۇمانلىرىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان خۇشاللىقىم تۇمانلارنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۇلۇغ مەنزىلگە ئىنتىل، ئۇ ھەم ئۇزۇن، ھەم پارلاق مەنزىل، مەنزىلىڭگە ھامان يېتىسەن ئۇ ھەرگىزمۇ ئايغى چىقماس مىڭ بىر كېچە ھېكايىسى ئەمەس. ئۇ سېنى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينى زۇلمەت كېچىلەر زارىقىپ كۈتكەندەك كۈتمەكتە. ھەممىمىز شۇنداق. ئۇ بىر يۈكسەكلىك مەنزىلى.

ئەنە كېچە ئاسمىنىدا تۇمانلارنى يېرىپ ئىنتايىن يىراقتىكى كەلگۈسىنى ئۈمىدنىڭ سۈبھىگە يانداش چولپان يۇلتۇزى جىمىرلاپ بىزنى يېڭى ھاياتقا ئۈندىمەكتە ...

ئۇ يېڭىلمەس ئەقىدە! سۇنماس روھ! تىمتاسلىق چۇقانى! ئازابنىڭ كۆلكە تېۋىشلىرى ئىزگۈلۈك، جاسارەت ئىچىدىن نىجاتلىق يولىنى ئىزدىمەكتە! ئۇ بىر مەڭگۇ تىنچىماس تېۋىش، ئۇ قەلب قورغانلىرىنى يانار تاغ پارتلىغاندەك پارتلىتىپ، ئەتراپقا ئۈمىد نۇرلىرىنى چاچماقتا! زېمىن ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە خۇددى مۇمىياغا ئايلانماقچى بولغان تەندەك ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ئۆز مەۋجۇدىيەتلىرىگە ئالاقزادىلىك بىلەن تىكمەكتە ...

ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسە ئېلان قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ
يازغانلىرىنى مۇراتقا تەڭلەپ: «هە، قېنى يازغۇچى يازغىنىمنى
كۆرۈپ باققىنا» دەپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلاتتى ۋە يازغانلىرىنى
ئۇنىڭغا تۇزەتكۈزەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ دەسلەپ سەل ئوڭاي-
سىزلىنىپ قالاتتى. لېكىن، بۇنىڭغىمۇ ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ
كەتتى. ئۇ باشلىقنى ياقتۇراتتى. خىزمەتنى ئەستايىدىل، كۆ-
ڭۈل قويۇپ ئىشلەيتتى. باشلىقمۇ ئۇنى پات ـ پات ماختاپ
قوياتتى.

لېكىن، ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. بىر كۈنى باش-
لىق ئىشخانىسىدا شۇنداق چېچىلىپ كەتتى. چۈنكى، يۇقىرىدى-
كى ئەمىلى يۇقىرىراق بىرسى ئۇنىڭغا يولسىز بىر بۇيرۇقنى
چۈشۈرگەنىدى. باشلىق بۇنىڭ ئومۇمغا، ئىدارىگە نۇرغۇن زى-
يانلارنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇستەلگە ئۇ-
رۇپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
لېكىن، ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى. ئارىدىن بىرەر ئاي
ئۆتە ـ ئۆتمەي باشلىق باشقا بىر شارائىتى ناچار ئورۇنغا يۆتكى-
ۋېتىلدى. مەرتىۋىسىمۇ تۆۋەنلىتىلدى.

مۇراتمۇ، باشقىلارمۇ باشلىققا هېسداشلىق قىلدى. لېكىن
ئۇلارنىڭ قولىدىن هېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقى، باشلىققا ياردەم
قىلالمايدىغانلىقى هەممىگە ئايان ئىدى. كېيىن ئىدارىگە كۆپ
ئۆتمەي، يەنە بىر باشلىق كەلدى. بۇ باشلىق شۇنداق باشلىق
ئىدىكى، ئاۋۋالقى باشلىقنىڭ دەل ئەكسى، ئۇ خۇشامەتگۈيلۇقتا
ئۇچىغا چىققان بولۇپ بەزىدە هەتتا ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان
باشقىلارنىڭ تېلېفونىنى ئالغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، شۆلگەيلىرى-
نى ئېقىتىپ شۇم هىجىيىپ، خۇددى باشلىق ئۇنىڭ كۆز ئالدى-
دىلا تۇرۇپ يولىيورۇق بېرىۋاتقاندەك، توختىماي «خوپ، خوپ»
دەپ تۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا مۇرات ئۇنىڭغا يىرگىنچ بىلەن
قاراپ قوياتتى. قىسقىسى، ئۇ ئۆزىدىن يۇقىرى باشلىقلار ئالدىدا

ياكى خىزمەتداشلىرى بىلەن بولسۇن تېزلا چىقىشىپ كەتتى. لېكىن، شۇ قىسقىغىنا خىزمەتكە چىققان ئۇن يىل جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋال-دى. قانداق ياشاشنى بىلىۋالدى. ئادەم گۆدەك چېغىدا بىغۇبار، پاك، سەممىي بولىدىغانلىقىنى، چوڭ بولغانسېرى، پىشىپ يېتىلگەنسېرى ئاچ كۆز، شەخسىيەتچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ خىزمەتكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە كە-شىلىك ھاياتتىكى نۇرغۇن ئىشلار ئالىي مەكتەپتىكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇ ئىشلارغا دەس-لەپتە ئانچە كۆنەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاستا - ئاستا ئۇلارغىمۇ كۆنۈپ كەتتى.

ئۇ خىزمەت ئىشلەۋاتقان بۇ قىسقىغىنا ۋاقىتتا، ئىدارىگە كەينى - كەينىدىن ئۈچ باشلىق ئالماشتى. بۇ باشلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مىجەز - خۇلقى ئۆزگىچە بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئەمىلىگە، تۇشلۇق سۇر - ھەيۋىسى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشچان ھەم زېرەكلىكى بىلەن باشلىقلىرىنىڭ ھاجى-تىدىن چىقىپ كەلدى. لېكىن، بۇ يېڭى باشلىق...

«ھەي!» ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇ بۇ قېتىم قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. بەلكىم خىزمىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

مۇرات بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايتتى. قانداقلا بولمىسۇن بىر ئامال تېپىپ ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى كې-رەك - دە! ئەجەبا ئۇنىڭ شۇنچە يىل جاپا چېكىپ قىلغان خىزمەتلىرى بىر ئېغىز گەپ بىلەن يوق بولارمۇ؟

ئۇنىڭ دەسلەپكى باشلىقى 50 نەچچە ياشلاردىكى، خىزمەتتە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان كىشى ئىدى. ئۇ يېزىقچىلىققا ھې-رىسمەن كىشى ئىدى. يېغىندا سۆزلىنىدىغان نۇتۇقنى ۋاقتى بولسىلا ئۆزى يازاتتى. تېخى مۇراتنىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا

ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ، مىڭ بىر بالالىقتا بىر جۈملە گەپنى ئارانلا دەيتتى. بۇنداق چاغلاردا باشلىقنىڭ يېنىدا كىم بولسا شۇنى نەس باساتتى. چۈنكى، باشلىق بۇ كىشىلەرنى ھەر قېتىم كۆرگەندە، ئۇلار خۇددى ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشىۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ شۇ قىياپىتىنى ھەممە يەرگە يېيىشىۋېتىپ، باشقىلارغا ئۆزىنى كۈلكە ئوبيېكتى قىلىپ بېرىشىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كې-لىپ قالاتتى ۋە ئۇ كىشىنى ھەر قېتىم كۆرگەندە سەپرايى ئۆرلەپ، ئۇنى تېزرەك كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشەتتى. ئەلۋەتتە، باشلىقمۇ ئالدىراپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆزلەپ قال-مايتتى. پەقەت ئىشخانىسىغا كىرگەندە، كاركىراپ، كېكەچلەپ تۇرۇپ ئاچچىق بىلەن تازا سۆزلىشۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ گېپىنى ئۇنىسىز، ئاڭلاپ تۇرىدىغىنى يەنە شۇ كاتىپ بولىدۇ - دە، ئۇ يە تۆت تامغا سۆزلەمتى.

ئىشقىلىپ، يېڭى باشلىق كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي كاتىپ ئالمىشىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. «قانداق قىلىپ خىزمەت ئورنى-نى ساقلاپ قېلىشى كېرەك؟» مۇراتنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى.

ئۇ شۇنداق چىگىش خىياللار قايىنىمىدا، ئۆزىنىڭ ئىدارە ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەيلا قالدى. دەرۋازا ئالدىدا بىر توپ كىشىلەر يىغىلىپ ئېمىلەرنىدۇر مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى، تالىشىپ سۆزلىشىۋاتاتتى. ئەھۋال ئاۋۋالقىغا ئانچە ئوخشىمايت-تى.

مۇرات بۇ تالىشىشلارنىڭ يېڭى باشلىق ئۈستىدە بولۇۋاتقان-لىقىنى جەزملەشتۈردى. چۈنكى بۇ باشلىققا قانداق تاقابىل تۇرۇش يالغۇز مۇراتنىڭلا ئىشى ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئىدارىدى-كى ھەربىر ئىشچىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-لىك ئىدى. باشلىق كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ خەۋىرى بۇرۇنلا يېتىپ كېلەتتى. شۇڭا، كىشىلەر باشلىققا ياخشى كۆرۈنۈش،

قانچىكى كۈچۈكلەنسە قول ئاستىدىكىلەرگە شۇنچىكى زالىم ئى-
دى.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە، باشلىقنىڭمۇ، مۇراتنىڭمۇ
ئامىتى كەلدى. باشلىقنىڭ ئەمىلى ئۆسۈپ باشقا شەھەرگە يۆت-
كەلدى. مۇرات بولسا بىر زالىمدىن قۇتۇلۇپ يېنىك نەپەس
ئالدى. ھەم كۆڭلىدە: «بۇ قېتىم ياخشىراق بىرسى باشلىق
بولسا، خاتىرجەم خىزمىتىمنى قىلسام» دەپ ئويلىدى ۋە كې-
يىنكى خىزمەتلەرنى باشلىققا ماسلىشىپ ياخشى ئىشلەش ئۈ-
چۈن، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە باشلىدى.

لېكىن، ئۇ يېڭى باشلىق توغرىسىدىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر
تاپقاندىن كېيىن يېلى قېچىپ كەتكەن توپتەك لاسىدە بولۇپ
قالدى. يېڭى باشلىق، ئارقا تىرىكى ناھايىتى كۈچلۈك،
جەددى - جەمەتى كۆپ، ھوقۇقپەرەس، مەنمەنچى، زالىم
كىشى ئىدى. بۇلارغۇ مەيلى، ھەممىدىن يامىنى، ئۇ كىشى
كېكەچ ئىدى. مۇراتنىڭمۇ ھەممىدىن ئەنسىرەيدىغىنىمۇ مۇشۇ
ئىدى. چۈنكى، «تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلەر، ساقنى تاز
دېسە كۈلگۈسى» دېگەندەك، بۇ باشلىق باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ
ئالدىدا گەپ قىلىشىنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى. بىرەرسى ئۇنىڭ
ئالدىدا ئۇزاقراق سۆزلەپ قويدىمۇ، بولدى، ئۇ كىشىگە ئۆچلا
بولۇپ كېتەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، باشلىق داۋاملىق كاتىپ
ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. بىر كاتىپنى ئەڭ ئۇزۇن دېگەندە ئىككى
ئاي ئىشلىتەتتى. باشلىق ئاچچىقلانمىسا، ھەممە ئىشلارنى قەلەم
بىلەن قەغەز ئارقىلىقلار بولىدىغان بولسا، ياخشى. بولمىسا
باشلىق قانچىكى بۇرۇن ئاچچىقلىنىپ قالدىمۇ، كاتىپنى، شۇن-
داق بۇرۇن نەس باساتتى. چۈنكى، باشلىق مەلۇم ئىش توغرۇ-
لۇق ئاچچىقلىنىپ قالدىمۇ، بولدى، ئۆزىنى باسالماي، خۇددى
پوكاندەك قىزىرىپ، كۆزلىرى پولتىيىپ، ئېغىزىنى بىر يانغا
قىيسايتىپ، بويىنىنى خورازدەك سوزۇپ، بىر گەپنىڭ بېشىنى

كىشى بولۇپ، سۆز - ھەيۋىسى بىلەن چوڭ ئىش ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرگەن كىشى ئۇنى ھەرگىزمۇ كېكەچ، دەپ ئويلىمايتتى، كېكەچلەپ سۆزلەۋاتقىنى بولسا باشلىق ئەمەس بەلكى بۇ ئىدارىدا سېپىق نامى پۈركەتكەن، ھەجۋىي چىراي، كىشىگە گەپ بەرمەي پىلىموتتەك تېز سۆزلەيدىغان خوشامەتچى كاپكاپ قۇربان تاز ئىدى. ئۇ مۇراتنى كۆردى. لېكىن، چىرايىدىن ئازراقمۇ خىجىل بولۇش، قىزىرىش ئالامەتلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ بەلكىم بۈگۈن باشلىق بىلەن تۇنجى بولۇپ بىمالال كۆرۈشكەن كىشى بولسا كېرەك.

مۇرات كەينىگە ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. «توۋا» دەپ ياقىسىنى چىشلەشكىمۇ بۇ يەردە ئامال بولمىدى. ئۇ قانچە ھەيران بولغان بولسا، شۇنچە تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە ئىشنىڭ تېگىگە ناھايىتى تېزلا يەتتى، كۆڭلىدە قۇربان تازنىڭ كىشى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئەقلىگە قايىل بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

ھېچبولمىسا ئۇنىڭغا سەت كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن ئەھۋال ئىگىلەيتتى.

بۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى، داۋاملىق خىزمەتكە كېچىكىدىغان ياكى ئارانلا ئۈلگۈرۈپ كېلىدىغان كىشىلەر ئىدى. بۈگۈن بولسا كۆن غەربتىن چىققىنىمۇ قانداق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خېلىلا بۇرۇن خىزمەتكە كېلىپ بولغانىدى. مۇرات كۆڭلىدە: «بۇلارمۇ چۆچۈپتۇ - دە» دەپ ئويلىدى ۋە دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۇلارنىڭ چاقىرىپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلمىشىدىن ئەنسىرەپ غىپلا قىلىپ ئىشخانا بىناسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەمدىلا كىرەي دەپ تۇرۇشىغا، ياندىكى يېڭى باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن كىملەرنىڭدۇر دۇدۇقلاپ سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

نېمە، ئەجەبا يېڭى باشلىق شۇنچە ئەتىگەن كېلىپ بولغانمىدۇ؟ ئۇ بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتى ۋە سائىتىگە قارىدى. ئىشقا چۈشۈشكە يەنە 15 مىنۇت بار ئىدى— بۇ نېمە كارامەت، باشقىلارنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشى بىكار ئەمەسكەن - دە! ماۋۇ پالاكەتنى كۆرۈڭ — مۇرات ئۆيىدىن ئىدارىغىچە بولغان شۇ قىسقىغىنا ئارىلىقنى ئۆزىنىڭ شۇنچە ئۇزاقتا باسقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئىشخانىدىن يەنىلا كىمنىڭدۇر كېكەچلەپ سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، نېمىشقىدۇر بۇ ئاۋازنىڭ بىر يەرلىرى ئۇنىڭغا تونۇش بىلىنىدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرمەسلىكنى ئويلاپ قالدى ۋە بۇ ئويىدىن دەرھاللا ياندى. ئۇ نېمىلا بولمىسۇن باشلىق بىلەن كۆرۈشۈشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. مۇرات بېشىغا كەلگەننى كۆرۈشكە تەييارلىق قىلىپ قويدى ۋە تەۋەككۈل قىلىپ باشلىقنىڭ ئىشىكىنى يېنىك چېكىپ قويۇپ ئىشخانىغا كىردى. كىردىيۇ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. باشلىق ھەقىقەتەن كېلىپ بولغانىدى. ئۇ ئۆزى كېلىشكەن ناھايىتى سالاپەتلىك

شىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. مەن ئۆلسەم ھېچكىم مېنى ياد ئەيلىمەيدۇ. ئاددىي قەبرەمگە قاغا - قۇزغۇندىن بۆلەك ھېچ نەرسە نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويمايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا كىشىلەر مېنىڭ بۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەنلىكىمنى، ئۆزلىرىنىڭ مېنىڭدەك ئىنساننى يۈرەكنى ئەزگۈدەك دەرىجىدە مۇڭلىنىپ، مىچىلداپ يىغلىشىپ تۇرۇپ، ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويۇشقانلىقلىرىنى، گويا مەن بۇ يەردە ئىلگىرى ياشاپ ئۆتمىگەندەك ئۇنتۇپ قېلىشى-دۇ. ھېچكىممۇ مەن توغرۇلۇق گەپ قىلمايدۇ. بىر ئىنساننىڭ مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى ئازابلىق قىسمەتكە دۇچار بولۇشى نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە!

ئۆلۈش ئالدىدا ئادەم خىيالچان بولۇپ قالامدۇ قانداق بىل-مىدىم. ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە مىنۇتىنى ئىتتىك-رەك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، قان - ياش بىلەن نەمدەلگەن كۆزلە-رىمنى تورۇسقا تىككەن ھالدا خىيال دەرياسىنىڭ مايماق كېمە-سىدە سەپەرگە چىقتىم. ناۋادا، مۇمكىن بولسا ئۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان تىنىقلىرىمنى، ماڭا ئوخشاش سەكراتتا ياتقان نىمجانلار-غا تەقدىم قىلسام، ئۇلار بىرنەچچە مىنۇت بولسىمۇ ئۇزاقراق ياشىسا، يۇمۇلۇش ئالدىدا تۇرغان كۆزۈمنى، يورۇقلۇقتىن مەھرۇم بولغان ئىنسانلارغا تەقدىم قىلسام، ئۇلارمۇ يورۇق دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولسا، يەنە ... يەنە ... ئىشقىلىپ، بەدىنىمنىڭ ھەربىر ئەزاسى ھەربىر ھۆجەيرىسىنى تەسەددۇق قىلىشقا رازى ئىدىم. لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس ...

ئىختىيارسىز خىيال ئېكرانىمدىن بىر چاغلاردىكى نەزىرى ئۈستۈن بايۋەچچە ئوبرازىم بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئاتا - ئانام چوڭ سودىگەر بولغاچ كىيىنىشلىرىم، يەپ - ئىچىشلىرىم تولىمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى. كەمبەغەللەرنى كۆزگە ئىلمايتتىم. ئۇلارنى پەس كۆرەتتىم. ھاكاۋۇرلۇقۇم، ئۇششۇق-

# پۇشايمان خاتىرىسى

(ھېكايە)

توختىنىياز توقسۇ

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

مەن بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ نەۋقىران چاغلىرىمنىڭ جۇشقۇن سىمفونىيىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە مىنۇتىنى ياشاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. مۇشۇ بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بەزىلەر شەرەپ دەپ بىلىدىغان، بەزىلەر ئۈچۈن شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق بىلىنىدىغان ئۆلۈم بوسۇغىسىغا قەدەم باسىمەن. بۇ بوسۇغىدىن نەچچە دەۋر سۈرگەن خان - شاھزادىلەر، دانىشمەن - ئالىملار، كوچىلاردا سەرسان بولۇپ تەمتىراپ يۈرگەن گادايلار، خەلقنىڭ قېنىنى شورىغۇچى جاللات، مەلئۇنلارمۇ ئۆتتى. لېكىن، ئۆلۈم بوسۇغىسىنىڭ ئىشىك باقارى ئۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلمىدى. بەلكى مەڭگۈ شۇنداق ...

مەن ھازىر قاتتىق ئازابلانماقتىمەن، يۈرىكىم پۇشايماننىڭ ئاچچىق بورىنىدا تىنىمسىز لەپپەڭشىمەكتە. كۆزلىرىمدە ھەسرەتلىك ياشلار يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك مەڭزىمنى بويلاپ سىرغىماقتا. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلاندىمكى، مەن ھازىر ھېچقانداق نام - نىشانسىز، تۆھپە - ئەجىرسىز ئەۋلادلىرىمغا مىراس قالدۇرغۇدەك تۆت ئېغىز ئىبرەت سۆزۈمنىڭ تايىنى يوق. ئىنتايىن غېرىب - بىچارە ھالەتتە ھاياتىم بىلەن خوشلى-

ىرى، قايغۇ ـ ئەلەملىرى ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئېچىنىشلىق ئىزلارنى قالدۇرۇپ كېتىدىكەن. ئېرىشكەن خۇشاللىقى بەكمۇ ئاز بولىدىكەن. جۇملىدىن مەنمۇ دۇرغۇن مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولساممۇ، ھەسرىتىم، قايغۇ ـ ئەلىمىم بايلىقىمدىن ھەسسىلەپ كۆپ بولدى. قورۇق سۆلەتكە بېرىلىش، ئەيش ـ ئىشرەتتىن كەلگەن كىچىككىنە خۇشاللىق تۈپەيلى، خۇدۇمنى بىلمەي ئۆزۈمنى دۇنيادا بىر ساناپ، كېرىلىپ يۈردۈم. چۈنكى مال ـ مۈلكۈم قايغۇ ـ ئەلەملىرىمنى يېنىكلەشتۈرەلەيدۇ دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، ھازىر شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، پۇلغا، مال ـ مۈلۈككە ھەقىقىي خۇشاللىقنى، بەختنى سېتىۋالغىلى بولمايدىكەن.

مەن مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ پۇشايماننىڭ چوڭقۇر پاتقىقىغا چىقىپ بولمايدىغان دەرىجىدە چوڭقۇر پاتقانلىقىمنى، كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىمنى تولۇق يوقاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. دۇنيادا ئازمايدىغان، نۇقسان ـ خاتالىقلاردىن خالىي بىرمۇ ئىنسان يوق. ھەرقانداق بەندە خاتالىق ۋە نۇقساندىن خالىي ئەمەسكەن. مېنىڭچۇ؟ ئىنسانىيەتنى دېمەيلا تۇرايلى، بىرەر يېتىم ـ يېسىرغا، ھەتتا ئۆز ئاتا ـ ئانامغا خەيرخاھلىق قىلغان يېرىم بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق، پەقەت چەكسىز خاتالىقلىرىم بەدىلىگە ئېرىشكەن پۇشايمىنىملا بار، خالاس.

مانا ھازىر ھەسرەتلىك خىياللار ئىلكىدە يېتىپتىمەن. يادچۇقۇم تومىلاشقان ھەشەم ـ دەرەم چاغلىرىمدا مەن ئۇچۇن جان بەرمەكچى بولغان گۈزەل خان ـ ئايىملار، ئەيش ـ ئىشرەتلىك سورۇنلاردا مەن ئۇچۇن مەدھىيە ئوقۇغان قوشاقچىلار، مەڭگۈلۈككە قول بېرىشكەن ئۈلپەتداشلىرىم بەكمۇ تولا ئىدى. مانا ئەمدى مال ـ دۇنيالىرىم تۈگەپ، سەكراتتا ياتسام بىرەرسىمۇ «ھالىڭ نېمە؟» دەپ ئەھۋال سوراپ قويمايدۇ. لېكىن، بۇلاردىن ئاغرىنىشقا مېنىڭ ھەققىم بارمۇ؟! پەقەت ئۆزۈمدىنلا ئاغ-

لۇقۇم تۇپەيلى، جېدەل تېرىشتىن باشقىنى بىلمەيتتىم. مەكتەپكىمۇ بارمايتتىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ، ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ نەسىھەتلىرىنى بىر تىيىنغا ئالمايتتىم. ھەمىشە ھەر خىل ناچار ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئۆلچىمىگە يات بولغان بولمىغۇر ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ قوينىغا بېشىمچىلاپ كىرىپ كەتتىم. ئاتا ـ ئانا، ھايا، نومۇس، دېگەنلەر بىر چەتتە بويۇن قىسىپ قالدى. ئاتا ـ ئانا كىشىگە مەڭگۈ باقىۋەندە ئەمەسكەن، «جېنى بارنىڭ قازاسى بار» دېگەندەك ئۇلارمۇ ئۇ دۇنياغا كەتتى. مەن نۇرغۇن تەييار مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىپ، تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، ئەيش ـ ئىشرەت دۇنياسىدا تېخىمۇ دەۋر سۈرۈشكە باشلىدىم. ئالدىمغا بويۇن قىسىپ ياردەم سوراپ كەلگەنلەرنى ئاھانەتلىك تىللار بىلەن يولغا سالدىم. ئاجىز، مېيىپ، يوقسۇللارغا نەپرەت كۆزۈم بىلەن قارىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ يۇقىرىقىدەك قىلمىشلىرىم تۇپەيلى، ئەل ـ جامائەتنىڭ نەزىرىدىن پۈتۈنلەي چۈشۈپ، مال ـ مۈلكۈم ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ بولسىمۇ، لېكىن روھىيىتىمنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە نامراتلىشىۋاتقانلىقىنى ھەم چاكىنىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلمەي يۈردۈم ... مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا مېنى يەنە ئىختىيارسىز يىغا تۇتتى. گەرچە كۆزلىرىمدىن ياش چىقمىسىمۇ، يىغلاش ئۈچۈن چىڭقىلىدىم. ئاللا ماڭا يەنە بىر قېتىم يىغلىۋېلىش پۇرسىتى بەردىمۇ قانداق، كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار ئېقىشقا باشلىدى. دۇنيادا ھېچكىممۇ ياش تۆكۈشنى خالىمايدۇ. بىراق مەن چەكسىز پۇشايمان ئىچىدە، كۆزلىرىم قۇرۇغۇچە يىغلاشقا ئىنتىزار. توۋا، بەزىدە ئەڭ يىرگىنچلىك نەرسىمۇ، سەن ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. مانا ھازىرلا باشقىلار يىرگىنىدىغان پۇشايمان يېشىغا ئىنتىزار بولماقتىمەن.

ئىنساننىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىـ

# ئۆچمەس سىيما

(ئەدەبىي خاتىرە)

## مۇبارەك

### ئاخبارات تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، لېكتور

ئاپام ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغان ھالدا چۆچەكنى داۋاملاشتۇراتتى:

— چىن تۆمۈر باتۇر مىسران قىلىچنى شۇنداق كۆتۈرگەنىكەن، كۆكتە يالت – يۇلت قىلىپ نۇر چاقناپتۇ – دە، قىلىچنىڭ ئۆرلىشى بىلەن يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ بېشى يەرگە چۈشۈپ دومىلاپتۇ. قانلىرى دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ!

— ئاپا، چىن تۆمۈر باتۇر ئەسلىي دادامغۇ دەيمەن؟

— ھەئە، داداڭ بالام، ئەمدى ئۇخلا.

بۇ ھاياتىمنىڭ ئەڭ سەبىي چاغلىرىدا مېھرىبان ئانامنىڭ ئىللىق قوينىدا يېتىپ ئاڭلايدىغان ئەڭ مەنىلىك چۆچەك ئىدى.

— شۇنداق! مېنىڭ دادام دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ جەسۇر، ئەڭ ئىرادىلىك كىشى ئىدى.

ئەڭ گۆدەك، ئەڭ سەبىي چاغلىرىمدا دادامنىڭ قاملاشقان قەددى – قامىتىگە، قورقماس، ھەرقاچان خۇشخۇي، كەمتەر تۇرقىغا قاراپ ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك بالا دەپ ئويلايتتىم.

بىزنىڭ ئائىلىمىز مائارىپچى ئائىلىسى بولغاچقا، بىز تۆت قېرىنداش تەرتىپلىك، تىنچ ۋە ئىنتايىن قاتتىق ئىنتىزام ئاس-

رىنىمەن، خالاس. بەلكىم بۇ ئىنساننىڭ ماھىيىتى بولسا كېرەك.

بىرلا كارىۋاتتىن بۆلەك ھېچقانداق جاھاز يوق غېرىبانە خانامدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋېتىمەن. ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم كىشىلەر پەقەت رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا يىغىلىشىپ، ئۈزىتىپ قويۇشار، ئەتىسى يېڭى بىر سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە، كىشىلەر تۈنۈگۈن ھېچ ئىش بولمىغاندەك، گويا مەن ئىلگىرى بۇ يەردە ياشاپ ئۆتمىگەندەك، ئۆلۈمۈمنى ئۇنتۇپ قېلىشار. ئاھ، خۇدا، مەندىن ئىبرەت بولسۇنكى، مەن يولۇققان بۇنداق قىسمەتكە، سېنىڭ ھېچقانداق بىر بەندەڭ يولۇقمىغاي.

مانا مۇشۇ تەرىقىدە، پۇشايمانلىق ھايات تارىخىمنىڭ ئازابلىق كارتىنىلىرىنى خىيال ئېكرانىمدىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، خۇددى گۇناھلىرىم مەغپىرەت بولغان پاك بەندىدەك يېنىكلەپ، ئاستاغىنا كۆزۈمنى يۇمدۇم. كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇزاق ئۆتمەي تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى ... مەن ئىشىكنى چەكتىم، مەن، مېنىڭ يەنە بىر رەت بۇ دۇنياغا تۆرىلىش تەمەسىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىغىلى بۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم...

ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپتىكەن.

بىزنىڭ ئائىلىدە بىزگە كۆپ ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرەلمەيتتى. بىزنىڭ ئويۇنچۇقلىرىمىز قەغەز، قەلەم ۋە ھەر خىل كىتابلار ئىدى. دادام بىلەن ئاپام بىزگە نۆۋەت بىلەن ھەر خىل چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى ۋە ھەر خىل قىسقا - قىسقا شېئىرلارنى يادقا ئالدۇراتتى. شۇنىڭغىمۇ مەن بالامغا چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنىمدە بەزىدە ئۆز - ئۆزۈمگە ھەيران قالىمەن بۇ تۈگىمەس چۆچەكلەرنى نەدىن ئاڭلاپ ئېسىمدە قالغاندۇ دەپ قالىمەن. بەلكىم بۇ چۆچەكلەر ئەنە شۇ مېھرىبان دادامنىڭ قېنى بىلەن مېنىڭ تومۇرلىرىمغا كىرگەنمىكىن دەپ ئويلايمەن.

مېنىڭ بەش - ئالتە ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك. شۇ يىلى ئورۇمچىدە ئۇدا ئون نەچچە كۈن قاتتىق يامغۇر ياغدى. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى. ھەممىدىن قىزىقى، دادامنىڭ ئۇستىلىگە توغرا كېلىدىغان بىر پارچە يەردىن پەقەتلا سۇ ئۆتمىدى. دادام ئۆگزىگە قاراپ:

— مانا مېنىڭ ئىنتايىن ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتقىنىمنى ئاللامۇ بىلىدۇ ئەمەسمۇ! دەپ چاقچاق قىلاتتى. يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى ئۆگزىنىڭ باشقا جايلىرىدىن ئۆتكەن يامغۇر سۇلىرى ئاپام تىزىۋەتكەن داس - چاۋۇرلارغا توختىماي تامچىپ تۇراتتى. ئۆي ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. ئەمما، دادام يەنىلا شۇ بىر پارچە يامغۇر ئۆتمىگەن جايغا جايلاشقان قەدىردان ئۇستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ دۇنيادىن بەخىرامان ھالدا ئىشلەيتتى.

— دادا ئەگەر ئۆيىمىز سۇغا توشۇپ كەتسە بىز سىزنىڭ ئۇستىلىڭىزگە چىقىۋېلىپ كىتابلىرىڭىزنى ئېلىپ خۇددى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېيىقىدەك سۇدا ئۈزۈپ ئوينايمىز - ھە، — دەپ توختىماي ۋىچىرلاپ دادامنىڭ ئۇستىلى ئاستىدا دادام ياساپ بەرگەن كىتابخانامدا ئولتۇرۇپ دادامغا سوئال قوياتتىم.

شۇ يىللاردا دادامنىڭ قانچىلىك قىيىن شارائىتتا، سىيا-

تىدا ساغلام ۋە بەختلىك چوڭ بولدۇق.
شۇنداق ئېسىمدە تۇرۇپتىكى، بالىلىق چاغلىرىمىزدا بىز-نىڭ ئۆي ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئىدى. چوڭراق ئۆي ھەم مېھمانخانا، ھەم دادامنىڭ كىتابخانىسى ئىدى. مەن ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ دادام ئۈستەل ئالدىدا كىتابلار دۆۋىسى ئىچىدە ئەتىدىن كەچكىچە ئىشلەيتتى. شۇڭلاشقىمۇ، ئاپام بىزنى ئۆيدە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلغۇزمايتتى. ئەكسىچە دادام بۇنىڭغا خاپا بولۇپ:
— بىز بالىلارغا ئەركىن مۇھىت يارىتىپ بېرەيلى! ئەر-كىن چوڭ بولسۇن دەيتتى.
كىچىككىنە ھويلىمىزدا ئاكامنىڭ توشقان كاتىكى، تەجرى-بىخانىسى، ھەدەمنىڭ توخۇ كاتىكى، گۈل تېرىيدىغان پارنىكى مېنىڭ شېئىر ۋە رەسىملىرىمنى چاپلىغان كۆرگەزمىخانام، بې-لىق كۆلچىكىم، دېگەندەك ناھايىتى چىرايلىق ئىسىملىرى بار دۆۋە - دۆۋە كېسەك ۋە ھەرخىل ياغاچ بوتۇلكا دېگەندەك نەرسى-لەر كۈن بويى چېچىلىپ تۇراتتى. دادام بىزنى ھويلىنى قالايمى-قان قىلىۋەتتىڭلار دېمەيتتى. ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن بىز-نىڭ ئۆز نەتىجىلىرىمىزنى ۋە ئەسەرلىرىمىزنى كۆرۈپ:
— پاھ، پاھ قالتىس، قالتىس جۇمۇ، قانداق ئويلاپ تاپ-تىڭ، — دەيتتى.
مەن ئۇنىڭغا ئۆز شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ بېرىپ:
— دادا بۇغدا ئابدۇللا ئاكامنىڭكىدەك بوپتۇمۇ؟ — دەپ سورىسام:
— ئوخشاپتۇ، ئوخشاپتۇ.
— ئەمىسە رادىئودا ئوقۇي بولامدۇ؟ — دېگەندەك ئاخىرى چىقماس سوئاللىرىمىزغا سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ئەمدى ئويلىسام دادام بىزگە ئەنە شۇ تار زېمىندا «ئەركىن مۇھىت» يارىتىپ بىزنى ئۆزىگە ئوخشاش ئىرادىلىك، دادىل ۋە

ئاھ! خىزىردەك خاسىيەتلىك دادام!

دادام بۇ يۇرتتا يېگانە ئىدى. بالىلىق چاغلىرىمدا مەھەللىدىكى باشقا كىچىك دوستلىرىمنىڭ بوۋا - مومىلىرى يۇرتلاردىن كېلەتتى. ئۇلار مېنى ئەركىلىتىپ بۆلۈپ بەرگەن ياڭاق، ئۈزۈم، گۇلەقاقلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ دادامدىن:

— دادا! سىزنىڭ دادىڭىز، ئاپىڭىز بارمۇ؟ نەدە تۇرىدۇ؟ قاچان كېلىپ بىزنى كۆرىدۇ؟ — دەپ سورايتتىم. دادام ماڭا:

— خەلقىم مېنىڭ دادام، ئانام ھەم قېرىنداشىم بالام. ھەممە يۇرت مېنىڭ يۇرتۇم، — دەيتتى.

شۇڭا كىچىك دوستلىرىم مەندىن بوۋاڭ بىلەن موماڭنىڭ ئىسمى نېمە دېسە «خەلق» دەپ جاۋاب بەرسەم، ئۇلار نېمانداق ئىككىسىنىڭ ئىسمى ئوخشاش دەپ سورىسا، مەنمۇ بىلەلمەي ھەيران قالاتتىم.

دادام ناھايىتى مېھرىبان، كەڭ قورساق ئادەم ئىدى. ھەممىلا ئادەمگە خۇددى بىزگە كۆيۈنگەندەك كۆيۈنەتتى. شۇنىڭغىمۇ مەن دادامنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا بىرەر كىمنى يا ئۇنداق، يا مۇنداق دەپ يامانلاپ باققانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. دادام ھەر دائىم بىرەرسىنىڭ «سىزنى پالانى مۇنداق دېدى» دەپ كەلگەندە پەقەت «ئادەم ئەمەسمۇ خام سۈت ئەمگەن» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ ئېيتقانلىقىنى ئاڭلايتتىم. خاپا بولمىغىنىغا، ئاچچىقلانمىغانلىقىغا قاراپ ئەقلىم ھەيران قالاتتى. ئەكسىچە گەپ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئادەمنىڭ دەككىسىنى بېرەتتى.

بىزنىڭ مەھەللىدىكى قوشنىلىرىمىز، دوستلىرىم ھەممىسى دادامنى بەك ياخشى كۆرەتتى. مەن دائىم ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئۇلارغا دادامنىڭ چوڭ ئۇستىلىنى، ئىنگلىز، ئەرەب، پارس، رۇس، تۈرك تىللىرىدىكى كىتابلىرىنى، تورۇسقا تاقىشاي دېگەن قول يازمىلىرىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ، دادامنىڭ ئۇخلىمىسىمۇ ئۇيقۇسىنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى، شۇن-

سىي بېسىم ئاستىدىمۇ مىللىتىم، مائارىپ ئىشلىرى دەپ چىن ئەقىدىسى بىلەن ئۆلمەس، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغانلىقىنى كېيىن بىلدىم. دادام ئىنتايىن تىرىشچان، زېرەك ۋە جاھىل ئادەم ئىدى. يېڭى نەرسىلەرگە بەكمۇ قىزىقاتتى. ھەر كۈنى سەھەردە تۇرۇپ تىل ئۆگىنىش ئادىتى بار ئىدى. ھويلىمىزدىكى يامغۇردىن كېيىنكى نەم توپا ۋە تۇنجى ياغقان قار ئۈستىدە دادامنىڭ تاياقچە بىلەن يېزىپ قالدۇرغان خەتلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى، بۇ ئادىتىنى تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇر-دى.

دادامنىڭ ئۆمرىدە «تەسكەن، قىلالمايمەن» دېگەن مۇشۇ سۆزلەرنى قىلغىنىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. دادام تەس دەپ قارالغان ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇشقا ۋە بويسۇندۇرۇشقا قى-زىقاتتى. شۇنىڭغىمۇ دادام ئۆز كەسپى ساھەسىدە ھېچكىم قىل-مىغان، ھېچكىم قىلالمىغان يېڭى ساھەلەرنى كۆپلەپ ئاچقانى-دى. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار» (بىر توم) «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» (بىر توم) «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (ئىككى توم) «XIX ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (ئۈچ توم) ناملىق يىرىك ئەسەرلىرىنى يېزىش جەريانىدا ئۇ ناھايىتى كەڭ ۋە مۇرەككەپ بولغان مۇناسىۋەتلىك جايلارغا بېرىپ، ماتې-رىيال ۋە ئارخىپ ئۆيلىرىدە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، سانى، مىقدارى ۋە ھەجمى جەھەتتە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەل-مىگۈدەك دەرىجىدە ئىنتايىن كۆپ ۋە مول ماتېرىيال مەنبەسىگە ئىگە بولغانىدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلانغان ماتېرىياللىرىدا قاتتىق ئىشلەش سەۋەبىدىن چارچاپ بۇرنىدىن ئاققان قانىنىڭ داغلىرىنى، ھەددى ـ ھېسابسىز ماتېرىياللارنى رەتلەپ يېزىش داۋامىدا قەلەم تۇتقان بارمىقىنىڭ تىتىلىپ كەتكەن يەرلىرىدىن ئاققان قانلارنىڭ داغلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يىمن ئاپام راسلاپ بەرگەن چايغا نانىنى راسا چىلاپ يەپ، ئاندىن ئەڭ قەدىرلىك ئۇستىلى ئالدىدا يەنە ئىشنى باشلاپ كېتەتتى.

«ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان مىللەت قايتا باش كۆتۈرەلەيدۇ، مائارىپتا مەغلۇپ بولغان مىللەت قايتا باش كۆتۈرەلمەيدۇ». بۇ دادامنىڭ ماڭا يېڭىدىن دەرس مۇنبىرىگە چىقىش ئالدىدا سوۋغا قىلغان سوۋغىسى ئىدى. بۇ سۆزلەرنى ئۇ دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆز خىزمىتىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئالىيجاناب خىزمەت، ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر دەپ قارايتتى. بىز بەختلىك. چۈنكى، بىزنىڭ دادىمىز شېرىپىدىن ئۆمەر، بىز جەسۇر، چۈنكى دادىمىز مەردانە ئادەم ئىدى. بىز ئۈمىدۋار، چۈنكى دادىمىز ئىرادىلىك ئادەم بىز مېھرىبان، چۈنكى دادىمىز سۆيۈملۈك ئادەم. 2003 - يىلى 10 - ئاي مەزگىلىدە قەشقەرگە بارغانىدىم. چۈش مەزگىلىدە تاماق يېيىش ئۈچۈن بىر ئاشخانىغا كىردۇق. ئاشخانا چۈش مەزگىلى بولغاچقا ئادەم ناھايىتى جىق ئىدى. بىز دېرىزە تەرەپتىكى بىر ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردۇق. تاماق بۇيرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن تاماقنى ساقلاپ ئولتۇرغىنىمىزدا، ئالدى تەرەپتىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان زىيالىي سۈپەت، ئوتتۇرا ياشلاردىكى كىشىلەرنىڭ پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئۇلار ئەدەبىيات ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پېشۋالىرى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتاتتى.

— ھەي نۇرغۇن پېشۋالىرىمىز بىلىمگە تولۇپ، قەلىمى ئۆتكۈرلەشكەندە بىۋاقىت بىز بىلەن خوشلىشىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، — دېيىشكە ئارىدىن بىرى:

— راست دەيسەن ئاداش، نۇرغۇن پېشۋالىرىمىز شۇنداق بولدى. مانا ئۇستازىم شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىغىمۇ بىر يىلدىن ئاشتى. 6 - ئايدا ئۇنىڭ يىل نەزىرىسىگە قاتنىشىپ كەلدىم، — دېيىشكە، ئارىدىن ياندىكى بىر جوزىدىكى ياش قېتىلىپ كېلىپ ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

داق جىق خەتلەرنى يازسىمۇ قولى ئاغرىمايدىغانلىقىنى، شۇنداق چىرايلىق چەت ئەل تىلىدا بىزگە ھېكايە، شېئىر ئوقۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دادام ئۆگىنىپ قويغان پۇشكىننىڭ شېئىرلىرىنى رۇس تىلىدا دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرسەم، ئۇلار ھەيران قالاتتى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن دادامنى كۆرسە ئويناۋاتقان ئويۇنىنى توختىتىپ خۇددى باشقا پىلانېتتىن كەلگەن ئادەمنى كۆرگەندەك كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ھاڭۋېقىپ قارىشىپ قالاتتى. ئاندىن دادامنىڭ ئەنە شۇ كارامەتلىرىنى بىلمىگەن بالىلارغا زوق - شوخ بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى. شۇڭا مەن بالىلىق چاغلىرىمدا مەھەللىدە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدىم.

دادام ئوقۇغۇچىلىرىنى «بالام» دەپ چاقىراتتى. ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى. دادامنىڭ ھاياتىدا ئەڭ خۇشاللىنارلىق مىنۇتلىرى بەلكىم ئۆزىنىڭ ئۇتۇق قازانغان چاغلىرى بولماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇتۇق قازانغان چاغلىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. بەزى كۈنلىرى چۈش مەزگىللىرىدە دەرستىن قايتقاندا دادام بىر ئىككى ئوقۇغۇچىسىنى ئالدىغا سېلىپ كېلەتتى.

— ھە! تاماق سېلىڭلار مۇنۇ بالىلارغا، — دەيتتى ئۇ.

ئاپام بار تاماقنى ناھايىتى چىرايلىق راسلاپ ئۇلارغا ئېلىپ كىرەتتى. بىزگە بولسا بالىلىرىم سىلەرگە كەچتە كەلگۈچە تاماق ئېتىپ قويىمەن، ھازىرچە چاي ئىچىپ تۇرۇڭلار دەيتتى. ئارقىدىنلا دادامنىڭ:

— ئۆي مانا. كۆرۈۋالدىڭلار، بالىلىرىم بۇنىڭدىن كېيىن ئاش قورساق ياتاقتا يېتىپ، دەرسكە چىقمايدىغان ئىشنى قىلماڭلار، ئۇدۇل مەشەگە كېلىڭلار، ھەدەڭلار بار. قانداق قىيىنچىلىق بولسا مانا مەن بار. ئالە مانى، راسخوت قىلىپ تۇرۇڭلار. كېيىنكىسىنى كېيىن كۆرىمىز، دېگەندەك جاراڭلىق، مەردانە ئاۋازىنى ئاڭلايمىز. دادام ئوقۇغۇچىلىرى كەتكەندىن كې-

# ئىككى شېئىر

تۇرسۇن قۇربان
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، دوتسېنت

## نورۇز بوۋاي قەسىدىسى

(باللادا)

تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى قۇدرىتى بىلەن،
كۈندۈز بىلەن كېچە ۋاقتى تەڭشەلگەندە.
ئىسسىق ياققا كەتكەن قۇشلار ئۇچۇپ لەرزان،
بۇ قەدىمىي غەربىي يۇرتقا كېلىشكەندە.

ئىككى مىڭ ياش بولغان بۇزرۇك نورۇز بوۋاي،
كەلدى نورۇز راۋابىنى خۇشال چېلىپ.
«خۇش مۇبارەك نورۇز بوۋا» دېدۇق ھەممە
نەۋ باھارنىڭ ناخشىسىنى راسا ئېيتىپ.

بۇ باھارنىڭ قۇت ئەلچىسى تۇنجى نورۇز،
كۈنى چىققىنى ئۈرۈمچىنى بىر ئايلىنىپ.
«پاھ، ئۈرۈمچى كۆركەم شەھەر بوپتۇ بۈگۈن»
دېدى قانچە يېنىشلاپ ئۇ بەك شادلىنىپ.

ئاندىن بوۋاي ئالدى قەدەم مەغرۇرانە،
بىزنىڭ ئانا مەكتەپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا.
«خۇش مۇبارەك سەكسەن يېشىڭ ئەي ئالتۇن بۆشۈك»
دېدى تولۇپ ھاياجىنى ۋۇجۇدىغا.

— ئاكا مەن خاتا ئاڭلاپ قالغان بولاي، ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ. ئاتاقلىق ئالىم شېرىپىدىن ئۆمەر تېخى ھايات-تۇ؟ — دېدى. ئۇنىڭ ياشلىرى ئېڭىكىدە توختاپ قالغانىدى.

ئابىياتتىن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆپكەم ئۆرلەپ تۇرغان ئادەم ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئېسەدەشكە باشلىدىم. يىغىنىڭ دا-ۋاسى قىرائەت دېگەندەك، ناھايىتى مۇڭلۇق قىرائەت ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەن ئاستا - ئاستا ئۆزۈمگە كېلىشكە باشلىدىم.

— قېرىنداشلار مەرھۇم ئالىمىمىز شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن ئامىن! — دېگەن ئاۋاز بىلەن پۈتۈن ئاشخانىدىكى ئادەملەر دۇئاغا قول كۆتۈردى.

شۇ دەقىقىدە پەقەت ئېسىمگە كەلگىنى — دادا ئاڭلىدىڭمۇ؟ قېرىنداشلىرىڭ سېنى ياد ئېيتىۋاتىدۇ، ئەسلەۋاتىدۇ، سېغىنى-ۋاتىدۇ. سەن ھايات، ئەنە شۇ قېرىنداشلىرىڭنىڭ قەلبىدە مەڭ-گۈ ھايات!

بوۋا سېنىڭ نەۋرەڭمەن،
باتۇر قورقماس بۆرەڭمەن.
ئانا يەرگە قالدۇرغان،
مەڭگۈ ئۆچمەس بەلگەڭمەن.

ئوغلۇمنىڭ جاراڭلىق ئاۋازدا ئوقۇغان بۇ شېئىرى سېنىڭ باسقان يوللىرىڭنىڭ، قالدۇرغان ئىزلىرىڭ، ئۇ بىزگە ئۈلگە. ئۆچمەس ئەسەرلىرىڭ بىزگە ئابىدە، شانلىق ھاياتىڭ بىزگە ئۆرنەك بولىدىغانلىقىنىڭ شاھىتى ئەمەسمۇ.

ئۇ ئېخىمۇ قۇدرەت تاپار كۈچكە تولۇپ،
ئۆتۈپ ھەردەم كەسكىن جەڭدە ـ رىقابەتتە.
يارىتىدۇ بىر يېڭىچە شەجەرىنى،
نام ـ شەرىپى يادلىنىپ مىڭ رىۋايەتتە.

ئۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيانىڭ،
ئىلمۇ ھېكمەت چولپانىغا ئايلانغۇسى.
پارلاپ مەڭگۇ غەربىي يۇرتنىڭ ئاسمانىدا
ھېكمەت نۇرىن يەر شارىغا تاراتقۇسى.

دوكتور ئوغلۇم، ئانا مەكتەپ ـ ھېكمەت بېغىڭ
شۇنچە پارلاق ئۇنىڭ ئەتە ـ نۇر كەلگۈسى.
بۈگۈنكى بۇ گۈزەللىكى ـ كۆركەملىكى،
شۇ كارامەت كەلگۈسىنىڭ نۇر بەلگىسى.

شۇنداق بىر توپ قىز ـ يىگىتلەر يۈگرەپ كېلىپ
بەك چىرايلىق گۈلدەستىلەر تۇتۇشتى تەڭ.
«بەك بەستىلىك ئۆسۈپسىلەر ئېھ بالىلىرىم»
دېدى بوۋاي، ئۇلار مەغرۇر كۈلۈشتى تەڭ.

ئارىمىزغا ئېلىپ بۇزرۇك بوۋاينى بىز،
چىقتۇق ھەيۋەت، ئېگىز بىنا ئۈستىگە شاد.
ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزلەر بىلەن
سالدۇق نەزەر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھۆسنىگە شاد.

دېدى يانا: «خوش مۇبارەك باغۇەنلىرىم،
خوش مۇبارەك ئوقۇغۇچى گۈل - چېچەكلىرىم.
خوش مۇبارەك مەرىپەتنىڭ قوش تويىغا،
سىلەر مېنىڭ خۇشاللىقىم - تىلەكلىرىم.

سالسام نەزەر بۇ مەرىپەت يۇلتۇزىغا،
چاقناپتۇ ئۇ شۇنچە يورۇق، شۇنچە پارلاق.
شۇڭا مانا مېۋىسى مول ھېكمەت بېغى،
بوپتۇ كۆركەم، ئۇنداق ھايات شۇنچە قايناق.

بۇ ئۇنىۋېرسىتېت سەكسەن ياشقا تولدى بۇ يىل،
سەكسەن بۈيۈك تېغىدەك تاغۇ - داۋان ئېشىپ،
گەرچە سەكسەن ياشلىق بولۇپ قالسىمۇ ئۇ،
يەنىلا تىك مەغرۇر تۇرار روھىي تېشىپ.

ئۇندا كۆردۈم، يۈزلەپ دوكتور، ماگىستىرنى،
يېڭىچە روھ، ئۈمىدكە باي پەلۋانلىقى.
ئۇندا كۆردۈم، تۆھپىلىرى تىلدا داستان،
پروفېسسور، دوتسېنتلارنى مەردانلىنى.

بۇندا كۆردۈم، پۈتۈن ئۆمرى بويى ئىشلەپ،
ئۆز ئەجرىدىن پەخىرلەنگەن ئەجدادىنى،
ئۇنداق كۆردۈم، ئىجادىيەت - كەشپىياتقا،
تۇتۇش قىلغان ئۈمىدكە باي ئەۋلادلىنى.

بۇ مەرىپەت گۈلباغىنىڭ رۇخسارىدىن،
كۆردۈم ئانا تەڭرىتاغىنىڭ ۋىسالىنى.
قاراپ مەغرۇر بۇ غەربىي يۇرت چولپانىغا
كۆردۈم، ئىلىم - پەننىڭ پارلاق ئىقبالىنى.

# شېئىرلار

## ئۇستازىم

ئەنەيتۇللا قۇربان

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، دوتسېنت

ئالەمنى تەختىڭگە ئاتسام دەيمەن،
قۇياشنى تاجىڭغا تاقىسام دەيمەن.

※

تاغ سۇبات، ئالماستىن پۇتتۇڭ ئۇستازىم،
ئارمانغا چىداملىق چۆكتۇڭ ئۇستازىم.
ئەۋلادقا بال - قىيام تۆكتۇڭ ئۇستازىم،
تەمەسىز خىسلەت يار تاجغا، شەرەپكە،
تىلەككە ھەممىنى تۇتتۇڭ ئۇستازىم.
سەن ئۇۋا پەرۋازلار كۇتتۇڭ ئۇستازىم،
ئاشۇنداق ئۇل بولۇپ ئۆتتۇڭ ئۇستازىم.

بىر بۈيۈك داستان بار سېنىڭ ئېتىڭدا،
توزىماس بوستان بار باسقان ئىزىڭدا؛
بېسىلماس ۋولقان بار ئىسسىق قېنىڭدا،
مەرىپەت ئىشقىدا مەڭگۈ سوۋۇماس،
ئەبەدىي ئۆچمەس ئوت قەلب قېتىڭدا.
قاراڭغۇ دىللارغا قۇياش ئۇستازىم،
ئەۋلادلار قەلبىگە قۇياش ئۇستازىم.

# هارپا ئاخشىمى

ئايدىڭ كېچە،
سېھىرلەنگەن خىلۋەت بۇ شەھەر،
چۆككەن ئىمتاس ھەمدەم ئۇيقۇغا،
پەقەت مەشئەلدەك،
يالغۇز ئۆيىنى يورۇتقان پەنەر،
بىر قامەتنى كۆمۈپ زەر نۇرغا.
ئۇندا پەيدا،
روجەك تۇۋىدە،
ياش سىرغىغان ئويچان بىر نىگاھ،
كۆيەر يۈرىكى.
ئارام بەرمەي كۈن - تۈن تېپىرلاپ،
تاشلاپ كەتكەن بىۋاپا يارغا.
ئازابلانما،
تاشلاپ كەتتى مېنى بىۋاپا دەپ،
ئارمانغا سىرغىن ئاستا،
مەدىتىڭدە ماي قۇي پەنەرگە،
پىلىكلىرى چېچەكلىگەندە،
كىرپىكىڭدە پەرلەپ قوي ئاستا،
شۇ پەنەرنى يارىڭ تۇيماستا.
ھارپا ئاخشىمى
ھەمراھدۇر ئاڭا،
تۈن كېچىدە كۆيگەن بىر روجەك،
ئەل ئىشقىدا كۆيگەن بىر يۈرەك ...

ئويلايمەن، دۇنيادا سېنىڭدەك يەنە،
ئىنسانلىق پەرزىنى ئاقلىغان كىم بار؟!
سەن بەردىڭ كارۋانغا ئۈملۈك ئۈستازىم،
سەن بولدۇڭ ئارزۇغا كۆۋرۈك ئۇستازىم.

يۇلتۇزدەك روجەكلەر ئۆيۈڭدىن يىراق،
ئېرپان دەپ كۆيدۇ ئۇندا ئىشتىياق.
ئەجرىڭدىن بالقىيدۇ شېرىن خوش پۇراق،
سەن شۇنداق مىننەتسىز مېھنەت ئىگىسى،
نۇر سېپىپ سىرغىغان ئەزىز شام ـ چىراغ.
بەختىمگە تامچىلاپ سىڭدىڭ ئۇستازىم،
تەختىگە ئۇل هامان ئەقلىڭ ئۇستازىم.

مىننەتسىز مېھنەتتە بارلىڭ ئۇستازىم،
قەلبلەر تۆرىدە نامىڭ ئۇستازىم؛
قوياشكەن ئەسلىدە شانىڭ ئۇستازىم،
ھەممىنىڭ ئۇلىسەن، يىلتىزى ئۆزۈڭ،
ئاشۇنداق ئۆزىغان قىش، باھار، يازىڭ.
يۈرەكتىن، تىلەكتىن تەزىم ئۇستازىم،
تەسەددۇق ساڭا كۆي ـ بىر سازىم ئۇستازىم.

2003 ـ يىلى 8 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

دىلىڭدا سوغۇلماس مېھرىن ــ شاپائەت،
ئىزىڭدا ئۆزۈلمەس غەيرەت ــ شىجائەت؛
بار سەندە ئۆزگىچە تاقەت ــ قانائەت،
ۋۇجۇدۇڭ بىر قىيا، غۇلىماس چوققا،
سىنىڭدە پەرۋازىم تاپقان كامالەت.
يۈرەكتىن مىڭ رەھمەت بۈيۈك ئۇستازىم،
ئەڭ سەبىي، سەمىمىي تىلەكتىن تەزىم.

ئاق چاچلار تاجىڭدەك يالتىراپ تۇرغان،
چاڭ ئەمەس، ئاق چاچقۇ سىنى ئورىغان؛
سەن قىيا كۈمۈش نۇر سەندىن تارىغان،
شۇ ئۇلۇغ سۇرىتىڭ تالاي ــ تالايدا،
يۇلتۇزدەك سىيمايىڭ دىلغا ئورنىغان،
سىنىپتا ھەر كۈنۈڭ شۇنداق ئۆزىغان.
جاپانى راھەت دەپ ئۆتتۈڭ ئۇستازىم،
ئەۋلادقا بال ــ قىيام توكتوڭ ئۇستازىم.

مېھنىتىڭ كىتابلار قېتىدا قالغان،
ئەقلىڭدىن ئەۋلادقا پاياندار سالغان؛
ئالەمنى تاغلاردەك قەددىڭگە ئالغان،
جاپاغا ۋاي دېمەي بولدۇڭ پەرۋانە،
سەن شۇنداق خىسلەتتە ئۇستاز ئاتالغان.
مۇنبەردەك ھەقىقەت سەندە ئۇستازىم،
بۇزۇلماس ئەقىدە مەندە ئۇستازىم.

ئەجرىڭدىن گۈل چىراي ئاچمىغان كىم بار،
مېھرىڭدىن نۇر ئىمىپ يانمىغان كىم بار؟
مېھنىتىڭ تەمىگە قانمىغان كىم بار،

يەنە مۇشۇنداق كۈلىمىز، يىغا پۇرىغان مەڭزىلەرگە ئالدانما، ياش سىرغىپ بولالمىغان كۆزلەرگە ئىشەنمە. ھاياتنىڭ چىن مەنىسى، ئىنساننىڭ چىن تۇيغۇسى يۈرەكتە. يۈرەكلەرنى ئارىلاپ باق، ئەسلىمەڭگە چۆكۈپ باق، ئۇ يەردە سېنى كۈلكىلەرگە باشلايدىغان دوقمۇشلار تولا ...

بىزمۇ بىر چاغلاردا سىلەرگە ئوخشاشلا، بەش يىللىق ھەم ئۇزۇن، ھەم قىسقا مەزگىلنى ھاياتنىڭ مەڭگۇ ئۇنتۇلمايدىغان گۈزەل مەۋسۇمىنى، ئەبەدىي خازان تاشلىمايدىغان باھار پەسلىنى مانا مۇشۇ يەردە — ئانا مەكتەپنىڭ ئىللىق قوينىدا ئۆتكۈزگەن. بىزمۇ سىلەردەك، ئاددىي ئەمما سۆيۈملۈك پارتىلارغا بەش يىل قەدىناسلارچە چاپلاشقان؛ يۈرىكىمىزنى سىلەردەك، تىرەكلەرگە – تاللارغا ھەغدا تامغىلاپ ئويۇپ قويغان؛ بىزمۇ سىلەردەك، كۆل بويىنى تويماي ئايلانغان، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاخشاملىرىدا، ئاي دالدىلاپ ئىزلار قالدۇرغان؛ بىزمۇ سىلەردەك، ئۇستازلارنىڭ مېھىر – مۇھەببىتىگە يۆگىنىپ، ھالال ئەجرىدە مەلھەملەنگەن ئېرپان چەشمىلىرىنى تەشنا دىلىمىزغا كۆچۈرگەن، چاڭقاق قەلبلەرنى ئاشۇنداق تويۇندۇرغان، قاندۇرغان؛ بىزمۇ بىر چاغ قىزغىن بەس – مۇنازىرىلەر بىلەن، قىزىقىپ ئىزدىنىشلەر بىلەن ھەر كۈنىمىزنى خۇددى سىلەرگە ئوخشاشلا ئەھمىيەت، قىممەت تېتىملىرىدا ئۆتكۈزگەن؛ بىزمۇ سىلەردەك ياش ئىدۇق شۇ چاغ، ئوت بولۇپ چاراسلاۋاتقان چاغلىرىم شۇ ئىدى، يۇلتۇز بولۇپ چاراقشىۋاتقان چاغلىرىمىز شۇ ئىدى. ئىلىمگە پەرۋانىدەك ئۆزىمىزنى ئۇرۇۋاتقان چاغلىرىمىز، تاڭسىلارغا چەكلەپ تۇرسىمۇ مەيلىمىزنى بېرىۋاتقان چاغلىرىمىز، ھەر كۈنىمىزنى ئاشۇنداق گۈزەل مەنىلەردە خۇشال ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغلىرىمىز شۇ ئىدى.

سىلەر ئەڭ ئازادە، ئەڭ ئەركىن ئەركىلەپ كۈلىدىغان جاي — غۇبارسىز قەلبلەرنىڭ ئەڭ شېرىن تىپىرلاشلىرىنى تۇيۇپ تۇرىدىغان ئاددىي، ئەمما مېھرى ئوتلۇق ماكان — ئاشۇ

# ساۋاقداشلارغا چاقچاق

## (شېئىرىي چاقچاق)

**ئەنەيتۇللا قۇربان**

ھەممىنى چاقچاق بىلەن بەزلىگەن خەق بىز، بىز شۇنداق قىلغان، ئاشۇنداق چاقچاقلاشقان، چاقچاقلارنى چاقچاق بىلەن ئوڭلىغان. ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولمايدىغان كۆڭۈللەر بىزدە بار، رەنجىگەن، قالغان كۆڭۈللەرنى بىز چاقچاق بىلەن رام قىلغان، چاقچاق بىرلە ھەل قىلغان. يامبۇ بېرىپ ئالالمايدىغان گەپلىرىمىز بار، مەئىشەتكە، ئالىلىققا ئالدانمايدىغان گەپلىرىمىز بار بىزنىڭ؛ ئەمما، نۆۋىتىدە قىسىلغانغا، يىقىلغانغا، سارغايغانغا، كۈلكە سېغىنىپ مۆكۈلانغانغا يۈرەك بىلەنلا تۆكۈپ بېرىدىغان. مەكتەپ كۆرۈپمۇ يىغالمايدىغان ئاشۇنداق ساردان، ئۆگۈت گەپلىرىمىز بار، ئۇنۋان بەرگۇدەك تېتىم پەتلىرىمىز بار، ئۇيغۇرچە ئولتۇرۇشلاردىن، دوقمۇشلاردىن تالاي - تالاي-لاپ، ئۆلگۈپ يىغقىلى بولىدىغان، ئاشۇنداق تۇيغۇ بولسىلا، ئاشۇنداق تېتىم بولسىلا، ئاشۇنداق چاقچاقتا بۆلۈنۈپ چوڭ بولغان يۈرەك بولسىلا...

سېغىنغانسەن، ساۋاقداش! كۈلگەن چاغلارنى، كۈلكە بىلەن يىغىمىز ئارىلىشىپ كەتكەن چاغلارنى، بىز زېمىن قورۇلغۇدەك، يۈرەكلەر چىلاشقۇدەك يىغلىغان، يۈرەكلەر بىلەن يۈرەكلەر ئۇيۇپ سىڭىشقۇدەك كۈلگەن. شۇڭا بىز ھېلىمۇ كۈلۈپ كۆرۈشتۇق، كۈلۈپ تۇرۇپ ياش تۆكتۇق. كۈلكە چىراي بۇقۇلداپ، كۆزلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزدىن ئېلىپ قاچتۇق. بىز

دۇق؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ لېكسىيىسىنى كۆچۈرۈپ، شافىگىرافلاردا ئۆزىمىز بېسىپ دەرسلىك تەييارلاپ كۆردۇق؛ بىرەر يېڭى كىتاب تاپساق كېچە - كۈندۈز قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆردۇق. توم - توم خاتىرىلەرنى كۆچۈردۇق. توم - توم ئىجادىيەت مەشىقلىرىنى يازدۇق؛ چوقۇنغۇدەك چولپانلارنىڭ تايىنى بولمىغاچقا، چولپانغا چوقۇنۇش دېيىلگەن ئۇقۇم كاللىمىزدا بولمىغاچقا، ئۇستەللەرنى يۆتكەپلا ئاجايىپ كۆڭۈللۈك سەھنىلەرنى هازىرلاپ ئۆزىمىز «چولپان» بولدۇق؛ بىزدىكى يېڭى يىل كېچىلىكلىرى، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئاشۇنداق ئۆتتى؛ كېسەك ئۈنئالغۇ قويدۇق، دۇتتارنى ئالدۇق، ئۇستەللەرنى داپ قىلدۇق، ناخشىلارنى ئاشۇنداق توۋلاشتۇق، ئۇسسۇل دېگەننى چاك چىقىرىپ ئويناشتۇق، تاڭسىلارمۇ قالمىدى، بىز دەسسىمىگەن، ئۈلگىلىك تىياتىر ناخشىلىرىمۇ قالمىدى، بىز ياڭراتمىغان، بىز شېئىرلارنى مۇشۇنداق سورۇنلاردا يازغان، مۇشۇ سورۇنلاردا ئوقۇغان؛ بىز چاقچاقلارنى مۇشۇنداق سورۇنلاردا توقۇغان، مۇشۇ سورۇنلاردا ئېيتىپ تېلىقىپ كۈلۈشكەن. هازىرمۇ شۇ چاغلارنى، ئاشۇنداق ئەستەرلىك ئىشلارنى ئويلاپ كۈلۈشۈۋاتقاندۇر، ساۋاقداشلار؟! بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، چىرايىدىن، كۆزلىرىدىن، يۈرىكىدىن ئاشۇنداق چاغلارنىڭ گۈزەل خاتىرىلىرىنى ئاختۇرۇپ، شېرىن ئەسلىمىلەرگە چۆمۈلىدىغاندۇر، چۆكىدىغاندۇر ھەرقاچان ...

بىزمۇ بىر چاغ ئوقۇغۇچى ئىدۇق، يۈرىكى ئوت ساۋاقداش ئىدۇق، سىلەرگە ئوخشاش؛ سىلەرگە ئوخشاش. بىزمۇ بىر چاغ سۆيۈملۈك پارتىلاردا، قەدىناس سىنىپلاردا ئۆزىمىزنى چەكسىز بەختىيار سېزىپ، ئىپتىخار تۇيغۇسىدا ئولتۇرغانىدۇق، تويۇنماس ئىستەكلەر كەينىدىن شېرىن تەمەلەردە تېۋىنغانىدۇق، ياشلىقنى مەڭگۈلۈك دەپ، ئانا مەكتەپ باغرىنى باقىۋەندە دەپ ئويلىغانىدۇق، سىلەرگە ئوخشاش، گۈزەل چاغلار قىسقا بولىدىكەن، ياشلىق پەسلى ئۇزۇن بولسىمۇ تەمەلەرگە يېتىشمەيدى-

قەۋەت كارىۋاتلىق ياتاقلاردا بىزمۇ ياتقان، بىزنىڭمۇ ئۈچۈم ئالدىدىكى ياۋا پەيلىرىمىز ئاشۇ يەردە قالغان؛ ياشلىق لىرىكىلىرىمىز بەلكى ئۇنىڭ تاملىرىدا، قىزغىن بەس - مۇنازىرىلىرىمىز، بەس تالىشىپ تارتىشقان خورەكلىرىمىز، شېرىن - شېرىن چۈشلىرىمىز، چۈشتىنمۇ شېرىن ئىشلىرىمىز بەلكى ئۇنىڭ گۈزەل ئەسلىمىسىدە...

سىلەر ماڭغان يوللاردا، بىزمۇ ماڭغان بىر چاغلاردا؛ سىلەر كىرگەن كۇتۇپخانىلارغا بىزمۇ كىرگەن، ھەتتا ئورۇنلارنى ئىگىلەپ قويۇپ، دەرسكە چىققان چاغلىرىمىز بار، تاماقلارنى ئەكىرىۋېلىپ ۋاقىت بىلەن سۈرئەت تالاشقان چاغلىرىمىز، قوغلىمىغۇچە، ۋاقىتنىڭ توشقانلىقىنى تۇيماي، كىتابلار قېتىغا سىڭىپ كەتكەن چاغلىرىمىز بار، سىلەرگە ئوخشاش، خۇددى سىلەرگە ئوخشاش.

بىز شۇ چاغدا، ئايدا بىر كىنوغا كىرەتتۇق، ھەپتىدە بىر مۇنچىغا كىرەتتۇق، ھەپتىدە بىر كىر يۇيۇشقا سۇخانىغا كىرەتتۇق؛ ئەمما، سىنىپقا، كۇتۇپخانىغا كۈندە، ھەپتىدە، ئايدا قانچە رەت كەلگەنلىكىمىزنى ساناپ بېرەلمەيمىز، چۈنكى بىزنىڭ كىرىدىغان يەرلىرىمىز كۆپ ئەمەس ئىدى. تېلېۋىزور بىزدە، ئەتراپىمىزدا يوق؛ بازار ئۈچۈن تونۇشتۇرۇش بىزدە كۆپ يوق، بولسىمۇ ھاجىتىڭىزنى قاندۇرىدىغان بۇيۇم بازاردا يوق؛ دوستلىشىدىغان زامانىۋى تور ۋاستىسى ئۇ چاغدا يوق، رام قىلىدىغان كومپيۇتېر ئوخشاشلا يوق. بىزدە بارى ئونىمىز تەڭ يىغىلغاندا تارتىلىدىغان تاماق، تولىسى قارا، قۇرۇق ئۇنلۇقى ئاق؛ بىر كۈن تۇرۇپ قالسا بازغانلاپ يەنجىگىلى بولمايدىغان پاگو، قىزىل كۆممىقوناق؛ تاماق تۈرىنىڭ ئەڭ ئېسىلى سومىيەندىن سۇيۇق، سۇيۇقئاشتىن قويۇق قورۇما ئاش، خورما سالغان هورنان، كۈندە بىر ۋاخ يېرىم بېرىلىدىغان توقاش، بىزدە بارى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن قانمايدىغان ئىشتىياق، شۇڭا بىز سىنىپتىمۇ، كۇتۇپخانىدىمۇ، ياتاقتىمۇ، شەنبە، يەكشەنبىدىمۇ ئۆگەن-

## مەمتىمىن مۇئەللىمگە:

ۋىجدانىڭىز ئۇدۇمكەن بىزگە،
مېھنىتىڭىز سىڭگەن ھەممىگە؛
لىللا زۇۋان، ئادىل باھادا،
تامچىدىڭىز شاگىرت قەلبىگە.
يېڭى ئەسىر رېستورانىدا،
بىللە دېسكو ئوينىغان چاغدا،
قانداق خىسلەت چىراغلىرىدا؟!
شادلاندىڭىز قېنىپ كۆلكىگە.
دېسكو دېگەن ئاشۇنداق بولسا،
ياكى بىزدەك لەيلەپ ئوينىسا؛
دولقۇن - دولقۇن چىراغ نۇرىدا،
بېلىقىزدەك چەيلەپ ئوينىسا...
ئاشۇلاردا سىزمۇ بار ئۇستاز،
«ئۆرۈگۈم» دە سىزمۇ بار ئۇستاز،
خورەكلەردە سىزمۇ بار ئۇستاز.

## كېلىن، كۈيئوغۇل، بوغۇنلارغا:

مېھمان ئىدىڭلار،
ئۆزلەشتىڭلار بەش كۈندە؛
بىزگە ئوخشاش شېرىن چۈش كۆرۈپ،
خورەكلەرگە چىرماشتىڭلار بەش كۈندە.

كەن. ئادەم هامان بالىلىقتىن ئالدىراپ كېتىپ قالغاندا، قېرى-لىقتىن داجىغاندا، ياشلىقتا ئۇزاق تۇرۇشنى ئىستەيدىكەن، ياشلىقنى مەڭگۈلۈك بولسىچۇ دەپ ئارمانلايدىكەن. ئادەمدە ئار-مان تۈگىمەيدۇ ئەمەس، بەلكى ياشلىقتا تۈگىمەيدۇ. بىز ئاشۇن-داق، گۈزەل ياشلىق بىلەن قىممەتلىك ساۋاقداشلىق تەك كەل-گەن هاياتنىڭ ئەڭ قىياملىق چاغلىرىدا تەقدىرداش بولغانلار، خۇددى سىلەرگە ئوخشاش، سىلەرگە ئوخشاش. بىز ئۈچۈن ياشلىق تېخىمۇ قىسقا تېخىمۇ قەدىرلىك بولدى. بىز ئۈچۈن ياشلىق تېخىمۇ ئەهمىيەتلىك، قىممەتلىك بولدى. بىز ئۈچۈن ياشلىق تېخىمۇ جۇلالىق هەم ئارمانلىق بولدى. بىز ئۈچۈن ياشلىق، بىز ئۈچۈن ياشلىق ...

ئاشۇ گۈزەل چاغلار بىز ئۈچۈرما بولغان 20 يىلدىن بۇيان يۈرىكىمىزدىن كۆچمىدى؛ ئاشۇ قىممەتلىك مەزگىللەرنىڭ ئوت-لۇق ئەسلىمىسى يۈرىكىمىزدە ئوخشاشلا لاۋۇلداپ كۆيدى، ئۆچ-مىدى، بىر تۈغقاندەك ئەمەكلىشىپ، تەقدىرىمىزگە، ئارمانلى-رىمىزغا سىڭىشىپ ئۆتكەن قېرىنداشلىق يىلىرى سۇسلاشمى-دى؛ ئاددىي ـ ساددىلىقتا، سىرىقتال هەم موهتاجلىقتا تەمەچە-لىگەن مەنىۋى بايلىقىمىز — گۈللىرىمىز هېلىهەم سولاشمىدى. شۇڭا، بىز 20 يىلدىن كېيىن ئاشۇ بەش يىلغا قايتتۇق. قىراق-لىق قىرغاقلىرىدىن ياشلىق قىيام پەسلىگە قايتتۇق. بالىلىق بولغاندا، بالىلىرىمىز ئىز بېسىپ قەدىناس پارتىلارنى تالاشقان-دا، بالىلىققا قايتىپ، غۇبارسىز چاغلاردىكىدەك ئۇسسۇل ئوي-ناپ، ناخشا ئېيتىپ كۈلۈشتۇق.

ئۇستاز بولغاندا ئۇستاز مېهرىگە قايتا ئۇلاشتۇق. ئەينى چاغدا بىر سىنىپتا، بىر ياتاقتا، بىر پارتىدا، بىر تىنىقتا ئولتۇرغاندەك تاتلىق ـ تاتلىق چاقچاقلارنى قىلىشتۇق. بىر بەرگىگە تىزىلغاندەك ساۋاقداشلىق گۈللىرىنى قېنىپ ـ قېنىپ هىدلاشتۇق، يۈرەكلەرنى يۈرەكلەرگە چىلاشتۇق ...

ئوتتۇز ئوغۇل ئىچىدە «ئەلا سۆيۈملۈك» بىرلا سىز،
«3 چوك ئىنتىزام، 8 دىققەت» بولغاچ سىزنىڭ ئەھدىڭىز.

## تۇرارجان ئىمىنىيازغا:

ھەممىگە بەرگەندىك سەن كۆڭۈلنى،
ئاكوردىيون، ئاپپاراتقا، پىراققا.
گاھى سېنى چۆكتۇرەتتى ئىشتىياق،
ئىجادىيەت ئۇستىلىگە، چىراغقا.

## مېھرىبان ئەبەيدۇللاغا:

ساددىلىقنىڭ سۈرىتى دېسە،
كۆز ئالدىمغا كېلىسىز پات ـ پات؛
گەپلىرىڭىز شېرىن تەمىدىن،
ئۇسساپ قالسۇن سىزدىكى قات ـ قات.

## ئاۋۇت ساۋۇتقا:

ئاۋۇت باشلىغان شېئىر يېزىشنى،
سىنىپىمىزدا شائىر بولۇشنى؛
بىلگىلى بولماس تەقدىر دېگەننى،
كىملەر ئويلىغان شۇنداق بولۇشنى؟

تال ـ باراڭدا، سۆھبەت ـ پاراڭدا،
بىزگە ئوخشاش تېلىقىپ كۈلۈپ،
سۆزلەشتىڭلار بەش كۈندە.
ئىناقلىقنى، ئېجىل دوستلۇقنى،
ئىزلەشتىڭلار بەش كۈندە.
ئاشۇنداق قېرىنداشلىقنى،
كۆزلەشتىڭلار بەش كۈندە.

## ۋاھاپ غوپۇرغا:

بىر سايلامدا چىقىشۇپلىپ بەنجاڭلىققا،
بەش يىلغىچە چۇشمەي كەلدىڭ شۇ «ئەمەل» دىن؛
كۈندە تۆت ـ بەش يوقلىماڭغا زورلىغانتىڭ،
سەمرىگەنتىڭ راسلا شۇ چاغ شۇ ئەمەلتىن.
ئويلاپ قالدىم، كېيىن قانداق چىدىغانسەن؟
بىز ھەر ياققا كەتكەن چاغدا بۇ مەكتەپتىن،
چۇشۇپ كېتىپ شۇ «مۇقەددەس» بەنجاڭلىقتىن؟!
بەش يىل شۇنداق بىر ئەمەلدە تۇرماق تەسكەن،
بەنجاڭ تولا، لېكىن سەندەك بولماق تەسكەن؛
سىنىپ تۇتۇپ قەدرىڭگە كۆپ يەتتىم كېيىن،
مۇمكىن بولسا، سەندىن نۇسخا ئېلىپ قايتا،
ھەر سىنىپقا سەندىن بىرنى ئەۋەتسىكەن.

## ئابدۇۋايىت روزىگە:

كىر قوندۇرمىدىڭىز بەش يىل، «ئالدىن بېيىغان» بولغاچ،
غەم قالدۇرمىدىڭىز بەش يىل، پۇلنى ئايىماي ئالغاچ.

مارالبايغا:

«چ» بىلەن «ش» لار بەربىر ساڭا،
چاڭخەي، شىلەك دەپ ئۆتتۈر يانا.
ساۋاقدىشىم دەپ ئىزدەپ يۈرمىسەڭ،
سەندە بۇ هايات قانداقمۇ قانا؟!

ئابدۇۋېلىگە:

يۈرەكلەردە يۈرەك يۆلىكى،
ساۋاقداشتا كۆڭۈل تىلىكى.
يىراق دېمەڭ گىلەم يۈرتىنى،
ئۈمىد دېگەن يولنىڭ كۆۋرۈكى.

گۈلزىباغا:

ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدەكلا،
قىزلارنىڭ هۆكۈمرانى بولدۇڭ ئۆزۈڭ.
جاهاندا شۇنچە يىگىت كۆز تاشلىسا،
هەممىنى بىر تۆلۈشكە قىلمىدىڭ تەڭ.

تۆلۆبايغا:

چوپان ئەمەس، چولپانسەن ئەسلا،
شېئىر، مۇزىكا، ناخشىدا، كۈيدە.

## ئابدۇللا مەتقۇربانغا:

ئىشكىلەرنى ئېچىشىڭىز ئۆزگىچە،
قامىتىڭىز، قارىشىڭىز ئۆزگىچە؛
قالدى «ياستۇق ئىلھاملىرى» بەش يىلدا،
يازغان ئاشۇ شېئىرلىرىڭىز ئۆزگىچە،
ئاۋازىڭىز، سۆزلىرىڭىز ئۆزگىچە.

## ئوسمان ئىسمائىلغا:

تۇزلاردەك پەتلەر ـ پەتلەر تېتىم بولۇپ،
چېلەكلەر چايقالغاندا تېتىغانتى؛
بىمەنە چاقچاق بىلەن بەزى ئىشلار،
قېتىقتەك، ئايرانلاردەك ئېچىغانتى؛
ئاشۇنداق غۇرۇر بىلەن قىلغان گېپىڭ،
گاھى بىر ئەركەكلەرنى پىچىغانتى.
باشلىرىڭ ساڭگىلاپتۇ كاۋىلاردەك،
ئېيتقىنا، بۈگۈن ساڭا نىم بولغانتى؟!

## ئەركىن ھوشۇرغا:

بىرلا تەنقىدتە جىمىپ كەتتىڭىز،
بەش يىل ئاشۇنداق تىنچ ئۆتتىڭىز.
تويدا ـ نەزىردە قارىڭىز غايىب،
بەلكى كۆڭۈلدە تېزىپ كەتتىڭىز،
ياكى خىزمەتكە سىڭىپ كەتتىڭىز.

مۇبارەك بولسۇن تۇغۇلۇشىغا،
ئىنسان دېگەنگە بۇ جاھان تارمۇ؟

## مەھمۇد قادىرغا:

باشنى سىلىپ يۇرۇۋاتامسىز،
«كالۋىرەي» دەپ تىللاپ، تۇكۇرۇپ،
گاھى مۇنار قىياپىتىدە،
گاھ تەقدىردىن ئاغرىپ، ئۆكۈنۈپ.
يۇرەكلەرنى سۆزلىتىپ بەزەن،
قىسمەتلەرگە غەزەپ كۆكرىپ.

## سەييارە سەلەيگە:

قېنى سەييارە ئەدەبىي قەلەم،
يامان ئىكەن - ھە، ھاياتتا ئەلەم.
قانداق چىقتىڭىز چاتقاللىقلاردىن،
كۆزلەر تەگمىسۇن تۇرۇپسىز بەلەن.

## ئابدۇسالام ئابلىزغا:

كەلپىندە تولىمىكەن مېھرىگىياھ،
بالىدەك تۇردىڭىز، راستتىنلا بالا.
چوڭ بولسۇن بالىلار، بولۇپ قالمىسۇن،
بالىنىڭ قىلغان ئىشلىرى چالا.

جىيا باۋيۇيدەك تەلەي سەندە بار،
قاندىلىڭ شۇڭا دەسلەپ سۆيگۈگە.

## مەمەتجان ئابلىزغا:

بار ئىكەن سىزدە ئەسلى ئاشىقلىق،
بولمىسا، بولامدۇ داپقۇرلاپ كۆيۈش؟!
كۆڭۈلنى قىلغانتىڭىز ئاپئاشكارا،
بىلگىنى دېدى: ئاشىقلىق،
بىلمىگەنلەردە كۆلۈش.
يوشۇرۇن ئوت ئەردىڭىز سىز ئەسلى بىر،
مانا بۇگۈن چاچتا قىرو، چاچ كۆمۈش.
كۆچتى ئاشىقلىق قەلەمدە ئاخىر،
داپقۇر - داپقۇر يازمىلارغا بىقارار،
بەلكى بۇمۇ يوشۇرۇن بىر خىل سۆيۈش.

## قاپارغا:

مۇئەللىم «قىز» ئىكەن دېدى، خۇش بولدۇق،
قىزلارنىڭ ياتىقىدىن ئورۇن قويدۇق.
كېچىكىپ كەلدىڭ، ئوغۇل چىقتىڭ بىراق،
شوخ يىگىتلەردىن بەك قوپالراق.

## ئەيساخانغا:

ئەيساخان گۈللەر ئامانمۇ،
يېڭى جانلاردىن خۇش خەۋەر بارمۇ؟

## توختى پاشاغا:

قۇياشقا يېقىنلىشاي دەپ،
تۇرپانغا بۆلۈنگەنتىڭىز؛
قۇياشتەك قىزلىرى تۇرسا،
نېمىشقا ئۆيلەنمىدىڭىز؟!
گۈللەرنى يۇرتتىن ئۈزۈشكە،
كۆڭۈلنى جۇۋۇتقانتىڭىز...

ياخشى تۇرۇپسىز، دەيدۇ بەزىلەر،
ياش كۆرۈنسە ئۇلارغا كىشى.
بىر خىل تۇرغىنى توختى پاشادۇر،
ئوخشاشلا ئىكەن ئىچى ھەم تېشى.

## ئىمىر غىياسقا:

پىۋا ئىچسەم ئۇيدان يەيمەن دەۋەرمە،
سىڭدى دەپلا تۇرۇپ - تۇرۇپ يەۋەرمە؛
بۇرۇن بۇرنۇڭ تەپچىپ تەرلەپ قوياتتى،
باشتىن ئەمدى قۇيۇلۇپتۇ تەن بەرمەي.
ئۇغۇ مەيلى، توختاپ قال ئەمدى،
چاقچاقلارغا ئىزاھات بەرمەي.

## تۇرسۇن يۇسۇپكە:

سىر بەرمەستىن ئۆتتۇڭ بەش يىل،
كۆزەينەكنىڭ كەينىدىن ماراپ.

## دىلنۇر جارىگە:

دىلنۇر مىجەز بولسا دەيمەن، ئوچۇق مىجەز،
بارچە ئىنسان بىر قىلىپقا چۈشمەكلىكى تەس.
كۆلكە ھەمراھ ئوچۇق - ئوچۇق گەپلىرىگە،
جىم تۇرالماس بىر ئورۇندا بىردەم - بىرپەس.
بەلكى كۆپلەر ئاشۇنداق خۇيغا
چىن دىلىدىن قىلىدۇ ھەۋەس.

سىنىپىمىزنىڭ تۈزى - تەمىدەك،
ھەممىلا ئىشقا ئارىلىشاتتىڭىز.
بالىلاردەكلا سەبىي مىجەزدە،
ھەممىسى بىلەن قامىلىشاتتىڭىز.
ئاشۇنداق تەنھا پەزىلەت بىلەن،
دىلشات لېۋىنى تامشىتاتتىڭىز.

## يۇسۇپ ئىبراھىمگە:

ئالتۇندىن قاپلىۋالغان ئىبغىز چىشىڭ،
ئاشۇنداق كۈلۈشۈڭدە يالتىرايدۇ.
بىر جايدا تۇرۇپ كۆرمەي ئۆتتۇق ئۇزاق،
ساۋاقداش ئاشۇنداقمۇ ئالدىرامدۇ؟
ئۇسسۇلنى ئەسلىي ئوبدان ئويناپتتىڭ سەن،
ۋە لېكىن، يۈرەك يەنە تارتىنامدۇ...

قانداق بولار بەش يىل ئۆتكەندە،
كۆرۈشەيلى قەشقەردە قېنى.

خاسىيەتكە:

يېرىم قىلماڭ كۆڭۈللەرنى سىز،
بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.
غەم بىلەنلا ياشاي دېسىڭىز،
ئادەم تىرىك ئۆلۈپ كېتىدۇ.

باراتقا:

ئۆزگەرمەپتۇ ھەممە قىلىقىڭ،
ئۆگىرىپتۇ پەقەتلا يېشىڭ.
ئۆتسە ئەگەر يىگىرمە يىللار،
قانداق بولار سېنىڭ قېرىشىڭ.

بېلىقىزغا:

سىنىپىمىزدا بىر شائىرە قىزىمىز سىز،
سورۇنلاردا يېلىنجىغان ئوتىمىز سىز.
تاش تاشلىغان قۇدۇقلاردەك جىمىغاندا،
غىدىقلىغان تۇيغۇمىز سىز، چوغىمىز سىز.
تاڭسىلاردا، ئۇسسۇللاردا، چاقچاقلاردا،
سەپ ئالدىدا لەپىلدىگەن تۇغىمىز سىز.

يىلتىز چاپقان چاغدىكى قېيىداش،
كەتمىگەنمۇ تېخىچە تارقاپ.

ئاتىكەمگە:

جەننەتتىكى ھۆرلەر كۈيىدەك،
يىراقلاردىن كەلدى ئىپارلىق؛
خۇددى مىسكىن چىرايىڭدەكلا،
خەتلىرىڭدىن تامدى مۇڭ - زارلىق.

زىبىرنىسا سادىققا:

ئېغىر - بېسىق بولماق دېگەنچە،
ئېغىرلىشىپ كەتتىڭىز ئەجەب.
بېسىم بولسا ئالاي زىممەمگە،
شۇنداق بىللە ئۆتەيلى ئەبەت.

مۇقەددەس سەيدۇللامغا:

ئەركىن باردى تۇرپانغا، بارمىدىڭىز سىز،
ساۋاقداشلىق تېتىمىغا قانمىدىڭىز سىز.
ئەركىن بېرىپ تۇرپانغا نېمىلەر بولدى،
يالغۇز قېلىپ ئۆيىڭىزدە سەزمىدىڭىز سىز.

پاتىگۇلگە:

كۆڭلىڭىزنى بىلىۋالغاندەك،
كېڭىيىپتۇ چاپاننىڭ ئېنى؛

## ئىلھام ئابدۇكېرىمگە:

باشلىنىپ چىقسا سەپلەر باشى ئۆزۈڭ،
راسلىنىپ بولسا سورۇن ساقىي ئۆزۈڭ؛
تارتىلىپ قالسا خورەك ئەۋجى ئۆزۈڭ،
ئوق سۇنۇپ ياتسا ھارۋا چاقى ئۆزۈڭ.

## ئابدۇقادىر داۋۇتقا:

كىنولارنىڭ ئىپلانى قىزىق،
سېنىڭ بىلەن سىنىپىمىزدا.
چاقچاقلىرىڭ، ھەزىل گەپلىرىڭ،
تېخى بىزنىڭ قېنىشىمىزدا.
قەشقەردىمۇ جىق ئىكەن كۆلكەڭ،
سابىق بەنجاڭ ۋاھاپ توغرۇلۇق،
ئېيتىپ بەرگىن شۇنىڭدىن پارە،
دىيارىڭغا بارغىنىمىزدا.

## ئەركىن ئەبەيدۇللاغا:

تۇرپان دېگەن ئۇچۇق شەھەر كېچىدىمۇ،
قېنى ئېيتقىن نە - نەلەرگە بېرىپ كەلدىڭ؟
زىيارەتگاھ تولا تۇرسا ئولتۇرىسەن،
كىملەر بىلەن بىزدىن بۇرۇن كۆرۈپ كەلدىڭ؟
تۇرپان دېسە ئەخمەتتىن كۆپ بىلىپ كەلدىڭ.

## ئەخمەت قادىرغا:

كۆلكە بىلەن ئىسمىڭ مەنىداش،
قەلبلەرگە سەن ساددا تۇتاش.
پوۋېستلارنى قاچان كۆرىمىز؟
ياتىنۋەرمەي يازساڭچۇ ئاداش.

## ئەخمەت ئەسەيدۇللاغا:

يۇرتۇڭنى جەننەت دەيدىكەن،
ئۇززۇمنى زىننەت دەيدىكەن؟
ھەممىنىڭ يۇرىكىدە كۆي،
تۇرپانغا ھۆرمەت دەيدىكەن،
بۇلىيۇقتا گاھى سۇرەتلەر،
ۋىجداننى كاچاتلايدىكەن.

يالغۇز قالغان تەنها شۇ قاراق؟
كۈلگىن ئەبەد، خورسىنما ھەرگىز،
كەچكۈزدىكى يېگانە ياپراق.

## «ئاچچىق»

ئەكچىدى كۆڭلۈمنىڭ بۇلاقلىرىدا،
ئۆركەشتىن ياسالغان كۆزۈم ياشلىرى.
سەزگۈدىن ئېزىقتى ئەسلىي يۈرىكىم،
تەلپۈنۈش ئىستىكى ئوت بولغان كۈنى.
بۇ ئەسلىي سۆيگۈمنىڭ ئەلەم قانلىرى،
ياق،
سەن مەڭگۈ تېگىنى كۆرەلمەيدىغان،
ئاداققى تۇيغۇنى سېزەلەيدىغان.
ئۆلگەنلەر تېنىنىڭ ئەزىز جانلىرى.
بىلەمسەن،
كۈلگەنتىم،
كۈلەلمەي قويدۇڭ،
ئەمدى سەن يىغلىغىن، يىغلىۋال قېنىپ.
سەن شۇنداق يىغلاشقا لايىق بىر ئىنسان،
مەھكۇملۇق زەنجىرىم قىلمىسۇن ۋەيران.
بەست،
كەت يىراق، چۈشۈمدىن، كېتىۋال يىراق،
بېشىڭغا تەگمىسۇن، رەنجىم تاشلىرى.

# «يېگانە ياپراق»

بۇمەريەم ئابلىمىت نەسىمى
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

كەچ كۈزدىكى يېگانە ياپراق،
چۈشۈپ قالدىڭ دەرەختىن قانداق.
شوخ شاماللار ئىرغىتتىمۇ يا؟!
يالغۇز قېلىپ چەكتىڭمۇ پىراق.

يالغۇز قېلىپ چەكتىڭمۇ پىراق،
قاقشال بولغان دەرەختە قاراپ،
سارغىيىپسەن، مۇڭلۇق نىگايىڭ،
باھاردىنمۇ كېتىپسەن ئۇزاپ.

باھاردىنمۇ كېتىپسەن ئۇزاپ،
ياشىرىشنى ئويلامسەن بىراق.
خىلۋەتلەردىن كۈتەمسەن ئۈمىد،
يانارمىكىن دەمسەن نۇر - چىراغ.

يانارمىكىن دەمسەن نۇر - چىراغ،
قاپقاراڭغۇ كېچىلەر تامان،
خازان بوپتۇ ئالىقانلىرىڭمۇ،
كۆلەي دەمسەن يەنە شادىمان.

ئەمما،
ھەممە كۈندىن بەكرەك ھارىمەن،
تىرناق تاتىلاپ تۇرغاچ تۈنۈگۈن،
ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ
گېزىت ئوقۇپ سۆزلەپ قالىمەن...

پەيشەنبە —
ئەتە جۈمە — سۆيۈملۈك بىر كۈن،
شۇڭا چىداپ ئۆتكۈزەي بۈگۈن.
غۇلاچ چىداپ قالدى غېرىچى،
سەۋرچانلا يېشىدۇ تۈگۈن.

جۈمە —
بەك خۇشال، قارىما ھەي تاز!
بۈگۈن دەرسىم ھەممىدىن بەك ئاز.
گىدەيگەنچە،
قولۇمدا بىلەت
كىتابنى ئۇنتۇپ قالىمەن،
كۆزۈم دوسكىدا،
خىيالىمدا - سەھنىدە،
گىتار چالىمەن...

شەنبە —
ئۆتۈپ كەتتى جۈمە كەچ ئىسىت!
خۇشال ئىدىم ئىككى كۈن بار دەپ،
شۇنداق دانا پىكىر بەزىدە،
خىيالىمدا چاقچاق چاقىدۇ —
«جۈمە بولسا مەڭگۈلۈك،

# بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەپتىلىك خاتىرىسى

مۇنەۋۋەر مۇختەر
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

دۈشەنبە —
كېتىپ بارىمەن بېشىمنى سېلىپ،
دەرسخانىغا - كېيىن قالغان سەھەردە.
كۆزلىرىمدە مۇگدىگەن سوئال،
ئىشلەنمىگەن تاپشۇرۇق،
ئوقۇلمىغان ماتېرىيال،
ھەممىسى،
سۆرەيدۇ مېنى كەينىگە ...

سەيشەنبە —
تۆت كۈن قالدى ئارام ئېلىشقا،
تېزرەك ئۆتسۇن بۈگۈنمۇ شۇنداق،
ئارقا رەتتە مۈگدەك ئارا،
تاپشۇرۇق دەمسەن؟
باش ئاغرىتماي يوقال نېرىغا!

چارشەنبە —
ئىككى سائەت دەرسىم بار بۈگۈن،
ئازادىمەن.
بەك خۇشياقار سىياسىي ئۆگىنىش،
سىناقمۇ يوق.

گىرىمسەن مۇڭ كۆمۈلەر ئاستا،
ئالدىرائغۇ قەدەملەر تامان.
يورۇتىدۇ بوشلۇقنى بىردىن،
پارتلارغا ئويۇلغان ئارمان.

ئون بولۇشقا قالدى بەش مىنۇت،
خۇش قال غەمسىز گىتارچى يىگىت.
ئاڭلىغىنىم ناخشاڭمۇ ياكى؟
خىيالىمدا پەقەت كۆپ چېكىت.
ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ غەمكىن كەچلىكى.
ئۇستەل چىراغ تىنىدۇ هارغىن.
دۆۋە - دۆۋە كىتابلار ئارا،
بىر سەبىي چۇش كۇلمەكتە يارقىن.

## 2 - دونكىخوت تەزكىرىسى

ئىشەنمەيمەن،
جىن بار دېسە دۇنيادا ئەگەر،
لېكىن چۇشۇمدە
بولۇپ قالىمەن سەبىي ئالۋاستى.
ئاڭلايمەن قەدىم قەبرە ئالدىدا
چۆچەكلىرىنى
ئافراسىياپنىڭ ...

مىسكىن يوللاردا،
كۆرۈنمەس كۆزۈمگە بىرەرمۇ ئىنسان.

ئىككى كۈننى كۆرۈپ چۈشۈمدە،
ئۆتۈپ كەتسەم،
ئارمىنىنى يەپ! »

يەكشەنبە —

بەك بىزارمەن بۇ كۈندىن ئەجەب،
ئويلىغۇم يوق ھەرگىز ئەتىنى ...
قېرىشقاندەك،
دۆۋە — دۆۋە ئىخلاس تەرلىرىم،
قېتىپ قالار تانىسخانىدا
قالدۇرۇپ ماڭا
ئاچچىق تەنىنى ...

ئىشلەنمىگەن تاپشۇرۇق،
ئوقۇلمىغان ماتېرىيال،
خىمىرتۇرۇچ بوپ قالار يەنە،
ئۆتمۈشۈمدە كۆپىيىدۇ
يەنە بىر سوئال ...

## ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئايدىڭ كەچلىكى

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئايدىڭ كەچلىكى،
تىلسىم چۈشكەن مەست بولغان دۇنيا.
مۈرىكىدەك ئەۋرىشىم ۋەدە،
تۈن بېتىگە چۈشۈرەر شولا.

# مۇئەللىم ۋە ستۇدېنت

بەزى ئوقۇتقۇچى ۋە ستۇدېنتلار ھەققىدە ساتىرا

## مۇختەر مەخمۇت (ئوقۇغۇچى)

دەرس سۆزلەر مۇئەللىم قولىدا كىتاب،
ئوقۇپلا كىتابنى قىلىدۇ خىتاب.
پارتىنى قۇچاقلاپ ياتار ستۇدېنت،
ياستۇقتۇر كىتابى، ئۆزى بىر «بىتاب».

دەرس سۆزلەر مۇئەللىم قولىدا كىتاب،
ستۇدېنت ئولتۇرار ئۇنىئالغۇ ئاڭلاپ.
مەستخۇش بوپ ناخشىنىڭ مۇڭلۇقلۇقىدا،
ئېيتاركەن ئاپىرىن كىمنىدۇر داڭلاپ.

دەرس سۆزلەر مۇئەللىم قولىدا كىتاب،
چىقالماس سىرتىغا كىتابتىن «ئاتلاپ».
قىزىماس دەرسكە ستۇدېنت ئەسلا،
تاشلىغان كىتابنى بىر چەتكە قاتلاپ.

دەرس سۆزلەر مۇئەللىم قولىدا كىتاب،
قاقشاركەن كېچىككەن، قاچقاننى سوتلاپ.
ئۇيالماس ستۇدېنت ئەكسىچە يەنە،
ئولتۇرار قاۋاقتا مەي - شاراب ئوتلاپ.

ماڭا ئۇرۇلۇپ ئۆتۈپ كەتكەنلەر
كۆرىدۇ مېنى
ۋە كۆزۈمنى ـ بىپايان...

خالىمايمەن،
بولۇپ قېلىشنى زامانىۋى قىز
خىيالىمدا چېلىنغان ساتار
توغراقلىقتا سوزۇلغان بىر يول
كېپىنەك قوغلاپ
روماللىق گەۋدە
قالدۇرغان بىر ئىز...

ئەمەسكەنمەن،
زاماندىشى زاماندىشلارنىڭ،
بولالمايمەن ھەم
ئىرا ئاۋۋالقى مەۋھۇم شۇ سىيما.
كىرپىكىمدە،
شامال سۆيگەن ياش،
سوئال بەلگىسىدە،
قۇرۇپ مەڭزىمدە،
تارتىنىپ تۇرۇپ
باقار دۇنياغا ...

# ئىككى شېئىر

ئەركىن موساجان

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، دوتسېنت

## چۇنكى مەن ئادەم ...

مەن
گۈزەللىك شەربىتىنىڭ تەشناسىمەن.
شۇڭا
شەبنەمدەك پاكىز دىلنىڭ،
سۇبھىدە ئېچىلغاندەك ھاياتنىڭ،
ئىشقى ئوتى ئۆرتىگەن ئاشناسىمەن.
تەلپۈنىمەن ھاياتتىكى گۈزەللىككە،
تەلپۈنىمەن ھاياتتىكى گۈزەللىككە،
تەلپۈنىمەن گۈلدىن گۈزەل كېلەچەككە،
چۇنكى مەن ئادەم.

مەن ياقتۇرىمەن
زوقۇمنى تارتىدىغان
لالىلەر،
رەيھانلار،
ئەتىرگۈللەرنى.
گۈللەرنىڭ بەرگىدىكى شەبنەملەرنى،
كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان
يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەننى،
مەجنۇن تاللارنىڭ سۇدىكى ئەكسىنى،
ياقتۇرىمەن، -

دەرس سۆزلەر مۇئەللىم قولىدا كىتاب،
تىتىلدار ستۇدېنت قوڭغۇراق ساقلاپ.
يۈگرىشەر ئەدەپكە ۋاقىت توشسىلا،
كېتىدۇ خالانى ئىس ـ تەتەك قاپلاپ.

دەرس سۆزلەر مۇئەللىم قولىدا كىتاب،
ستۇدېنت ئولتۇرار ھاڭۋېقىپ قاراپ.
ئىمتىھان ۋاقتىدا بىرەلمەي جاۋاب،
تەلمۈرەر ئەتراپقا ئوغرىدەك ماراپ.

دەرس ئۆتەر مۇئەللىم قولىدا كىتاب،
تۇراركەن كۇندىلا دەرسنى سوراپ.
ئەپسۇسكى بۇرادەر يەنىلا بىغەم،
ئۆتەمسەن كۇندىلا كىنونى دوراپ؟!

# نەزىرىمدىكى مەن ۋە سەن

سېنىڭ نەزىرىڭدە مەن
سۈكۈت ئىچىدە
تۈششىز ياشايدىغان،
سامانىنىڭ نەرقىدىكى
ئۈششاق بايقۇشلارنىڭ بىرى
كۆزگە چېلىقمايدىغان.
ئۆز نەزىرىڭدە سەن
ئامەت قۇچقان،
كۆزگە كۆرۈنگەن،
مەرتىۋىلىك ئېسىل ئادەم
ئاسانلىقچە تېپىلمايدىغان.
مېنىڭ نەزىرىمدە سەن
(ھەق گىرىدە ئۆلچىسەم)
تەكەببۇرلۇقتىن تۆرەلگەن مەخلۇق،
كۆرەڭلىك قېنىغا سىڭگەن،
ئېرىشكەنلىرىڭدىن ماختىنىپ غادايغان.
ئۆز نەزىرىمدە مەن
راست، ئاددىي ئىنسان
ئىنسانىي خىسلىتىمنى ساقلاپ قالغان.
ھالال ياشاش مېنىڭ مەنتىقەم،
بېتون ئىچىدىكى پولات چىۋىقمەن
كۆچىنىشنىلا بىلىپ
ئۆزىنى كۆرستەلمەيدىغان.
قەلبىم بىر گۈلخان،
ئادالەت دەپ يېلىنجايدىغان.

ياقتۇرىمەن،
ئالەمدىكى بارچە گۈزەللىكنى،
چۈنكى مەن ئادەم.
خالايمەن.
ئەركىن ياشاشنى،
قۇشتەك پەرۋاز قىلىشنى سامادا،
كېيىكتەك قىيغىتىشنى دالىلاردا،
تاڭ ساباسىدەك سۆيۈشنى
تۈمەن مىڭ چېچەكلەرنى ۋادىلاردا.
قەبىھلىكتىن يىرگىنەلەيمەن،
غۇرۇرۇمدىن شادلىنالايمەن.
ئەل بەختىچۈن ئوتلۇق جەڭلەرگە
ئىككىلەنمەي ئاتلىنالايمەن.
ساختىلىق يوق يىغلاشلىرىمدا،
خۇشامەت يوق كۈلكىلىرىمدە،
كۈلكە نېمە، يىغا نېمە ئايرىيالايمەن،
چۈنكى مەن ئادەم،
كېزەلەيمەن تەپەككۇرنىڭ ئاسمىنىدا،
ئۈزەلەيمەن ھېسسىياتنىڭ قايىنىمىدا.
ئادەملىك خىسلىتى مۇجەسسەم مەندە،
ۋىجدان قېنى ئۇرغۇيدۇ تەندە...
چۈنكى مەن ئادەم.
دوستۇم
ئۆزۈڭنى دۇنيادا ئادەم دەپ بىلسەڭ،
مېنى كۆرگىن ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ.
تۇرەلەيمەن مەنمۇ سېنىڭدەك
سائادەتلىك كۈنلەر ئۈچۈن يەڭ،
چۈنكى مەن — ئادەم!

1980 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# ئىككى شېئىر

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

## قىش كېچىسى

قاپقارا سۇرەتتە ئاسمان گۈمبىزى،
كۆرۈنمەس قىلچىلىك يۇلتۇزدىن دىدار.
ئەتراپتا جۇش ئۇرار ئاچچىق بىر سوغۇق،
ئاينىڭ ئاستىدا غىچىلدايدۇ قار.

يىراقتا چۇرقىراپ باللار توپى،
ئۆزئارا قار ئېتىپ سالماقتا سۈرەن.
يول ئالدىم تىپتىنچ ئورمان ئىچىگە،
ئۇلارنىڭ پەيزىگە قىلماستىن ئېرەن.

يۇمشاق قار ۋە سوغۇق دەرەخلەر توپى،
تۇرىدۇ ئۈن ـ تىنسىز سۈكۈتكە پېتىپ.
سىلىدىم دەرەخنى، ئالدىم ئاپئاق قار،
بارچىدىن بۇلارنى قىممەتلىك بىلىپ.

كۆز يۇمدۇم دەرەخكە يۆلىنىپ ئۇزاق،
بوپقالدى شۇبھىسىز ئورمان ياكى قار.

مېنىڭ نەزىرىمدە سەن
شۇنداق بىر مەخلۇقسەنكى،
دەپسەندە قىلىنىدىغان
ئىنسانىي تۇيغۇلارنى.
ھېسسىيات نېمە،
گۈزەللىك نېمە،
كىشىلىك قىممەت نېمە،
بۇنى مىڭ يىلدىمۇ چۈشەنمەيدىغان.
شۇنداق بىر ۋۇجۇدنىڭ ئېگىسىسەنكى،
مەرىپەت نېمە،
ئاقارتىش نېمە،
زىيا نېمە،
بۇنى چىن مەنىسىدىن بىلمەيدىغان،
دۈمبەڭدىن تۆشۈك ئاچسىمۇ،
ئىچىڭگە يورۇق چۈشمەيدىغان.
مېنى چۈشىنىشكە
قادىر ئەمەسسەن ئەسلا،
جىسمىمنى يوكسەڭمۇ
قىلالمايسەن غۇرۇرۇمنى قامال.
كۆرەڭلىك،
خۇشامەت،
ھەشەمەت،
ئادىتىم ئەمەس.
سەن ئىنتىلگەن
سەن ئېرىشكەن
پال - پال مەرتىۋە
مەن ئۈچۈن پاخال.

1999 - يىلى، مارت. ئۈرۈمچى

# خوشلاشقاندا

رىسالەت ئەركىن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

— خوش ئانا، دەپلا كېتىپ قالدىم
يېنىڭدىن ئانا.
مارجاندەك ياشلىرىم تۆكۈلەر تال - تال
تاراملاپ يانا.
كۆز يېشىم ئەمەس لېكىن، ھەسرەت يېشى
ئۇ، ئۈمىدكە تولغان ھاياجان يېشى
يېڭى ھاياتنىڭ باھار يامغۇرى.
كۆز يېشىم تامغان ئاياغلىرىمدىن
ئۈندۈرمەكچىمەن مېۋىلىك دەرەخ ...
— خوش بالام، — دېگەندە سەنمۇ
پۇلاڭلىتىپ قولۇڭنى ئانا.
كۆزۈڭ كۆلەر، يېشىڭ ئاقار،
مەڭزىڭنى بويلاپ ئېڭەكلىرىڭگە ...
ئاقيوللار تىلەپ ئۈزىتىپ قويدۇڭ،
ئۈمىدلىك بېقىپ،
بىلىمەن شۇ بېقىشلىرىڭدا
بار تېخى ھەممە، ھەممىسى،
ھەمدەم بولغان ياشلىرىڭدىمۇ
بار تېخى چوڭقۇر بىر مەزمۇن —
ئالەمچە سۆيگۇ، ئالەمچە ئۈمىد، ئانا تەشناسى ...
تۇرۇپ قال ئانا، ئىشىك ئالدىدا
قىلغان ھەر سۆزۈڭ قىزىڭ يادىدا ...

قەلبىدە كۆكلىگەن خۇشاللىق ھېسى،
توڭلىغان جىسمىمنى دەمسىز ئىللىتار.

## يىراقتىكى جىمجىت مەھەللەم

يىراقتىكى جىمجىت مەھەللەم،
قەلبىمدىكى دۇنيادۇر پەقەت.
ئۈمىدلەرنىڭ چەكسىز باغرىدا،
سېغىنىمەن ئېھ، ئۇنى قەۋەت.

يىراقتىكى جىمجىت مەھەللەم،
تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل تېنى،
خىياللىرىم ئەسەبىي بولۇپ،
ئۇن - تىنۋشسىز سۆيىدۇ سېنى.

يىراقتىكى جىمجىت مەھەللەم،
سەن گوياكى ئاق كۆڭۈل بوۋاي.
ئۆتكۈزسەن ھەربىر دېمىڭنى،
ئوغلۇڭ ئۈچۈن دۇئا قىپ تالاي.

يىراقتىكى جىمجىت مەھەللەم،
قەلبىمدە سەن بىرلا تەبىئەت،
ھەربىر دەقىق ئۇنتۇلمايدىغان،
روھىمغىچە چېكىلگەن سۈرەت.

بارغانچە خىرەلىشەر بىر تونۇش سىيما،
— خەير، دەپ قولۇمنى كۆتۈردۈم ئاستا،
ئۇنتۇلماس،
مەڭگۈگە ئۇنتۇلماس ئاشۇ بىر مىنۇت.
كۆزلىرى ياشلانغان مېھرىبانلىرىم،
يۈرىكى يىغلىغان غەمكىن پەرىشتەم ...
كۈلۈڭلار، شادلىنىڭلار، چۈنكى مەن
ئۇنىۋېرسىتېت قوينىغا كېتىۋاتىمەن،
ئۇنىسىز ياش تۆكۈش ئەرزىمەس ئەسلا.
خەير، كۈتۈڭلار مېنى ھېچبىر ئارمانسىز.
ئېسىڭلاردا تۇرسۇن ئاشۇ بىر مىنۇت،
خەير، ئامانلىقنى تىلىۋالاي مېھرىبانلىرىم،
ئاشۇ ئۇنتۇلماس، ئاشۇ مىنۇتتا ...

# ئىككى شېئىر

ئوسمانجان ئەخەت باقى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

## دېھقان

بۇزۇپ كېچە جىمجىتلىقنى،
بېرەر خوراز تاڭدىن بېشارەت.
ئىشىكىنى چېكەر دېھقانىنىڭ،
ئېھ، بىر كۆڭۈلۈك شادلىق ۋە ھەسرەت.

ئاتا مىراس مۇقەددەس كەتمەن،
كۈتۈپ تۇرار ئۇنى ھويلىدا.

## ئاشۇ بىر مىنۇت

ئەنۋەرجان ئابدۇرۇسۇل
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

1

سېنتەبىرنىڭ ئۇنىنچى كۈنى،
مۇقەددەس ھىجرانغا تالىق ئاشۇ كۈن ...

2

گۈل بەرگىدىن تامچىلار شەبنەم،
يېشىل تامچىدىن ياشنىغان ئالەم.
سېنتەبىر، بۇ يېشىللىقنىڭ ئاداققى ۋاقتى،
ئالدىرايدۇ ئالتۇن سەپەرگە ...

3

سېنتەبىرنىڭ ئۇنىنچى كۈنى،
كۆلكە ـ يىغىغا،
شاۋقۇن ـ سۈرەتكە،
جىمى ھېسسىياتقا ھامىي بۇ بېكەت.

4

مانا، ئوت ئالدى كۆرۈلدەپ كونا ئاپتوبۇس،
دۈپۈلدىدى تېپىرلاپ يۈرەك.
ياشلانغان كۆزلەردىن نەملەندى ئەينەك،
ياشلاندى يۈرەك ...
بارغانچە خىرە كۆرۈنەر يوللار.
بارغانچە خىيالىم ئاقار يىراققا،
بارغانچە يىراقلاپ بارىدۇ ئۇپۇق،

راۋا كۆرمەس قاقشاشنى گەسلا،
خىزىردىنمۇ ئۇلۇغدۇر دېھقان.
خىتاب قىلغۇم كېلەر جاھانغا،
بۇ زېمىننى دېھقان ياراتقان!

## قىز قەلبى

سىر دىشىدۇ ياستۇقى بىلەن،
غەمخورى يوق ئۇنىڭدىن بۆلەك.
كۆز يېشىمدىن ئىزلەر تەسەللى،
ئارام بەرمەي ئاتەشلىك يۈرەك.

كېچىلەرنى ئۇلايدۇ تاڭغا،
ياستۇقىغا تۆكۈلەر ئازاب.
ئالبومدىكى جانسىز سۈرەتنى
يۈرىكىگە باسار ئاۋايلاپ.

توسۇپ تۇرار قىزلىق تومۇسى،
سۆيگۈسىنى قىلالماس ئىزھار.
بىر قەلب بار ئۇنىڭدا پەقەت،
قاشتېشىدەك سۈزۈك — بىغۇبار.

قىزغا قاراپ كۈلەر يېقىملىق،
ئالبومدىكى سۆيۈلگەن سۈرەت.
سۆيمىسىمۇ مەيلىتى، بىراق،
چۈشەنسىچۇ قەلبىنى بىر رەت.

بەلۇبغىغا تۈگۈپ نېنىنى،
ئېشىكىنى قوشار ھارۋىغا.

غىچىرلايدۇ يارىيار ھارۋا
نەم توپلىق سەھرا يولىدا،
كۆتۈۋالار مايسىلار ئۈنى
كەلگىنىدە ئېتىز بېشىغا.

ماڭلىيىدىن چىققىنىدا تەر،
پەيدا بولار ئۇپۇقتا قۇياش.
سىر دىشىدۇ مايسىلار بىلەن،
ئۇنىڭ قەلبى ئېتىزغا تۇتاش.

يېپىشىمۇ مۇشەققەت ئاڭا،
قوندۇرالماس دىلىغا توزان.
ھال ئېيتمايدۇ ھېچكىمگە بىراق،
گەر بولسىمۇ تۇرمۇشىدا ھاڭ.

پاتقىنىدا ئۇپۇققا قۇياش،
ئۇ كېلىدۇ ئۆيىگە ئاستا.
كەتمەن يەرگە تېگىش بىلەن تەڭ،
ئۆچكە مەرەپ كېلەر ئالدىغا.

قويغىنىدا تەكيىگە باش،
ئاي كۈلىدۇ تۆڭلۈكتىن ماراپ.
يەلكىدە تاغ باردەك گويا،
خىيال سۈرەر تورۇسقا قاراپ.

يۈلتۇزلىرىم تۇتۇلۇپ كۆكتە،
ئېقىپ چۈشەر سۇنۇق قەلبىمگە...
ئاچقىنىڭدا خاتىرەڭنى،
كۆز ئالدىڭدا
كۆرۈنەرمەن ياپېيشىل
بولۇپ بىر تال ياپراق،
ئەپسۇس، سېنىڭتەبىردە
كۆرۈشەلمەيمىز....

# ئۈچ شېئىر

## ئابدۇرۇسۇل تۇرسۇن

قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

### سەھرا لىرىكىسى

سەھرا سۆيگۈ كۆكلىگەن جەننەت،
دېھقان تۆككەن مېھنەت تەرىدە.
گۈل - چېچەكلەر قىلار تەبەسسۇم،
ئىش ـ ئەمگەكنىڭ جۇشقۇن كۈيىدە.

سەھرا خۇشخۇي، سېخىي كائىنات،
مەئىشەتلەر تۈكۈلگەن مونچاق.
ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈتلەر
باغلىرىدا ئۇقۇيدۇ قوشاق.

# سېنتەبىردە كۆرۈشەلمەيمىز

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

كۆرگەنىدىم قۇياش چىققاندا
دەرەخلەرنىڭ يەلپۈتۈپ لەرزان
بويىڭىزغا ئېسىلغىنىنى ...
چاۋاك چېلىپ پۈتكۈل ياپراقلار،
سىز توغرۇلۇق قىلىشىپ سۆخەن
تاتلىققىنا شىۋىرلىغىنىنى ...
ئەي باھار،
گۈزەل ياپراقلار
ئۇچۇرۇم بوپ كېتىڭلار ئەمدى.
ئالتۇن كۈزدە
سارغىيارمىز، تۆكۈلەرمىز،
سېنتەبىردە كۆرۈشەلمەيمىز.
............
بويلىرىڭدا يوپۇرماق بولۇپ،
سىڭىپ كەتسەم يېشىل رەڭگىگە.
سېنتەبىردىن قورقىمەن ئەمما،
تىترەپ تۇرسام ئالىقانلىرىڭدا،
قارىغانچە سولۇپ كېتەرمەن.
كۆرۈشمەك تەس، سۆيۈشمەك ئاسان،
ئۇرۇمچىنىڭ يېزى بەك قىسقا ...
كۆڭلۈم مېنىڭ ئاسمانچە بولسا،
تىك چىقىپتۇ ھىلال ئاي ئۇندا،
يامغۇر - يېشىن كۆپ بولار ئەمدى.

كەتمەكتىمەن پايانسىز يىراق...
تونۇش كوچا، تونۇش دوقمۇشتا.
ئاڭلىنىدۇ بىر تونۇش ئاۋاز.
سەھرادىكى جىمىغۇر مەھەللىدە
بىر توپ كەپتەر قىلماقتا پەرۋاز.
نان ياقماقتا تونۇرغا ئانام،
شەھەردىكى ئامراق ئوغلىغا —
يوللىماقچى بايراملىق سالام.
ئات هارۋىلىق ئېتىز يولىدا.
«خانلەيلۇن»نى توۋلاپ بىر «تاغام»
چىقىپ كەلدى مەھەللەم تامان.
يۈرىكىمنىڭ تېۋىشلىرىدىن —
سېزىۋالدىم ئۇ مېنىڭ دادام.
جىرىڭ - جىرىڭ - جىرىڭ...
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلار تېلېفون
ئۈزۈۋەتتى خىيال يىپىمنى.
خازان تۆككەن باغلاردىن كېلىپ،
ئېھ، غېرىبلىق قۇچاقلار مېنى...

## شېئىر ۋە هايات

شېئىر نېمە؟ ئۇ — گۈل بەرگىدە،
كۈلۈپ تۇرغان يىغۇبار شەبنەم.
هايات غېرىب شېئىر بېغىدا،
چېكىتىمگە دەسسىگەن سەنەم.

سەھرا گويا ئۇسسۇلچى قىزچاق،
زوقلىنىمەن مەجنۇنتاللاردىن.
ئېرىق - ئېرىق ئاقار شوخ سۇلار،
مەمنۇن بولۇپ گۈلگۈن باھاردىن.

سەھرا ئەجەب سەممىي بالا،
شەھەرلەردەك چەكمەس تاماكا!
يۈرىكىڭنى ياشنىتىپ قويار،
سەبىيلەردەك گۈلگۈن كوچىلار.

سەھرا مېنىڭ خۇش چىراي ئانام.
كەچمىشلىرىم ئۈنلىگەن دالا.
مەن سەھرامنىڭ ئىلھام قوينىدا،
شائىر بولۇپ تۆرەلگەن بالا.

## ئۆكتەبىر كۈنى

ئۇنىۋېرسىتېت قورۇسى ئۆكتەبىر كۈنى
مۇگدىمەكتە سايرام سۈيىدەك
ھىجرانكار شامال
يېشىل ياپراق تېرىپ باغلاردىن،
باھار ئۈچۈن ياسايدۇ بېزەك.
تۆكۈلمەكتە كۆز چېچەكلىرى،
قۇشقاچلارمۇ كېتىشتى بىر - بىر
يالغۇزلۇقتا قالدۇرۇپ مېنى.
خىيال سۈرگۈم كېلىدۇ ئۇزاق،
دولقۇنلىغان جىمجىتلىق ئىچرە.

پارىخور، ھەسەتخور بىلمىگەچ بۇنى،
روھىدا بولۇر ئۇ ساقايماس بىتاب،

※ ※

ھاياتلىق كىشىگە كېلىدۇ بىر رەت،
يىرتىلىپ كالىندار ئۆچىلار بىر بەت.
ھەربىر بەت كۆڭۈلىرنىڭ ئۆتەر مەنىلىك،
ئەل - ۋەتەن ئىشقىدا كۆيسەڭ سەن ئەبەت.

## قۇياش

### ھاكىمجان

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

كۆيىسەن،
چۈنكى سەن بىر ئاشىق،
زېمىن يېگانە مەشۇقۇڭ.
كۆيدۈرىسەن ئاتەش تەپتىڭدە،
ئىلاھى بىر نۇر
سىڭىپ كېتەر زېمىن قوينىغا.
ئەپسۇس،
بىللە ئۆتۈشكە يەتمەس قۇدرىتىڭ.
يەنە كۆيىسەن،
ئۆز ئۆزۈڭنى خورلىشىپ،
ئازاب ئىچىدىن،
چەكسىز بىر بەختنى ئىزدەپ.
قۇياش،
باغرىڭدا ياندۇ ساماۋى بىر ئوت

شېئىر نېمە؟ ئۇ — سۇبھى پەيتى،
مەغرۇرانە چىللىغان خوراز.
هايات نېمە؟ ئۇ — شېئىر بىلەن،
مۇڭلۇق كۈيگە تەڭشەلگەن بىر ساز.
شېئىر نېمە؟ شېئىر — تۇرمۇشنىڭ
كۆزلىرىدىن تامچىغان پىغان.
هايات — ھىجران رومىلى ئارتىپ،
ۋىسالنى ئىپقاچقان جانان...

# پارچىلار

**رەشىدە ئەخمەت**
**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت**

گۈزەلدۇر كېلەچەك، كەلگۈسى پارلاق،
ئىزدىنىش يولىدا توساق كۆپ بىراق.
بىلىمنى كۆرگۈ قىل، ئىچىڭنى ياسا،
هاياتلىق چېغىڭدا ياندۇر بىر چىراغ.

※ ※

يولدىن چىقما، تىز پۈكمە، مەيلى
ئۆتسە ئۆكسۈن يامانىنىڭ پەيلى.
قەيسەر بولغىن ئۈمىدلىك ياشا،
هامان كېلەر باھارنىڭ ۋەسلى.

※

ئادەمگە ھەمراھدۇر ھايا ۋە ئىنساپ،
جايىدا ئىشلەتكەن قىلىدۇ ھېساب،

ئارمانلىرى سىڭىپ كېتەر يېشىلىقلا،
يېشىللىقا ئاقار شائىر بولۇپ ھەمراھ.
لەۋلىرىنى يېرىپ چىققان ھەربىر ھەرپ،
كۆزى يورۇپ ۋىلىقلىغان يېڭى مىسرا.

گۈزەل نورۇز، گۈزەل كۆكلەم، يېشىل دۇنيا،
يېڭى ھايات قاينىمىغا ئاچار ئېتەك.
گۈزەللىكتىن بېزەك ئالغان گۈزەل ئالەم،
يېڭى نورۇز بويلىرىغا ياسار چېچەك.

## باھار

ئەركىن روزىئاخۇن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

تەبىئەتنى تەۋرىتىپ ئاستا،
ئويغاتتىڭسەن قىشلىق ئۇيقۇدىن.
باش كۆتۈردى جىمى مەۋجۇدات،
ئىلھاملىنىپ سەن چالغان كۈيدىن.

مۇڭلانماقتا تەبىئەت ئانا،
يېشىل مەخمەل ئۈستىدە شۇدەم.
سۆيۈپ ئۆتەر ئەركە شامىلىڭ،
قورۇق باسقان يۈزىنى ھەردەم.

يىراقلاردىن ئاڭلىنار مۇڭلۇق،
شوخ نەغمىچى تورغايلار ئۈنى.

بىر تىلىكىم بار رىۋايەتلەردەك...
ئۆگىتىپ قويغىن،
ئىنسانلارغىمۇ سۆيۈشنى بىر رەت.
قۇياش،
سەن ھەقىقىي ئاشىق.

## نورۇزنامە

يۈسۈپئەمەت تۇرسۇن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

كەلدى بۈگۈن يىلنىڭ بېشى نورۇز كۈنى،
تەبىئەتنىڭ زىننىتىگە قوشۇپ ھۆسن.
جۇلا تاشلاپ كېلەر ئۇندا بىر گۈل سىيما،
قۇچاق ئېچىپ كۈتۈپ ياتقان زېمىن ئۈچۈن.

ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋا كەتتى سىڭىپ،
ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلۈپ ئاققان بۇلاقلارغا.
مۇقامغا تەڭكەش ياساپ يېڭى مەرغۇل،
خۇشلۇقىنى ئېلىپ بارار يىراقلارغا.

ئېتىزلاردا جاراڭلايدۇ دېھقان كۈيى،
كۈيچىلەرگە بۇلبۇل، تورغاي قىلار تەڭكەش.
سەلكىن شامال سۆيۈپ ئۆتسە يېشىللىقنى،
ياسار دۇنيا يېشىللىقتىن يېشىل ئۆركەش.

بىراق،
يورۇپ قالسا يۈزى ئازغىنا،
قىچىشىپ كېتەر بىر ـ بىرلەپ.
چۈنكى ئۇلار،
خۇددى بىر توپ شەپەرەڭ،
قورقار يورۇقتىن،
لېكىن بىر نۇرلۇق يۇلتۇز،
قورقماس ھېچنېمىدىن.
چاچار نۇرىنى كېچەيۈكۈندۈز،
قىش ۋە باھاردا
تەبىئەتكە ...
گۈدەك قەلبكە،
ئۇ شۇنداق جەسۇر،
ئۇنى قورقۇتالماس،
ھەتتا چاقماقلار.
توسالماس يۈزىنى،
سۇرلۇك قارا بۇلاتلار،
ئۇ شۇنداق مۇقەددەس.
ئۇز تەختىدە،
سۆزى بىلەن لال قىلار.
گۈدەكلەرنى،
بولغاچقا قولىدا
«بور» ئاتلىق قورالى.
ئۇ ئۆز تەختىدە
بىردە تىك تۇرۇپ، بىردە مۇكچىيىپ،
توختاۋسىز چاچار نۇرىنى
سەبىيلەرگە،
بىرەر يورۇقلۇق ھەم ئۆتكۈرلۈك،

تۆرنىلارمۇ كېلەر سەپ تارتىپ،
سېغىنغاچقا ئىللىق قوينۇڭنى.

تەۋرىنىدۇ ئېتىز ـ قىرلارمۇ،
ئەللەيلىنىپ مۇڭلۇق ناخشاڭدىن.
دېھقان تاغام ئوينىتار ئۇسسۇل،
كەتمىنىنى ئېلىپ دولىدىن.

يۇراق چاچار، دىلنى مەستخۇش قىلىپ،
ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل چېچەكى.
تولدى سېنىڭ نېمەتلىرىڭگە،
تەبىئەتنىڭ كەڭرى ئېتەكى.

شۇنداق، باھار سەن بىر گۈزەل كۈي،
تەۋرىتىسەن ئىلھاملىرىمنى.
قانچە يازسام تۈگىمەس ئەسلا،
سېنىڭ نۇرغۇن خىسلەتلىرىڭنى.

## نۇرلۇق يۇلتۇز

### ئوقۇتقۇچىلىرىمغا بېغىشلايمەن

ئەركىن روزاخۇن

شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

جىمىرلار تۈندە،
سانسىز يۇلتۇزلار،
بىردە خىرە، بىردە نۇر چېچىپ.

سەرسان كۆڭلۈم بىگۇناھ قەلبىم،
كۆردى پەقەتلا،
ئاچچىق كەچمىش پۈتۈلگەن ئاشۇ،
شېرىن سۆيگۈ تاتلىق ئارابنى،
كۆزۈمدە ياش،
قەلبىمدە قايغۇ،
بولدىلا،
تاشلاپ ماڭدىم قوپۇپ ئارقامغا.
ئانامدەكلا ئىللىق قوياشىم،
كۆلۈپ قويدى بىر تاتلىققىنا،
يورۇپ كەتتى مېنىڭ مەنزىلىم.

# ئاي قارايدۇ دېرىزەمدىن مۆك بىلەن

## تۇرسۇنجان روزى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

ئاي قارايدۇ دېرىزەمدىن مۆك بىلەن،
جورىسىدىن كەتتىمىكىن ئايرىلىپ،
ياكى ماڭا ئېيتار گېپى بارمىكىن،
دېرىزەمدىن كېتەلمەيدۇ ئايلىنىپ.

ئاي قارايدۇ دېرىزەمدىن مۆك بىلەن،
تىڭشامدىكىن مېنىڭ ئېيتقان ناخشامنى.

ياكى بىرەر ئاتەش يۈرەك ئىشقىدا،
كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزەمدۇ ئاخشامنى.

ئۆتكۈرلۈك ئۇنىڭ كۆزىدىن كەلگەن،
نۇرلىرى ئۇنىڭ مېھرىدىن ياققان،
ئۇ خۇددى ئۆچمەس مەشئەل.
باشلار يورۇقلۇققا.
قاراڭغۇدا تېنىگەن جاننى،
خۇددى دانكو ئۆز يۈرىكى بىلەن،
ئىنسانلارنى يورۇقلۇققا باشلىغاندەك،
ئۇ شۇنداق ئۆچمەس نۇر،
تىترىتەر زېمىننى.
گەر ئۇ ئۆچسە بىر كۈن
قىيامەتتۇر ئىنسانغا،
بەلكىم ئۇ چاغدا
يەر شارىمۇ توختار،
ئايلانماي بىر ئىزدا...

## ئۆتمۈش كالېندار

### ئەنۋەر ئەخمەت
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

كالېندارنىڭ ھەربىر ۋارىقى،
مەنىسىزلا كەتتى تۆكۈلۈپ.
خازانلاردەك تۆكۈلگەن ۋاراق،
نەلەرگىدۇر
پەر قاقانچە كەتتىغۇ ئۇچۇپ.
قوغلاۋاتىمەن،
يېتەلمىدىم مەن.

يۈرىكىم كەتتى مۇزلاپ ئۆتكىنىدە —
ئالدىمدىن تىترەپ يېلىنىڭ تىلەمچى قىز.

يىراقتىن پويىز كېلەر گۈدۈك تارتىپ،
بار چوقۇم ئۈستىدە ئاق گۈلچەمبىرەك.
كۆزنەككە مەڭزى يېقىپ بىرى ئاچچىق
غۇدۇڭشار: پەسىل يوقمۇ قىشتىن بۆلەك؟

## قويمىچىغا

— سوئالىنى «ئالدىن بىلگۈچى» سىرلىق جانابقا

مەدىنە پەخرىدىن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

خېلى بولدى سەن دەۋر سۈرۈۋالدىڭ قويمىچى،
ساختا يولدا كېرىلىپ يۈرۈۋالدىڭ قويمىچى.
جەينەككىچە يېڭىڭنى تۈرۈۋالدىڭ قويمىچى،
ساددىلارنى قەۋەتلەپ ئورۇۋالدىڭ قويمىچى،
هارام پۇلنىڭ راهىتىنى كۆرۈۋالدىڭ قويمىچى.

ياغاچ قازان قاينىمدى، نەچچە رەتلەپ ئاتتى تاڭ،
شۇ قازاننى قايناتقان ئالىي ئىكەن تېخنىكاڭ.
ئەجەب قورساق تويمىدى ئەكەلگىنىڭ لىق «مىتاڭ»،
ساڭا قاپتەك يۈرەكنى بەرگەن ئاتاڭ كىمكىنتاڭ،
بىز يىقىلساق بىر چەتتە كۈلۈۋالدىڭ قويمىچى.

ئاي قارايدۇ دېرېزەمدىن مۇڭ بىلەن،
سۇزۇك شەبنەم شۇمۇ ئۇنىڭ كۆز يېشى؟
شامال ئۇنىڭ نالىسىمۇ ـ نىداسى،
يۇلتۇز ئۇنىڭ ئەمەسمىكىن سىردىشى؟

ئاي قارايدۇ دېرېزەمدىن مۇڭ بىلەن،
يۈرىكىمنى چەكتىمىكىن ئاۋازىم.
ياكى قونسام يۇلتۇزلاردىن يۇلتۇزغا
ھەسەت ئوتى قوزغاتتىمۇ پەرۋازىم؟!

## قارلىق تاڭ

ئادىلجان تۇنىياز
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

ئارچىلار ئاپئاقتىنا قىسقان چېچەك،
تۇرغاندەك گويا توپ ـ توپ پەرىزاتلار.
پۇشقۇرۇپ ھور ئارىلاش كۆمۈش قىرو،
ئاۋارە پەيتۇن سۆرەپ يورغا ئاتلار.

كوچىلاردا ئەجەب تىمتاس، ئەجەب بىزەڭ،
يەر بويلاپ كۆل رەڭ تۇتەك يېيىلىدۇ.
نەدىدۇر موزدۇز بوۋاي كېتەر ۋايساپ،
غىرىلداپ پۇتلار دەم ـ دەم تېيىلىدۇ.

تۇرىمەن ئىستولبىغا يۆلەنگەنچە،
ياقامغا قونماقتا قار، چۈشمەكتە ئىز.

كېتىپ قالدى ئويقۇغا قوشنا ياتاق بۇرۇنلا،
پۇلغا قېتىپ ماغدۇرنى تارتىۋالدىڭ قويمىچى،

نۇرغۇن قېتىم ئالدىدىڭ، ھېجىيامسەن بۇدامۇ،
ئالچاڭشىدىڭ ئەجەب — ھە! يا ئۇرمىدى خۇدامۇ،
يازغانمىدۇ پەرىشتە ساڭا شۇنداق گۇناھمۇ؟
جان تۇمشۇقتا كەلگەندە يۇتۇۋالدىڭ قويمىچى،

بۇگۇن يەنە بۇلۇڭدىن ئاڭلاپ قالدىم گېپىڭنى،
ئويناپتىمەن — ھە! ئۇسسۇل، چالغىنىڭدا دېپىڭنى،
ئالدانمايمەن ئەمدى بەس، بىلىپ قالدىم ئېپىڭنى،
يەنە كەلسەڭ ئۇرارمەن، سۇندۇرارمەن سېپىڭنى،
ئاخىر ئۇزۇن قىلتىرىق يۇتۇۋالدىڭ قويمىچى.

## نە قەدرى

ئېلىۋالماي يارىڭنى تاشلاپ قويدۇڭ چۆللەردە،
يۇندا توكتۇڭ چېلەكلەپ زەمزەم بەرگەن كۆللەرگە.
تىغ بىلدىڭ ھەتتاكى تاڭدا تۇغقان تۆللەرگە،
بۇگۇن ئەمدى مەككىگە بارغىنىڭنىڭ نە قەدرى؟

تۇز بەرمىدىڭ مېلىڭغا، ئېتىڭ قالدى تۆللىمەي،
كۇنۇڭ ئۆتمەس بىچارە، ساددىلارى گوللىماي.
دۇم يىقىلسا بىر گۇدەك ئۆتۇپ كەتتىڭ يۆلىمەي،
بۇگۇن قۇرئان تەپسىرى بەرگىنىڭنى نە قەدرى؟

ھەر ئىمتىھان كەلگەندەك قايناپ كېتەر بازىرىڭ،
چىقىشۋالدىڭ مېھراپقا، تولۇپ كەتتى «مازىرىڭ»،
كەلمەس بولدى زىمىستان،
ئۆزۈڭ بولدى يازلىرىڭ،
ھەر روجەكتىن توختىماي چېلىنماقتا سازلىرىڭ،
مىڭ نادانىڭ كۆڭلىنى ئوۋلىۋالدىڭ قويمىچى.

قىزغىنىپتۇق قەدەمدە باشقىلاردىن مېلىڭنى،
تۈيدۈرۈشماي مايلاشتۇق ئاشۇ تويماس گېلىڭنى،
كېكەچ بولدۇم نەچچە كۈن چىشلىۋالغاچ تىلىمنى،
يەل تۈردى دەپ ھەتتاكى تۇتۇۋالدىم بېلىمنى،
دوست - ياردىن مەيلىمنى ئېلىۋالدىڭ قويمىچى.

سوئاللىرىڭ يۈرۈشلۈك ئېپ قالمىز سورىماي،
نېمىدېگەن ئەخمەق بىز كۆڭلىمىزنى تورىماي،
ئىشەنچتە ئۆزۈڭمۇ پو ئاتىسەن خورىماي،
شامغا كەتتى نۇرغۇن پۇل بىزدە چىراغ يورۇماي،
ھەر تاۋكادا ھەسسىلەپ ئۇتۇۋالدىڭ قويمىچى.

ئاسايىش قىپ كۆڭلۈكنى، بوپ قالسەن بىر مەبۇد،
ئەندىشىلىك يۈرەككە بېرەرسەنمىش ئۆزگە قۇت،
شۇ ھەققىڭگە نەچچە رەت يېگۈزۈشتۇق ساڭا تورت،
ئېلىپ كەلدىڭ ئاقىۋەت بىزدەكلەرگە دەھشەت جۇت،
چېنىپ قالسا ئاستىلا كېتىۋالدىڭ قويمىچى.

ئىشىكلەردىن تەلمۈرۈپ سوزۇلۇشتى بويۇنلار،
دېرىزىگە يۆلەندۇق، سوغ كەلمىدى چويۇنلار،
جىرىڭلىماس تېلېفون، بىز گوياكى مولۇنلار،

كۆرەلمىدىڭ ئۆزىڭنىڭ مۇشتۇمۇڭنى تۈرمەكلەپ
بۈگۈن يەتتە ئېگىلگەن تەقدىرىڭنىڭ نە قەدرى؟

قۇربانلىق دەپ سويمىدىڭ ئەر ئۆمرىدە بىرەر قوي،
بىز تۈرۈڭنى كۆرمىدۇق، قىلىپ بولدۇق نەچچە توي،
جېنىڭ بىلەن چىقارمۇ ئوغۇزۇڭدا كىرگەن خوي،
تۈزەلمىسەڭ مىڭ نەزم يازغىنىڭنىڭ نە قەدرى؟

ئۆز ئات بولدى تۇنۇگۇن تايتاڭلىغان توسۇن تاي،
ئۆزگىلەرگە يەر تۇرماق، ماكان بولدى كۆكتە ئاي،
سەن كۆرمىگەچ ئېلىپبە تاپالمىدىڭ ئەمدى جاي،
يازسام يۈز قۇر — بىر مىسرا ئۇقالمىساڭ نە قەدرى؟

## كىچىككەن ئىنساپ

### خۇمارجان ماجىدەي
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

ئانا،
تۇتۇپ قويماقچىدىم پۇتۇڭنى،
چاقىرىپ قالدى،
ئويۇنلار مېنى ...
ئانا،
دەملىمەكچىدىم چېيىڭنى،
چاقىرىپ قالدى،
يۈرگىنىم مېنى ...
ئانا،

ئاناڭ ھايات چېغىدا ئېلىپ بەرمىدىڭ بىلر پايپاق،
كۆك سۆت بەردىڭ كوراڭدا لىقشىپ تۇرسا ساپ قايماق،
سەت كۆرۈندى ئاتاڭمۇ بولۇپ قالغاچ ئۇ مايماق،
بۇگۈن قەبرە گۈمبىزى سالغىنىڭنىڭ نە قەدرى؟

تاياق يېدى تۆت بالاڭ ماڭغىنىدا مەكتەپكە،
تىللاپ كەتتىڭ نەچچە پۇڭ پۇل سورىسا دەپتەرگە،
دان بەرمىدىڭ ھويلاڭغا ئۇۋا سالغان كەپتەرگە،
بۇگۈن تىللا، نېنىڭنى چاچقىنىڭ نە قەدرى؟

تىكمەي ئۆزۈڭ بىر كۆچەت، ئەل تىككەنى سۇندۇردۇڭ،
تازىلاپ قويسا ئېرىقنى، سەن كۆلۈڭنى توزدۇردۇڭ،
«ھاي» دېگەننى گەدەنگە كەلگىنىچە تويدۇردۇڭ،
بۇگۈن ئۆزۈڭ چوڭ كۆۋرۈك سالغىنىڭنىڭ نە قەدرى؟

سۈيۈقئاش ئەتسە ئايالىڭ تۆكۈۋەتتىڭ ئېشىنى،
ئېغىز گېپى كۆپ كەتسە يۇلۇۋالدىڭ چېچىنى،
ئارتتۇۋەتتىڭ ئۈستىگە ئۆينىڭ ھەممە غېمىنى،
بۇگۈن قەۋەت كۆرپە سېپ بەرگىنىڭنىڭ نە قەدرى؟

خوتۇن كەتتى، بالا ھەم چوڭ ئۆيىگە يامانلاپ،
سوغۇق بولدى سارىيىڭ قويماي بىر رەت ئوت قالاپ،
مەست يىقىلدىڭ يوللارغا، قۇسۇقۇڭنى ئىت يالاپ،
بۇگۈن مېھراپ يېنىدا يۈرگىنىڭنىڭ نە قەدرى؟

پالتاڭ يىتسە قوشناڭنى ئوغرى كۆرۈپ تۆھمەتلەپ،
قازى بولدۇڭ ئۆيۈڭگە دەۋايىڭنى ھۆرمەتلەپ،

# ساۋاقداشلار خاتىرىسىگە

## قۇندۇزئاي ھامۇت
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتىكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن

«دۇنيادا قالماس ئىنسان گەۋدىسى،
قالار ئەسلەش ئۈچۈن قولىيازمىسى»
— خاتىرەم بېتىدىن
كەلسەكمۇ ھەممىمىز ھەرياقتىن گەرچە،
ھەمنەپەس ئىدۇق بىر ئاشۇ سىنىپتا.
مىسالى بەيگىگە چۈشكەن ئاتلاردەك،
تىرىشاتتۇق ھامىنى بىلىم ئېلىشقا.

ئايرىلىش مىنۇتى كەلگەندە شۇدەم،
كۆزلىرىڭ لىق تولدى مېھرىلىك ياشقا.
ئازابلىق پىغانلار چەكمىگىن زىنھار،
ھىجرانلار باقمايدۇ قېرى ۋە ياشقا.

كەتتىڭسەن ساۋاقداش يىراققا تامان،
دىلىمنى قاپلىدى جۇدالىق مانان.
ئەسلەيمەن شۇ گۈزەل قايناق ھاياتنى،
خەير - خوش ساۋاقداش، سەن بولغىن ئامان.

كەتسەڭمۇ گەرچە سەن بىزدىن ئايرىلىپ،
ئەسلەپ تۇر بىزنىمۇ دىلىڭدا ھامان.

سەن ئۈچۈن دورا ئالماقچىدىم،
چاقىرىپ قالدى،
رومكىلار مېنى ...
ئانا،
كۆرسەتمەكچىدىم دوختۇرغا سېنى،
چاقىرىپ قالدى،
مۇزىكا مېنى ...
ئاھ، ئانا،
كەتكەندە پۇرسەت
يۇماقچى بولۇپ گۇناھىمنى،
پۇتۇگنى تۇتۇپ،
چېيىگنى دەملەپ،
دوراڭنى ئېپكەلدىم.
كۆرسەتەي ئەمدى دوختۇرغا
دېيىشىم بىلەن تەڭ
ئەپسۇس، مېنى قالدۇرۇپ
چاقىرىپ قالدى،
ئەزرائىل سېنى ...

كېلىپ قالاي بۇگۇن ماڭا خەت،
سەھرا مېنى سېغىنغان بولسا.
ياكى يەنە يازارمەن شېئىر،
تۇن كېچىدە چۈشۈم بۇزۇلسا.

قايناملارغا ئايلانغان شەھەر،
جىمجىتلىققا بەرمەيدۇ ئىمكان.
ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىچىدە سېنى،
سېغىنىمەن ئېھ، ئانا ماكان.

## سەھرا سۆيگۈسى

ئابلىز ئابدۇگۇل
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

جىمجىت ياتاق، جىمجىت كۆرۈنۈش،
باشلار مېنى يىراق سەھراغا.
خىياللىرىم پەر قېقىپ شۇدەم،
ئۇچار يىراق، يىراق ساماغا.

ئويناپ ئۆسكەن قەدىم مەھەللەم،
چايقىلىدۇ بوشلۇقتا لەيلەپ.
تۇمان ئىچرە كۆرۈنۈپ مەۋھۇم،
كەلمەس ئەسلا يېنىمغا پەسلەپ.

چۈشلىرىمدە چاپچىپ ئوينىغان،
سۇزۇك بۇلاق، توپىلىق يوللار.

تىلەيمەن يۈرەكتىن بەخت ۋە ئىقبال،
توسالماس يولۇڭنى ئەزرائىل، قاۋان.

## سەھراغا

### ئابلىز ئابدۇگۈل

**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت**

ئۇپۇقلاردىن چېچىلغان نۇرلار،
كۆز ئالدىمدا چېلىشار تىنماي،
قۇياش پاتقان ئاشۇ ئۇپۇقنىڭ
بىر چېتىگە سوزۇلغان كەڭ ساي.

سەھرادىكى تاتلىق ئەسلىمە،
بىنالاردىن ئىزلەيدۇ ئۆچەك.
ئۇپۇقتىكى گىنياھسىز سايدىن،
ئۈچۈپ چىقار ساماۋى چۆچەك.

ئېغىر باسقان ھەربىر قەدەمدىن،
تۆكۈلىدۇ گۈڭگا شېئىرلار.
ئايىغىمدا مۇگدىگەن شۇ چاغ،
سەھرادىكى يېشىل ئېتىزلار.

نېمىشقىكىن چۈشەيمەن دائىم،
ئانام ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىنى.
خىياللىرىم سورايدۇ تەبىرى،
ياقىنلىدىن ئىسلىكىپ باخشىنى؟

ئوينىسام مەنا سەبىيلەر بىلەن،
سەبىيلىكىم كېلەر ئېسىمگە.
ئارزۇيۇم شۇ پەقەت بىرەر رەت،
قانسام ئىدىم سەبىيلىكىمگە.

## رايىم يوقتۇر كۈتۈشلىرىڭگە

### (ستۇدېنت ئاكا ـ ھەدىلەرگە)

دېدىڭ ماڭا: «سىلەرنى بۈگۈن،
دەبدەبىلىك كۈتۈۋالىمىز.
يۇرتداشلارنى خاتىرىمىزگە،
ئۇنتۇلماس قىپ پۈتۈۋالىمىز».

جاۋابىم شۇ «رەنجىمە مەندىن»:
«رايىم يوقتۇر كۈتۈشلىرىڭگە،
گۈڭگا چىراغ ئاستىدا ئەھۋال،
سوراپ كۆڭۈل بۆلۈشلىرىڭگە.

رايىم يوقتۇر خۇنۇك كۆز بىلەن،
قەدەھ تۇتۇپ كۆلۈشلىرىڭگە.
ئاھ! رايىم يوق ماڭا بۇ سۆيەت،
ئۆلگە بولۇپ يۈرۈشلىرىڭگە».

ئويغانغاندا يەنىلا ياتاق،
ئەسنەپ قالار تاتلىق ئارمانلار.

يۈرىكىمگە سۆيگۈ بېرەلمەس،
ئىمارەتلەر سانجىلغان شەھەر،
قالماس ئارمان، باغرىڭدا ئۇخلاپ،
سۆيۈشۈڭدىن ئويغانسام سەھەر.

# ئىككى شېئىر

## روزاگۈل
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

قانغۇم كېلەر سەبىيلىكىمگە
ھەيران قالما، قىلما مەسخىرە،
ئوينىسام مەن سەبىيلەر بىلەن.
ئۇلار قەلبى بىر سۈزۈك ئاسمان،
گۈزەللىكتە ئۆتىدۇ لېۋەن.

پۆپۈك نەيلەر ياساپ بېرىمەن،
ھەتتا بىللە چالغۇم كېلىدۇ.
چالما ئۆيلە ياسساڭلار ئۇلار،
مېھمان بولۇپ بارغۇم كېلىدۇ.

ھەربىي - دۈشمەن ئويۇنى ئوينىسا،
ئەسىر بولۇپ تۇرغۇم كېلىدۇ.
ئەسىرگۇ مەن ئۇلار ئالدىدا،
گۇناھىمنى يۇيغۇم كېلىدۇ.

# ئۈچ شېئىر

## كەنجى خومارجان

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

### خەير - خوش

خەير - خوش سۆيۈملۈك ئۇۋۇنداشلىرىم،
دېۋەيلەپ كەلدى ئاھ تەلۋە ئايرىلىش،
ئوتتۇز ئۈچ پارچىگە كەتتىم چېچىلىپ.
شارابىسىز كەيپەن، يۆلەڭلەر مېنى،
قەلبىڭلار قېتىغا قالدىم يىقىلىپ.

ئايرىلغۇم يوق ئەسلا سىلەردىن دەقىق،
ھەتتىڭا ئەپكېتەر تەقدىر كىشەنلەپ.
ئۇنىۋېرسىتېت ھەققىدە بولغاندا پاراڭ،
ئەسلەپمۇ قويۇڭلار «كەنجى نەدە ...» دەپ.

يۈرىكىمنى سالدىم ئالبومۇڭلارغا،
كېتىڭلار جەنۇب ۋە شىمالغا ئېلىپ.
كۆڭلۈمنى ئوۋلىغان سىنىپداشلىرىم،
ياشايمەن سىلەرنى بەكمۇ چوڭ بىلىپ.

خۇشاللىق ۋە ئازاب ئاچقاندا قۇچاق،
ئەسلىمە سۈرەتنى قولغا ئېلىڭلار.
خەير - خوش سۆيۈملۈك ئۇۋۇنداشلىرىم،

# غەزەللەر

## مۇھەممەت ئىبراھىم (لاچىن)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

(1)

ۋەتەن سەنسىز ياشىسام دىلىمدا ھېچ ئارامىم يوق،
دۇچار بولۇپ كېسەلگە، تېنىمدە كۈچ - مادارىم يوق.

ئۈستۈرۈپ ئۆز قوينۇڭدا، قوشتۇڭ مېنى قاتارغا،
كېزىپ باقسام ئالەمنى سېنىڭدەك غەمگۇزارىم يوق.

سەن مىسالى قۇياشتەك چاچىسەن ئىللىق نۇر ۇڭنى،
مىنۇت ئۇندىن ئايرىلسام چېمەندە نەۋ باھارىم يوق.

پەھلىۋانمەن بۈگۈن مانا كۆھىقاپقا ئات سالغان،
ئۆز نىگارىم سەن ئۆزۈڭ، سۆيمەسكە ھېچ قارارىم يوق.

(2)

ئايا دىلبەر مېنى بۇ دەم، باشلاپ بارماق مەيخانىلەرگە،
تونۇشتۇرما زوق - شوخ بىلەن نام - نىشانسىز مەستانىلەرگە.

ئۈگىنەي مەن ئىلمۇ ئېرپان، تاپاي تەردىن قۇت، شەرەپ - شان،
ۋەتەن قوينى بولسۇن بوستان، ئايلاندۇراي گۈلخانىلەرگە.

كۆلسە خەلقىم ئاشۇ چاغ خۇشال، چىن ئاشىقلار تېپىپ ۋىسال،
ئىچىپ ھەييام شارابىنى، تۇتايلى دوست، غەمخانىلەرگە.

غۇنچىرلايدۇ كارىۋات چىڭقىلىپ،
تاتلىق چۈشتە بىرسى ئېھتىمال.
تۆت تام كەبى تۇرىدۇ قورشاپ،
ئەخلاق، قانۇن ... بولۇپ رادىكال.

كىچىك ياتاق چوڭلا بىر ئالەم،
ئۆگىتىدۇ ھەممىنى ساڭا.
سۆبھى پەيتى چۈشكە ئايلىنىپ،
كەل مۇھەببەت گىرە سال ماڭا.

# خەير - خوش ئانا مەكتىپىم

ئەركىن ئىسمايىل
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

دېرىزە كۆزىدىن بالقىغان قۇياش،
ياتاقنىڭ تېمىدا تۇرار جىلمىيىپ.
كارىۋاتقا چېكىلگەن ئۇماق خىياللار،
بىلمىدىم نەلەردە قالغاندۇ ئېزىپ.

ئۆتمۈشكە ئايلانغان سېھىرلىك كەچمىش،
ئۆمۈچۈك تورىغا قالدى ئىلىنىپ.
ئۈزۈلگەن بىر تىزىق سەدەپ مارجاندەك،
كېتىمىز ھەر يانغا، كېتىمىز ئۈزاپ.

خەير - خوش سۆيۈملۈك ئانا مەكتىپىم،
شۇ قەدەر لەززەتلىك كىچىك مەنزىرەڭ.

ھەممىڭلار قەلبىگە ئۆزۈم خەبەردار.

## ياتاقداشلار خاتىرىسىگە

قىزلار ھىدى كىرەر قىشى ياز،
دېرىزىدىن كۆز قىسىپ ئۇنسىز.
بەخت ئىزدەپ تەگرىتېغىنىڭ،
ھەر يېنىدىن جەم بولۇشقان بىز.

يۇمۇرلۇق، توك بولسىمۇ گەپلەر،
باغرى يۇمشاق دىللىرىمىز ئوك.
ئاھ ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ يورۇپ،
بىزمۇ ئەتە چوك بولىمىز، چوك!...

بىر ئۆۋىدىن ئۈچىمىز جىمجىت،
سەككىز بەگۋاش يورۇتى خەت تارتقان.
ئارىمىزدىن پەر قاقارمۇ ئىبە،
ئالىم، شائىر ياكى قەھرىمان.

## ياتاق

گىرىمىنى يۇغان قىز كەبى،
سەككىز ئوغۇل ياتار يېشىنىپ.
ئىخ، چىنىلىقنى قىلىنىپ نامايان،
قەيىرىدۇر قالار ئېچىلىپ.

3

ۋارالڭ — چۇرۇلڭ تولغان ياتاقتا،
بىر سېنىلا قىلىمەن خىيال.
ۋارقىرىساممۇ گەرچە نەچچە رەت،
كېلەلمەيسەن ئەمدى ئېھتىمال.
يېلىنسامۇ تەڭرىگە نەچچە،
تاپالمىدىم ئانا ھېچ ئامال.

4

سېنتەبىرنىڭ بەڭۋاش شامىلى،
دېرىزەمدىن كىرگەندە ئۇچۇپ.
قوللىرىمنى سوزدۇم شامالغا،
تۇتۇۋالاي دەپ سېنى قوشۇپ،
ھاۋاغىلا ئايلانساڭ ئانا،
كەتسەمچۇ ئاھ، مەن سېنى «يۇتۇپ».

## مەۋھۇم سۇرەت

### بۇرابىيەم

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

بولمىسامۇ رەسسام يار سېنى،
سىزىپ قويدۇم تەنها يۈرەككە.
كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن زەر نۇر،
مەدەت بېرەر پىنھان تىلەككە.

قەلبىمدە مەۋج ئۇرۇپ ئۆركەش ياسايدۇ،
تۇپرىقىڭ، گۈللىرىڭ، بۇلاقلىرىڭ تەلك.

خەير ـ خوش سۆيۈملۈك ئانا مەكتىپىم،
خەير ـ خوش بىز ئۆسكەن ياتاق، سىنىپلار.
ئايرىلىپ كەتسەكمۇ گەرچە ھەممىمىز،
ئۈزۈلمەس ئەبەتكە سۆيگۈ ۋىسالار.

## ئانامغا خەت

### غۇنچەم قادىر

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

1

كەلدىم يەنە بۇ جايغا ئانا،
ئۈمىدىڭنى يۈدۈپ ـ ھاپاشلاپ.
قۇياش كەبى نۇرانە چېھرىڭ،
يۈرىكىمنى قويار باغاشلاپ.
قەدرىڭگە مەن يېتەي دېگەندە،
كېتىپ قاپسەن، ئاھ مېنى تاشلاپ.

2

كۆرەلمىدىڭ ئاھ، جېنىم ئانا،
ساڭا ئاتاپ يازدىم لىرىكا.
نەلەردىدۇر قالدى مۆڭلىنىپ،
سېغىنىشقا چىلانغان بىنا.
كۆز يېشىمدىن ياسالغاچ كەلكۈن،
قىيامەتكە ئايلاندى دۇنيا.

ئاتا ـ ئانا تۆكەر تىللا، پۇل ئېمىنگە گورۇن نەدە،
ئۇلارنىڭ قان ـ تەرىن شوراپ «ياشاڭلار» دوستلار گويناڭلار.

«ئۆلۈمدىن باشقىسى چاغلىق، هايات دېمەك تاماشادۇر» —
بۇ سۆزلەرنى شوئار قىلغان نادان ياش دوستلار گويناڭلار.

ئىلىم ـ پەندىن يىراقلاشقان نېمە بولدى، مىسال كۆپقۇ؟
ئوقۇمدۇق ياكى ئويىنامدۇق يىغىپ ئەقىلنى گويلاڭلار!

## چۆلگە باق

### هاۋاگۇل رېھىم

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

هەيرانلىق ئىلكىدە باقىمەن چۆلگە،
تىك ئۆسكەن توغراق هەم قىپقىزىل يۇلغۇن،
سۇسىز شور تۇپراقتا باغرىنى ياققان،
سۇ تەلەپ قىلماس هېچ، مىجەز تۇرغۇن.

توغراق ئۇ تىك ئۆسكەن مەزمۇت شۇ قەدەر،
چۆل گۈلى هەم دىلنى قىلار مەھلىيا.
نە ئوزۇق، نە سۇ يوق تاۋلانغان ئۇلار —
چۆل ئۇچۇن قۇربانلىق بەرگەندەك گويا.

گۈزەللىك ئىزلىسەڭ دوستۇم چۆلگە باق،
شۇندىلا بىلىنەر هايات قىممىتى.

چېھرىڭ ئەينى قۇياشقا مىسال،
باشلاپ بارار مېنى يورۇققا.
سامانيولى بولۇپ قاشلىرىڭ،
ئىز قالدۇرۇپ سىگەر ئۇيۇققا.

كۆزلىرىڭدە ئالەمچە سۆيگۇ،
چىلىماقتا ئەركە مۇھەببەت.
مەن خىيالىي يۆلەندىم ساڭا،
سەن كۆرۈنمەس مەڭۇم بىر سۈرەت.

## ئويناڭلار!

### ئەيساجان نىزامىدىن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ستۇدېنت

قاۋاق، «دىبا» ئاجايىپ يەر، بېرىڭلار دوستلار ئويناڭلار،
ئىچىملىكلىرى سەر خىل ئىچىڭلار دوستلار ئويناڭلار.

ئوقۇشلاردىن نېمە پايدا، دېگەن ئازغۇن يىگىت ـ قىزلار،
بىلىم يۇرتى— ئويۇن يۇرتى «بەختى بار» لار ئويناڭلار.

ئوقۇي، ئويناي ماڭا ئوخشاش، «قۇرۇق دېپلوم» دېگەنلەر كۆپ،
ئويۇننىڭ ئاخىرى «ئۇنۋان» بېرەرمىش دوستلار ئويناڭلار.

ئوقۇپ ئارقىدا قالدىڭلار زاماندىن، مودىدىن قىزلار،
ئوقۇشتا يەتكىلى بولماس، ئويۇندا غەلىبە ئويناڭلار.

# شېئىرلار

قۇربانجان ئابدۇقادىر
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

## يار سىز كىم

غەيرىي تىلەكتە مەن ھەم بەزىدە،
دۇنيانىڭ مەيلىگە سوقماس يۈرىكىم.
«بىتاب»لىق بارمىكىن دېمەڭ قەلبىدە،
بىلسىڭىز ھەممىسىنىڭ يارى سىز كىم.

«يار» دېسەم ئاشىقى كۆرمەك ئۆزىچە،
ئۇ مەلۇم سۇمبۇل چاچ ئەمەستۇر ئەسلا.
بىلسىڭىز «يار» دېمەك پېقىر سۆزىچە،
ئەھدى شىجائەتتۇر سۆزسىز پەقەتلا.

## سۆيگۈ پۈتۈكى

باھارنى چىللىشىپ چىققان شامالدا،
دەرەخلەر شىۋىرلار، قەلب ئىزھارلاپ.
چىقمىسا ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە تىۋىش،
سۆيگۈسىز دېگەنمۇ، ئۇنى ئىمكانلاپ.

چۈشەنمەي دەرەخنىڭ سۆيگۈ تىلىنى،
سۆيگۈسىز دېمەكلەر ئاھانەت ئوچۇق.

توغراق ھەم يۇلغۇننىڭ ھۆسنى ئالدىدا،
گۈلزارلىق ئەركىسى — لالە نېمىتتى؟

# سەھرا قىزى

ئاتىكەم ئۇبۇل
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

كىيگىنىڭ شۇ قەدەر ئاددىي چىت كۆڭلەك،
ۋە لېكىن ئۆزۈڭدە جېمى گۈزەللىك.
پاكلىقتىن كىملەرنى قىلمىدىڭ بىھوش،
نامەردكە كىرپىكلىك ئوقيا بەتلەكلىك.

بىلمەيسەن پارىژنىڭ ئەتىرى قانداق،
ئەڭ داغلىق لەۋلىكنى، سۈرمىنى ھەتتا.
چاپقىنىڭ پەقەتلا جىگدە يېلىمى،
ئالدىڭدا ھەر گۈزەل قىلماس تەمەننا.

كەڭ سەھرا قوينىدا شوخ ناخشاڭ بىلەن،
كېلىسەن يۈرەكنى لەرزىگە سېلىپ،
كىم ساڭا پۈتمىگەن ئوتلۇق نەزمىلەر،
— تۆرغاچقا ئۆزلۈقۇڭ ئىلكىگە ئېلىپ.

# سېغىنىش

## توختى تۇرسۇن

ئالىي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

1

ئەڭ ئېگىزگە چىقساممۇ يىراق،
مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سەھرانىڭ
كۆرۈنمەيدۇ توپىلىق يولى،
سېغىنىمەن بولۇپ يېگانە،
توپىلىق يول كەلسە يادىمغا،
چۈنكى قالغان توپىلىق يولدا
زاغرىسىنى بەلۋېغىغا تۇگۇپ،
پادا ھەيدەپ ماڭغان يايلاقتا،
يالاڭ ئاياغ پادىچى بالا.
يىپ ئېگىرەر تۇل، غېرىب موماي،
مومىسىدىن تەۋەررۇك چاقتا،
قالدى يەنە مىسكىن چىرايدا
قۇم باسقاندەك قورۇق يۈزلەردە.
سەممىيلىكنىڭ،
چىن ئېتىقادنىڭ،
مېھماندوستلۇقنىڭ،
رىۋايەتتەك تىلسىم جىلۋىسى.

تەپەككۇر كۆزىدە باقساڭ گەر ئاڭا،
سۆيگۈدىن ئۆزگى ھېچ زەررە بۇندا يوق.

## سېخىي ئالەم

بۇلۇتلار تۆكمەكتە تەبىرسىز يامغۇر،
ئالدىراش ئادەملەر كۇنلۇك ئاستىدا.
نېمىدۇر كۆرۈنۈپ ئۆچىدۇ ۋال - ۋۇل،
يامغۇرلۇق، تۇمانلىق گۇگۇم ۋاقتىدا.

دېرىزە ئالدىغا قادالغان نىگاھ،
كىملەرنىڭ كۆز يېشى يامغۇر تامچىسى؟
سىلكىنەر ھۆللەنگەن دەرەخ ئەۋرىشىم،
بىلمىدىم، بۇ ئۇنىڭ سېخىي ھىممىتى! ؟

## پارچە

قىسمەتلەر بىر دېڭىز مىڭ ئارال بۇندا،
دولقۇنلار دەھشىتى مۇڭ ياسار دىلدا.
نە سۆيگۈ، نە ۋىسال پىنھاندۇر ھەممە،
كۆزلەردە بىر كۈتۈش ياتىدۇ مۇڭدا.

## غېرىب قىزغا

ئابدۇراخمان ئابدۇرېشىت
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

غېرىب قەلبىڭ قەلبىمگە تۇتاش،
قاچان قالغان قىزىل گۈل تەنها؟
كۆزلىرىڭدىن سىرغىغاندا ياش،
مەيۇسلۇككە بۆلەندى سەھرا.

ھۆكۈم سۈرەر مەيۇس جىمجىتلىق،
ئۇركۇتەلمەس ھەتتاكى شامال.
قامىتىڭدە سەبىي مىسكىنلىك،
بولدۇڭمۇ يا سۆيگۈگە قامال؟!

بولساڭ ئەگەر سۆيگۈگە قامال،
تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلغىن ئاستا.
قىلالماس ھېچ تەڭرىمۇ ئامال،
سەن ئۆزۈڭنى سۆيمىسەڭ باشتا.

## چۇش

خىرە ئۇيقۇدا گىرىمسەن بىر چۇش،
چۇش ئەمەس بەلكى، ئۇمىد ئېھتىمال.
كۆرەمدۇ ئۆزىنى ئاسماندىكى قۇش؟
ئۇيقۇ ئىچىدە مۇگدەيدۇ خىيال.

2

مەن تۇرغان بۇ جاي
ئوخشمايدۇ بىزنىڭ سەھراغا.
بۇندا يوقتۇر شور تاملىق باغ،
باردۇر پەقەت
كىشىلەردەك قەلبى قاغجىراق،
گىياھ ئۈنمەس تاغ.
سۇنئىيلىكنىڭ شېرىن كەيپىدە،
توقۇم بولۇپ كەتكەن ئېلانلار،
كۆزلىرىڭگە تىقىلار ھامان
دەرەخلەردە،
ئىستولبىلاردا،
ئاسفالتلاردا،
ماشىنىلاردا ...

3

ئاڭلانمايدۇ بۇندا سەھرانىڭ
ئايدىڭ ئارا قايناق نەغمىسى،
گۈلدۈرلەيدۇ شالغۇت ناخشىدا.
قاتتىق ھالسىراپ ئۇيقۇغا چۆمگەن،
كېچىدىكى تىمتاس شەھەرنىڭ،
كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيى.
تۈن تارالغۇچە .....
تۈن يورۇسا يوقتۇر ئاراملىق،
ئاڭلىنىدۇ غوۋغا داۋاملىق
مايسىراشتىن ئەرۋاھى ئۇچقان،
ماتورلىرى كۈنىراپ كەتكەن،
ئاپتوموبىللارنىڭ
قۇلاق يارغۇدەك سىگناللىرى ...

# شېئىرلار

**ماھىنۇر تۇرغۇن**

**فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت**

## خەۋەرچى شاماللار

لېۋىمگە ئۇرۇلغان مەيىن شاماللار،
بىلمىدىم، مەڭزىڭدىن سۆيۈپ ئۆتتىمۇ؟
«سۆيىمەن، چىن دىلدىن» دېگەن ئىشقىمنى،
شىۋىرلاپ قەلبىڭگە سىڭىپ كەتتىمۇ؟

يەلپۈسە قەلبىڭنى ئەسلىمەم ھەر رەت،
كۆرگەنسەن ئېھتىمال ياشلىق كۆزۈمنى.
ئېيتىڭال، يۈرەكتە قالمىغاي پىغان،
شاماللار ئېلىپ كەلسۇن يۈرەك سۆزۈڭنى.

## گە ...

يېقىنىم، دوستۇم دەپ ئويلىساڭ مېنى،
كەل، سىرداش بولايلى، ئۇيالما پەقەت.
ئەمما مەن دەيمەن «گۈل بالدۇر ئېچىلسا،
توزۇشى تېز بولۇر» بۇ بىر ھەقىقەت.

رايىم يوق، سۆيگۈڭنى تاڭساڭ مەجبۇرىي،
بۇ كەڭرى ئالەممۇ مەن ئۈچۈن قەپەس.

خىرە ئۈيقۇدا كۆردۇم شېرىن چۈش،
سەزدىم ئۆزۈمنى ئاسماندىكى قۇش.
چۈشۈم ئىچىدە مۇگدەيدۇ خىيال،
مۇمكىنمۇ ئاخىر، قاناتسىز ئۇچۇش؟!

## بىر قىزغا

پەرى دېسە، سېنى ھەر چاغ،
كۆزلەرىڭدىن چاقنايدۇ ئوت.
لەۋلەرىڭدىن قېنىپ سۆيسە،
بولغاي ئاڭا ئالەمچە قۇت.

قاشلىرىڭ يانىڭ مىسالى،
كىرپىكلىرىڭ ئوقنىڭ ئۆزى.
تەڭ بولالماس نىگاھىڭغا،
سەھەر يۇزى، چولپان كۆزى.

ئۆزۈڭمۇ شوخ، كۈلكەڭمۇ ھەم،
مەڭزىڭ ئۆزى توغاچ يانا.
قىزىلگۈلگە ئاشىق بۇلبۇل،
ئاشىق بولغاي كۆرسە، ساڭا.

چوڭ بولدۇق، ئالدىڭدا بالا بىز يەنە،
يەنە سەن بىز ئۈچۈن ياپپېتەك ئانا.

دۇنيادا كۈلدۈرۈپ يىغلاتقانمۇ سەن،
باغرىڭدا كۈلدۈرۈپ يايراتقانمۇ سەن.
قەرزىم كۆپ ئالدىڭدا كەچۈرگىن ئانا.
ئاقلايمەن ئۈمىدىڭ بولۇپ پەخرىڭمەن.

## ئانامغا

«كىرىپ قاپسەن ئانا چۈشۈمگە»
پېشانەمگە سۆيدۈڭ، سىلىدىڭ.
ياخشى ئوقۇ، بارغىن بالام دەپ،
بۇرۇلۇپلا يىراقلاپ كەتتىڭ.

«ئانا ...» دېدىم چۆچۈپ ئويغاندىم،
لېكىن سەن يوق قاراڭغۇ ياتاق.
كۆز ئالدىمدا لەيلەر سىيمايىڭ،
ياشاي ئانا سېنىڭسىز قانداق؟

يۆلەنچۈك، تاغ يىقىلغان تۇرۇپ،
چاندۇرمىدىڭ يالغۇزلۇقۇڭنى.
بولدۇڭ بىزگە ئاتا ھەم ئانا،
يۇدۇپ كەلدىڭ ئېغىر يۈكلەرنى.

قوشۇش ئۈچۈن بىزنى قاتارغا،
نى جاپالار كەلدى بېشىڭغا.

ھەقىقىي جاۋابنى ئاڭلىماق بولساڭ،
جاۋابنى بېرەيمەن: «ياق، ۋاقتى ئەمەس».

رەت قىلسام ئەي يىگىت رەنجىمە مەندىن،
قەلبىڭنىڭ تۆرىنى بەرمىگىن بالدۇر.
مۇھەببەت شارابى ئىچمىگىن سەنمۇ،
ساپ دوستلۇق مېھرىڭنى مەن ئۈچۈن قالدۇر.

«تىكەنلىك گۈل» دەرسەن كۆڭلۈڭدە مېنى،
قورالىم تىكەندۇر سانجىلار ھامان.
تىكەننىڭ ئىززاسى قالغاندا چوڭقۇر،
بىلىسەن، گۈل ئۈزۈش ئەمەستۇر ئاسان!

## ئانا

تۈنۈگۈن بوۋاقتىم چوڭ بولدۇم بۈگۈن،
تەنتەنە ئالقىشلار يار بولدى ماڭا.
سورىساڭ دۇنيادا ئۇلۇغ ئىنسان كىم؟
لېۋىمدىن تۆكۈلەر مىڭلارچە «ئانا»!

دۇنيانى تۇغدۇڭ سەن، كۈلدى كائىنات،
قەلبىمنىڭ تۆرىدە ئورنۇڭ بار ئانا.
بۈگۈنكى ئالقىشلار ماڭا خاس ئەمەس،
مەنبەسى بىرلا سەن، سۆيۈملۈك ئانا.

بالام دەپ كۆيۈنۈپ باغرىڭغا تارتساڭ،
ئۆيۈن دەپ شوخلۇقتىن قاچتۇق تالاغا.

سۆيگۈ ئاتلىق لاتاپەتلىك ئوماق قىز،
يۈرىكىمنى ھىجران بىلەن تىلىدۇ.

سۆيۈش شۇنداق ئازاب ئىكەن ئەسلىدە،
قىرو باسقان دالىدىكى گۈلخاندەك.
شىۋىرغانلار تەھدىت سېلىپ تۇرسىمۇ،
جىمجىتقىنا يېلىنجايدۇ بىر يۈرەك.

## تەنلىرىڭگە نۇر بولۇپ سىڭسەم

پىغانلاردىن شېئىر يېزىپسەن،
كىرپىكىڭنى ھەسرەتكە چىلاپ.
سۆيۈپ قويغۇم كېلىدۇ سېنى،
پەردىسىنى يىرتىپ سۇبھىنىڭ،
لەۋلىرىڭنى شەپەقتە بوياپ.

تومۇرۇمدا ئاققان قان ئەمەس،
كۆز يېشىدۇر رەڭدار ئۇپۇقنىڭ.
قارچۇقۇمدا قېتىپ قالغىنى،
ئاھ، پەقەتلا سېنىڭ سۈرىتىڭ.

پەرىشتىنىڭ تىنىقلىرىدا،
ۋىسال نۇرى كۆرۈنسە غىل - پال.
يۇلتۇزلارنىڭ پىچىرلىشىدىن،
سېغىنغانسەن مېنى ئېھتىمال.

ۋايىسىمىدىك، بولالماي مۇڭداش،
ئۇچتۇم مەنمۇ سەندىن يىراققا.

تۇزكور ئەمەس بالاڭ جان ئانا،
قەلبىمدە بار سەن بەرگەن سۆيگۈ.
ئاقلاش ئۈچۈن پەرزەنتلىك بۇرچنى،
كۆيەر دىلىم بىر ساڭا مەڭگۈ.

# شېئىرلار

قەمبەرنىسا ئەبەيدۇللا ئۇچقۇن
ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

## سۆيۈش ئازاب ئىكەن ئەسلىدە

مۇھەببەتنىڭ رەڭگى قىزىل ئوتقاشمۇ،
جۇلاسىدىن كۆزلىرىمنى چاقناتقان.
ئوقيا قىلىپ لىۋەن يارنىڭ سېھرىنى،
غەمسىز سەبىي يۈرىكىمگە ئوق ئاتقان.

قاچانلاردا كۆردۈم سېنى ئەي سەنەم،
شۇندىن بېرى بولۇپ قالدىڭ گۈزەل غەم.
ئەبەدىيلىك ساھىلىغا تۇتاشقان،
تۇنجى ھەمدە مەڭگۈلۈكسەن پەرىشتەم.

كۆز ئالدىمدا ئايان بولسا سېيمايىڭ،
قان رەڭگىدە مۇڭلار دەۋرەپ كېلىدۇ.

## كۆڭۈل ئاستىدىكى مۇھەببەت

ئاپرېل ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى،
شۇنرلاپ چۈشمەكتە باھار يامغۇرى.
كۆڭلۈكنىڭ ئاستىدا تۇرىمەن ساقلاپ،
دىلبىرىم ئىمىشقا كەلمەيسەن تېخى.

دىلبىرىم ئىمىشقا كەلمەيسەن تېخى،
تۇرۇشقا پەقەتلا قالمىدى تاقەت.
ئادەملەر ئالدىراش كوچىغا قاراپ،
كۈتمەن سېنىڭدىن ۋىسال ۋە ئامەت.

كۈتمەن سېنىڭدىن ۋىسال ۋە ئامەت،
سەن مېنى ئۇزاقتان تونۇش بېكەتتە.
ئەتراپ مۇز سوغۇق لېكىن بەك گۈزەل،
كۆزلىرىم يولۇڭدا ئوتلۇق تىلەكتە.

## جۇدالىق ھەسرىتى

مۇھەببەت يىغلىغان قارا ئاخشامدا،
چېكىسەن قەلبىمنىڭ ئالتۇن تارىنى.
جۇدالىق كۆيلىرىم تۆكۈلەر تال ـ تال،
ئالەمچە روھ بىلەن سۆيسەم مەن سېنى.

سۆيگۈ نېسىپ بولسا ئەگەردە،
ئارمىنىم شۇ بىر سېنى سۆيسەم.
پاك روھىڭغا سىغدىلىپ كىرىپ،
تەنلىرىڭگە نۇر بولۇپ سىڭسەم.

## ئۆچمەس سۆيگۈ

مەجنۇن كەبى سېنى سۆيەرمەن،
يۈرىكىمنى تىلسىمۇ ھەسرەت.
چىن قەلبىمدىن بەخت تىلەرمەن،
يىراقلارغا قىلساڭمۇ ھىجرەت.

ئوبرازىڭنى مۇقەددەس بىلىپ،
ئۆكۈنمەيمەن تەقدىرگە پەقەت.
تۇمانلاشقان روھىي قەسرىمدە،
سەن يەنىلا پەرىشتە سۈپەت.

مەيلى كىمگە بولغىن تەئەللۇق،
باردۇر مەندە يالقۇنلۇق تىلەك.
سېنى پىنھان سۆيۈپ قالغىنىم،
ئەڭ تەسىرلىك گۈزەل ھەقىقەت.

يۈرىكىمدە ئاتەش بىر سادا،
سەن يادىمغا كەلگەندە ھەر رەت.
دىلخانەمنىڭ نۇرلۇق قۇياشى،
سەن قەلبىمدە ئۆچمەس بىر سۈرەت.

بەزىلەرنىڭ يۈرىكىدە چوغ بولۇپ،
ۋۇجۇدىنى يار ئىشقىدا كۆيدۈرگەن.
روھسىز تەنگە مەدەت بېرىپ، جان بېرىپ،
ھاياجاندا مەستخۇش قىلىپ كۈلدۈرگەن.

ئېھ، قەلبلەر ئىنتىزارى مۇھەببەت،
سەن باغدىكى خۇش پۇراقلىق گۈل ئەمەس.
تىنىقىڭدا بىر سېھىرلىك تۈيغۇ بار،
نۇرغا چۆمگەن مېھرىڭ بىلەن ھەر نەپەس.

# ئانا مېھرى

گۈلنار ئىمىن

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

بىر چاغلاردا خۇشاللىققا چۆمۈلگەن جاي،
مانا ئەمدى خارابىلىشىپ ۋەيران بولدى.
كەتتىڭ ئانا پەرزەنتىڭنى داغدا قويۇپ،
دىلىم زەرداپ، قارا كۆزۈم قانغا تولدى.

سەن باردا ئەركىلەيتتى كۆڭلۈم ئويناپ،
مانا ئەمدى سولغۇن چىراي ئايان بولدى.
كىرىۋەردىڭ ئۇدا مېنىڭ چۈشلىرىمگە،
ئون بىر يىلىم ئون مىڭ يىلغا بايان بولدى.

ئاتا ئەجرى بولغان بىلەن يۈرەكلەردە،
ئانا مېھرى يوقالغىنى يامان بولدى.

سەن گويا كېلسەن دولقۇنلار ئارا،
قايىنامدا تەۋرىنەر سۆيگۈ يەلكىنى.
قىيانىڭ لېۋىدە تۇرىمەن تەنھا،
ئاھ، شېرىن سېغىنىش قىينايدۇ مېنى.

تاڭ سەھەر كۈلگەندە لالە رەڭ قۇياش،
كۆرگەندەك بولىمەن ۋىسال چۈشىنى.
كۆزۈمنى ئاچسامالا بولىسەن غايىپ،
باغرىمغا ئۇرۇلار ھىجران خەنجىرى.

## سۆيگۈ

سۆيگۈ سېنى «قۇياشىمسەن» دەي دېسەم،
يورۇتمايسەن نېچۈن ئاشىق قەلبىنى.
دىل بېغىمدا گۈلگە شەيدا بۇلبۇللار،
سۆرەلمەيدۇ مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى.

بەزىلەرنى ۋىسالىغا يەتكۈزدۈڭ،
بەزىلەرنى زار قاقشىتىپ يىغلاتقان.
سەن ۋە ياكى قەھرىتان قىش سوغۇقمۇ،
ھارارەتلىك يۈرەكلەرنى مۇزلاتقان.

سېنى «زۇلمەت، قاراڭغۇ تۈن» دېسەم،
يۇلتۇزلىرىڭ ئەتراپىڭغا نۇر چاچقان.
شائىرلارمۇ قۇدرىتىڭگە قول قويۇپ،
يانسا ئۆچمەس ئاتەشلەرگە ئوخشاتقان.

ئارتۇقچە تەلەپنى قويماستىن زىنھار،
شۇ بولدى پەقەتلا كۈتكەن ئۈمىدىم.

خاتىرجەم بول ئانا ئىشەنگىن ماڭا،
مەن چوقۇم ئاقلايمەن سۈتۈڭ ئەجرىنى.
ۋەتەن دەپ ئۇرغۇسا تومۇرلاردا قان،
غۇنچىلار ئۇرىغاي يۇرتۇم دەشتىنى!

## دوستۇمغا

ئاڭلىسام ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتمىغاچ،
ئىرادەڭ بوشىشىپ چۈشكۈنلىشىپسەن.
نېمىشقا ياراتتىڭ مېنى يۇنداق دەپ،
تەڭرىدىن ئاغرىنىپ نالە قىلىپسەن.

تەغدىرىڭ ئۆزۈڭنىڭ قولىدا تۇرسا،
تەڭرىدىن ئاغرىنىش نە ھاجەت دوستۇم.
ئىرادە باغلىساڭ ئىشەنچكە تولۇپ،
بەختىڭمۇ كېلىدۇ قولۇڭغا چوقۇم.

## مۇۋەششەھ

مۇشەققەتتە جاپا چەكسەم نىگار كۆزۈڭگە ياش ئالما،
ئېشىپ داۋان زەپەر قۇچسام خۇشال كۈلگىن ھەيران بولما.
ھېلىھەممۇ يادىمدىدۇر ئايرىلمايمىز دېگەن سۆزۈڭ،
ئۆزۈلمەس رىشتىمىز مەڭگۈ بېرىشكەن ۋەدىدىن يانما.
ئاگاھ بول كۆپ داۋان تېخى چىدام ـ غەيرەتكە جور بولۇپ،

بىر قانىتى بولمىسا قۇش ئۇچالارمۇ؟
ئانا مېھرى يىتتى، يۈرەك خازان بولدى.

# شېئىرلار

**ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان**
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

## ئانا

يوق ئىكەن دۇنيانى ئىزدىسەم ئانا،
سېنىڭدەك مېھرىبان، ۋاپادار ئىنسان.
بېھساب بولغاچقا سىڭدۇرگەن ئەجرىڭ،
تۈگىمەس تەرىپىڭ، پۈتسەم مىڭ داستان.

يەلكەڭدە كۆتۈرۈپ كەلدىڭ توختىماي،
تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەت ئېغىر يۈكىنى.
قان - تەرىڭ ئاقسىمۇ تامچە - تامچىلاپ،
ئۆستۈردۈڭ جاپادا قويماستىن مېنى.

ئۆگەتتىڭ يېتىلىپ ئادەم بولۇشنى،
ئۆگەتتىڭ ھەم يەنە قانداق ياشاشنى.
دۇچ كەلسەم ھاياتنىڭ سىناقلىرىغا،
ئۆگەتتىڭ مۇشكۇلدىن غالىپ كېلىشنى.

نەسىھەت بەرگەندىڭ ماڭا ھەر دائىم،
ۋەتەنگە ياراملىق كىشى بول دېدىڭ.

## تويۇك بولغان كۈن

مەھەللىدە تويۇك بولغان كۈن،
يۈرىكىمنى ئۆرتىدى ھەسرەت.
بارالمىدىم كەچۈرگىن مېنى،
تەكلىپ قىلغان بولساڭمۇ كۆپ رەت.

مەھەللىدە تويۇك بولغان كۈن،
كېتىپ قالدىم يىراق - يىراققا.
بولالمىدىم شۇندىمۇ خۇشال،
چىدىيالماي ئوتلۇق پىراققا.

مەھەللىدە تويۇك بولغان كۈن،
يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدى يېشىم.
كۆيگەنلىكىم ساڭا يوشۇرۇن،
كەلمىگەندۇر ئېسىڭگە بەلكىم.

## سېغىنىش

ئەسلىمەيمەن دېگەنتىم سېنى،
يىراق يەنە قالدىمغۇ ئەسلەپ.
پاك سۆيگۈنى قەلبىمگە مېنىڭ،
باشلاپ كىرگەنىدىڭسەن دەسلەپ.

ۋەدە بەرگەنىدىم ئۆزۈمگە،
سېنى مەڭگۈ سېغىنمايمەن دەپ.

يېگەي مۇشكۇلنى پەرھاتتەك ئۆزۈگچە ئەندىشە قىلما.
گۈزەللىكتە ساڭا تەڭداش بۇ ئالەمدە تېپىلغايمۇ،
ئۆتەي سەنچۇن قىلىپ خىزمەت ئېزىتقۇغا كىرىپ قالما.
لېۋىمگە سۆيگىنىڭ تۈنجى ئېسىمدىن زادىلا چىقماس،
ئۆزۈمگە ئېيتىمەن تىنماي؛ ئۇ قىزغا بىۋاپا بولما.

## بەخت ساڭا يار بولسۇن

كۆڭلۈم سەزگەندى بۇرۇنلا،
ماڭا مەنسۇپ ئەمەسلىكىڭنى.
پىراقىڭدا كۆيسەممۇ شۇنچە،
ماڭا قىلچە كۆيمەسلىكىڭنى.

مۇھەببەتنىڭ سېھرى شۇنداقمۇ؟
كەلدىم يەنە ساڭا ئىنتىلىپ.
كۆندە كۆرۈپ تۇرساممۇ يىراق،
يۈردۈم سەرسان ئەجەب قىينىلىپ.

گەرچە سۆيگۈ بېرەلمىسەڭمۇ،
ئاغرىنمايمەن سەندىن گۈزىلىم.
«بەخت ساڭا بولسۇن مەڭگۈ يار»،
دەيمەن پەقەت كۆيسىمۇ دىلىم.

# شېئىرلار

دىلنۇر ئاققارى

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

## قىزلارنى يىغلاتقۇ دېمە سەن تولا

قىزلارنى يىغلاتقۇ دېمە سەن تولا،
ھەر ئۆتمۈش ساقلاقلىق ئۇنىڭ دىلىدا.
زارلاتما، بىل ئۇنىڭ نازۇك يۈرىكى،
قېيىدايدۇ بىر دەملىك چۈچۈك تىلىدا.

قىزلارنى يىغلاتقۇ دېمە سەن تولا،
كۆز يېشى سىرغىسا كېچە گاھىدا.
ئاسماننىڭ يىغىسى بولغاندەك گۈزەل،
يامغۇردا قايغۇلار يۇيۇلار ئاستا.

قىزلارنى يىغلاتقۇ دېمە سەن تولا،
گۈل مەڭزى شەبنەمدە جىلۋىدار ئەجەب؟!
ئەل ئۈچۈن تۆكۈلسە كۆز - ياش ھەتتا قان،
يىغلاتقۇ دەرسەنمۇ؟ يەنە شۇ سەۋەب؟!

## پىراق

جىسمىمنى، روھىمنى ياراتتىڭ يەنە،
يوقىغان سۆيگۈمنى ساقلىدىڭ ئۇزاق.

ئەپسۇس ۋەدەم ئۇنتۇلدى بۈگۈن،
سېغىنىشىم ئاشتى ھەسسىلەپ.

بەك قىيىنكەن ئەمدى ئويلىسام،
تۇنجى سۆيگەن يارنى ئۇنتۇماق.
ھار كەلمەكتە ماڭا راستىنلا،
بۇ ئالەمدە سەنسىز ياشىماق.

## گۈزەلنۇر

كىرپىكىم ئاستىدىن سىرغىدى شەبنەم،
تەنھالىق ئىلكىگە ئالغاندا مېنى.
خىيالىم تور توتار پەقەت سەن ئۇچۈن،
ئاھ ئەجەب سېغىندىم گۈزەلنۇر سېنى.

نەچچە يىل كۆرەلمەي يۈرگەچكە سېنى،
يىراققا ئۈزىدى قەلبىمدىن شادلىق.
ھىجرانىڭ ئازابى دەھشەتكەن شۇنچە،
ئاھ قاچان سۆيەرمەن لېۋىڭگە تاتلىق.

## ئۇ مېنى سۆيسۇن دېسەڭ

ئۇ مېنى سۆيسۇن دېسەڭ، ئاڭلا باغلا ئىشتىياق،
دەردىگە دەرمانى بول، دىلىغا ياقتىن چىراغ،
بول ئاڭا قەلبى سۇزۇك مەڭگۇ دىلكەش سىردىشى،
تاپمەن بەختىم دېسەڭ، تەپچىگەي ئىللىق پىراق …

## تېمىسىز

خىيالىمدا ئىللىق بېقىشىڭ،
قۇلىقىمدا تىنىقىڭ ئوتلۇق،
قۇچىقىڭغا ئەسىرمەن شۇ دەم،
سەن يوق لېكىن، ئۇۋۇلار بوشلۇق …

چىن سۆيگۈگە بارمۇ ئايرىلىش؟
ئۆتۈپ كەتتى بۇ كۇنمۇ يەنە …
يۇيۇپ قويسا قەلبىمنى پاكىز
سۆيگۇ دېگەن ئۇلۇغ بىر مەنە …

## ئارمان

نە گۈزەل ئارمانلار بار ئىدى ئەسلى،
ياناتتى يۈرەكتە چوغ كەبى ئوتلار.
قەغەزگە جىجالدى قەلبىم تۈنۈشى،
ئاھ، شۇندا ياشىنىدى مەن كۈتكەن باھار.

كەچمىشلەر مەڭزىدە نازۇك ئەسلىمە،
چۈشلىرىم ئىلكىدە قالدى كۆپ يىراق ...

## تارىم قىزى

قامىتىڭ نازۇكەرەشمە ئۆزگىچە،
مەيلىكى كەلمەي قالارمۇ ئۆزگىنىڭ؟
يىقىشىڭ چىللاپ كىيلەر تاڭ مەيلىنى،
جان تەلەپ قىلغايمۇ يار بىر كۆلگىنىڭ؟!

## تەشنا

ياش تۆككەندە ئاسمان بىر نەپەس،
دىلدا ھىجران كەلكۈنى ھەيۋەت،
تاغ باغرىدا شىۋىرلايدۇ چۆش،
گەپ قىلغىنا، قىلغىن بىر غەيرەت ...

## بىلەلمىدىم

بىلەلمىدىم، نېچۈن غەمكىن سىياق مەن؟
باغرىم تىلسا بىراۋ، ئۈندىن يىراق مەن.
تۈن قوينىدا كۆزلىرىمنى ئاچالماي،
بىھوش يەنە، خىيالىمدا ئويغاقمەن...

قالدى كۆيسىز، كۆلىسىز.
تەقدىردىن يامانلاپ
ئاھلىرىدا
قۇياشنى قاماللاپ.

# شېئىرلار

## مەرھابا نۇرمۇھەممەت ئۆزنۇر

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

## باھار يامغۇرى

ئەجەب گۈزەل بۇگۈن بۇ زېمىن،
نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلغاندەك.
ھە، ئەسلىدە يېشىل كائىنات
ئاچقان ئىكەن يامغۇرغا ئېتەك ...

ئېرىشكەندەك يېڭى ھاياتقا،
مەغرۇر كۆلەر ھەربىر گۈل - گىياھ.
قەيەرلەرگە مۆككەن چاڭ - توزان،
تۇنجۇققانمۇ نەمخۇشلۇق ئارا؟ !

ئاھ، شۇ قەدەر ئۇلۇغ تامچىلار،
ياش تۆكمەسكە بارمۇ چارىسى؟
بالىلارچە تۇۋشىلىرىدىن
تىترىمەكتە قەلبىم تارىسى!

# تەكلىماكان باغرىدا

خەمىدە ئابلەت

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

قۇم قوينىغا خازان تۆكۈلدى،
توغراقلىقتا مۈڭلۈق ئېسەدەش.
يۇلغۇنلۇقتا قان سۈپەت ياشاش،
قالدى ئەمدى غېرىب تۈيغۇدا،
تۆگە كولدۇرمىسى،
شۇنچە مۇڭسىراپ.
يۇلغۇن قىزارغان چارسىز.
تۇرىدۇ تەنها
ئۇنىڭغا سىڭگەن جانلارمۇ ...
سەپەر ئالغان
قۇياشقا قاراپ.

تەكلىماكان باغرىدا ...
بوستانلار قاغجىراپ،
يانپاشلىغان ئامالسىز،
بارخانلارنى دالىلداپ.
مىڭ يىللاپ،
ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلىغان توغراق،
ئويغىنىشنى ئىزدەيدۇ سەھەر،
كارۋانلاردىن كولدۇرمىلى سوراپ.
كارۋان بىچارە
قالدى ئىزسىز، سايىسىز.

## بۇ دۇنيادا ياشايمىز بىر رەت

**ئابدۇرئېھمان ئوسمان**

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

سەن ئەمەسسەن كۆكلەرگە زىننەت،
لېكىن كۆكمۇ سەنسىز ئۇزۇن ئەمەس،
ئىدالىتسام ئىتسمىگىنى جانان،
يەر شارىمۇ تىنچىيدۇ بىرپەس.

شامالللاردا يوقكەن گۈل ھىدىنىڭ،
بۇلاق كۆزدە ئەگىيدۇ ھەسرەت.
كەل سۆيۈپ قوي، يۈرەكنى بەزلەپ،
بۇ دۇنيادا ياشايمىز بىر رەت.

ئازابلارغا چىلانغان دۇنيا،
پەقەت ياشنار سۆيگۈ - مۇھەببەت.
يىغىلاردىن كۈلكە ئاختۇرۇپ،
بۇ دۇنيادا ياشايمىز بىر رەت.

# تىلەك

ياشايمىز چۇش كەبى دۇنيا قوينىدا،
بەزىدە قان يىغلاپ، بەزىدە كۈلۈپ.
قايغۇنىڭ ئالدىدا تىزلانما دوستۇم،
ھەسرەتلىك نىداغا كەتمە ھەم چۆكۈپ.

يولۇقساڭ گاھىدا ئامەت ـ بەختكە،
چاغلىما ئۆزۈڭنى دۇنيادا بىر دەپ.
مەغرۇرلۇق كويىغا تۇتۇلساڭ ئەگەر،
يۈرىكىڭ سېزەرمۇ ھەقىقىي شەرەپ؟!

يار قىلغىن ئۆزۈڭگە ئىشەنچ ـ غەيرەتنى،
دىيانەت، كەمتەرلىك، ئىمان ـ خىسلەتنى.
ئىستەكلەر ئاچقۇسى شۇنداق گۈل ـ چېچەك،
ۋە شۇنداق تاپارسەن ئالىي ھۆرمەتنى.

كەلگىنە، جان دوستۇم بەرگىن قولۇڭنى،
قاغچىراق روھلارنى يات قىل كۆڭۈلگە.
مۇشكۈلات ئېگەلمەس پالۋان قەددىنى،
چېھرىڭدىن ئۈچمىگەي ھەقىقىي كۈلكە.

ئۆزۈڭنى ئازابلاپ بىھۇدە تۆكمە،
قاپقارا كۆزۈڭدىن سۈپسۈزۈك شەبنەم.
قەدىمدىن بۈگۈنگە قالغان ھەقىقەت،
ئەتىنىڭ مەڭزىدە جۇلالايدۇ ھەم.

ھايات سىنىقىغا بىرەلمەي بەرداش،
باش ئېگىش، ئۇھ تارتىش قورقۇنچاققا خاس.
مەردانە ئىلگىرىلەپ ھايات يولىدا،
ئەجرىڭدىن بوينۇڭغا گۈلچەمبىرەك ئاس!

## قەدىمىي ھويلا

بۇ ھويلا قەدىمىي ھويلا،
ئەجدادىمىزدىن مىراس قالغان.
پاكار - پاكار كونا ئۆيلىرى،
«توققۇز ساراي» تۈسىنى ئالغان.

ئىشىك ئالدى بىر تۈپ چوڭ ئۈجمە،
سايە تاشلاپ تۇرار ھەر يانغا.
ئەتراپىدا سۇۋادان تېرەك،
بويۇن سوزغان ھەتتا ساماغا.

باغلىرىدا پىشار ھەر يىلى،
ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈت، شاپتۇللار.
تېتىپ باقسا شېرىن تەمدىن،
شادلىنىدۇ، يايراپ بۇ جانلار.

# نورۇز

## زۆرەگۈل ئابدۇۋەلى

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

تەبەسسۇمدە كەلدى نورۇز يايرىتىپ جاننى،
چۆمۈلدۈردى يەر ـ جاھاننى كۆكلەم باھارغا.
توزدەك كۈلۈپ ياساندى تاغ، ئويغاندى دەريا،
كۆي ياڭرىتىپ كاككۇك ـ زەينەپ چۈشتى ساماغا.

نورۇز كېلىپ تىمتاس جاھان كەلدى لەرزىگە،
شوخ سايرىشىپ غەزەلخان قۇش چۈشتى بەزمىگە.
باللار شاد ئويۇنلاردا، ياشلار بەيگىدە،
ھەتتا بوۋاي ـ مومايلار چۈشتى نەغمىگە.

# دوستلار سەمىگە

## بۇۋىمەريەم مۇھەممەت

ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

بېشىڭغا كېلىدۇ نى ـ نى ئازابلار،
ھاياتنىڭ ئېزىتقۇ، تاشلىق يولىدا.
ياش تۆكۈش ئەرزىمەس كىچىك ئىشلارغا،
ئاھ ئۇرۇپ مۆڭلانما تەقدىر قولىدا.

خۇدىمىزنى يوقاتقان چاغدا
كېتىپ قالدى دىدار پەيتىمىز،
ئۆزىمىزگە ئاسىي بولغاندا.
بېسىپ كىرىپ تەرەپ ــ تەرەپتىن
ياۋرو قىزنىڭ پىستە كۈچۈكى
ئويىۋبتەر بۆرە كۆزىنى،
ھەم ھۇجۇمغا ئۆتسە يوشۇرۇن
ئاسىيانىڭ ئاپشاركا ئىتى،
قاچار قاچقۇن چۆلنىڭ ئىچىگە.
سىڭمەك بولۇپ قۇمنىڭ تەكتىگە.
روھ ئۆلمەيدۇ دېدۇق توساتتىن
بىھوشلۇقتىن دەقىق ئىلگىرى
نېمە ئۆلمەي ياشار سۇكۇتتە!؟
خەلق يەنىلا سۇرمەكتە دەۋران.
روھلىرىمىز ئاقماقتا پىنھان،
دەريادىكى ئالتۇن بېلىقتەك
چۆچەكلەرگە ئايلانغان چۇشۇم،
چورۇق بوۋاي سال ياساپ كېلەر
باي بولۇشنىڭ شېرىن چۈشىدە،
بىردىن بېلىق كېلىپ زۇۋانغا
كەتكىن دەيدۇ بىلگەچ قەستىنى.
كېچىكىشلەر ئۇزاق بەك ئۇزاق،
كېلىش ئاسان، كەتمەك بەك قىيىن،
ھۇما قۇشى قونغاندا باشقا،
ئۇ ئەسلىدىن نائىنساب مەخلۇق
شۇ زاماننىڭ ئەركە بالىسى.
ماسلىشىشتىن ئۆتۈپ تەھدىتكە
ئازاب پۇتەر تارىخ بېتىگە،

# شېئىرلار


**ھەمدۇللا ھۆرىدىللا**

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت


## ئازاب چېقىنى

روھىيەتىنىڭ سۇزۇك بېتىدە،
بۇگۇن مەۋھۇم ھەيتىگە ئون تۆت.
سائەتتىكى يىڭناغۇچ يىڭنە
كۆرسەتمەكتە يەنە بىر نۆلنى.
زېمىن تىترەپ كەلكۈن ئېقىتار،
ئاسمان يىغلاپ مۆلدۈر تۆكۈشەر،
قۇياش چىقار سۇبھىنى يىرتىپ،
ئوتتۇرىدا يوقالغان نومۇس،
تاقىر تاغلار، يېشىل ئورمانلار
ئايلانماقتا قەدىم گۇلخانغا.
ئىرالاردىن باشلانغان تارىخ
تارىم بىلەن قۇيۇلۇپ چۆلگە
سىڭىپ كېتەر قاقشال توغراققا.
كىم ئاتىلار ئەمدى پەھلىۋان؟
قىران چاغلار ئاقار سۇكۇتتە،
روھىمىزنى قويۇپ گۆرۈگە
كېتىپ قاپتۇ ياشلىق پەيتىمىز،

## روھ تىنىقلىرىدا

روھىيەتنىڭ سوزۇك بېتىدە،
بۈگۈن مەۋھۇم ھەپتىگە سەككىز،
چاقار تۈننى ئۈچقۇر يۇلتۇزلار
قۇياشمۇ ھەم نۇر چاچار بىزەڭ،
گويا ھەممە مەڭدەپ قالغاندەك
چۈشكەن قارمۇ زېمىندەك قارا.
ۋاقىت ئۇزۇن يورۇقلۇق يىلدەك،
زېمىن ئايلىنار نۆلنىڭ ئىچىدە،
توغراقلارنىڭ قاقشال يىلتىزى؛
ئۆسكەن بۈگۈن ئاسمانغا قاراپ.
ئۆلۈمدەك سوغۇق ئىس - تۈتەك ھاۋا
تۇرخۇنى يوق گۈمبەز ئوچاقتەك،
مۆلدۈر چۈشەر ئادەم بېشىدەك،
زېمىن ئۈچۈن بولماس قىيامەت.
قەھرىتان ئاي تورمۇزدەك ئىسسىق،
يوپۇرماقلار تۇرار ياشىرىپ،
قىش بولغاننى سەزمىگەندەك.
بارچە شەيئى شادلىنىپ باقار
مەن ئۆزۈمنى پىنھان قىلغاندا،
بۈگۈن بايرام بىراۋلار ئۈچۈن
مەن تۈنەرمەن بۇرۇقتۇملۇقتا.
مەن ئەمەسمەن ياكى ئەۋلىيا
ئۇنتۇلىمەن دەقىق ئىچىدە.
ئىچىمدىكى نىمجان ئىنسانلار

يازاي مەنمۇ ئازاب ئېلكىدە
ئازابنامە پۈتۈپ قەلبىمگە.
زامانەمدىن ئۆرگىلەي دوستلار
خۇشاللىق ھەم ئازاب قوشكېزەك،
ھېچبىر ئىنسان ئىگە بولمىغان،
بۇ بىر جۈپكە بىرلا ۋاقىتتا.
ئازابنامە پۈتۈلگەن چاغدا،
مەن ئەمەسمەن ئازابنىڭ قۇلى
ئازابنامە پۈتۈلمەس چاغدا
مەن ئەمەستىم خۇشاللىق شاھى،
ئاسمانغىمۇ چىقىپتۇ بۈگۈن
مەگدەپ قېلىپ قاچقۇن تولۇن ئاي.
ئەي تولۇن ئاي، بىغەم تولۇن ئاي
ئارغامچاڭنى سوزغىن زېمىنغا
مەن ئۈستۈڭدىن قاراپ ئۈپۈققا،
غەزەپ بىلەن تىكىلەي ئەمدى
چورۇق بوۋاي يۈزسىز مەخلۇققا.
چورۇق بوۋاي، بىلىقچى ئۆزى
ئۇ كىم ئۇچۇن قاباھەت بىر چۈش؟
مەن گوياكى قۇياش تەختىدە
چورۇق بوۋاي ھازىر قەلبىمدە،
ئازابنامە قەلبىم تەكتىدە،
بولۇپ قالار كېچە ۋە كۈندۈز
كۆز ايېتىشىمنىڭ ئاگىسىز سەركىسى.

2004 ـ يىلى 5 ـ ماي

قايتمشقا يوق ساڭا ئىجازەت
زېمىندىكى غېرىب كۆلبەڭگە،
ئېزىپ قېلىپ چۈشمىگىن ئەمدى
گېلىڭنى ھەم سىقار غايىب قول
تونۇمايدۇ سېنى ھېچقاچان
ئەۋلادلىرىڭ، ئىككىنچى ئادەم.
كۆككە قاراپ ئۈچىۋەر روھىم
يۈكسەكلىككە يېتىسەن بىر كۈن،
زېمىندىكى ئەتۇر ئىنسانلار
يەر شارىنى چۈۋۈپ توقۇيدۇ
ئۇنتۇغاندەك ئۆزىنى ئۆزى.
مىلادىيە ھەپتىگە ئون ئۈچ
مەن خوشلىشىپ كېتەي يىراققا
خوش قال ئەمدى غېرىب ئەسلىمەم،
خوش قال سەنمۇ مېنىڭدەك غېرىب
ئەڭ ئاداققى ئۈمىد پۈتكۈچە.

## ئۇنتۇلغان چوش

چوش بۇزۇلغان كېچىلەر ئۇزاق
قىسمەتلەرگە دۇملىنەر يىغا،
روھ قەپەسدىن چىقار ھەر كېچە
پانىيلىققا بولماق بوپ يولباش
تەنلەر قاتار خوددى ئۆلۈكتەك
مۇمىياغا ئايلىنار قوۋم.
روھلار ئەركىن دېڭىزدەك گويا

خۇددى ئۆزۈم ئۆلۈپ قالغاندەك،
ماتەمگە ئوقۇيمەن دۇئا،
جەسىتىمنى كۆمۈڭلار ئەمدى،
قارىمىسۇن يۈزۈم قىبلىگە
كۆزلىرىمنى ئوچۇق قويۇڭلار!
ئوچۇق كەتسۇن شۇ كۆككە قاراپ،
سىلەر تەتۈر مىڭىپ كېتىڭلار
ئۆزۈم ئۈچۈن ئۆزۈم يىغلايمەن
لازىم ئەمەس ماڭا پەتىۋا.
بەك ئەسلىمەك بولساڭلار مېنى
قەبرە تېشى ئورنىتىپ ماڭا
ئاق رەڭ بىلەن مۇنداق يېزىڭلار:
مۇنۇ ئىنسان بىر ئۆمۈر بويى
چىن يۈرەكتىن ھېچ كۈلگەن ئەمەس،
ئۇ بىر توپقا بولغان پادىشاھ.
بولغىنى ھەق ساراڭ پادىشاھ.
ساراڭلارچە ھەقىقەتەن ئىزدەپ
تەتۈر مىڭىپ كىرگەن يەرلىككە
قەبرىگە ھەم تىكىپ قويۇڭلار.
ئىككى ئازغان، بىر توپ ئەتىرگۈل.
مىلادىيە ھەپتىگە ئۇن بىر
يەرلىكىمدە مۈڭلىنار جىسمىم
روھىم پەرۋاز قىلار كۆكلەردە
ئارمان بىلەن كەتكەن شۇ كۆزۈم
مۇرادىغا يەتسۇن باقىيدا
روھىم پەرۋاز قىلار كۆكلەردە،
بار بىلەن يوق مەۋھۇملۇقىدا.
نەلەردىمۇ تۈنەرسەن روھىم

ئاسمان ئېگىز، زېمىن بەك قاتتىق
ئوتتۇرىدا يوللار بەك ئۇزاق
مېڭىش مۈشكۈل هايات يولىنى
پۈتلىرىڭغا سانجىلار تىكەن.
ئاسان يولنى تاللاپسەن ئىنسان
غېرىبسىنغان چېغىر يوللار.
قاۋاقلاردىن ئاڭلىنىپ تۇرار
شور تۇمشۇق تۈلكىنىڭ ئۈنى
بوتۈلكىلار ئۆلۈمگە تۇتاش
هېس قىلدۇرار «جەننەت» هۇزۇرى.
ئەجدىهادەك ئېتىلىپ چىقار
كۆپۈكلەرگە ئايلانغان يىغا
كۆيدۈرىدۇ ئاتەش بوپ گويا
نومۇس بىلەن ئۆلمەس يۈرەكنى.
مەستلىكىدىن يېشىلسە دەقىق
ئۈنتۈلىدۇ ئازابلار ئاچچىق
مېڭىش ئۈدۈم بوپقالدى ئەمدى
ئۈمىد ئۆلگەن بەڭۋاش يوللاردىن.

## نورۇزغا مەدھىيە

ماھىنۇر ئەھەت

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

بۈگۈن شادلىق، بۈگۈن بايرام، بۈگۈن نورۇز،
يۈرەكلەرنى خوشلاندۇرۇپ كەلدى نورۇز.

تەنلەر كۆتەر نومۇسسىز ئۆلۈم.
قارىچۇقلاردا قاتار ياش ئۇزاق
ئايلىنىدۇ چۈشلەر ئوغىغا
ئۈنتۈلىدۇ ئۈنتۈلۈش ئۇچۇن
كەچمىشلەرگە ئايلانغان يىغا.
چۈشلىرىڭدە شەرمەندە خىيال
تىز پۈكۈشكە ئۈندىگەن نېمە،
نېمە ئەمدى چۈشكە ھۆكۈمران
غەپلەتلەردىن ئويغىتالماس تاڭ
سەن ھوشۇڭنى تاپقىنا ئىنسان
تۈنۈگۈنۈڭ غۇۋا ھەرقاچان
ئىچىڭ ئاتەش پارتىلار ۋولقان
سەن ئەمىسە قاچانقى ئىنسان؟
چۈشلىرىڭنى بوغار چۈشلىرىڭ
يۈرىكىڭنى سىقار يۈرىكىڭ
ئالغا! ئالغا! روھلار دولقۇنى
شەمشەر بىسى يورۇتقان كېچە،
ئويغىتالماس ئۇيقۇلار قاتتىق
خورەكلەردىن ماتەم سىگنالى
چېلىنىدۇ ئۇزاق بەك ئۇزاق،
نېمىكىن سېنى ھەر كېچە
تاتلىقىنا ئۇخلاتماي قويغان!؟
خىيالىمنى قويغىن ئەركىگە
چۈشلىرىمنى بوغمىغىن ئۇنچە
روھ قەپەسكە پالاي مەن ئۇنى
يۈكسەكلىككە موھتاجمەن ئەمدى
لازىم ئەمەس روھلار ئۇرۇشى
مەن تۇرارمەن مەڭگۈ بىتەرەپ

# بىلىم ئۈچۈن

تۇرغۇن تۇرسۇننىياز
ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

بىلىم ئۈچۈن ئىزدەنسە ھەر كىم،
قىلغان ئەجرى كەتمەس بىكارغا.
قۇچاق ئاچار ئۈمىد دىلبىرى،
بىلىم سۆيگەن كۆزى بىدارغا.

ئۆچمەس مەڭگۈ تارىخ بېتىدىن،
ئىزدەنگۈچى تۆھپىكار نامى.
كۆز يۇمسىمۇ گەرچە ۋاقىتسىز،
ئۇ ئېھتىمال يۇلتۇز ئارامى.

# شېئىرلار

ئابدۇسالام ئىبراھىم
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

## ھەيرانمەن

كوچىلاردا ئەرمەك بولۇپ يۈرگەنلەر،
كۆردۇڭلارمۇ، ئۇيغۇر قىزى ئەمەستۇ؟ !

ھەممە ياقتا نورۇزلۇق دەپ كۈيلەر ئەۋجى،
بارچە جاننى جانلاندۇرۇپ كەلدى نورۇز.

ئاقتى ئەگىز سۇلىرى شوخ ئويناقلىشىپ،
ھەممە ياقلار تونلار كىيدى يېشىللىقتىن.
سەبىيلەرمۇ تال چىۋىقنى ئات ئېتىشىپ،
ئويناپ كەتتى قۇتۇلغاچقا قارا قىشتىن.

گاھ ئاڭلىنار باغلار ئارا بۇلبۇل كۈي،
گاھ (قىزدەيدۇ ئۆز يارىنى) زەينەپ ئۈنى.
قىز - يىگىتلەر جور بولۇشتى بۇ كۈيلەرگە،
چىن سۆيگۈگە تېپىچەكلىگەچ يېڭى كۈنى.

دوست يارەنلەر سۇنۇشىدۇ نورۇز ئېشى،
ئەلمىساقتىن مىراس بولغاچ مېھماندوستلۇق.
ئەنە بوۋاق بىلگەن چېغى نورۇز بۇ دەپ،
ۋىلىقلايدۇ چىقىرىپ ھەم يېڭى خۇلق.

بوستانلىقتا قىزىپ كەتتى نورۇز كۈي،
قېرى - ياش دەپ ئايرىماستىن قىلار ناۋا.
كەل نورۇزۇم ئالايلى بىز يېڭى قەدەم،
ناخشىمىزدىن مىسكىن يۈرەك تاپسۇن داۋا.

گىلەمدەك جۇلالىق، توزدەك ھەر تەرەپ،
سەبىيلەر قەلبىدە تېتىمسەن گەرمەك.

مۇجەسسەم شۇ قەدەر جىمى گۈزەللىك،
قىزلارنىڭ چىھرىدە، زېمىن ھۆسنىدە.
ساپ ھاۋا شاملىق، سۈزۈك سۇلىرىڭ،
ياشنىتار يۈرەكنى كۆكلەم پەيتىدە.

## ئۇنسىز كۈتۈش

كەتمەيدۇ سىيمايىڭ كۆزۈم ئالدىدىن،
بىر قاراپ مىڭ خىيال تەقدىم قىلىسەن.
قەلبىڭنىڭ تۆرىدىن بەرمىسەڭ ئورۇن،
نە ئۈچۈن ئىشقىڭغا تەسلىم قىلىسەن؟!

ياش تۆكسەم ئالدىڭدا قىلما مەسخىرە،
پەرۋاسىز يۈرۈشۈڭ مىڭ ئازاب ماڭا.
ئاشىقىڭمەن ئىشقىڭدا بەرگىن قولۇڭنى،
يۈرىكىم قولۇمدا تۇتىمەن ساڭا.

كۈتۈشلەر ئىلكىدە ئۆزگەرمەس يۈرەك،
ئۆچۈرمەي ياشارمەن ئۈمىد شامىنى.
بىر كۈنلەر كېلەرسەن چوقۇم ئەي گۈلۈم،
قولۇڭدا كۆتۈرۈپ بەخت جامىنى!

مودا قوغلاپ ھەررەڭ - سەررەڭ كىيگەنلەر
كۆردۈڭلارمۇ، ئۇيغۇر قىزى ئەمەستۇ؟!

ئاياغلىرى ياۋا توڭگۇز بېشىدەك،
چېچى رەڭ - رەڭ شاتۇتىنىڭ پېيىدەك.
نەپرەت ياغسا ئاڭا شەيتان تېشىدەك،
كۆردۈڭلارمۇ، ئۇيغۇر قىزى ئەمەستۇ؟!

خۇشلۇق ئۇچۇن ھاراق ئىچىپ يۈرەرمىش،
ھاراق بىلەن ھايات پەيزىن سۈرەرمىش.
زابويلۇقنى يۈزدىن ئەۋزەل كۆرەرمىش،
كۆردۈڭلارمۇ، ئۇيغۇر قىزى ئەمەستۇ؟!

قىزلار دېگەن بىر مىللەتنىڭ ئانىسى،
ۋۇجۇدىدىن پۈتەر مىللەت ئەتىسى.
بۇ سۆزلەرنى ئىنكار قىپتۇ بەزىسى،
ئىشەنمەيمەن ئۇيغۇر قىزى ئەمەستۇ؟!

2004 - يىلى، ئۈرۈمچى

## باھار

رەڭ بەرگەچ ھۆسنىڭگە گۈللەر، چىمەنلەر،
سىڭىپتۇ ئۇسماڭمۇ قېشىڭغا قېنىق.
گۈل ھۆسنۈڭ گوياكى زېمىنغا جەننەت،
باغرىڭدا ھەر جىلۋە نامايان ئېنىق.

يۇرتۇمغا جان بەرگەن ئىللىق باھارىم،
باغاشلاپ سۆيىمەن ئانام باغرىدەك.

يېڭى ئەسىر، يېڭى كۈيدە نورۇز قىلىپ ياڭراپ ماكان،
مەنمۇ قاتاي نورۇزنامە ئەي بەختىنىڭ ئەلچىسى.

دېھقان ئاتا قوش قولۇڭدا پۈتتى بۇ نورۇز ئېشى،
نېنى تاتلىق بەزلەرگە، كۆرسە يامان دېھقان ئېتى.
كەلمىكى ئاسان ئەمەس نورۇز ئېشىنىڭ خورۇچى،
شۇڭا ئاقىل ئىككىلەنمەي: «ياشاپ كەت دېھقان» دېدى،
تۇتاي ساڭا نورۇز گۈلى دېھقىنىم قۇت ئەلچىسى.

بىز دەۋرنىڭ ياشلىرىغا قالدى ئەجدادتىن نورۇز،
ئىز بېسىپ يول ئاچىمىز ئەۋلاد ئۈچۈن پارلاق نورۇز.
ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە بىز ئۈچۈن ئۆلمەس نورۇز،
گەر ئۆچسىمۇ ئەجدادىمىز ئۈچقۇنىدىن ئۈچ نورۇز،
يىلتىز، دەرەخ، غول، شاخىغا گۈلى نورۇز ئەلچىسى.

ئەي ئەھلىزات سىزگە سورۇن، شاد ساماغا جور بولۇپ،
تەنتەنىلەر يەتسۇن كۆككە، ئازاب يەتسۇن شور قۇرۇپ.
بۇ باھاردا نەغمە ـ ناۋا، نورۇز گۈلىگە گۈل قوشۇپ،
گۈل ـ چېچەككە تولسۇن جاھان بارچە ھەم كۆكتە ئۇچۇپ،
نورۇزنامە تامام بۇ دەم ئۇ ھەم باھارنىڭ ئەلچىسى.

# ئىككى شېئىر

ئالىمجان ئابلا
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

## نورۇزنامە

ئەسسالام گۈزەل ئېلىم قوينۇڭدا شادلىق ئەلچىسى،
ئەسسالام گۈزەل باھار شاخىڭدا شادلىق ئەلچىسى.
ئەسسالام دېھقان ئاتا ھويلاڭدا شادلىق ئەلچىسى،
ئەسسالام ئۇچقۇر سابا ئاستىڭدا شادلىق ئەلچىسى،
ئەسسالام كەڭ تەبىئەت باغرىڭدا شادلىق ئەلچىسى.

تىيانشان تېغىم جەنۇب - شىمال تولدى شادلىققا بۈگۈن،
يەتتە ياشتىن يەتمىشكىچە خاسىيەتلىك نورۇز بۇ كۈن.
ئاپئاق ساقال نورۇز بوۋام ئەتتى ئاش نورۇز ئۈچۈن.
ئېغىز تېگىپ نورۇز ئېشىغا يېتىم - يېسىر، تۇل خوتۇن،
شۇ ئۇلۇغ نورۇز ئېشى سەن بەختىنىڭ ئەلچىسى.

جۇت - زىمىستان ئاق لىباس بولدى يېشىللىق بىر جاھان،
ھەر گىياھنىڭ ھەر شېخىدا بۇلبۇلۇم شوخ سايرىغان.
قاتقاي ساڭا نورۇز كۈيى ئەي جانىجان بەختى زامان،

# مۇئەللىم

مەمەتجان ساۋۇت
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

مۇئەللىم بىلىمىڭىز قاپتۇ مۇكچىيىپ،
چاچلارغا قىرولار چۈشۈپتۇ ئاستا.
ئەجرىڭىز ئىزىدىن ئۈنۈپتۇ گۈللەر،
ئاسماندا چاقنىغان يۇلتۇزدەك گويا.

ئەگەردە كارامەت ئىگىسى بولسام،
تۇتاتتىم بىر جەننەت سىزگە قوش قوللاپ.
بېرىدۇ كۆچەتلەر چوقۇم چىن مېۋە،
ئارزۇيۇم چاي سۇنسام باقسىڭىز ئوتلاپ.

قېرىپسىز، ئېگىلىپ نىھال قەددىڭىز،
ئۆچمەيدۇ ۋە لېكىن ماڭغان ئىزىڭىز.
ۋەدەم شۇ، بولىمەن مەنمۇ مۇئەللىم،
گۈل تۇتار تۇمەنلەپ ئوغۇل - قىزىڭىز.

# سەھرادىكى مۇھەببەت

ئۆتتۈۋېتىپ تۇپا كوچىدىن،
چىتلاق باغدا كۆردۈم رەنانى.
مېنى كۆرۈپ نازىنىن قىلىپ،
ئېلىپ قاچتى قارا كۆزىنى.

ھەيرانلىقتا قاراپ قاپتىمەن،
ماڭىدىغان يولۇمنى ئۇنتۇپ.
بىر چاغ چىقتى دادىسى قوغلاپ،
زەردە بىلەن كالتەكنى تۇتۇپ.

ئۇندى شۇ كۈن ئاشىق پىراق،
كۆز ئالدىمدا رۇخسارىڭ رەنا.
ناخشىلىرىم ياغقان بولسا،
بېغىڭ بىلەن چىقە بۇياققا.

2004 ـ يىلى 26 ـ ئاپرېل

يىراقتىن شۇنداق جاراڭلاپ تۇرار «ئالتۇن كولدۇرما» قالدۇرغان ئاۋاز،
بارخانلار مۇڭلۇق سۆكۈتكە چۆكۈپ ئىزدەيدۇ بىر چۈش «قۇم باسقان ماكان»...

بۇندىن مۇقەددەم نەچچە ئەسىر بۇرۇن قۇملۇقتا قالدى «ئازغۇن» ئەسلىمە،
تارىم ۋادىسى — ئۇنتۇلغان تارىخ، خازان لىبۇدە ئاستا سارغايغان.

تېڭىرقىما دوست، خورسىنمىغىن ھەم! ئىجتىھات ساڭا يار بولغاي ھامان،
شۇڭا بۇ يولدا قالدۇرۇپ كەتكەن «تۇققۇز ھېكمەت» سىرنى كارۋان.

ئەنە ۋادىدا ياشار بىر مىللەت نامىدۇر «ئۇيغۇر» قوۋمى «ئۆز تۈرك»،
غاپىللىقىدىن سەسكىنىپ شۇنچە ئۇندىن يىراقلاپ، كەتمەكتە زامان.

## داۋانلىق ئويلار

زۇمرەت ئابلىكىم

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

كۆڭلۈمدە ساقلانغان كۆپ ئارزۇ - ئارمان،
يېتىشكە ئارمانغا، مەندە يوق دەرمان.
شۇ سەۋەب ئىنتىزار بولىمەن ئەجەب،
بىر ئېسىل، غەمگۈزار چىن دوستقا ھامان.

دۇنيادا ئىنسانغا موھتاجلىق يامان،
كىملەركىن ئۇنىڭدىن ساقلانغان ئاسان؟!

# ئىككى شېئىر

يالقۇن ياسىن
ئالىي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

## بىسەۋر

ئىچىم ئوتتىن، تېشىم گۈلخان، ئۆزۈم ئاتەشكە ئوخشايمەن،
هالاۋەتتە يېتىپ ئۇخلاپ، دىلى نىمكەشكە ئوخشايمەن.
بىلىم كەلسە ساڭا دەتتىن، قاراپ بىرپەس سىڭا كۆزدە،
تېنىم نىمجان كىيىپ كىمخاب، بىر هەزىلكەشكە ئوخشايمەن.
ئانام بەرگەن ئىسسىق ئاق سۈت، ئاتام تاپقان دارامەتكە،
كۆزى تويماس، ئۆزى قويماس خىيانەتكەشكە ئوخشايمەن.
كىشى سالسا مالامەت ساز، ئۇسسۇل ئويناپ، قاۋاق بويلاپ،
مۇساپىرمەن دىلى سۇنۇق، بىر كونا كەشكە ئوخشايمەن.
ئۆتۈپ كەتسە بىرى ياندىن، ئۇنى دىتلاپ، ئورا كولاپ.
«تىلى شېكەر، دىلى زەهەر» ئۆزۈم پەسكەشكە ئوخشايمەن.
قاچان يۇقتى مۇشۇ ئىللەت، «تېشىم هاتەم، ئىچىم ماتەم»
قىماركەن بۇ هايات ئۇندا، شۇ لەيلىۋەشكە ئوخشايمەن!

## كارۋان

هاياتلىق يولى بولسىمۇ ئۇزۇن توختىماس لېكىن ئىزىدا كارۋان،
بورانلىق تۈندە كۆچسىمۇ قۇملار باقماقتا نىگاھ بىر مەنزىل تامان ...

ئۇزاق قەدىمدىن قالغان ئىزلارنى كۆمۈش تەس، بىراق ئۈيقۇدا ئارمان،
مۇشكۈل سەپەرگە باشلامچى كېرەك ئەجەبا «سەركە» مۆككەندۇر قايان؟!

ھېس قىلدىم كۆتۈشنىڭ ئازابلىرىنى،
قارايتتىم سۆرەتكە كۈندە نەچچە رەت.
كۆتكىنىم كېلەرمۇ بىر كۈنلەردە دەپ،
ئولتۇرۇپ قالاتتىم بېسىپ پىغان - دەرد.

جۇپ تىنۇش قالغانتى قەلبىم بېغىدا،
ھەر جىلۋەڭ كۆرۈنەر گۈلنىڭ بەرگىدە.
سالاتتىم ئەتراپقا ئۈمىدسىز نەزەر،
كۈتەتتىم ئاداققى ئۇلۇغ سەۋرىدە.

كەتسەڭمۇ يىراقلاپ سەزگۈمدىن نىگار،
ۋە لېكىن ئۈنتۇشقا بولمىدى ئامال.
يىللارنىڭ لېۋىگە ئويدۇم بىر قەسەم:
«چىن سۆيگۈم نىگارنى قىلىدۇ قامال!»

# شېئىرلار

## ھەسەنجان مەتنىياز

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

## بەختىممۇ سەن ئۇ دۇنيادىكى

ھېس - تۇيغۇمغا تويۇنغان بىر كۈي،
ئۈمىدلەرگە تولغان بىر خىيال.
كېپىنەكتەك زىناقلىرىدا،
ئەركىلەيدۇ چۈشلەر ئېھتىمال!

# ئۇنسىز كۇتۇش

## ئانارگۇل ئابدۇراهمان

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

ساقلىدىم، ئۆز ۆندىن كەلمىدىڭ نىگار،
ئويلايمەن ھەتتاكى كېچىمۇ تىنىماي.
ئاھ، لېكىن بىلمىدىڭ شۇنچە كۆيسەممۇ،
مۇمكىنمۇ غەم چەكمەي ئۆتۇش، ئۇھسىنماي؟!

ھەربىر زەت ئەسلىسەم تونۇش كۇلكەڭنى،
ئازابلىق ھېس بولۇپ ئورنايدۇ دىلغا.
ۋەسلىڭگە يېتىشنى تەشنالىق بىلەن
كۇتۇشكە رازىمەن، باسسىمۇ يىغا ...

ئېھتىمال سەنمۇ ھەم باشقا بىرىگە،
يۇرىكىڭ ئوت - كاۋاپ يۇرگەنسەن بەلكىم.
گەر بىلسەڭ كۆمۇلگەن سىرىمنى مېنىڭ،
ھەسرەتلىك تۇتقۇندا خۇشاللىق ئەركىم.

ھەر كېچە يازىمەن سالام خەت ساڭا،
تون چۇشى ئاڭلايدۇ گۇزەل كەچمىشنى.
بىلمەيمەن سەن زادى كۆيدۇڭ كىملەرگە؟
بىلمىدىڭ سەنمۇ ھەم سەبىي تەشۋىشنى.

نەپرەتلىك دىلىمدا غىدىق تەبەسسۇم،
كۈلەرمەن قاقاقلاپ، بۈگۈن، ئۆلمەككە!

## ئازابلىق تىلەك

سەن چۈشۈمگە كىرگەن ئاخشىمى،
ھەسرەتلەردىن پۈتۈلگەن دۇنيا.
ئۇمچەرەيدۇ مەندەكلا غەمكىن،
يەنە تاتلىق چۈشلەرمۇ گويا.

سېغىنىشنى ئەگىيدۇ ئازاب،
سىرغىپ چۈشىدە مىسكىن دىلىمغا.
ھەسرەتلىرىدە باقىمەن كۆككە،
بۇلۇتلارغا ھەتتا يۇلتۇزلارغا

مەيۈس تىترەر بىر تال يوپۇرماق،
سۆيۈپ ئۆتەر ئۇنى شامالالار.
كېتەرمىدى يۈرەك يېرىلىپ،
چېچەكلىسە تاڭدا ئارمانلار.

2004 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇن

مەيىن شامال سىيپاپ لېۋىڭ،
خۇشخۇي ھىدىڭ كەلسە يىراقتىن.
قىزغىنىمەن ھەممە نەرسىدىن،
ھەتتا يەنە يوپۇرماقلاردىن.

ئۆمىدلەردە باقىمەن كۆككە،
بولۇپ ئاڭا ئوتلۇق لالە ـ زار.
مەن ئوكۇمدا شېرىن چۈش كۆرسەم،
كۇلۇۋەتتى چۈشىدە باھار.

2004 ـ يىلى 3 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## كىنايە

ئېھتىمال ھەسرىتىم قوزغىغان كېچە،
سەن بەخت قوينىدا ئۇزگەنسەن بەلكىم؛
كۆز يېشىم جىلۋە قىپ ئايغا تەبەسسۇم،
يۇلتۇزلار بوپقالدى تەنھا سىردىشىم.

ئۆكۈنۈش يوق مەندە شۇ ئۆتمۈشۈمگە،
تەنھالىق ئىلكىدە مۇڭغا چۆكسىمۇ.
سېنى دەپ خۇداغا قىلمايمەن نالە،
ئارمانلار ئىلكىدە ئۆلۈپ كەتسەممۇ.

مەندە بار ئۈمىدكە تويۇنغان يۈرەك،
ھەقىقەت، ئۆتمۈشۈم كەتتى كەلمەسكە.

# ۋاقىت سىرى

## توختىياز ئىسمائىل توقسۇ

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

ۋاقىت چاقى چۆرگىلەپ ئاستا،
ئۆتۈپ كېتەر ئىتىلغان ئوقتەك.
ئەسلىمەڭنى سۈپۈرۈپ كېتەر،
ئالەمدە ھېچ مەۋجۇدات يوقتەك.

ئازابىڭنى ئۇنتۇغان چېغىڭ،
جىمى بەخت ئازابتۇر ساڭا.
ئازاب بىلەن مۇڭلانغان يۈرەك،
ۋاقىت بىلەن مۇڭدىشار يانا.

كۈمۈش چاچلار، قورۇق چىرايلار،
ۋاقىت بىزگە بەرگەن يالداما.
تۈنۈگۈنكى يىغلاڭغۇ بوۋاق،
بۈگۈن ئەنە دەسسەيدۇ ساما.

ئادەم كەبى تۈمەن مىڭ ئادەم،
ۋاقىتتىنلا ئىزدەر پاناھلىق.
بىلەلمەستىن ۋاقىت سىرىنى،
شىۋىرلايدۇ قىلىپ دانالىق.

# يوشۇرۇن سۆيگۈ

ئاي كۆرۈنگەن غېرىب كېچىلەر،
تەشۋىشلەردە مېنىڭ ھېسلىرىم.
سوۋغا قىلدىم قەلبىمنى ساڭا،
بىلدىڭ ياكى بىلمىدىڭ بەلكىم.

ئارمانلارنىڭ سوغۇق لېۋىدە،
ئەركىلەيدۇ چۈشلەر تاڭلارغا.
سوۋغا قىلدىم قەلبىمنى ساڭا،
شاماللارغا، يوپۇرماقلارغا.

ھىجرانلارنىڭ تەنھا قوينىدا،
ئەركىلەيدۇ بىر سەبىي تىلەك.
سېنى كۆرسەم نېچۈن ھەربىر رەت،
لەۋلەر كەبى تىترەيدۇ يۈرەك.

ئۈمىدلەردە ئوتلۇق بىر تۇيغۇم،
ئەركىلەيدۇ مەندەكلا غەمكىن.
چېچەك ئالسۇن تاڭدا ئارمانلار
كەلگىن جېنىم باھاردەك كەلگىن ...

ئۈمىدلىك نۇرىغا چۆمۈلگەن يۈرەك،
مەڭگۈگە ياش پېتى ياشايدۇ ھەردەم.

داۋانلىق يوللاردا پۈكلىنىپ ياشاش،
باش ئېگىش، ئاھ تارتىش قورقۇنچاقلا خاس.
مەردانە ئىلگىرىلەپ ھايات يولىدا.
ئەجرىڭدىن بويىنۇڭغا گۈل چەمبىرەك ئاس!

## ھەقىقىي دوستلۇق ئۈزۈلمەس رىشتە

ناتونۇش كارۋانلار ئىدۇق بىز ئەسلىي،
ھاياتلىق چۆلىنىڭ چىغىر يولىدا.
ئۇچراشتۇق، تونۇشتۇق ئىزدەپ مەرىپەت،
ئىقبالنىڭ بىر گۈزەل دوقمۇشلىرىدا.

سىرداشتۇق، مۇڭداشتۇق، تۆكتۇق سىرلارنى،
يۈرەكنى چىرمىغان شېرىن ھېسلارنى.
شادلىنىپ كۈلۈشتۇق بەخت قوينىدا،
قاندۇرۇپ سۆيگۈگە ئىزگۈ دىللارنى.

تىغ ئۇيلاپ كەلسە ھەسرەت خەنجىرى،
بولارمىز دوستلارغا گاڭ، پولات قالقان.
قەلبداش، يۆلەكداش بولۇپ ھەر زامان،
قىلارمىز چۆللەرنى باغ ئېرەن بوستان.

ۋاقىت ھايات، ۋاقىت ماماتتۇر،
شاممۇ كۆيۈپ تۈگەيدۇ ئاخىر.
ھايات شامىڭ ئۆچەي دېگەن چاغ،
ئۆمرۈڭ سىرى بولىدۇ زاھىر.

قۇملۇقلاردا ۋاقىت كارۋىنى،
زامان چېكىنى ماڭىدۇ كۆزلەپ.
توغراقلاردەك ياشىغان دىللار،
ۋاقىت چۆچەكنى بېرىدۇ سۆزلەپ.

2004 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# ئىككى شېئىر

بۇۋىمەريەم مۇھەممەت

ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

## دوستلار سەمىگە

بېشىڭغا كېلىدۇ نى ــ نى ئازابلار،
ھاياتنىڭ ئېزىتقۇ قىستاڭ يولىدا.
كۆزۈڭنى ياشلىما، مەردانە ياشا،
ئاھ ئۇرۇپ مۇڭلانما تەغدىر قولىدا.

ئۆزۈڭنى ئازابلاپ بىھۇدە تۆكمە
غۇنچىدەك كۆزۈڭدىن سۇپسۇزۈك شەبنەم.

مەكتەپ گويا بىر بۇلاق،
دىلىمىزگە نۇر چاچقان،
تەشنالىقنى قاندۇرۇپ،
غايىمىزگە يول ئاچقان.

## ياشلىق

ياشلىق ئىكەن ھاياتتا ئەڭ گۈزەل چاغ،
ئەجرىدىن كۆلەركەن نۇرانە گۈلباغ.
ھاياتنىڭ قىممىتى ئۆزۈڭگە باغلىق،
قەدرىسىز جەننىتىڭ بولىدۇ دوزاخ.

كېتىدۇ كەلمەيدۇ ھايات قايتىلاپ،
تۈگەيدۇ ياشلىقمۇ ھامىنى بىر ۋاخ.
ئەجىرسىز - ئىجادسىز ياشلىق چېغىڭنىڭ،
ھەر كۈنى گوياكى ئاپئاق بىر ۋاراق.

كۆرەڭلىمە بىر ساناپ ئۆزۈڭنى ياش،
قېرىيسەن ئاخىر ئاقىرىدۇ چاچ.
ھاياتتا بۇ پەسىل قىقسا، بەك قىسقا،
مۇمكىنمۇ ھەر كىمگە ياش پېتى ياشاش.

## شەرمى ھايا

قاراپ تۇرقىغا ئۇنى ئادەم دېمە،
ھېسلىرىڭنى تارتىپ ھەرگىز مەڭدىمە.

بىز شۇنداق دوستلارمىز ، مەڭگۇ شادىمان،
ساداقەت مەشئىلى مايا كتۇر ھامان.
ھەقىقىي دوستلۇق ئۈزۈلمەس رىشتە،
ماڭارمىز قول تۇتۇپ مەنزىللەر تامان.

# شېئىرلار

نىجات ئابدۇكېرىم
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

## مەكتەپ گويا بىر بۇلاق

مەكتەپ گويا بىر بۇلاق،
ئىلىم - ئېرپان ئۆگەتكەن.
ئاق - قارىنى تونۇتۇپ،
نادانلىقنى تۈگەتكەن.

مەكتەپ گويا بىر بۇلاق،
بىزگە بىلىم ئۆگەتكەن.
خاتا يولدىن قايتۇرۇپ،
توغرا يولنى كۆرسەتكەن.

مەكتەپ گويا بىر بۇلاق،
بىلمىگەننى بىلدۈرگەن،
بىلىم بېرىپ بىزلەرگە،
قەلبىمىزنى كۈلدۈرگەن.

نېمىشقا ـ نېمىشقا سورىما زىنھار،
يۈرىكىم ئۆيقۇسىز ئىزدەر چۈشنى.

## مېھىر

مۇھەممەت ئىمىن
فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن، ستۇدېنت

يانغان كۈن، بارچە ئۇيقۇدا،
يورۇتار شام نۇرى ياتاقنى خىرە.
تالاي ئىستەكلەر پۈتتى بۇ دەمگە،
خىيال يېپىمدىن ئۇرالغان گىرە.
دىل ئەينىكىمدە سېيمايىڭ ئاتا،
سابادا كېلىمەن ئېتىز ـ قىر ئارىلاپ،
ئويغىتىپ قۇياشنى،
مېھنەتكە چىللاپ.
سەندىن مېھىر ئالغان قۇياش بۇ،
مېھنەت تۆكۈشنى سەندىن ئۆگەنگەن.
چۆچەكلەرنىڭ قولى باغلاقلىق،
يول ـ يول تىلسىملارنى يەشكەن مەن.
ئاتا، ئاتا قىلغان قۇدرىتىڭ بىلەن،
خىيالىمدا، خۇمارىمدا سەن.
سورىدىڭ:
بالام ھوسۇلۇڭ قانداق؟
مۇھەببەتكە لىق تولدى ئالەم
بولسۇن دېدى ھوسۇلۇڭ بولۇق،
سۆيگۈڭ بولغاي قۇياشتەك ئۇلۇغ!
چۈشكەندە ئاي خانەمگە پەسلەپ،

گەر بولمىسا شەرمى ھايا ئۇلاردا،
ئۇلار ھايۋان يا بولمىسا ئۇ نېمە؟

ھايالىق بولۇپ ياشا مەڭگۈ ھامان،
بولمىسا قىسمەت قارارىڭ بەك يامان.
بولسا گەر شەرمى ھايا سەندە تولۇق،
يېتىسەن ۋەسلىگە يارنىڭ تىنچ - ئامان.

## يارىمغا سۆز

سېزىمىم ھەر ۋاخ دېگەندە يار سېنى،
ئوتلىرىڭ پۇچىلاپ قىيىندى مېنى.
دەردتە مەن ئېيتاي كۆڭۈل ئىنزھارىنى،
يۈرىكىم تەسەللى تاپارمۇ قېنى.

قارايمەن ئەتراپقا سەن يوق يانىمدا،
سورايمەن ئۈمىدتە قۇشلاردىن سېنى.
بىلمىدىم قەيەرگە كەتتىڭ سەن نىگار،
ئېيتقىنا دىلىڭدىن سۆيمەمسەن مېنى.

سىيرىلىپ ئىچ - ئىچى شامال ھالىمغا،
يەلپۈتۈپ ھىدىڭنىڭ ئەكەلدى مانا.
ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ بولما ئاۋارە،
بىلسەڭ گەر چىن ئاشىق بۇ يۈرەك ساڭا.

ئۆزۈمگە شۇنداق دەپ قىلىمەن خىتاب،
يېتىمەن ۋەسلىڭگە شۇنداق بىر كۈنى.

# كەچ كۆزدىكى تەنھا لىرىكا

(شېئىر)

ياسىنجان ئىمىن (ئوقۇغۇچى)

سېرىق رەڭ، ساپسېرىق پەردىلەر،
روھ كۆيچىسى.
بىر دەرياغا تۇتاش، تۇيغۇم كەلكۈنى،
ئۇپۇققا تۇتاش، سۆيگۈم يالقۇنى.
ساپسېرىق يۈرەك، دەرەخلەر، گۈللەر.
ئوماق قىزنىڭ زىننىقىدا كۈلىدۇ كەچ كۈز،
بارماقلىرىم ئەللىيىدە ئۇخلايدۇ گىتار.
پەغەز تۇتماس كەپتەرلەرنىڭ كۆزلىرى ياشمۇ؟

يېنىك يەلپۈنىدۇ قومۇشلار،
تەنھالىق، ئاھ، نەقەدەر گۈزەل!
قىيىنلارغا يۆلىنىمەن،
مەھەللەمدىكى قۇدۇققا مىنىپ ئولتۇرۇپ،
شېئىر يادلايمەن،
غايەم بىلەن يۈرىكىمنى تېپچەكلىتىمەن،
دىققىتىمنى تارتقىنى ئىككى تامچە سۇ.
كۆڭلىكىم رەڭداش ياپراقلارغا،
لىرىكام ئۇزار يىراقلارغا.
ئوماق قىز،
شام ياندۇرۇپ ئولتۇرغىنىڭدا،
ئاستاغىنە كىرىپ لىرىكام،

كۆزلىرىمگە سۇرتتۇم قولىنى،
ماڭدى قىرلار ئارا يېتىلەپ.
دېھقان بالىسى،
قۇياش بالىسى.
ئىزىمىزدىن سانسىز گۇل ئۇندى،
قۇشلار چالدى ساز ئىزلارنى كۈيلەپ.
دېھقان بالىسى،
قۇياش بالىسى.
مېھىر ـ مېھنەت ئۇلار ئارىسى.

ئاتامنىڭ نەسىھىتى گۇلتاجىم بولدى،
ئانام بەرگەن سۆيگۇ تەختىمدە.
قايتا ـ قايتا ئويلايمەن شۇنى،
مەن ئىگەنمەن،
بالىلىق بىلەن
خاقان سۇپەت شامىنىڭ تۇۋىدە.

قارلىغاچلار
قايتقىنىدەك ئۇز ماكانىغا،
قايتسام مەنمۇ سېغىنىش بىلەن،
مېھىر ـ شەپقەتكە تولغان بۇ ئالەم.
ئاتام سۇنسا قولىنى ماڭا،
ئانام يۇگۇرۇپ چىقسا ئالدىمغا،
كىرپىكلەردىن سىرغىغان شەبنەم.
قۇچىقىمدا،
قۇياشقا لىق تولغان ئائىلەم،
قۇياش بولۇپ كۇلەر بۇ ئالەم.

2004 ـ يىلى 30 ـ ئاپرېل

مەن،
كەيىپ شائىر، ئىلھامغا مەھبۇس،
شەبنەم ئەمەسمەن،
ياۋا گۈلدە يالتىرىغان سۇس.
گۈگۈم قوينىغا سىڭىپ كېتىمەن،
باھار بىلەن چاچىمەن خۇش ھىد،
خەير دەيمەن: ئېھ، ساڭا كاكتۇس.

مەن،
خاتالاشقان لەۋلىرىڭدىن شىپا ئىزلەپ،
كەيىپ بولغان ۋۇجۇدۇڭدىن سۆيگۈ كۆزلەپ،
باغرىم ياندى، يۇمران جىسمىڭ مۇز بوپ قاتتى.
نۇرلار ئەمدىم قۇرۇپ كەتتىڭ، تاڭلار ئاتتى،
سەزگىنىمدە تېپىچەكلىگەن روھىڭنى،
چۇشۇمدە تۇرغۇدەكسەن،
رىۋايىتىڭنى يەنىلا سۆزلەپ.

## سەھرالىق ستۇدېنت قىزچاق

### يۇسۇپجان توختى يەكتار

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئالىي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىدىن، ستۇدېنت

سەھرادىن كەلگەن بىر قىزچاق،
چېچى ئىككى ئۆرۈمە، لەۋلىرى ئويماق.
يەلكىسىدە سومكا، قولىدا كىتاب،
غايىسى مىللەتكە سائادەت تاپماق.

لەۋلىرىگە سۆيىدۇ كۈلۈپ.
چۈشۈم بۇزۇلۇپ، چۆچۈپ ئويغانسام،
قويالايدۇ پەپىلەپ؟
سۈرتۈۋېتىپ شور قىسمەتلىك كۆز ياشلىرىمنى.
شۇ مەھەل،
قىز تۇغۇلۇپ قوينۇمدا قايتا بىر رەت،
تەڭكەش بولىمىز،
سۇبھىدىكى سېرىق ياپراق كۈيىگە.

## كەيپلىك تەزكىرىسى

مەن،
سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا كۆكلىگەن،
ئاپپىلسىن دەرىخى.
چەكسىز گۈگۈم، سوغۇق كۆپكۆك نۇر،
يىلتىزىمدا روھىڭ قۇپقۇرۇق،
چۈشەنگىم يوق سىرلىق قەلبىڭنى،
بەلكىم مەنچۇن سەن قانسىز تومۇر.

مەن،
لەۋلىرىڭگە سۆيمەكچى بولۇپ،
ساڭا ئېڭىشىمەن.
يۇمران جىسمىڭ يانار ئوت بولۇپ،
تىترىگەندە لەۋلىرىڭ ئۈنسىز،
تىترەپ كېتەر بىر پۈتۈن دۇنيا.
يىغلاپ كېتەر قاراڭغۇلۇقمۇ.

خىسلىتى گۈللەردەك پاك ۋە بىغۇبار،
جىسمىغا نۇر بەرگەن كۆكتىن ئاي، قۇياش.
ھۆسنى گويا سۈزۈلگەن تاڭدىكى چولپان،
ئۇ خالىي جەزبىدار رەڭلەردىن بۇياش.

سەھەر ئويغاتتى ئۇنى تاڭ خوراز،
ئىزدىنىش يولىدا ماڭدى يېتىرقاپ.
كۈمۈش قار يولىغا سالار پاياندار،
ئۇ دەيدۇ ئۆزىگە «ئۆگەن ئەقىل تاپ! ...»

سەھرادىن كەلگەن ستۇدېنت قىزچاق،
پىدادۇر تۇن ساڭا ئۆگەن، تىرىشقىن.
ھىماتىڭ ئەل ئىدۇر، كۆرسەڭ زىمىستان،
گۆھەر قاز، تۇت ئەلگە، ئىلىم كانىدىن.

سەھرادىن كەلگەن تەبىئەت قىزى،
مېھرى ئاتەش، چېھرى گۈلىستان.
ئېخ! ئاشۇ سەھرالىق ستۇدېنت قىزچاق،
بىزنىڭ كېلەچەك، بىزنىڭ گۈلبوستان.

2003 - يىلى 15 - ئۆكتەبىر